ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ياتلىق بولالمىغان قىزلار



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

ياتلىق بولالمىغان قىزلار

مىللەتلەر نەشرىياتى



يازغۇچى ئەخمەتجان قۇربان سابىرى 1960 - يىلى ئىلى قورغاس ناھىيىسىنىڭ كۆكدالا دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىر ھەربىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغاندىن كېيىن 1978 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1983 - يىلى مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەدىب ئەخمەتجان قۇربان سابىرى ھازىرغىچە «چاقىرغۇلۇق قىزلار»، «يالغۇز تام»، «بىزنىڭ دۇكان»، «قۇياش ۋە موماي»، «شوپۇر» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە پوۋېست ۋە ھېكايە؛ «سەھەردە كۆرگەن چۈشلەر»، «تېگىرقىغان ئەپسانىلەر»، «يىللار ۋە ئىنسانلار»، «مۇھەببەت ناخشىسى» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە نەسر؛ «ھېكايىدىكى شېئىر ۋە مۇزىكا»، «شېئىرىي مۇھىت، شېئىرىي كەچلىك، شېئىرىي تىل ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»، «ئەدەبىياتنىڭ تىل سەنئىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى»، «ئىلى خەلق چاقچاقلىرى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ يەنە «كۆكدالا»، «كۆكدالا قىسسىسى»، «جەڭچىنىڭ مېھرىدىن كۈلگەن كۆكدالا»، «گۇمانخورنىڭ ئويلىغانلىرى»، «دوستلىرىڭ بولغاچقا گۈزەل بۇ دۇنيا»، «چوغلۇقتەك بەختىنىڭ گۈزەل چوغلۇق قىزىم»، «سايرامدا سەھەر»، «نۇر بوزاق»، «يېزامدا كەچ» قاتارلىق 500 دىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. «شەبنەم لىرىكىسى»، «تەكلىماكاندا ياسايمىز گۈلباغ»، «قىممەتلىك ھايات»، «سىڭلىمغا»، «قۇياشقا ئۇلاشقان يول»، «كارۋان ھېكمىتى»، «نورۇز ناۋاسى»، «چۈمپەردە»، «ئادەملەر»، «بوغلاپ تۇرغىن ئاتا - ئانامنى» قاتارلىق 150 تىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى رادىئو - تېلېۋىزىيىدە ناخشا قىلىپ ئېيتىلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇنىڭ ھەرقايسى نەشرىياتلاردىن «كالتە قۇيرۇق چاشقان»، «يالغانچى توشقان»، «قۇلىقى قېچىپ كەتكەن بالا»، «ئاق قۇشقاچنىڭ ھېكايىسى»، «بالىلار يۇمۇرلىرى»، «بالىلار چاقچاقلىرى»، «كۈندە بىر كۈلكە» (ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە بالىلار تېپىشماقلىرى» (بەش قىسىم)، «ئۇيغۇر بالىلار تېپىشماقلىرى» (ئالتە قىسىم) «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قىزىقارلىق سوئال - جاۋابلار» (ئون قىسىم) «ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى» بەش قىسىم، «ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى» بەش قىسىم قاتارلىق كىتابلىرى نەشردىن چىقتى.

ئۇ يەنە «نەسرىددىن ئەپەندى ھەققىدە يېڭى قىسسە»، «قاناتلىق بالا» ناملىق رومانلىرىنى ۋە «ئورۇق - سېمىز ئەر - خوتۇنلار» ناملىق ھېكايە پوۋېستلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



ISBN 978-7-105-07719-9

9 787105 077199

定价:20.00 元

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ياتلىق بولالمىغان قىزلار

( رومان )

مىللەتلەر نەشرىياتى

باغلاردىكى رەڭدار گۈللەرنى،
جۇدۇن سوقسا يورەك چىدامدۇ.
مۇھەببەت تىلمەك ھايات بېغىدا،
قويۇن ئۇچسا يورەك چىدامدۇ.

ئۇلۇغ ۋە پاك قىزلار بولغاچقا،
ياشناپ تۇرار بۇ گۈزەل دۇنيا.
بولىقى ئۇ، مېھرىبانلىقنىڭ،
بولسا ئۇ، قۇرۇيدۇ دەريا.

قەدىرلەيلى قىزلىرىمىزنى،
تۈكۈلمىسۇن كۆزلەردىن ياش.
قىزلار بولغاچ كۈلۈپ ئاي-چولپان،
سەھەرلەردە چاقنايدۇ قۇياش.

بۇ رومانىمنى سۆيۈملۈك ئۇيغۇر قىزلىرىغا بېغىشلايمەن

— ئاپتوردىن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 44 Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu İST.

# 1

شىمال تەرەپتىكى ئاقىرىپ تۇرغان ئاق باشلىق تاغلاردىن
باشلىنىدىغان بۇ ئۆستەڭ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئائىلە توپلىشىپ
ئولتۇراقلاشقان بۇ مەھەللىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتـ
تى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئەتىيازدىن باشلاپ ئېقىپ 11 ـ
ئايلاردا توختاپ قالاتتى. مانا هازىر 5 ـ ئاي، ئۆستەڭنىڭ سۈيى
تازا ئۇلغىيىپ ئاقىدىغان چاغ، سىرىق مايدا ئەتكەن چايدەك
قويۇلۇپ ئېقىۋاتقان ساپسىرىق ئۆستەڭ سۈيى نەگىدۇر ئالدىراۋاتـ
قان يولۇچىدەك ناھايىتى تېز ئېقىۋاتاتتى. ھاۋا ئانچە ئىسسىپ
كەتمىگەن بولسىمۇ بىر توپ باللار قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئۆـ
زىنى ئۆستەڭگە ئاتاتتى. بۇ باللارغا ئۆستەڭ سۈيىنىڭ لايلىقى
بىلىنمەيتتى. ئۇلار ئەنە ئاشۇ لاي سۇغا موللاق ئېتىپ چۈشكىنىـ
چە چۆكۈپ كېتىۋېرەتتى. ئۇسساپ كەتسە ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى
دۇم يېتىپ ئىچىۋېرەتتى. بۇ باللار خۇددى شوخ ئۆردەك باللىـ
رىدەك سۇدا بىردەم ئۈزسە، بىردەم سۇغا شۇڭغۇپ غايىب بولاتـ
تى، بىردەم بىر ـ بىرىگە سۇ چاچسا، بىردەم بىر ـ بىرىنى
سۇغا باساتتى. ئەنە ئاۋۇ باللار سۇغا چۈشۈشكە پېتىنالماي
تۇرغان بىر بالىنىڭ ۋارقىراپ يىغلاپ، تىپىرلاپ قارشىلىق كۆرـ
سەتكىنى بىلەن كارى بولماي، ئۇنى ئىشتان، كۆڭلەكلىرى بىـ
لەنلا سۇغا تاشلىۋەتتى. بالا ۋارقىرىغىنىچە سۇغا چۆكۈپ كېـ
تىپ، كۆپ ئۆتمەيلا سۇ يۈزىدە ھىجايغىنىچە پەيدا بولدى. ئۇ
ئۆستەڭ سۈيىنىڭ ئۆزى ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق
ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئۆستەڭدىن چىقماي ئويـ
ناشقا باشلىدى. بۇ يەردىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئۆستەڭگە ئەنە
ئاشۇنداق باشقا باللارنىڭ زورى بىلەن چۈشۈپ، كېيىن ئۆستەڭـ
دىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالاتتى. باللار ئۆستەڭ بويىدا بىردەم

ئۇينىغاندىن كېيىن ئۆستەڭ بىلەن قوناقلىق ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق توپا يولغا خۇددى ماموق تۆشەككە ئۆزىنى ئېتىشقاندەك ئېتىشاتتى. بالىلارنىڭ بۇ يەردىكى قىلىقسىزلىقلىرى كىشىگە تولىمۇ تەبىئىي تۇيۇلاتتى. ئەنە ئاۋۇ بالا توپىدىن ياسىۋالغان «كىچىك كۆل» گە سىيىپ ئۇنى «سۇ» بىلەن تولدۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە بالىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سەبىي چاقچاقلار، بالىلارچە ئەدەپسىزلىكلەر ئەنە ئاشۇنداق داۋام قىلاتتى.

— مانا ماۋۇ مېنىڭ يوتقىنىم، ھېچقايسىڭ يېقىن كەلمە، 12～13 ياشلاردىكى ئېگىز بويلۇق ئورۇق، قارامتۇل بالا يولدىكى يۇمشاق توپىنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ قۇچاقلاپ يېتىۋېلىپ شۇنداق دەۋاتاتتى.

— قارىغاندا روزىگۇل ساراڭنىڭ قىزى گۈلشەننى توپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋالغان ئوخشىمامسەن.

— كىم ساراڭكەن؟ ئاغزىڭغا بېقىپراق گەپ قىل جۇمۇ، تۇمشۇقىڭنى ئېزىۋېتەمەي يەنە...

— ساراڭ بولماي ئوڭمىدى؟ مەن گۈلشەننى ساراڭ دېمىدىم، ئاپىسى روزىگۇلنى دەۋاتىمەن...

— ئاپىسىمۇ ساراڭ ئەمەس، ساراڭ دېگەن ئۇنداق چىرايلىق بولمايدۇ...

— بولدى، بولدى، سەن گۈلشەنگە كۆيۈپ قاپسەن، گۈلشەن سەندەك قارىۋاينى يارىتامتى.

— كىم قارىۋايكەن، ئۆزەڭچە گۈلشەنگە سەنمۇ كۆز سېلىپ يۈرگەن ئوخشىمامسەن...

— ساراڭنىڭ قىزىغا كۆز سالىدىغان ساراڭ ئەمەس مەن...

تاكاللىشىۋاتقان ئىككى بالا قىپيالىڭاچ ھالەتتە توپىلىق يول ئۈستىدە مۇشتلىشىپ كەتتى. ئەتراپتىكى بالىلار ئۇلارنى خېلى تەستە ئاجرىتىۋالدى.

ھازىر بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ قالغان بۇ ئىككى





بالا مۇشۇ مەھەللىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئۇلار گېپىنى قىلىشىۋاتقان گۈلشەن ئۇلارنىڭ ساۋاقدىشى ئىدى. بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرسى ئەيسا كاسسىرنىڭ ئوغلى مۇرات، يەنە بىرسى ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئوغلى قەيسەر ئىدى. گۈلشەننىڭ ئانىسى روزىگۇل يېقىندىن بېرى تۇرۇپ - تۇرۇپلا سۆزلەيدىغان، كېتىۋاتقان ئادەملەرگە بىكاردىن تاش - چالما ئېتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «روزىگۇل ساراڭ» دەيدىغان بولغانىدى.

روزىگۇل چىرايلىق چوكان ئىدى. بۇ مەھەللىدىكى ئەركەكلەرنىڭ ئارىسىدا روزىگۇلگە خۇپىيانە كۆز تاشلايدىغانلىرى خېلى كۆپ ئىدى. روزىگۇلنىڭ ئېرى جۇماخۇن قوڭۇر ساقال، كۆك كۆزلۈك، چوقۇر يۈزلۈك، كىشىلەرگە ئانچە سالام - سەھەتمۇ قىلمايدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرمەيدىغان، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىشىنىمۇ خالىمايدىغان گىجىك ئادەم ئىدى. بۇ مەھەللىدە جۇماخۇن بىلەن ئالاقە قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. مەھەللە لەقەمچىلىرى ئۇنىڭغا «جۇماخۇن گىجىك» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

روزىگۇلنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى جۇماخۇن گىجىكنى تېخىمۇ گىجىك قىلىۋەتكەنىدى. روزىگۇل ساراڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ جۇماخۇن گىجىكنى كۆرسە بىردىنلا ھوشىنى يىغىپ ساق ئادەمدەك بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئاشۇ خىل ئەھۋالدا يەنە ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى. گۈلشەن ئەنە ئاشۇ جۇماخۇن گىجىك بىلەن روزىگۇلنىڭ قىزى ئىدى.

جۇماخۇن بۇ مەھەللىگە بۇندىن يىگىرمە يىل بۇرۇن پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى بۇ مەھەللىگە مەلىكە سەتەڭنىڭ ئېرى ئەلنىياز قارى يۇرتتىكى ئىنىم دەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. جۇماخۇن كېلىپ بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەلنىياز ئالەمدىن ئۆتتى، مەلىكە سەتەڭ نەگىدۇر يوقالدى.

ئاكسى ئەلنىياز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جۇماخۇن تېخىمۇ جىمىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۆيى بايا بالىلار سۇغا چۈشۈپ ئوينىغان ئۆستەڭ بويىدا ئىدى. ئۇ ئۆي ئەسلى سوقما تامدىن قوپۇرۇلغان پاكار ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ، ئۆيىنىڭ سىرتى سامان لېيى بىلەن سۇۋالغان بولسىمۇ، سۇۋاقنىڭ تەڭدىن تولىسى چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا، بىر قارىماققا چالما - داڭگاللاردىن ياساپ قويغان ئۆيدەك كۆرۈنەتتى، بۇ ئۆينى ئەسلى ئۇنىڭ ئاكىسى ئەلنىياز قارى بىر نەچچە يىلدا ئاران سالغانىدى. ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئالىقانچىلىك ھويلىسىمۇ بار ئىدى. ھويلا ئاپتاپپەرەس شېخى، جىغان - شادىلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئادەتتە سىرتتىكىلەر ھويلىنىڭ ئىچىنى كۆرەلمەيتتى. ئەلنىياز ھايات ۋاقتىدا بۇ ھويلا لېيەندىكىلەرگە سىرلىق مەخپىيخانىدەك بولۇپ تۇيۇلاتتى.

جۇماخۇن جىمغۇر بولغان بىلەن ئىشچان ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆزى كۆتۈرە ئالغان لېيەننىڭ ئېتىزلىقىدا تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. ئۇ بۇ يەرگە گاھىدا قوناق تېرىسا، گاھىدا بۇغداي تېرىيتتى، گاھىدا لېيەندىكىلەر نېمە تېرىسا شۇنى تېرىيتتى. مۇشۇ ئىككى يىللىق دېھقانچىلىقىدىن ئۇ يامان ئەمەس نەپكە ئېرىشتى. ئاكىسى ئەلنىيازدىنمۇ ئۇنىڭغا ئاز - تولا بىر نەرسە قالغاندەك قىلاتتى. مانا ئەمدى جۇماخۇن ئۇستىۋاشلىرىنى ئوڭشاپ ئەسلىدىكى سوقما تاملىق ئۆينى خىش بىلەن ئىككى ئېغىزلىق قىلىپ سالدۇرۇۋالدى. ئۆيىنىڭ ھويلىسىنىمۇ سوقما تام بىلەن چۆرىۋالدى.

جۇماخۇن ئارىلىقتا بىر ئايدەك يوقاپ كېتىپ، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. مەھەللىدە جۇماخۇن ئۆيلىنىپ كەپتۇ دېگەن گەپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. لېيەندىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ كېلىننى كۆرۈپ باققۇسى كەلدى.

جۇماخۇن راستتىنلا ئۆيلىنىپ كەلگەنىدى، جۇماخۇن، ناھايىتى چىرايلىق روزىگۈل ئىسىملىك بىر قىز بىلەن توي قىلىپ





كەلگەنىدى. لېيەن رەھبەرلىكى ۋە مەھەللىدىكى ئاقساقاللار جۇماخۇن كېلىپ ئەتىسى ئۇنى يوقلاپ كىردى.

جۇماخۇن چىرايلىق بىر قىزغا ئۆيلىنىۋالغانلىقىدىن ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرگەنلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، يۇرتتىن ئالغاچ كەلگەن گۈلە - قاق، يەل - يېمىشلەر بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىلدى. روزىگۈل ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمىگەن ئۇزۇن كۆڭلەك، كەڭرى چاپانلارنى كىيىپ، بېشىغا ناھايىتى چوڭ بىر ياغلىقنى ئارتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىپقىزىل مەڭزى، جىنەستىدەك لەۋلىرى، تەبىئىي قاپقارا قاشلىرى، قاپقانغا چۈشۈپ قالغان كېيىكنىڭ كۆزىدەك مۆڭلۈق سەبىي كۆزلىرى، بىر جۈپ قارا يىلاندەك ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرى، ئوماق، يۇمران ئىڭەكلىرى ئۇنى كۆلمىسىمۇ كۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرسىتىدىغان يارىشىملىق زىناقلىرى بىر خىل ساددا گۈزەللىكنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. روزىگۈل كىرگەن مېھمانلار بىلەن تارتىنىپ تۇرۇپ ناھايىتى بوش ئاۋازدا سالاملاشقاندىن كېيىن، پەگا تەرەپكە ئۆتۈپ يەرگە قارىغىنىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. لېيەن كاسسىرى ئەيسا جۇماخۇنغا چاقچاق قىلدى:

— جۇماخۇن، مەھەللە كويغا بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويماي، غىپپىدە كېتىپ، تومۇچۇقتىن بىرنى قەپەسكە سولاپ كەپتۇقۇ، — ئادەتتە جۇماخۇنغا باشقىلار كۆپ گەپ قىلمىغان بىلەن لېيەننىڭ كاسسىرى سۆزمەن ئەيسا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىۋېرەتتى. جۇماخۇنمۇ دېھقانچىلىقتىكى تۈرلۈك ھېساب - كىتابلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان بولغاچقا، باشقىلارغا قىلىدىغان قوپاللىقىنى ئۇنىڭغا قىلالمايتتى، گېپى كەلگەندە ياندۇرۇپ چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى.

— ئەسلى بۇنداق مەقسەتمۇ يوقتى شۇ، ··· يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلار بويتاق يۈرۈۋەرسەڭ بولمايدۇ دەپ··· قەپەسكە سولىۋالغىنىم يوق. ئۆزى خالاپ ···— جۇماخۇن روزى-

گۈل تەرەپكە قاراپ قويدى. روزىگۈل پەرەڭدەك قىزىرىپ، لېۋىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى.

لىيەن ئاقساقاللىرىدىن ناسىر موزاي گەپكە ئارىلىشىپ روزىگۈلنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

— جۇماخۇن، ناھايىتى ئوبدان ئىش قىلىپسەن، يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى. بۇ ياشقا كەلگەندە ئۆيلەنمەي يۈرسەڭمۇ بولمايتتى. مانا ئەمدى ئوبدان بالىغا ئۆيلىنىۋاپسەن، مەھەللىگىمۇ ئاز - تولا چاي - پاي بەرگۈلۈك. خوش، كېلىننى نېمە دەپ ئاتايمىز.

جۇماخۇن گەدىنىنى قاشلىۋالغاندىن كېيىن تېزلا جاۋاب بەردى:

— ھە، سىلەرگە تونۇشتۇرماپتىمەن، ئىسمى روزىگۈل.

— روزىگۈل، چىرايلىق ئىسىمكەن، ئەمدى بۇرۇنقىدەك مەھەللە - كويغا ئارىلاشماي يۈرسەڭ بولمايدۇ. روزىگۈلنىمۇ مەھەللىدىكى قىز - چوكانلارغا تونۇشتۇرۇپ قويايلى، ئادەم دېگەن ئادەم بىلەن ئادەم، ھېچكىمگە ئارىلاشماي يۈرسە بولمايدۇ، روزىگۈل سىزمۇ تارتىنماي مەھەللىدىكىلەر بىلەن ئاستا - ئاستا تونۇشۇپ ئۆتۈڭ. لىيەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىناق، ئۇرۇق - تۇغقاندەك ئۆتىدۇ. ناسىر موزاي سالماقلىق بىلەن شۇنداق دېدى.

شۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن جۇماخۇن مەھەللىدىكىلەرگە ئاددىيلا قىلىپ چاي بەردى. بۇ بىر ھېسابتا جۇماخۇن بىلەن روزىگۈلنىڭ تويى ئىدى. جۇماخۇن چوڭ تويىنى يۇرتتا قىلىپ كەلدۇق دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردىمۇ تۈزۈك توي قىلمىغانىدى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. روزىگۈل مەھەللىدىكى ھېچكىمگە ئارىلىشالمىدى. جۇماخۇن كۈندە ئۇنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ سې-





لىپ چىقىپ كېتەتتى. روزىگۈلنىڭ مېنى نېمىشقا ئۆيگە سولاپ قويىسىز؟ — دېگەن سوئالىغا جۇماخۇن سەت ھومىيىپ قويۇپ جاۋاب بەرمىگەنىدى. روزىگۈل ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ بىردەم ھويلىغا چىقسا، بىردەم ئۆيگە كىرەتتى. ئۆيدە قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، زېرىكىش ۋە تەنھالىق ئۇنى قىيىنايتتى. بەك زېرىكىپ بولالماي قالغان چېغىدا ھويلىغا چىقىپ تالاغا قاراپ ئۆتۈپ - كېتىۋاتقانلارغا قاراپ بولسىمۇ ئىچ پۇشىقىنى چىقارماقچى بولاتتى. بىراق، بويۇن سوزۇپ يۈرگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەنە ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. روزىگۈل بۈگۈن كېچىچە يۇرتىدىكىلەرنى چۈشەپ چىقتى، بولۇپمۇ تاڭ سەھەردە كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭ شېرىن ھېسلىرىنى ئويغاتتى. بۇ چۈش شۇنداق ئېنىق، شۇنداق روشەن بولۇپ، ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن راست ئىشتەك، ئۇنى ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا غەرق قىلدى.

… روزىگۈل يۇرتىدىكى ئۆرۈكلۈك باغدا ئۆزى يالغۇز قېقىلىپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە تېرىپ يۈرەتتى. ئۇ شۇنداق يوغان، شېرىنلىك بىر ئۆرۈكنى كۆرۈپ يېمەكچى بولۇپ، ئۆرۈككە قول سۇنۇشىغىلا ئۇ ئۆرۈك تۇرۇپلا يوقاپ كەتكۈدەك، تۇرۇپلا يەنە پەيدا بولۇپ قالغۇدەك، روزىگۈل قول ئۇزارتسا يەنە يوقاپ كەتكۈدەك، روزىگۈل ئەمدى ئېتەكلىرىدىكى ئۆرۈكنى بولسىمۇ يەي دەپ ئېتىكىگە قاراپتىكەن، ئېتىكىدىكى ئۆرۈكلەرمۇ قانات چىقىرىپ قۇشقاچلاردەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك… توۋا، ئۆرۈكلەرمۇ قاناتلىق بولامدۇ، ئۆرۈكلەرنىڭ ئۇچۇرما بولغانلىقىنى بۈگۈن كۆرۈپتىمەن، مەنمۇ ئاشۇنداق ئۇچۇرما بولۇپ، ئۇچۇپ كەتكەن بولسام، شۇ چاغدا كىمنىڭدۇ بىرسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇدەك، روزىگۈل بۇ ئاۋازنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىسا، مانا مەن بۇ يەردە، مانا مەن بۇ يەردە، دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ-

دەك. بۇ ئاۋاز يوغان بىر ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن كېلىۋاتقۇدەك، روزىگۈل دەرەخ ئۈستىگە قارىسا قوشنىسى سىدىق تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى قارى شوخلۇق قىلىپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ تۇرغۇدەك.

روزىگۈل، ئېتىكىڭىزنى تۇتۇڭ، مەن سىزگە ئەڭ تاتلىق، چىرايلىق ئۆرۈكلەرنى تاشلاپ بېرىمەن.

— قارىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان روزىگۈل ئۇنىڭغا ئېتىكىنى تۇتۇپ بېرىپتۇدەك، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ئۆرۈكلەر ئۇنىڭ ئېتىكىگە چۈشۈپلا يوقاپ كېتىۋاتقۇدەك... ئۇ، باغدىكى قويۇق چۆپلۈك ئارىسىدا قارى بىلەن ئولتۇرغۇدەك، روزىگۈل شۇ چاغدا كەپتەرگە ئايلىنىپ، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەك...

روزىگۈل ئۆزىنىڭ چۈشىدىن ئۆزى ئۇيالغاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ چۈشلىرىدىكى ئاشۇ ئىشلارنى خۇددى باشقىلار بىلىپ قالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا خىيالدىن قۇتۇلالمىدى، ئۇ توي قىلىپ كەلگەن مۇشۇ بىرنەچچە ئاي جەريانىدا خىيال ۋە چۈش ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولدى. ئۇنىڭ راستىنلا كەپتەرگە ئايلىنىپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكۈسى كەلدى. ئۆز خىياللىرى ئارقىلىق قەلبىدىكى بەزى تۈگۈچلەرگە جاۋاب تاپماقچى بولدى.

روزىگۈل جۇماخۇننىڭ نەۋرە ھەدىسىنىڭ قىزى ئىدى. روزىگۈللەرنىڭ يۇرتىدا قىزلىرىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئەرگە بېرىدىغان ئىش يوق دېيەرلىك ئىدى. روزىگۈلنىڭ ھازىرمۇ ھايات ياشاۋاتقان يۈز ياشتىن ئاشقان چولپانخان ئىسىملىك چوڭ مومىسى بار ئىدى. موماي يۈز ياشتىن ئاشقان بىلەن يەنىلا كۆزى ئۆتكۈر بولۇپ، چاچلىرى تېخى ئاقىرىپ بولالمىغانىدى. يېرىم لىگەن پولۇ ياكى بىر تەخسە لەغمەننى كۆرمىدىم دەپ سوقۇۋېتەتتى. ئۇ ھازىرمۇ ئېتىز قىرلىرىغا بېرىپ ئۆزى بېقىۋاتقان ئۆچ-



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

كىسگە ئوت - چۆپ ئەكېلەتتى. زېھنىي ئۆتكۈر بولۇپ، شۇنداق گەپچى ۋە چاقچاقچى ئىدى، چولپانخاننىڭ ئالتە ئوغلى، بەش قىزى، سەكسەنگە يېقىن نەۋرىسى، تۆت يۈزدىن ئوشۇق ئەۋرىسى بار ئىدى. چولپانخاننىڭ بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتكىنىگىمۇ 30 يىلدىن ئاشقانىدى. چولپانخان يۈز ياشتىن ئاشقان بىلەن ئۆزىنى ياش چاغلايتتى. ئۆزىنى بىرەرسىنىڭ قېرى دەپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا تىللاپ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋېتەتتى.

روزىگۈلنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، مەھەللىدىكى بەزى بوۋايلار چولپانخان بىلەن چېقىشىپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى. بىر كۈنى روزىگۈل چولپانخان مومىسى بىلەن ئۆستەڭ بويىدا ئۆچكىگە ئوت - چۆپ ئېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۆستەڭ بويىدىكى يولدا ئېشەك مىنىپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاي ئېشىكىنى توختىتىپ، چولپانخان بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن مۇنداق دەپ چاقچاق قىلغانىدى:

— چولپانخان، قادىراخۇن كۆز يۇمۇپ كەتكىلىمۇ كۆپ يىل بولۇپ كەتتى، پېقىرغىمۇ بويتاقچىلىق ھار كېلىۋاتىدۇ، ئەلچى كىرگۈزەيمۇ يا، مۇشۇ دېگىنىم ھېسابمۇ؟

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ئالجىغان قېرى، ئاۋۇ مەيدەڭدىكى ساقىلىڭغا قاراپ بىر گەپ قىلساڭچۇ، سەندەك ماكچىيىپ قالغان قېرىغا تېگىدىغان چۈشۈپ قالغان چولپانخان يوق، تولا قۇۋۇرغامنى ئەگمەي يولۇڭغا ماڭە، سەندەك قېرىغا تەگسەم نان چايناپ بېرىپ باقسام بولىدۇ شۇ.

— ۋاي، ۋۇي چاقچاق قىلىپ قويسام، ناز قىلىپ كەتكىنىنى ماۋۇنىڭ، چولپانخان دەپ قويسام راستتىنلا ئاسماندىكى قول يەتمەيدىغان چولپانكەنمەن دەپ قالما، مېنى قېرى كۆرۈۋاتامسەن تېخى، بىز بالا چاغلىرىمىزدىمۇ چوپ - چوڭلا خوتۇن بولۇپ قالغانىدىڭ. سېنى ئاشۇ قادىر گاس ئېزىپ - تېزىپ ئەپ قالمىغان بولسا، بۇ يۇرتتا سېنى ئالىدىغان ئەر چىقمايتتى. بىلىسەنغۇ

مەن نۇردۇننى، مۇشۇ مەھەللىدىكى ھەممە قىز - چوكانلارنىڭ كۆزى مەندە ئىدى. ھېلىقى خەلچەك بىلەن مېنى تالىشىپ چاچلىشىپ كەتكىنىڭنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟

بوۋاي، تېپىرلاپ تۇرالمايۋاتقان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ قويغاندىن كېيىن خىرىلداپ كۈلدى.

— ھەي، نۇردۇن پاخ - پاخ ئاز گەپ قىل جۇمۇ، جەننەتتە يۈرگەن ئادەمنى تولا چىشلەپ تارتقۇچى بولما، ماۋۇ يەردە كىچىك بالا بولۇپ قالدى، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىۋېتەتتىم، كېچىلىرى نەچچە قېتىم ھويلامغا سەكرەپ چۈشۈپ، قادىراخۇننىڭ كالتىكىدە ئۆلگىلى تاس قالغانلىقىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ.

— تولا ئاغزىمنى ئاچقۇچى بولما، سەن شۇ چاغدا ھىجايمىغان بولساڭ، مەنمۇ كېچىدە ھويلاڭغا سەكرەپ ساراڭمىدىم...

— ئۆلمەيدىغان قېرىنىڭ ئۇيالماي دەۋاتقان گېپىنى... چولپانخان خۇددى قىزلاردەك نازلىنىپ سۆزلىدى.

روزىگۈل مىيىقىدا كۈلدى. ئۇ چاغدا مومىسى بىلەن ئاق ساقاللىق بوۋاي ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇ گەپلەرنى مۇنداقلا ئاڭلاپ قويغان بىلەن مەنىسىنى چۈشەنمىگەنىكەن. ئەمدى ئاشۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ ئۆزىچە سۆيۈنۈپ كەتتى. مومىسى شۇنچە ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇق، ئاياللىق نازاكىتى ۋە غۇرۇرىنى يوقاتمىغانىكەن - دە. روزىگۈل يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ چولپانخاننىڭ ئۆيىگە بارغانىدى.

— روزىلەم، كېلە قىزىم، — چولپانخان روزىگۈلنى ئەركىلىتىپ شۇنداق ئاتايتتى، — ماۋۇ ئوسمىلارنى بۇ تاۋاققا سىقە، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئوسما قويىمىز.

— موما، سەن نېمىشقا ئوسما قويىسەن، سەن دېگەن قېرى تۇرساڭ، — روزىگۈل ئويلاشمايلا شۇنداق دەپ سالغانىدى. شۇ چاغدا چولپانخان تېرىكىپ تۇرۇپ سۆزلەپ كەتكەنىدى:





— ھەي، قىزىل قۇرت، كىم مېنى قېرى دەيدىكەن، بالامنىڭ ئالدى تېخى قاسىماخۇن، خەققۇ چىشىمغا تېگىپ مېنى قېرى دېسۇن، ئۆزۈمنىڭ پۇشتىمدىن بولغان سەن قىزىل قۇرتمۇ ئۆزۈڭچە مېنى قېرى دەپ تېرىكتۈرمەكچى ئىكەنسەن - دە!
چولپانخان مانا مۇشۇنداق قېرىلىقىغا پەقەت تەن بەرمەيتتى، شۇڭا ئۇ گەپ قىلغان چاغلاردىمۇ خۇددى ياش چوكانلاردەك كۆزلىرىنى سۈزۈپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ نازلىنىپ سۆزلەيتتى.

«بالامنىڭ ئالدى قاسىماخۇن» دېگەن بۇ گەپ چولپانخاننىڭ ئىككى بالىلىق بولغان چاغلىرىدىن تارتىپ ئۆزىنى ياش كۆرسىتىش ئۈچۈن دەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەت سۆزى ئىدى. قاسىماخۇن دېگىنى چولپانخاننىڭ تۇنجى ئوغلى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ھازىر توقسان ياشقا كىرىپ قالغان بوۋاي ئىدى. قاسىماخۇن يېقىنقى يىللاردىن بېرى كېسەلچان بولۇپ قېلىپ، ئانىسى چولپانخاندىنمۇ قېرى كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، چولپانخاننىڭ ئۆزىنى ياش كۆرسەتمەكچى بولۇپ دېگەن «بالامنىڭ ئالدى تېخى قاسىماخۇن» دېگەن گېپى تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ تۇيۇلاتتى. قارىغاندا چولپانخان موماي ئۆزىنىڭ قېرىغانلىقىغا مەڭگۈ تەن بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ. روزىگۈلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى چولپانخاننى تىرىك مەبۇت ھېسابلايتتى. ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز بولمايتتى. ئەلنىياز بىلەن جۇماخۇن چولپانخاننىڭ كىچىك ئىنىسىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن بولغان بالىلار ئىدى.

جۇماخۇننىڭ ئاكىسى ئەلنىياز ئەينى چاغلاردا گومىنداڭنىڭ ئىككى ئوغلى بارلارنىڭ بىر ئوغلىنى ئەسكەرلىككە ئېلىش سىياسىتى بويىچە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، جەبىر - جاپانى يەتكۈچە تارتقانىدى. ئەلنىيازنىڭ ئەسلىي ئىسمى تۇراخۇن بولۇپ «ئەلنىياز» دېگىنى ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ ئىسمى ئىدى. ئۇ چاغلاردا گومىنداڭچىلار ئۆلگەن ئەسكەر-

لىرىنىمۇ يۇقىرىغا ئۆلمىدى دەپ مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلسىمۇ ئىسمىنى ئۆلتۈرمەيتتى.

چولپانخاننىڭ كىچىك ئىنىسى بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى سىل كېسىلى بىلەن كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، تۇراخۇن بىلەن جۇماخۇننى چولپانخان بېقىۋالغانىدى. تۇراخۇن ئەسكەرلىككە بىر كەتكىنىچە يۇرتقا ئىككىنچى قايتىپ كەلمىدى. چولپانخان ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلار ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. بەزىلەر «تۇراخۇن ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەرلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىشتى. يەنە بەزىلەر تۇراخۇن چېگرىدىن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنىمۇ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈشتى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە چولپانخاننى «ئوغلۇڭ سوۋېت شيۇجىڭجۇيىچىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋېتىپتۇ» دەپ كوچا - كويدا سۆرەپ سازايىمۇ قىلىشتى. لېكىن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چولپانخاندىن باشقا ھەممىلا ئادەم تۇراخۇننى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كەتتى.

ئارىلىقتىن شۇنچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن تۇراخۇننىڭ پەيدا بولۇشى چولپانخاننى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتكەن بولسا، جۇماخۇننى ھەيران قالدۇردى. چولپانخان خۇشاللىقىدا بىردەم يىغلىسا، بىردەم كۈلەتتى. ئۇ تۇراخۇننىڭ ئىلىدىكى بىر تۇەن، مەيداندا ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جۇماخۇننى ئۇنىڭغا قېتىپ قويغانىدى. روزىگۈلنىڭ جۇماخۇنغا تېگىشىنى چولپانخان بەلگىلىگەنىدى. بولمىسا...

## 3

كۈن قايرىلىپ چۈش بولاي دەپ قالغانىدى، روزىگۈل خۇدى ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك ئۆزىنى خىيالدىن نېرى قىلدى.



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

ئۇ ھويلىغا چىقىپ چايخانىدىكى ئوچاققا ئوت قالاپ، چاي ئۈچۈن چۆگۈنگە سۇ قۇيۇپ قويدى... ئۇ بويۇنداپ تالاغا قاراپ باقتى، تالادا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتتى...

بىر كۈنى روزىگۈل چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئۆرۈكلۈك باغدا چولپانخاننىڭ ئۆچكىسىگە چۆپ ئېلىۋاتاتتى. بۇ روزىگۈلنىڭ ئون ئالتە ياشقا كىرگەن چاغلىرى بولۇپ، ئۇ كۈندىن - كۈنگە تولۇپ، چىرايلىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇششاق قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئۇنىڭ چېھرىنى خۇددى بوستانلار ئارىسىدىكى قىزىلگۈلگە ياكى كېچە ئاسمىنىدىكى تولۇن ئايغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. روزىگۈل نېمىشقىكىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ قىيغىتىپ سەكرىگۈسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى، توختىماي ناخشا ئېيتقۇسى كېلەتتى، ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان شېرىن تۇيغۇ ئۇنىڭغا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىقنى ئاتا قىلاتتى. ئۇ ئوت يۇلغاچ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. باغدىكى مەيىن شامال روزىگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خۇش بۇي ھىدىنى يىراقلارغا تارقاتاتتى...

شۇ چاغدا قارى تۇيۇقسىز روزىگۈلنىڭ ئالدىدا بىر قۇچاق ئوتنى كۆتۈرگىنىچە پەيدا بولدى. ئەمەلىيەتتە قارىنىڭ روزىگۈلنى باغدا تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، روزىگۈل، ياخشى تۇرۇۋاتامدىلا، ئوت ئالغىلى كەپتىكەنلىدە...

غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان روزىگۈل چۆچۈگەن كېيىكتەك ئەندىكىپ كەتتى.

— ھە، مومامنىڭ ئۆچكىسىگە...

— بۇ يەردىكى ئوتلار بىلەن خالتىلىرىنى تولدۇرۇپ بولالمايلا، باغنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئوت بەك غولكەن، ئەكەلسىلە، ماۋۇ ئوتنى خالتىلىرىغا سالايلى...

روزىگۈلنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ

نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي خالتىنى قارىغا بېرىپ، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە تىرناقلىرىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

قارى روزىگۈللەرنىڭ مەھەللىسىدىكى سىدىق تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ئىدى. قارىلارنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى روزىگۈللەرنىڭ مەھەللىسىدىكى ئادەم ئەڭ كۆپ توپلىشىدىغان، ئەڭ ئاۋات جاي ئىدى. بۇ تۆمۈرچىخانىدىن كەتمەن، ئورغاق، ئوتىغۇچلارنى سوقتۇرىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئات - ئېشەكلىرىنى تاقىلاتقىلى كېلىپ ئۆچرەت تۇرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ يەرگە توپلىشىۋالغان بۇرۇتلۇق، بۇرۇتسىز، تۇماقلىق، تۇماقسىز ئەرلەر ئات - ئېشەكلىرىنى تاقىلاتقاچ جاھاننىڭ گېپىنى قىلىشاتتى.

بىر قېتىم روزىگۈل تاغىسى بىلەن بۇ تۆمۈرچىخانىنىڭ ئالدىغا ئېشەك تاقىلاتقىلى بارغانىدى. نېمىشقىكىن ئۇ كۈنى ئات - ئېشەك تاقىلىتىدىغانلار ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتكەنىدى. تاغىسى روزىگۈلگە ئۆچرەت ساقلاپ تۇرۇشنى تاپىلاپ، باشقا بىر ئىشنى بېجىرىپ كېلىشكە كەتتى. بۇنداق يەرگە ئادەتتە قىزلار ناھايىتى ئاز كېلەتتى. ھازىرمۇ بۇ يەردە روزىگۈلدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر ئىدى. بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقا مەھەللىلىكلەر بولغاچقا، روزىگۈل ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ تونۇمىدى. ئەركەكلەرنىڭ بەزىلىرى روزىگۈلنىڭ گۈزەل روخسارىغا ھەيران قالغاندەك ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ قالغانىدى. يەنە بەزى ئەرلەر روزىگۈلگە كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىنىچە بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىشىپ سىرلىق ھىجىياتتى. روزىگۈل ئىزا تارتقان ھالدا لەۋلىرىنى چىشلەپ پۇتى بىلەن يەرنى سىزاتتى. مانا مۇشۇ چاغدا كۆرۈك بېسىۋاتقان قارى روزىگۈلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كۆرۈكنى باشقا بىرسىگە تاپشۇرۇپ روزىگۈلنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېشەكنى قولىدىن ئېلىپ ئۆچرەتكىمۇ قارىماي ئېشەكنى تاقلاپ،





تاقىلاش ھەققىنىمۇ ئالماي تۇرۇۋالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ روزىگۈل قارىنى پات - پات خىيالىغا كەلتۈرىدىغان، خىيالىغا كەلتۈرگەن ھامان خۇددى ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك قىزىرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەھەللىدە قارىنى ئۇچرىتىپ قالسا يەرگە قارىغىنىچە ئىتتىك مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. شۇڭا، روزىگۈل بۈگۈن تۇيۇقسىز قارىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، يۈزلىرىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ قېچىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يەرگە، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك يا گەپ قىلالماي، يا ماڭالماي بۇتتەك قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

روزىگۈلنىڭ خالتىنى قارىغا بېرىۋاتقان قولى قارىنىڭ قوپال ئەمما ئوتتەك قىزىق قولىغا تېگىپ كەتتى. قارىنىڭ روزىگۈلگە تىكىلگەن كۆزى روزىگۈلنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى... شۇ كۈنى روزىگۈل ئۆزىنىمۇ بىلمىگەن ھالدا قارىغا ئەگىشىپ باغنىڭ ئوت - چۆپ ئەڭ قويۇق ئۆسكەن يېرىگە بارغانىدى. روزىگۈل شۇ كۈنى باغدا قارى بىلەن بولغان باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. خۇددى ئاشۇ ئىشلارنى ھازىر قىلىۋاتقاندەك، ئۇلارنى جۇماخۇن كېلىپ تۇتۇۋالىدىغاندەك قورقۇپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ يەنە ھويلىغا چىقتى. چۆگۈن مۆڭلۈق گىژىلداۋاتاتتى، بايا سېلىپ قويغان تېزەك كۆيۈپ بولۇپ ئوت پەسلەپ قالغانىدى. ئۇ ئوچاققا يەنە ئىككى تال تېزەك سالدى، قۇرۇپ قەغەزدەك بولۇپ قالغان كالا تېزىكى گۈپپىدە ئوت ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيدى. چۆگۈندىكى سۇ قايىنىدى. ئەمدى روزىگۈل كۈندىكى ئادىتى بويىچە جۇماخۇنغا چاي راسلاشقا باشلىدى. بۇ يەردە چاي راسلاشمۇ خېلى كۆپ ھەشەم تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. روزىگۈل چاي خالتىسىدىن ئىككى كاللەك قارا چاينى ئېلىپ ئۇۋۇتۇپ كۇرۇشكىغا سېلىپ ئوت ئۈستىگە قويدى. خام

قايماقنى ئېزىپ سۈتنى راسلىغاندىن كېيىن مەخسۇس ئەتكەن چاي ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كورىدا ئەتكەنچاي ئېتىپ نوگايدا خېلى ئۇزۇنغىچە سورىدى. سۈزگۈچ بىلەن چاي ئۈستىگە لەيلەپ چىققان شاما ياغاچلىرىنى سۈزۈپ ئېلىۋەتتى. روزىگۈل ئاسمانغا قاراپ قويدى. قۇياشنىڭ تەپتىدىن روزىگۈلنىڭ چىرايلىق، ئەمما خۇمالىق، مۆلدۈرلۈق كۆزلىرى پۈرۈشتى. دېمەك، جۇماخۇننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

روزىگۈللەرنىڭ يۇرتىدا چاي ئېتىش مۇنچىۋالا مۇشەققەتلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار قايناۋاتقان چۆگۈنگە ئىككى تال قارا چاينى سېلىپ بىر قاينىتىۋەتكەندىن كېيىن ئىچىۋېرەتتى. بەزىدە چاي بولماي قالسا قايناقسۇنىمۇ ئىچىۋېرەتتى. توۋا خۇدايىم، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىككى كۈن ئەتكەن چاي ئىچمىسە بېشى ئاغرىيمىش، جۇماخۇننىڭ بۇ يۇرتقا كەلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئەتكەن چايغا شۇنداق كۆنۈپ كەتكەنكى، بىر ئولتۇرۇشتا ئىككى، ئۈچ ئاپقۇر ئەتكەن چاينى ئىچىۋېتەتتى. ئەتكەنچاي بولسىلا تاماقنىڭ جېدىلىنىمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، جۇماخۇن روزىگۈل كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەھەللىدىكى بۇۋى ئايشەم دېگەن مومايىنى چاقىرتىپ كىرىپ، روزىگۈلگە مەخسۇس ئەتكەن چاي ئېتىشنى ئۆگەتكەنىدى. زېرەك روزىگۈل بۇۋى ئايشەم مومايدىن ئەتكەن چاي ئېتىشنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالغانىدى.

ھويلىنىڭ ئىشىكى شىرىقلىدى. دېمەك، جۇماخۇن كەلگەنىدى. روزىگۈل نېمىشقىكىن جىددىيلەشتى، بەدەنلىرى تىكەنلەشتى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر پىژغىرىپ چىقتى، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ جۇماخۇننىڭ ئالدىغا باردى. جۇماخۇن روزىگۈلگە ھومىيىپ قاراپ قويۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

جۇماخۇن ئاكىسى ئەلنىيازدىن قالغان ئۆڭۈپ كەتكەن ھەربىيچە كىيىمنى كىيىۋالغان بولۇپ، بېشىدا سىكىلەكلىرى پۈرلىشىپ كەتكەن ھەربىيچە شەپكە، پۇتىدا ھەربىيچە ئاياغ بار ئىدى. جۇماخۇن قىشمۇ - ياز ھەربىيچە كىيىم كىيىشنى ئاكىسى ئەلنىيازدىن ئۆگىنىۋالغانىدى. چۈنكى، بۇ يەر ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن مەيدانىنىڭ بىر لىيەنى بولغاچقا، بۇرۇن بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ھەربىيچە كىيىم كىيىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ يەردىكى كىشىلەرمۇ تۈرلۈك شەكىل ۋە زامانغا خاس كىيىملەرنى كىيىدىغان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، جۇماخۇن ئۆزىنىڭ بۇ ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى.

جۇماخۇن كەتمىنىنى جايىغا ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن چۆگۈن تۈتۈپ تۇرغان روزىگۈلنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى، ئۇلار يېرىم سائەتتەك بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەن بولسىمۇ، جۇماخۇن روزىگۈلگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ ئۈچ ئاپقۇر چاينىڭ بىرىنچىسىگە لىق نان چىلاپ ئىچكەندىن كېيىن ئىككى ئاپقۇر چاينى قۇرۇق ئىچىۋېتىپ «مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي» دەپ قويۇپ، روزىگۈل ئەپچىقىپ بەرگەن ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا، ئاجايىپ سەت خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى. روزىگۈل قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن سىغىزلاي بىلەن كالا تېزىكىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئالاھىدە تەييارلانغان لايدا ئوچاق بېشىنى سۇۋاشقا باشلىدى. بۇمۇ روزىگۈلنىڭ مۇشۇ مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆگەنگەن يەنە بىر ھۈنىرى ئىدى.

ئارىلىقتىن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جۇماخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ قويۇپ، كېرىلىپ ئەسنىدى، روزىگۈلگە سەت ئالىيىپ قارىدى. روزىگۈلگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، پوشۇلداپ ئىنجىقلىغىنىچە ھويلىغا چىقتى ۋە ئەسنەپ، كېرىلىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. جۇماخۇن ھويلىدىن چىقىپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىۋەتتى. روزىگۈل جۇما-

خۇن ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا خۇددى ئېغىر بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، شىللىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ قالدى. كۈن تازىمۇ ئىسسىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى ئۆستەڭ تەرەپتىن سۇغا چۈشۈپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. روزىگۈل ھويلىنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. روزىگۈل ياستۇققا بېشىنى قويۇپ ئۇخلىماقچى بولدىيۇ ئەمما، تۈرلۈك خىياللار ئۇنى پەقەتلا ئۇخلاتمىدى. خىيال يەلكەنلىرى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كەتتى... .

روزىگۈل ئۆزىنىڭ قارىنىڭ كەينىدىن قانداق قىلىپ بۇ قويۇق ئۆت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇلار خالتىنى ئوت - چۆپلەر بىلەن بىردەمدىلا تولدۇرۇپ بولۇپ، ئاغزىنى بوغۇۋاتقاندا ئۇلارنىڭ قولى يەنە بىر - بىرىگە تېگىپ كەتتى. روزىگۈل خۇددى توك تەپكەندەك چۆچۈپ، ئەندىكىپ كەتتى. قارىنىڭ قوپال، قاتتىق، ئەمما ھارارەتلىك قولىدىن ئۇنىڭ يۇمران، نازۇك قولى ئارقىلىق ۋۇجۇدىغا ئۆتكەن شېرىن بىر سېزىم ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. قارى بىلەن روزىگۈلنىڭ كۆزىدىن بىرلا ۋاقىتتا چاقنىغان سېھىرلىك بىر ئوت بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كۈچلۈك بىر يانغىننى پەيدا قىلدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن روزىگۈل ئاشۇ باغقا دائىم دېگۈدەك بارىدىغان بولۇپ قالدى. قارىمۇ دائىم باغ ئارىلاپ يۈرىدىغان بولدى. دېمەك، روزىگۈل بىلەن قارى بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشمىسە چىداشمايدىغان بولدى. روزىگۈل ھەر كۈنى ئۆزلۈكىدىن ئوت ئەكېلىشكە ماڭاتتى. چولپانخان مومايىنىڭ «ئوت تېخى تۈگىمەپتۇ، ئەتە ئەكەلسەڭمۇ بولىدۇ» دېگەن گېپىگە قۇلاق سالمايتتى.

روزىگۈل بارغانسېرى تولۇپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ، چىراي-





لىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا قاشلىرى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، جىنەستىدەك لەۋلىرى، شۇنداق ئوماق، شۇنداق يۇمران ئېڭەكلىرى، كېلىشكەن زىلۋا بويلىرى بۇ مەھەللىدىكى بەزى ئەركەكلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى روزىگۈلنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە چولپانخاننى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇلار ئاخىرى روزىگۈلنىڭ باغقا ئۆزى يالغۇز ئوتقا بېرىشىنى توسۇپ قويدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ باغقا ئوت ئالغىلى بارمىغىن قىزىم، — بىر كۈنى چولپانخان تۇيۇقسىز شۇنداق دېدى.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈڭ بىلەرسەن، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، سەندەك قىزلار تېكە، ئوغلاقتەك خالىغان يەردە چېپىپ يۈرسە بولمايدۇ، قىزىم.

— مېنى مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇتمىدىڭلار، ئەمدى مەن بۇ ئۆيدە نېمە ئىش قىلىمەن، باغقا ئوت ئالغىلى يالغۇز بارسام نېمە بوپتۇ، مەن يا...

— ئاز گەپ قىل، نېمە بولىدىغانلىقىنى، مەن ساڭا دەپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. مەن سەندەك ۋاقتىمدا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى ئىدىم. مەنمۇ سېنىڭ نېمە خىيالدا بولىۋاتقانلىقىڭنى ئوبدان بىلىمەن، ئاتا - ئاناڭ ماڭا ھەمراھ بولسۇن دەپ يېنىمغا ئەكېلىپ قويغان تۇرسا ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا...

چولپانخاننىڭ خىرقىراق ئاۋازدا بوغۇلۇپ، يۆتىلىپ تۇرۇپ دېگەن بۇ سۆزلىرى روزىگۈلنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارى بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى موماي بىلىپ بوپتۇ، كۆڭلۈمنى قىلىپ يۈزۈمگە سالمايۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى.

روزىگۈل چولپانخاننىڭ ئىككىنچى ئوغۇل نەۋرىسىنىڭ قىزى ئىدى. چولپانخان روزىگۈلنىڭ دادىسىنىمۇ ئون نەچچە ياشقىچە ئۆزى باققانىدى. شۇڭا، روزىگۈلنىڭ دادىسى روزىگۈلنى

موماغا ھەمراھ بولسۇن دەپ ئۇنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغانىدى. چولپانخان چەۋرىلەرنىڭ ئارىسىدىكى 13 ـ 14 ياشلىق قىزدىن بىرنى ئەكىلىۋېلىپ، روزىگۈلنى ئاتا ـ ئانىسىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەردى. روزىگۈلنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ مومايىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

## 4

— روزىگۈل ساراڭ كەلدى! روزىگۈل ساراڭ كەلدى! ئۆستەڭ بويىدا توپا ئۈستىدە ياتقان بالىلار ئۈستۈۋېشىدىكى توپىلارنى چالا ـ بۇلا قېقىشتۇرۇۋېتىپلا كۆينەك، ئىشتانلىرىنى كىيىپ تەرەپ ـ تەرەپكە پېتىراپ قاچتى. بەزى بالىلار ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلىدى. روزىگۈل ياز بولغىنىغا قارىماي بېشىغا قىشلىق قېلىن پوكىۋاي ياغلىقىنى ئارتىۋالغانىدى. ئۈستىگە ئوغۇل بالىلارنىڭ مايكىسىنى، ئاستىغا جۇماخۇننىڭ ھەربىيچە ئىشتىنىنى كىيىپ، كۆرگەنلا ئادەمگە تاش، چالما ئېتىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى. ئۇ بەزىدە ئۇسسۇل ئوينىسا، بەزىدە پەشۋا ئاتاتتى. بالىلار سۇغا چۆمۈلىدىغان بۇ يەر ليەندىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. قارىغاندا روزىگۈل جۇماخۇننى ئىزىقتۇرۇپ قېچىپ كەلگەنىدى.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بايانلىرىمىزنىڭ دەسلەپكى قىسمىدا مۇشۇ ئۆستەڭ بويىدا ئىككى بالا روزىگۈلنى بىرسى ساراڭ دېسە، يەنە بىرسى ساراڭ ئەمەس دەپ مۇشتلىشىپ كەتكەنىدى.

روزىگۈل ساراڭ ئەمەس دېگىنى مۇشۇ ليەننىڭ كاسسىرى ئەيسانىڭ ئوغلى مۇرات ئىدى. مۇرات ئاق كۆڭۈل، سەممىي بالا ئىدى. ئۇ روزىگۈلنىڭ قىزى گۈلشەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئۇ گۈلشەننى خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرەتتى. ئۇ گۈلشەننى ھېچكىمگە بوزەك قىلدۇرمايتتى.





روزىگۈلنى كۆرۈپ بالىلارنىڭ ھەممىسى ھەريانغا تاراپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇرات كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ قاچمىدى. روزىگۈل ساق چاغلىرىدا مۇراتنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ مەكتەپكە بىللە مېڭىش ئۈچۈن گۈلشەننىڭ يېنىغا كىرگەندە روزىگۈل ئۇنىڭ يانچۇقلىرىنى گۈلە ـ قاق، جىگدە، ياڭاقلار بىلەن تولدۇرۇپ قوياتتى. مۇرات روزىگۈل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۈگۈن روزىگۈلنىڭ كەينىدە يا جۇماخۇن، يا گۈلشەن كۆرۈنمەيتتى.

روزىگۈلنىڭ مانا مۇشۇنداق بولۇپ قالغىنىغا توپتوغرا بىر يىل بولدى. مۇشۇ بىر يىل جەريانىدا گۈلشەننىڭ يېشى قۇرۇمىدى. مەكتەپتىنمۇ چېكىنىۋالدى. ئۇ كەچكىچە ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرگىنى يۈرگەن ئىدى. بۈگۈن نېمىشقا روزىگۈلنىڭ كەينىدە گۈلشەن بىلەن جۇماخۇن يوقتۇ؟ مۇرات ئەنسىرەپ قالدى. شۇڭا ئۇ روزىگۈلنى ئالداپ ليەن ئىچىگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن روزىگۈلنىڭ ئالدىغا باردى.

يول بويىدىكى قوناقلىققا كىرىپ كېتىۋاتقان روزىگۈل ئالدىغا كېلىپ كۈلۈپ تۇرغان مۇراتنى كۆرۈپ توختىدى.

— روزىگۈل ئاپا، نەگە ماڭدىڭىز؟

— ھە، مۇراتقارىمۇ سەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئاپاڭ ئەنسىرەپ قالىدۇ، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇرات روزىگۈلنى ساقتەكلا ياكى يالغان ساراڭ بولىۋالغاندەك ھېس قىلدى. روزىگۈل تۇرۇپلا ساق ئادەملەردەكلا گەپ قىلاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنى ھېچكىم ساراڭ دېمەيتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشمايتتى، بۇ قېتىممۇ يەنە شۇنداق بولدى. ئۇ مۇراتقا بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئەنسىز ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىنىڭ كۈلكە ياكى يىغا ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

— سەن مېنى نەگە ماڭدىڭىز دېدىڭمۇ؟ نەگە بارىدىغانلىقىمـ

نى ساڭا دەپ بەرسەم بولمايدۇ، چولپانخان مومامنىڭ ئۆچكىسى ئاچ قالدى، ئوتقا ماڭدىم، ئوتقا. قارىنىڭ سېنى سۆيگىنىنى كۆرۈپ قالدىم دەمسەن؟ سۆيسە نېمە بوپتۇ؟ ياخشى كۆرگەندىن كېيىن ئەنە شۇنداق سۆيىدۇ، چولپانخان مومامغا دەپ قويما جۇمۇ، ئۇنىڭ مېنى قارىغا بەرگۈسى يوق، بەرسىمۇ تېگمەمەن، بەرمىسىمۇ تېگمەمەن. ھە راست، مەن تېگمەمەن دېگەن بىلەن ئالمىسا قانداق قىلارمەن، ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسىنى ئالارمىشقۇ، ماڭ، ماڭ، يولۇڭغا ماڭ، مەن ماۋۇ باغقا ئوت ئالغىلى بارىمەن… روزىگۈل قوناقلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مۇرات ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇدى:

— روزىگۈل ئاپا، بۇ باغ ئەمەس، ئۆزىڭىز بىلمىسىزغۇ، بۇ قوناقلىقنىڭ ئىچىدە ياۋا توڭگۇز بار، روزىگۈل ئالدىنى توسۇپ تۇرغان مۇراتنى ئىتتىرىۋەتتى.

— توڭگۇزدىن سېسىق ئادىل لېيەنجاڭدىن قورقمىغان يەردە ياۋا توڭگۇزدىن قورقاتتىممۇ. سېنىڭ داداڭمۇ ئەسلىي ياۋا توڭگۇز ئىدى، كېيىن ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ قان – تەرى بىلەن گۈللىنىپ مەھەللىگە ئايلانغان بۇ لېيەننىڭ قوناقلىقلىرىدا ھازىرمۇ تۇرۇپ – تۇرۇپلا ياۋا توڭگۇزلار پەيدا بولۇپ قالاتتى. 7～8 – ئاي مەزگىللىرىدە قوناقلىقنىڭ ئاياغ تەرەپلىرىدە ئىت ئۈزۈملەر قاپقارا بولۇپ مەي باغلاپ كېتەتتى. مۇرات ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئىت ئۈزۈمگە بەك ئامراق بولسىمۇ، ياۋا توڭگۇزدىن قورقۇپ قوناقلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىگە بارالمايتتى. بۇ لېيەندىكى قاسىم ئۇۋچى، ئازى بەنجاڭ دېگەن ئادەملەر بەزى چاغلاردا ياۋا توڭگۇزلارنى ئېتىۋېلىپ، قوشنا لېيەندىكى خەنزۇلارغا بېرىۋېتەتتى.

مۇراتنىڭ ھازىرمۇ ئېسىدە بار. بىر قېتىم قاسىم ئۇۋچى، ئازى بەنجاڭ دېگەن ئادەملەر ئۆزلىرى ئېتىۋالغان يوغان بىر ياۋا





توڭگۇزنى ئۆكۈز ھارۋىسىغا بېسىپ لېيەنگە ئېلىپ كىرگەنىدى. ئۇلار تېخى مۇراتلارنىڭ قارا توپىقىنىمۇ ياۋا توڭگۇزمىكىن دەپ ئېتىپ سالغانىدى.

روزىگۈل قوناقلىق ئىچىگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتتى. بىراق، مۇرات روزىگۈلنىڭ كەينىدىن كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ قوناقلىققا كىرسىلا يوغان بىر ياۋا توڭگۇز ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قورقۇپ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى. مۇرات قوناقلىق تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

— روزىگۈل ئاپا، قايتىپ چىقىڭ، روزىگۈل ئاپا قايتىپ چىقىڭ! ! — روزىگۈل مۇراتنىڭ گېپىگە قولاق سالمىدى.

روزىگۈلمۇ كىمنىدۇر توۋلاۋاتاتتى:

— قارى سىلى نەدە؟ قارى سىلى نەدە؟ ! ماۋۇ يەرگە كەلسىلە، ئوتنى مانا ماۋۇ يەردىن ئالىمىز خالتامنى ئوت بىلەن تولدۇرۇپ بەرسىلە.

مەن كەلدىم، مەن سىلى بىلەن توي قىلىمەن، جۇماخۇن دېگەن گىجىڭگا تەگمەيمەن. تېز كېلىپ مېنى قۇچاقلىسىلا! مېنى سۆيۈپ قويسىلا، تېز بولسىلا، خالتامنى ئوتقا تولدۇرۇپ بەرسىلە! مانا مەن كەلدىم!

مۇرات روزىگۈلنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ روزىگۈلنى ياۋا توڭگۇزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گۈلشەنلەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپتى. مۇرات ئىشتانلىرى بىلەنلا ئۆستەڭدىن كېچىپ ئۆتتى. بۇ يەردە ياز كۈنلىرى مۇراتتەك بالىلار پۇتىغا ئاياغ كىيمەيتتى. ئۇلار ئادەتتىمۇ ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى.

مۇرات گۈلشەنلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەتتە بىرەرمۇ ئادەم كىرمەيدىغان ھويلا ۋە ئۆينىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. ئۆينىڭ ئىچى تەرەپ-

تىن گۈلشەنىنىڭ «دادا، دادا! نېمە بولدىڭىز؟» دەپ نالە قىلىپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇرات نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھويلىدا توپلىشىپ تۇرغان ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۆي ئىچىگە قارىدى. جۇماخۇن تانا بىلەن ئۆينىڭ تورىسىغا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئادىل لىيەنجاڭ، ئابلىمىت گۇلدۇر، ئەيسا كاسسىر قاتارلىق ئادەملەر جۇماخۇننى تانىدىن بوشىتىۋاتاتتى. ھاشىماخۇن ئىمام قايسىبىر سۈرىنى ئوقۇغىنىچە جۇماخۇننى سىرتماقتىن بوشىتىۋاتقانلارغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى:

— ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا، خام سۈت ئەمگەن بەندەڭنى ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن.

ھاشىماخۇن ئىمام شۇنداق دېگەندىن كېيىن سىرتماقتىن بوشىتىلىپ يەرگە ياتقۇزۇلغان جۇماخۇننىڭ ئېڭىكىنى تېڭىپ، ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپ پۇتلىرىنى چاتتى. گۈلشەن ئۆزىنى دادىسى تەرەپكە ئېتىپ، كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزگۈدەك نالە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى. گۈلشەنىنىڭ نالىسىغا مۇرات چىدىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش سىرغىپ چىقىپ ئېسەدەپ كەتتى. نىياز كاللەكنىڭ ئايالى تۇرنىسا بىلەن يەنە ئىككى ئايال ھاشىماخۇن ئىمامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گۈلشەنىنىڭ ئۈنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. گۈلشەننى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاياللار ۋە گۈلشەن بىلەن بىللە يۈرگەن دوستلىرىمۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ جۇماخۇننىڭ ئۆلۈمىگە ئەمەس، بەلكى گۈلشەنىنىڭ يېتىم قالغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇرات ئاياللارنىڭ يىغا - زارىسى يىراقلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن نېمىدۇر دېيىشىۋاتقان دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— دادا، دادا، روزىگۈل ئاپام، ھېلىقى ياۋا توڭگۇزلار





قاتراپ يۈرىدىغان قوناقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنى توسىۋالسام ئۇنىمىدى. شۇڭا...

— ئۇنداق بولسا يامان بوپتۇ. توختاپ تۇر، ھەي كېرىم، ئۇ ھويلا تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

— مانا مەن! — ئۆيگە ساقچىلارنىڭ كونىراپ ئۆڭۈپ كەتكەن ئىشتان - چاپانلىرىنى كىيىۋالغان قارىمۇتۇق ئوتتۇرا بوي كېرىم كىردى. كېرىمنى ئادىل لىيەنجاڭ مۇشۇ لىيەنىنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قويغانىدى. كېرىمنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن كۆپ ئىش ھەققى بېرىلمىسىمۇ كېرىم ئۆز ئىشىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن بۇ لىيەنگە ئالاھىدە خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن مەخپىي خادىمدەك ھېسابلايتتى. كېچىلىرى ئۇخلىماي لىيەن ئىچىنى ئارىلاپ يۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى. كۈندۈزى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىقىنى قىلاتتى.

— كېرىم، سەن مۇرات بىلەن ئاۋۇ ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى قوناقلىققا بارغىن، روزىگۈلنى قوناقلىقنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كېتىپ قالدى دەيدۇ، يېقىندىن بېرى قاۋان توڭگۇزلار يەنە قۇتراپ قاپتىكەن، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن! بۇ گەپنى ئاڭلىغان كېرىم ساقچى خۇددى مۇھىم بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان رازۋېتچىكتەك جىددىي ھالەتكە ئۆتتى.

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا باراي، ماڭە مۇراتجان مېنى باشلاپ بار! — كېرىم خۇددى ئاتاكىغا ئۆتكەن جەڭچىدەك مۇراتنى يېتىلەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي تۈەن ساقچىخانىسىدىن ئىككى ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتتا بەش - ئالتە ساقچى كېلىپ ئەھۋالنى بىر قۇر ئىگىلەپ، نەق مەيداننى سۈرەتكە تارتقاندىن كېيىن كېتىپ قېلىشتى.

كېرىم بىلەن مۇرات قوناقلىقتا روزىگۈلنى ئىزدىمەكتە ئىدى، ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپلا ۋارقىراپ قوياتتى.

— روزىگۈل!

— روزىگۈل ئاپا!

كېرىم قوناقلىقتىن ئۆزىنى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ساقچىدەك كۆرسىتىپ كېتىۋاتقان بىلەن ئەمەلىيەتتە بۇ قوناقلىقتىن ئۇمۇ ناھايىتى قورقتى. ئۇ قوناقلىقنىڭ ئىچى تەرەپتىكى شىلدىرلىغان، شاراقلىغان ئاۋازلارغا ۋەھىمە بىلەن قۇلاق سالاتتى. خۇداغا شۈكرى يېقىنلا يەردىن روزىگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كېرىم بىلەن مۇرات ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاستا يېقىنلاشقاچ روزىگۈلنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتى.

كېرىم بىلەن مۇرات روزىگۈلگە يېقىنلاشتى. ئۇلار روزىگۈلنى كۆردى. ئۇ قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چۈجگۈنلۈكتە ئوڭدا يېتىۋېلىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى پاراڭلىشىۋاتاتتى، روزىگۈل تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى ئالدىدا بىرسى باردەك غەزەپ بىلەن ئالايدى.

— ھا، ھا، ھا، مەن ئەمدى قۇشقا ئايلىنىمەن، قايسى قۇشقا ئايلانسام بولار، قۇشقاچقا ئايلىنايمۇ كەپتەرگىمۇ، ھە كەپتەرگە ئايلىناي، ئۇچۇپ، ئۇچۇپ، ئۇچۇپ قارىنىڭ تۆمۈرچىخانىسىنىڭ ئۈستىگە قوناي…

روزىگۈل ئاسمانغا قاراپ، قاقاقلاپ كۈلدى ھەمدە خۇددى ئانا بۆرىدەك ئاچچىق ھۇۋلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا پەسكويغا چۈشۈپ جىمىپ قالدى.

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇرىغىنىچە جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. روزىگۈل ئۇركىگەن كېيىكتەك تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇيان - بۇيان قارايتتى. تۇرۇپلا بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالاتتى. يەنە تۇرۇپلا غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئۇسسۇل ئويىنىماقچى بولاتتى.

كېرىم روزىگۈلنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرى بار ئىكەن دېگەندەك مۇراتنى جىم بولۇشقا جىملەپ، ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى





گە دىققەت قىلدى. روزىگۈل چۈجگۈن ئۈستىدە يېتىپ يەنە كىم بىلەندۇر پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— سىزنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز، سىزچۇ قارىغا بەك ئوخشايسىز، بولۇپمۇ كۆزىڭىز قارىنىڭ كۆزىگە بەك ئوخشايدۇ.

— ئادىل ليەنجاڭ، ئۆزى ئاشۇنداق بېزەڭ ئادەمكەن، ھاراق ئىچىۋالسىلا مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ…

كېرىم روزىگۈلنىڭ بەزى مەخپىيەتلىكلەرنىمۇ رەسمىيلا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تۇتتۇۋالدى:

— روزىگۈل ماڭە، كېتىمىز، بىز سېنى ئىزدەپ كەلدۇق.

— قولۇمنى قويۇپ بەر، ھەي غالچا، قولۇمنى قويۇپ بەر دەيمەن!

— روزىگۈل ئاپا، جۇماخۇن دادام ئاغرىپ قاپتۇ، گۈلشەن سىزنى تاپالماي يىغلاۋاتىدۇ…

— گۈلشەن؟! — روزىگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان - بۇيان قارىۋەتكەندىن كېيىن كېرىم بىلەن مۇراتقىمۇ قارىماي ئۆز - ئۆزىدىن سورىدى:

— گۈلشەن دېگەن كىم ئۇ؟ گۈلشەن ئەيسا كاسسىرنىڭ قىزىمۇ؟ جۇماخۇن گىجىگىنىڭ قىزىمۇ؟ مېنىڭ ئېرىم جۇماخۇن گىجىگمۇ؟ ئەيسا كاسسىرمۇ، ياق مېنىڭ ئېرىم قارى، بىلىپ قويۇش مېنىڭ ئېرىم قارى.

روزىگۈل خۇددى ئالدىدا بىر توپ ئادەم تۇرغاندەك قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن مېڭىپ كەتتى. ئۇ كېرىم بىلەن مۇراتنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، باياتىن بېرى سۆزلەۋاتقىنى روزىگۈلدىن باشقا بىر ئادەمدەك كېرىم بىلەن مۇراتقا قاراپ سۆزلىدى:

— ھە، سىلەر كەلگەنمىدىڭلار، سىلەر مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەن ئوخشىمامسىلەر، ھە راست، گۈلشەن

قېنى؟

روزىگۈلنىڭ بايىقى گەپلىرىدىن ھەيران قېلىپ تېخى تولۇق ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان مۈرات بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئۇ ئۆيدە دادىسىنىڭ يېنىدا قالدى، — دېدى.

روزىگۈل يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— نېمە؟ دادىسىنىڭ يېنىدا قالدى دەمسەن؟ سەنمۇ مۈشتۇمدەك تۇرۇپ مېنى ئالداۋاتامسەن، ئۆيدە ھازىر جۇماخۇن يوق، مەن بايا جۇماخۇننىڭ، — روزىگۈل قولى بىلەن ئاسماننى كۆرسەتتى. — ئاۋۇ بۇلۇتقا ئوخشاش يەنە بىر بۇلۇتقا مىنىپ كۈن پېتىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇلۇتقا مىنىۋالغان شۇنداق چىرايلىق بىر پەرىشتە ئۇنىڭ بويىنىنى ئۇزۇن قىل ئارقان بىلەن باغلىۋاپتۇ. سىلەر بىلەمسىلەر ئاشۇ پەرىشتە جۇماخۇننى مەڭگۈلۈك ئەر قىلىپ بولدى. قارىغاندا ئۇ پەرىشتە جۇماخۇننىڭ، لەقۋا، دۆت ئەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن - دە، قاراپ تۇرۇڭلار ئاشۇ پەرىشتەمۇ ماڭا ئوخشاش دەردكە قالىدۇ.

روزىگۈل يەنە بىر قېتىم خېلى ئۇزۇنغىچە قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن:

— گۈلشەن! گۈلشەن ئۆيدە يالغۇز قالسا بولمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قوناقلىقنى يېرىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. كېرىم بىلەن مۈراتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

## 5

يېرىم كېچە، روزىگۈل پەقەت ئۇخلىيالمىدى، ئۇ ھازىر جۇماخۇننىڭ خورىكىگىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ جۇماخۇنغا ياتلىق بولۇپ بۇ يۇرتقا كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولۇپ قالدى. دەسلەپكى چاغلاردا روزىگۈل جۇماخۇننىڭ كىشىنى





بىزار قىلىدىغان خورىكىنىڭ دەستىدىن پەقەت ئۇخلىيالمىغان، ھەتتا خىيال سۈرۈش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمىگەنىدى، كېيىن ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. كۆپ ئۆتمەيلا جۇماخۇننىڭ خورىكىگە پەرۋا قىلمايدىغان، خالىغانچە ئۇخلاپ، خالىغانچە خىيال سۈرۈۋېرىدىغان بولدى. روزىگۈلنى ئۇخلاتمايۋاتقىنى جۇماخۇننىڭ خورىكى ئەمەس ئىدى. جۇماخۇن توختىماي خورەك تارتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ خورىكى خۇددى بوران - شىۋىرغاننىڭ دەستىدىن پەيدا بولغان ۋەھىمىلىك سادادەك تۇرۇپ كۈچەيسە، تۇرۇپ پەسىيەتتى، جۇماخۇننىڭ خورىكى روزىگۈل ئۈچۈن بۇ تاڭ ئاتماس كېچىلەرنى تېخىمۇ ۋەھىمىلىك، تېخىمۇ زېرىكىشلىك قىلىۋېتىپ باراتتى. روزىگۈل ئۆزىنى ئۇيقۇغا ھەرقانچە زورلاپ باقسىمۇ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. زېرىكىشلىك، بىدارلىق روزىگۈل ئۈچۈن دوزاخ زۇلۇمىدەك ئازابلىق ئىدى. ئۇ بۇ قاراڭغۇ ئۆيدە خۇددى تاغارغا سولاپ قويۇلغان ئادەمدەك تەستە نەپەس ئالاتتى. ئۆيدىكى سېسىق پۇراق دىماغىنى ئېچىشتۇراتتى. مانا ئەمدى روزىگۈلنىڭ سېسىق پۇراق دەستىدىن نەپەس ئېلىشقىمۇ ماجالى قالمىدى. روزىگۈل ئاخىرى بۇ سېسىق پۇراقنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئەسلى ئۇ جۇماخۇننىڭ ئايىغىنى ئەپچىقىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن. ئۇ جۇماخۇننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن چىراغنىمۇ ياقماي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتى. قېپىپ قالغان ئىشىك سەت غىچىرلاپ، تاراقشىپ كەتتى. روزىگۈل ھويلىغا چىقىپ ئاياغنى تامغا تىكلەپ قويۇپ قويغاندىن كېيىن خالا جايغا كىرىپ چىقتى. بىراق، ئۇ ئۆيگە كىرگەندە جۇماخۇن چىراغنى يېقىۋېلىپ خۇددى ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلدەك غەزەپ بىلەن ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ روزىگۈل تۇيۇقسىز ئەندىكىپ كەتتى. خۇددى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك پەگادا مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى جۇماخۇننىڭ مىجەزى تېخىمۇ گىجىڭلىشىپ،

ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن جېدەل چىقىرىدىغان بولىۋالغانىدى.
— ئۆزۈڭنى نەگە شامالغا سالغىلى چىقتىڭ، قارىغاندا بەك ئەرسىرەپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامسەن، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىڭنى بىلمەسمىكىن دەپ قالما، ئەسلىغۇ يۇرتتىلا نامىڭ چىقىپ كەتكەن ئەر ئالمىغان نەرسىكەنسەنتۇق، سېنىڭدەك لالما قانجۇقنى خوتۇن قىلىپ ئالغاندىن كېيىن مەنمۇ جىنىڭ ساراڭ.

— نېمە دەيدىغانسىز، ئايىغىڭىزنى هويلىغا ئەپچىقىۋەتكەچ خالا جايغا كىرىپ چىقتىم.

— ئەجەب مۇشۇ كۈندە خالا جايغا تولا چىقىدىغان بولۇپ كەتتىڭ! سېنى خالا جايدا بىرسى مېھمان قىلىۋاتامدىغاندۇ، مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۆزۈمنىڭ سەنىمگە دەسسەيمەن دەپ خام خىيال قىلما، ئەگەر مەن تىرناقچىلىك ئىشنى بىلىپ قالىدىغان بولسام...

— يەنە نېمە بولدى سىزگە، مەن ئاشۇنداق ئادەممۇ، بىكاردىن - بىكار ئۆزىڭىزنى قىينىماي ئۇخلىڭا، — روزىگۈل ئورنىغا كىرىپ ياتتى. جۇماخۇن پەسكويغا چۈشۈپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك روزىگۈلگە ئۆزىنى ئاتتى.

... تاڭ ئاتتى. روزىگۈل ئۈچۈن زېرىكىشلىك ۋە ۋەھىمىلىك يەنە بىر كېچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈك ئېلىپ تاشلانغان ئادەمدەك يېنىكلەپ قالدى. روزىگۈل ئۈچۈن كېچىلەر كۈندىن - كۈنگە ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىلارنى سىپىرىپ سۈپۈرگەندىن كېيىن، ئوچاققا ئوت قالاپ، چۆگۈنگە سۇ قۇيۇپ قويدى. ئىشىك ئالدىدىكى لايلىنىپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ سۈيىنى چېلەك بىلەن ئەكىرىپ ئېدىشنى تولدۇردى. ئۆستەڭنىڭ قارشى تەرىپىدە كالىلىرىنى پادىغا قېتىپ بەرگىلى كېتىۋاتقان بەزى ئەركەكلەر روزىگۈلگە يەر ئاستىدىن قاراشاتتى. بەزىلىرى كالىلىرىنى ھەيدىگەن بولۇپ قەستەن ئىسقىر-





تىپ قوياتتى، لېكىن روزىگۈل ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن كىشىدەك چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا چۈشۈۋالغان بىلەكتەك چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ هويلىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا يەنە چېلەك كۆتۈرۈپ پەيدا بولاتتى. روزىگۈل ئېدىشنى سۇ بىلەن تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قوشنىسى بۇۋى ئايشەم مومايىنىڭ ئۆيىگە سۈتكە كىرىپ كەتتى...

جۇماخۇن يوغان ئاپقۇرنى ئەتكەنچايغا ئىككى قېتىم تولدۇرۇپ نان چىلاپ يېدى. ئۇ ناشتا قىلىپ بولۇپ كەتمەننى ئېلىپ هويلا دەرۋازىسىغا قولۇپ سېلىۋېتىپ ئېتىزغا كەتتى. روزىگۈل ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كىردى، ئۇ كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان بولسىمۇ، جىمجىت ئولتۇرۇپ يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى.

روزىگۈلنى ئاتا - ئانىسى ئۆيدىن چىقارمايدىغان بولدى، ئۇ بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا كىردى. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭ بەزىلىرى توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولۇپ بولدى.

مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلار ئەجەب ياخشى ئىدى - ھە! ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەن روزىگۈل شۇنداق خىيال قىلغانىدى. ئۇ چاغلاردا روزىگۈل خۇددى قۇشتەك ناھايىتى ئەركىن ئىدى. ئوغۇللار بىلەن قىزلار بىر سىنىپتا دەرس ئاڭلاپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بىللە ئوينايتتى. بىراق، ئۇ باشلانغۇچنىڭ 4 - يىللىقىغىچىلا ئوقۇيالىدى. بۇ يەردە قىزلار ئەمەس ئوغۇللارمۇ تۆت - بەش يىللا ئوقۇيالايتتى. ناھىيە بازىرىدىن يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ قۇملۇق كەنتتىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ يەردە ئاشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىغا تېخى ئون يىلمۇ بولمىغانىدى. ھازىرمۇ ئاشۇ مەكتەپنى بالىلارنى يولدىن چىقىرىدىغان يەر، كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، دەيدىغانلار بار ئىدى.

www.uyghurweb.net



بۇ كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمەلىيەتتە سوقما تاملار بىلەن قوپۇرۇلۇپ ئۈستى قومۇش، سامانلار بىلەن ئېغىلنى ياپقاندەكلا يېپىپ قويۇلغان بەش ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. ئەسلىي ئۇ كەنتنىڭ ئاشلىق قويىدىغان ئامبىرى ئىدى. شۇڭلاشقىمىكىن هازىرمۇ بۇ ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىدا چاشقانلار قاتراپ پىتىرلاپ يۈرەتتى. بۇ بەش ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىرسى ئىشخانا، تۆتى دەرسخانا ئىدى. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار ئايرىم ـ ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇيتتى. 4 ـ، 5 ـ يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپتا ئىدى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب 4 ـ يىللىققا چىقىپ بولغۇچە ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي هالدا ئازلاپ كېتەتتى. ئادەتتە 1 ـ، 2 ـ يىللىقلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپرەك بولاتتى. كۆپ دېگىنىمىزمۇ ئون، ئون ئىككى ئوقۇغۇچى ئىدى. 4 ـ يىللىققا چىققاندا تۆت ـ بەشلا ئوقۇغۇچى قالاتتى. 4 ـ يىللىقتا قىزلار ئاساسەن ئوقۇمايتتى.

بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە پەقەت ئىككىلا ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئەللىك ياشتىن ئاشقان ئورۇق، ئېگىز قادىر مۇدىر ئىدى. يەنە بىرسى ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى ئابدۇرېهىم مۇئەللىم ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭمۇ مۇئاشى يوق ئىدى. كەنت نومۇرغا هېسابلاپ ئاز ـ تولا تۇرمۇش خىراجىتى بېرىپ قوياتتى. قادىر مۇدىرنىڭ بۇ كەنتكە قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقى روزىگۈلگە قاراڭغۇ ئىدى. بۇ كەنتتە قادىر مۇدىردەك بىلىملىك ئادەمدىن يەنە بىرى يوق ئىدى. ئابدۇرېهىم مۇئەللىم مۇشۇ كەنتلىك بولۇپ، ناهىيىگە بېرىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا مۇئەللىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باللارغا ئاز بولسىمۇ ئىلىم بېرىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى، ئۆز هاياتىنى باللارغا ئىلىم بېرىش ئارقىلىق قىممەتكە ئىگە قىلالايمەن دەپ قارايتتى.

قادىر مۇدىر بىلەن ئابدۇرېهىم مۇئەللىم ئىككىسى هەرقايسى





سىنىپلارغا قاتراپ يۈرۈپ دەرس ئۆتەتتى. قادىر مۇدىر بىلەن ئابدۇرېهىم مۇئەللىم ئاتا ـ ئانىلارغا باللىرىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار، ئوقۇش دېگەن ئانداق پايدىلىق، مۇنداق خاسىيەتلىك دەپ سۆزلەپ كالپۇكىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدىغانلار ناهايىتى ئاز ئىدى. ئۇلار قىزلىرىنى ئوقۇتۇشقا تېخىمۇ قىرىق ئىدى. روزىگۈلنىڭ هازىرقىدەكلا ئېسىدە تۇرۇپتۇ.

روزىگۈلنىڭ 4 ـ يىللىقتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ سىنىپىدا باشقا ساۋاقداشلاردىن ياشقا چوڭراق هاجىگۈل ئىسىملىك بىر قىز بار ئىدى. هاجىگۈل دەرستە هەممىنىڭ كەينىدە ئىدى. شۇڭا، ئابدۇرېهىم مۇئەللىم ئۇنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا دائىم ياردەم قىلاتتى. سىنىپتىمۇ دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا هاجىگۈلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا يەنە ئايرىم دەرس ئۆتەتتى. بەزى چاغلاردا باللار دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئايرىم دەرس ئۆتەتتى. بىر كۈنى دەرستىن كېيىن روزىگۈل سىنىپنى تازىلاۋاتاتتى. قادىر مۇدىر ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ناهىيە بازىرىغا كەتكەچكە ئابدۇرېهىم مۇئەللىم تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ تۆت ـ بەش سىنىپقا نۆۋەت بىلەن ئۆزى يالغۇز دەرس ئۆتكەن بولغاچقا، دەرس ۋاقتىدا هاجىگۈلگە دەرس تەكرارلاپ بېرىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ دەرستىن كېيىن هاجىگۈلنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ئايرىم دەرس تەكرارلاپ بېرىۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا مەكتەپكە هاجىگۈلنىڭ دادىسى بىلەن بىر نەچچە تاغىسى ۋە نەۋرە ئاكىلىرى قوللىرىدا كالتەك ـ توقماقلارنى كۆتۈرگىنىچە خۇددى ئەسەبىيلەشكەن قاراقچىلاردەك كانايلىرىنى كەرگىنىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يېتىپ كەلدى:

— هەي، ئابدۇرېهىم دېگەن خوتۇن بېدىكى لۈكچەك، چىقە ماياققا، سەن ئۆزۈڭچە مەكتەپنى، قىزلارنى چېكىپ تاللاپ ئويـ

www.uyghurweb.net



نايدىغان پاھىشىخانىغا ئايلاندۇرۇۋالماقچىمۇ؟

ھاجىگۇلگە دەرس ئۆگىتىۋاتقان ئابدۇرېھىم مۇئەللىم نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ھاجىگۇلنىڭ تاغىلىرى بىلەن نەۋرە ئاكىلىرى ئابدۇرېھىم مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا بېسىپ كىرىپ ئۇنى توقماق، كالتەك بىلەن دۇمبالاپ كەتتى. ئۇلارغا نېمە دەپ قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلەلمىگەن ئابدۇرېھىم مۇئەللىم ئۇلارنىڭ تاياق - توقماقلىرىنىڭ زەربىسىدىن يىقىلدى. قورقۇپ كەتكەن ھاجىگۇل باشتا ۋەھىمىلىك ۋارقىرىۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي تاغىلىرى بىلەن نەۋرە ئاكىلىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئابدۇرېھىم مۇئەللىمگە تېگىۋاتقان تاياق - توقماقنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇدى.

— سىلەرنىڭ ئابدۇرېھىم مۇئەللىمنى ئۇرۇدىغانغا نېمە ھەققىڭلار بار؟ ئۇرساڭلار مانا مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، سىلەر ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئابدۇرېھىم مۇئەللىم مېنىڭ دادامدەك ئادەم تۇرسا، سىلەر ياخشىلىققا يامانلىق قىلىۋاتىسىلەر...

شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئابدۇرېھىم مۇئەللىم بىر نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تۆھمەت ۋە ھاقارەتلەر ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرى ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى. ھاجىگۇل شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە كەلمىدى، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا ئابدۇرېھىم مۇئەللىمنى ئۇرۇپ، دۇمبالىغان نەۋرە ئاكىلىرىدىن بىرسى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالدى...

ھاجىگۇلنىڭ ۋەقەسىدىن كېيىن مەكتەپتە بىرمۇ قىز ئوقۇغۇچى قالمىدى. بەزى ئاتا - ئانىلار ئابدۇرېھىم مۇئەللىمنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان ياخشىلىقى بەدىلىگە مۇۋاپىق جاۋاب قايتۇرماقتا يوق، ئۇنىڭغا كىشىنىڭ ئەقلى سىغمىغۇدەك بوھتاننى چاپلاپ، ئۇنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلدى. ئەنە ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن روزىگۇلمۇ ئوقۇيالمىدى...

روزىگۇلنىڭ ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىغا توپتوغرا





ئۈچ كۈن بولدى. ئۇنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇپ بىردەم ئۆيگە كىرسە، بىردەم ھويلىغا چىقاتتى. ئۇنىڭ يەنە باغقا ئوت ئالغىلى بارغۇسى، قارى بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلەتتى. قارى نېمىدەپ قېلىۋاتقاندۇ، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا شۇنداق پىچىرلاپ قوياتتى. روزىگۇل ئاخىرى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆيدىن چىقماقچى بولدى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىقتى، دەل شۇ چاغدا روزىگۇلنىڭ دادىسى تالادىن كىردى:

— نەگە ماڭدىڭ؟

— چولپانخان موماممىڭكىگە بېرىپ كېلەي.

— مەن ھازىر ئاشۇ يەردىن كەلدىم، موماڭ ئۆيدە يوق ئىكەن، بولدى بارما.

— ئۇنداق بولسا تالا - تۈزنى ئازراق ئايلىنىپ كېلەيمىكىن.

— نېمە؟! بىكاردىن بىكار تالا - تۈزنى ئايلىنىدىغان ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن، ئاناڭ دېگەن قانجۇق نەگە كەتتى. ئۆينى تاشلاپ قويۇپ ئۆزىنى شامالغا سالىدىغان بولىۋالدىغۇ، ئۇمۇ.

روزىگۇل دادىسىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى بىلىپ ئۆيگە يېنىپ كىردى.

قارىنىڭ روزىگۇلنى كۈندە ئۆز قەرەلىدە باغدا كۈتۈۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى، ئۇ ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ سائەت ساقلىغاندىن كېيىن قىيالمىغان ھالدا ئۆيگە يېنىپ كېلەتتى.

ئارىلىقتىن بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. قارىمۇ ھەر كۈنى ئاشۇ باغدا ئۇلار ئوت ئالىدىغان ھېلىقى جايدا روزىگۇلنى كۈتۈپ مىنۇت، سېكۇنتلارنى ساناپ ئۆتكۈزدى. بىراق، روزىگۇل خۇددى يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن قۇشتەك پەقەت قارىسىنى كۆرسەتمىدى. ئۇ روزىگۇل بىلەن كۆرۈشەلمىدى. بۈگۈن ئۇ روزىگۇل بىلەن كۆرۈشمىسە پەقەت بولمايتتى. ئەتە ئۇنىڭ تويى، قارىنى ئاتا - ئانىسى بىر نەۋرە سىڭلىسى بىلەن چېتىپ قويماقچى، قارى

بۇ تويدىن رازى ئەمەس ئىدى. قارى خېلىچىگۈل ئىسىملىك نەۋرە
سىڭلىسى بىلەن مومىسىنىڭ ئۆيىدە تەڭ چوڭ بولغانىدى. ئۇ
خېلىچىگۈلنى ئۆز سىڭلىم دەپ بىلەتتى. خېلىچىگۈلمۇ قارىنى
ئۆز ئاكىسىدەك كۆرەتتى. «توۋا مەن ئۆز سىڭلىمنى نېمىدەپ
خوتۇنلۇققا ئالغۇدەكمەن، زادى بۇ قانداق گەپ؟ قارى ئاتا -
ئانىسىغا ھەر قانداق قىلىپمۇ پەقەت چۈشەندۈرەلمىدى.

— بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىچىدە خېلىچىگۈلدىنمۇ چى-
رايلىق بەلەن بالا بارمۇ؟ سېنىڭ كىمنى ئالىدىغانلىقىڭنى سەن
ئەمەس بىز بەلگىلەيمىز، — ئاللىقاچان پەدىشەپنى چۆرۈپ تاشلى-
غان قارىنىڭ ئانىسى گەپنى ئۈچۈق قىلدى.

— خېلىچىگۈل دېگەن مېنىڭ سىڭلىم تۇرسا، مەن ئۇنى
قانداقسىگە ....— قارى بوغۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى.

خېلىچىگۈل سېنىڭ سىڭلىڭ ئەمەس نەۋرە سىڭلىڭ.

— ھەممىسى ئوخشاش گەپ.

— شۇنداق چىرايلىق نەۋرە سىڭلىڭ تۇرۇپ خەقنىڭ قىزىنى
ئالساڭ خەق نېمە دەيدۇ؟ مەنمۇ داداڭنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىدىم.

— بولدى، مەن ھېچكىمنى ئالمايمەن. مەن توي قىلىشقا
ئالدىرىمايمەن، مەن ھازىر تېخى كىچىككۇ.

— كىچىكمىش، داداڭ سېنىڭدەك ۋاقتىدا ئىككى باللىق
بولۇپ بولغان، بىزنى بىلمەمدىكىن دېمە، سېنىڭ غوپۇر قاغى-
نىڭ قىزى روزىگۈل بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگىنىڭنى ئوب-
دان بىلىمىز. خىيالىڭنى خام ئەيلىمە، چولپانخان جادۇگەر
خەقكە ئۇرۇق پۈشتىنى تۇتقۇزىدىغانلاردىن ئەمەس. بىزنىڭ ئۇ
جادۇگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزىڭنى بەر دەپ يالۋۇرۇپ يۈرگە-
مىز يوق.

قارى جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ يەنە قارشىلىق كۆرسىتىشكە
ماجالى يەتمىدى. ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى خېلىچىگۈل بىلەن
توي قىلدى. بۇ يەردىكى توي داغدۇغىسىز بولۇپ، تويى بولغۇچى-





نىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن ئەلە - مەھەللە توپلىشىپ بىر
قازان پولۇنى يەۋېتىپ، يىگىت بىلەن قىزنى بىر ئۆيگە سولاپ
قويسىلا ئىش پۈتەتتى. شۇنداقتىمۇ روزىگۈل قارىنىڭ توي قىلىپ
كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. روزىگۈل قارىنىڭ تويى بولغان
كۈنى ئۆيدىن چىقماي ئۈنسىز ياش تۆكتى... قارىنى ئىچىدە تىللاپ
قارغىدى، ئۇنىڭ باغدا قىلغان ۋەدىلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىدىن
ناھايىتى ئازابلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن شېرىن ئارزۇلىرىنىڭ
بىر قېتىمدىلا يوققا چىققانلىقىنى قارىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن كۆر-
دى، شۇڭا ئۇ قارىغا قوشۇپ دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنى تىللى-
دى. دەل ئاشۇ كۈنلەردە روزىگۈللەرنىڭ يۇرتىغا جۇماخۇن كې-
لىپ قالدى. چولپانخان مومايىنىڭ ئەتراپىغا توپلاشقان ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى جۇماخۇننى چامىسىنىڭ يېتىشىچە ناھايىتى قىزغىن
كۈتۈۋالدى. بۇ جۇماخۇننىڭ قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان چاغلىرى
ئىدى. چولپانخان موماي ئۇنىڭ تېخىچە ئۆيلەنمىگەنلىكىنى ئاڭ-
لاپ، بەكمۇ ئاچچىقلاندى.

— ياقا يۇرتتا بولغاندىن كېيىن خەقنىڭ پۈشتىدىن بولسىمۇ
بىرەرسى بىلەن ئۆيلىنىۋالساڭ بولماسمىدى، — چولپانخان مو-
ماي باشتىن - ئاياغ سارغىيىپ كەتكەن ماشرەڭ كىيىم كىيىپ،
گۆشىيىپ ئولتۇرغان جۇماخۇنغا خېلى ئۇزۇنغىچە غۇتۇلدىدى.

— بولدى، ئەمدى ئۇ يەرگە بارما، ھەممە ئۇرۇق - تۇغقان-
لىرىڭ مەھەللىدە بولغاندىن كېيىن، ياقا يۇرتتا يەنە نېمە قىلى-
سەن، بىز سېنى مۇشۇ يەردىن ئۆيلەيمىز — دەل شۇ چاغدا
چولپانخان مومايىنىڭ ئۆيىگە روزىگۈل كىرىپ كەلدى. روزىگۈل-
نىڭ روھى سۇلغۇن، سۇنۇق كۆرۈنەتتى.

— قىزىم ماۋۇ ئاكاڭ بىلەن كۆرۈشە.

روزىگۈل گۆشىيىپ ئولتۇرغان جۇماخۇندىن مۇنداقلا ئەھ-
ۋال سوراپ قويدى. كىنولاردىكى ئىشپىيونلاردەك سۈرلۈك بۇ
ئادەم روزىگۈلنى شۈركەندۈرۈۋەتتى. روزىگۈل مومىسىغا ئەكەل-

گەن تاماقنى ئوچاق بېشىغا قويۇپ قويۇپ ئۆيدىن ناھايىتى تېز
چىقىپ كەتتى.
چولپانخان موماي روزىگۈلنىڭ كەينىدىن قاراپ بىردەم تۇ-
رۇپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھال بىر ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ
يۈزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ سەت جىلمايدى. مانا مۇشۇ جىلمىيىشى
روزىگۈلنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ بولغانىدى.
— ھازىرقى، ماۋۇ قىزنى كۆردۈڭمۇ ئۇمۇ سىېنىڭ نەۋرە
ئاكاڭ ئابدۇغوپۇرنىڭ قىزى. ئۇ ھازىر پىشىپ ساپىقىدىن ئايرى-
لاي دەپ تۇرىدۇ، قارىغاندا ئۇ سىېنىڭ رىزقىڭ ئوخشايدۇ. سەنچە
ئۇ قىز قانداقراقكەن؟ — چولپانخان موماي روزىگۈل ئېلىپ
كەلگەن تاماقنى جۇماخۇننىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا نۇرسىز
كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.
تۇزۇتسىزلا تاماققا تۇتۇش قىلغان جۇماخۇن ئاغزىنى ماچىلد-
دىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:
— چىرايلىقكەن، بەك چىرايلىقكەن، ھى، ھى، ھى، —
خۇددى كالىغا ئوخشاش كۈلۈشنىمۇ بىلمەيدىغان جۇماخۇننىڭ
كۈلگەنلىكى روزىگۈلنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
شۇڭا، چولپانخان ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ساڭا مۇشۇ سىڭلىڭنى ئېلىپ بەرسەك بولارمۇ؟
— نېمە؟ ! — جۇماخۇن چۆچۈپ كەتتى، — ئۇ ماڭا تېگىش-
كە ئۇنىماسمىكىن.
— سەن ئۇنىڭ ئۇنايدىغان، ئۇنىمايدىغانلىقى بىلەن كارىڭ
بولماي ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى قىلە، ئۇنى ئالامسەن، ئالمامسەن؟
— ئۇ تېگىشكە ئۇنىسىلا مەن ئالاي، — مەن ئالاي، جۇما-
خۇننىڭ ئاغزىدىكى تاماق ھەر تەرەپكە چاچرىدى.
— ئۇنداق بولسا كەتمەيسەن، ھە.
— ياق، ياق، كەتمىسەم بولمايدۇ، مەن ھازىر ئۇ يەردە
ھەر ئايدا مائاش ئالىدىغان تۇرسام، مەن دېگەن ھازىر ھۆكۈمەت-





نىڭ ئادىمى، ئۇ يەردە سالغان ئۆيلىرىممۇ ناھايىتى چىرايلىق.
— ئۇنداق بولسا روزىگۈلنى ساڭا چېتىپ قويايلى، ئۇنى
بىللە ئېلىپ كېتەمسەن؟
— ماقۇل، ماقۇل، ئۇنداق بولسا بەك بەلەن بولغۇدەك.
مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن چولپانخان موماي روزىگۈلنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنى جۇماخۇنغا چېتىپ قويدى. شۇنىڭدىن
كېيىن روزىگۈلنىڭ ھايات ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى شېرىن ئار-
مانلىرى بۆشۈكىدىلا بوغۇلۇپ قالغاندەك بولدى.

## 6

روزىگۈل ھويلىغا چىقتى، ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن سۇغا
چۈشۈپ ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. جۇماخۇننىڭ كېلىدىغىنىغا يەنە خېلى ۋاقىت بار ئىدى.
ئۇ تاماق ئېتىش ئۈچۈن كۆكتات ئاقلىدى، ئەمدى ئۇنىڭ خېمىر
يۇغۇرۇشقا پەقەت قولى بارمىدى. ئۇ جاۋۇرغا ئۇننى بېسىپ
قويغاندىن كېيىن يەنە خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. روزىگۈل ئاخى-
رى چولپانخان موماي، ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ
زورى بىلەن جۇماخۇنغا تەگدى. ئۇلار توي كېچىسىنى چولپانخان
موممىسى ئالاھىدە راسلاپ بەرگەن ھۇجرا ئۆيدە ئۆتكۈزدى. روزى-
گۈل مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىغا كىرگەن-
دى. روزىگۈلنى خۇشال قىلغىنى شۇ كۈنى جۇماخۇن روزىگۈل
بىلەن كارىمۇ بولماي، خورەك تارتىپ ئۇخلىغانىدى. ئۇ جۇما-
خۇننى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قى-
لالماي، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزغانىدى. ئۇ توي كېچىسى
قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۆزىدىن بۇرۇن ياتلىق
بولغان قىزلاردىن ئاڭلىغانىدى. ئەنە شۇ ئىشنى ئويلىسىلا روزى-
گۈلگە تىترەك ئولىشاتتى. مۇڭلىناتتى، ھەسرەت بىلەن ياش

تۆكەتتى.

ئۇلار توي قىلىپ ئەتىسى يولغا چىقتى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. روزىگۇل ئاتا - ئانىسىغا ۋە چولپانخانغا ئېسىلىپ ھۆكرەپ يىغلىدى. تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىكى قىز - ئاياللار رەسمىيەت ئۈچۈن مىشىلدىشىپ قويۇشتى. ئات ھارۋىسى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ماشىنا بېكىتىگە كېتىۋاتقان روزىگۇل سۆيۈملۈك مەھەللىسىگە تويماستىن قارايتتى. ئۇ خۇددى ئۆز مەھەللىسىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىۋاتقاندەك، بۇ يەردىكى ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر گىياھ ھەتتا يوللاردىكى ئەخلەت - چاۋارلارغىمۇ مېھرى بىلەن تىكىلەتتى. خورازلارنىڭ تونۇش چىللاشلىرى، مېكىيانلارنىڭ ۋاقاقشىشلىرى، كالىلارنىڭ سوزۇپ مۆرەشلىرى، ساغلىقلارنىڭ ئەنسىز مەرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ خارقىراپ ھاڭراشلىرى خۇددى روزىگۇلنى ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. نەدىندۇر ئاڭلىنىۋاتقان كاككۇك ناۋاسى روزىگۇلنى ھۆكرەپ يىغلاشقا ئۈندەيتتى.

مەھەللىسىدىكى باللارنىڭ غەمسىز چۇرقىراشلىرى روزىگۇلنىڭ قەلبىگە مەڭگۈلۈك بولۇپ ئورناپ قالدى. ئۇ مەھەللىسىدىن يىراقلاشقانسېرى ئۆزىنىڭ بەختىدىن يىراقلىشىۋاتقاندەك شۈركۈنۈپ كەتتى. جۇماخۇن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھارۋا ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ روزىگۇلگە قاراپ قوياتتى - دە يەنە مۈگدەيتتى. ھارۋىكەشمۇ پەرۋاسىز ھالدا يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېتىغا ھەۋەس قىلىپ، قامچىسىدىن قاس چىقىراتتى...

مەھەللە بارغانسېرى يىراقلاپ، كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ روزىگۇلنىڭمۇ قارىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يىراقتىن بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بەربات بولدى. روزىگۇلنىڭ كۆزىدىن چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى.

— تۇۋا قىلدىم، تۇۋا، — روزىگۇل خۇددى قارىغا سۆزلە-





ۋاتقاندەك پىچىرلىدى، — ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ خوش دەپ قويۇشقا يارىمىدىلا، سىلىنىڭ باغدا قىلغان ۋەدىلىرى يالغانمىدى. ياق، مەن ئىشەنمەيمەن، سىلىنىڭ ۋەدىلىرى يالغان بولغان تەقدىردىمۇ، مېنى قانماي - قانماي ئوتلۇق سۆيگەنلىرى ھەرگىز يالغان ئەمەس، بىراق سىلى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويماي توي قىلىۋالدىلا، بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟! قارى، بىلىۋاتامدىلا، سىلى مېنىڭ قەلبىمنى ئىگىلەپ بولغان، ئۇنىڭغا ئىككىنچى بىر ئادەم مەڭگۈ سىغمايدۇ. سىلىنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازلىرى مەڭگۈ يوقالمايدۇ... مەن پەقەت سىلىگە قېيداش ئۈچۈنلا ئۆزۈمنى ياخشى كۆرمىگەن بىر ئادەمگە تېگىپ يىراق يۇرتقا كېتىۋاتىمەن. سىلى ئۈچۈن مۇشۇنداق قېيدىشىمنىڭ، مۇشۇنداق قۇربان بېرىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدۇ؟ مەن بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلمەيمەن. مەن سىلىنى يەنە كۆرەلەرمەنمۇ ياكى مۇشۇ بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىشىمىز بولۇپ قالارمۇ؟ سىلى بىلەن ئاشۇ باغدا ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك دەقىقىلەر مەڭگۈ تەكرارلانماس چۈشكە ئايلىنىپ كېتەرمۇ... تۇۋا، مېنى ئۇنتۇپ باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭۈللىرى ئۇنىغاندۇ، ئەر كىشى دېگەننىڭ كۆڭلى ئاشۇنداق پەس بولامدىغاندۇ - يا، ئەمدى مەن سىلىنى قانداقمۇ ئۇنتارمەن...

روزىگۇل ھويلىغا چىقتى. ئوچاق ئۈستىگە قويۇپ قويغان چۆگۈندىكى سۇ قايناپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ كۈنگە قاراپ قويدى، جۇماخۇننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چۆگۈندىكى سۇنى قازانغا قۇيۇپ، لەغمەننىڭ پىلتىسىنى تارتىشقا باشلىدى.

جۇماخۇن ئىككى يېرىم تەخسە لەغمەننى كۆرمىدىم دەپ سوقۇۋېتىپ، خۇددى قورسىقى تويغان كالىدەك ئىنجىقلاپ، ئەسنەپ ئۆيگە كىرىپ ئىككى سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن يەنە ئېتىز-

غا كەتتى. روزىگۈل قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئۇيقۇسى كەلدى. ئاخشام تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقمىغان بولغاچقا، ئۇ ياستۇققا بېشىنى قويۇپلا ئۇخلاپ كەتتى…

ئۆرۈكلۈك باغ، روزىگۈل غىڭشىپ ناخشا ئېيتقىنىچە باغدىن ئوت ئالماقتا. ئۇ ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ئۇششاق ئۆرۈمە چاچلىرىنى كەينىگە تاشلاپ، يېشىل، يۇمران ئوتلارنى يۇلۇپ خالتىغا سالاتتى. شۇ چاغدا ئوتلۇق بىر گەۋدە ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. روزىگۈل كېيىكتەك چۆچۈپ، تاتلىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنى قۇچاقلىۋالغان ئوتلۇق گەۋدە قارى ئىدى.

— جېنىم، مەن سېنى بەك سېغىنىپ كەتتىم…

— تولا سەتلەشمىسىلە، خەق كۆرۈپ قالسا نېمە دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا يەنە پومداقلىشىپ كەتتى. روزىگۈل قارىنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىركىشىپ باقتى. لېكىن، ئۇنىڭ نازۇك تېنى، قارىنىڭ كۈچلۈك گەۋدىسىگە تەڭ كېلەلمىدى. قارى روزىگۈلنىڭ يۈز - كۆزىگە، بويۇنلىرىغا توختىماي سۆيەتتى. بۇ چاغدا روزىگۈل يەنە ئېسىگە كېلىپ قارىغا جان - جەھلى بىلەن قارشىلىق بىلدۈردى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەردى. قارىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر شېرىن سېزىم يامرىدى.

روزىگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ يەنە قارىنى چۈشەپ قالغانىدى.

— توۋا، خۇددى ئوڭۇمدىكىدەك - ھە، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىغاندىن كېيىن، قارى خۇددى ئۆيىنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىگە مۆكۈۋالغاندەك، كۆزى بىلەن ئۆيىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئاختۇردى. روزىگۈلنىڭ بەدىنى شۇنداق ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ، ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ





تۇرالمىدى. بايىقى چۈش ئۇنى ھەقىقەتەن ماغدۇرسىزلاندۇرۇۋەتكەنىدى، شۇڭا ئورنىدىن تۇرماي يەنە خىيالغا ئەسىر - مۇپتىلا بولدى.

— جۇماخۇن بىلەن روزىگۈل يۇرتتىن بۇ يەرگە كەلگۈچە ئۈچ يەردە قوندى. ئەر - ئاياللار ياتاقلىرى ئايرىم بولغاچقا، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ياتتى. شۇنداق بولغانلىقىدىن روزىگۈلمۇ ناھايىتى خۇشال بولغانىدى.

ئۇلار بۇ يۇرتقا يەنە ھازىرقى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۆيىگە كەلگەن تۈنجى كۈنى مەھەللە - كويدىكىلەر ئۇلارنى يوقلاپ كىرىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە زېرىكتۈرمىدى. جۇماخۇننىڭ يامان ئەمەس سەرەمجانلاشتۇرۇلغان پاكىز ئازادە ئۆيى روزىگۈلنى خېلى رازى قىلدى. ئۆينىڭ كىگىز - كېچەكلىرى يېڭى، تاۋار يوتقان - كۆرپىلىرىمۇ يېڭىدىن تەييارلانغان ئىدى. مەھەللىدىكى قوشنىلار چىقىپ كەتكەندە سائەت ئوندىن ئاشقانىدى. روزىگۈل ئورۇنلارنى سېلىپ بولۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدىلا بىر ئۆستەڭ شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدىكى يېشىلزارلارغا، ئۆستەڭنىڭ قارشى تەرىپىدىكى پايانسىز قوناقلىقلارغا قاراپ، بۇ يەرنىڭمۇ گۈزەل يۇرت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ يەردىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىمۇ روزىگۈلنىڭ يۇرتىدىكى ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش ئىدى. ئادەملىرىمۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئادەملەرگە ئوخشاش ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئىكەن. ئاسماندىكى تونۇش يۇلتۇزلارمۇ ئوخشاشلا جىمىرلاپ تۇراتتى. ئۇ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاددىيلا قىلىپ سېلىنغان كىچىك خالا جايغا كىردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئەنسىزچىلىك قاپلىۋالغانىدى. ئۇ بۈگۈن كەچتە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغانىدى. بىراق، ئۇ ئۆيگە كىرگەندە جۇماخۇن ئورنىغا كىرىپ خارقىراپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلار بۇ يۇرتقا كېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە جۇماخۇن ھەر كۈنى

يوتقانغا كىرىپلا روزىگۈل بىلەن كارى بولماي خارىلداپ ئۇخلى-
دى. دەسلەپكى كۈنلەردە روزىگۈل ئۈنىڭ بۇ ئادىتىدىن ناھايىتى
خۇشال بولدى. ئۇ جۇماخۇن بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە
بولۇشنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلالمىغانىدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن روزىگۈلنىڭ ئوي - خىيالىغا
ئاللىقانداقتۇر ئىشلار كىرىپ، ئۇنى تۇرلۇك تەشۋىش - ئەندىشى-
لەر ئازابلىدى.

بۈگۈن جۇماخۇن كەچلىك تامىقىنى بالدۇر يەپ بولۇپ،
كۆۋرۈك بېشىنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ
بۇنداق چاغدىمۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىشنى ئۇنتۇپ
قالمايتتى.

كۆپ ئۆتمەي جۇماخۇن ئېغىر دەسسەپ، كالىدەك تىنىپ
قايتىپ كىردى. بۇ چاغدا روزىگۈل ئورنىنى سېلىپ يېتىپ
بولغانىدى. ئۇ جۇماخۇننىڭ كىرگەنلىكىنى بىلىپ يالغان ئۇخلى-
غان بولىۋالدى.

جۇماخۇن ئۆزىنىڭ ئورنىغا كىرىپ ياتتى. ئۇلار ئىككى بىر
يوتقاندا يېتىپ باقمىغانىدى. جۇماخۇن كېسەل كالىدەك سەت
يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن كانىيىنى خارقىراتتى. بۇ خىل يۆتىلىش
ۋە خارقىراش بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە
خارىلداشقا باشلىدى. دېمەك، جۇماخۇن ئۆزىنىڭ «خورەك پويى-
زى» دا يىگى سەپىرىنى باشلىغانىدى. روزىگۈل ئۆزىنىڭ باشقا
بىر رىلىستىكى «خىيال پويىزى» دا سەپەر قىلماقتا ئىدى.

## 7

مەن بۈگۈن باھاردىكى باغلارغا، دالالارغا، تاغلارغا، مەڭگۈ-
لۈك ھايات ناخشىسىنى ياڭرىتىپ توختىماي ئېقىۋاتقان ئەزىم





دەريا ۋادىسىغا تەلپۈنىۋاتىمەن، ئۇپۇقتا باش قويۇپ ياتقان نەم-
خۇش تۇپراقنىڭ مەززىلىك ھىدىنى تارقىتىپ تۇرغان ئېتىزلىق-
لارغا تويماستىن قاراۋاتىمەن. ئۇ يەردىكى قىزىل، ئاق، يې-
شىل، سۆسۈن، سېرىق رەڭدىكى سانسىزلىغان گۈل - چېچەك-
لەر ماڭا ئۆزى ھەققىدە قىسسە سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. رەڭگارەڭ
ئېچىلغان گۈل - چېچەكلەر ئانا زېمىن ۋە ھاياتلىقنىڭ بېزىكى
شۇنداقلا ئۇ يېگى بىر ھاياتلىقنىڭ جەزىبىلىك مۇقەددىمىسى،
ئۇنىڭغا رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر، مېھنەتچان ھەسەل ھەرىلىرى،
خانقىز ۋە باشقا سانسىزلىغان جان - جانىۋارلارمۇ ئۆزلىرىنى
ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاشۇ گۈل - چېچەكلەردىن ھۇزۇر،
لەززەت ئالىدۇ، شىرنە يىغىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ قىلىق-
لىرىنى گۈل - چېچەكلەرنىڭ خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقى
ھەققىدە ئويلىنىشقا قادىر ئەمەس، ئۆزىنى دەپ گۈل - چېچەك-
لەرنى نابۇت قىلىدۇ، ئۇلار گۈل - چېچەكتىن خالىغىنىنى ئالىدۇ.
چېچەكلەر — شېرىنلىك مېۋىلەرنىڭ ئانىسى، چېچەكلەر — ئۆز
ھاياتىنى قۇربان قىلىپ مېۋىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ.

مەن يەنە بۇ گۈل - چېچەكلىك باغلاردا كېتىۋاتىمەن،
گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى، قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق ۋە
ياڭراق ناۋاسى، باھارنىڭ تۇرتىشى بىلەن ئويغانغان جان - جانى-
ۋارلارنىڭ تۇرلۇك تىلدىكى ئۇنلەشلىرى، مېنى بۇ سانسىزلىغان
ھاياتلىقلار ھەققىدە ئويلاشقا، پىكىر قىلىشقا ئۈندىمەكتە. بى-
راق، مېنىڭ تەپەككۇرۇم خۇددى ئۆچەكتىن چىقىپ بولالمىغان
جانىۋاردەك جانسىز مىدىرلىماقتا. مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ باھار
پەسلىدە ئويغانغان ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ھاشاراتلارنىڭ بىرسى-
دەك ھېس قىلدىم. مەن ھايات ھەققىدە ناۋا قىلماقچى بولغان
بولسامۇ، ئاۋازىم كىچىكلەپ چېكەتكىنىڭ چىرىلدىشىغىمۇ يەت-
مەيدىغان بوش بىر ئاۋازنى تارقاتماقتا چىر، چىر، چىر...
ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزۈم ئاران ئاڭلىيالىدىم. مەن خۇدۇكسىر-

گەندەك ئەتراپىمغا قاراپ قويدۇم. ئەتراپىمدىكى گۈللەر، چېچەكلەر، گىياھ ۋە جان ـ جانىۋارلار مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندەك قىلمايتتى. مەن ئاۋازىمنى تېخىمۇ كۈچەپ قويۇپ بەرگەن بولساممۇ، كانىيىمدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. مەن باغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالغاندىن كېيىن جان ـ جەھلىم بىلەن يەنە ۋارقىرىدىم. بۇ قېتىم كانىيىمدىن چىققان مۇڭلۇق بىر ئاۋاز خېلى ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. بۇ ئاۋاز يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان تاغلاردىن ئەكس سادا ئېلىپ تېخىمۇ سۈرلۈك ياڭرىدى. توۋا، بۇ مېنىڭ ئاۋازىممىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىغا ئۆزۈم قۇلاق سالدىم، ئاۋازىم خۇددى ئۇۋۇچىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغان بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك ناھايىتى مۇڭلۇق، ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى. مېنىڭ ئاۋازىم نېمىشقا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدەك چىقىدىغاندۇ؟ مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. ئالدىمدىكى گۈل ـ چېچەكلىك باغلار غايىب بولدى. مەن كۆزۈمنى ئاچقاندا ئۆزۈمنى بىر تاغ جىراسى ئىچىدە كۆردۈم، پۇتۇمنى قانداقتۇر بىر نەرسە قاتتىق قىسىپ تۇرغاندەك بولدى. پۇتۇم تەرەپكە قارىدىم، توۋا! مەن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم. مەن قاپقانغا چۈشۈپ قالغان كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. مەن نېمىشقا بۆرىگە ئايلىنىپ قالغاندىمەن؟! مەن زادى كىم! ! ! كانىيىمدىن چىققان مۇڭلۇق بىر ھۇۋلاش ۋە قاتتىق تىپىرلاش مېنى قاپقاندىن قۇتۇلدۇردى.

خۇداغا شۈكرى، بۆرىگە ئايلىنىپ قالغان بولساممۇ قاپقاندىن قۇتۇلۇۋالدىم. پۇتلۇرۇم تېخى ساق ئىكەن. مەن ئورنۇمدىن تۇرغان بولساممۇ، قاياققا مېڭىشىمنى بىلەلمىدىم. تاغ جىراسىنىڭ تەسكەي تەرىپىدە كۆككە بوي سوزغان ھەيۋەتلىك قارىغايلار خۇددى قاتۇرۇپ قويغان تاش قارىغايلاردەك تىمتاس تۇراتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدىكى گىياھسىز تاغلاردا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان سۈرلۈك يوغان قورام تاشلار ھېلىلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇراتتى. پەستە مانا مەن ھازىر





تۇرغان مۇشۇ چىغىر يول بىلەن ياندىشقان ھەيۋەتلىك بىر ئېقىن شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئېقىننىڭ قىرغاقلىرىدىكى قارامتۇل تۇپراق چىم ۋە ياۋا گۈللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىننىڭ بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاۋاتقان بۇژغۇنلىرى سۇغا بىر چۆكۈپ، بىر چىقىۋاتقان ئاق رەڭلىك سۇ قۇشلىرىدەك كۆرۈنەتتى…

ئەمدى بۇ يەردىكى باشقا مەنزىرىلەرگە قاراشقا ماجالىم قالمىدى. مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتىم. مەن زادى ئادەممۇ، بۆرىمۇ؟ مەن ئۆزۈمگە سەپسېلىپ قارىدىم. مەن راستتىنلا يوغان بەستلىك كۆك بۆرە ئىدىم. مەن ئادەمدەك گەپ قىلىپ باقماقچى بولدۇم ـ يۇ، ھەرقانچە كۈچەپمۇ، ئاغزىمدىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدىن باشقا ئاۋاز چىقىرالمىدىم. ئەمدى تەقدىرىمگە تەن بېرىپ، ئۆزۈم ھازىر تۇرغان مۇشۇ يول بىلەن توختىماي ئالغا مېڭىۋېرىش قارارىغا كەلدىم.

مەن سول تەرىپىمدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېقىننىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغاچ يورغىلاپ كېتىۋاتىمەن. مەقسەتسىز ھالدا توختىماي خېلى ئۇزۇن ماڭدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ زادى قانچىلىك يول ماڭغانلىقىمنى بىلمەيمەن. بۇ تاغلار، بۇ يوللار تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. مەن ھالسىرىدىم، چارچىدىم، بۇ جىرا ئىچىدە ھازىرغىچە بىرەر ھاياتلىقنى ئۇچراتمىدىم. مەن نەگە بارماقچى؟ راست، مەن زادى نەگە بارماقچى؟! مەن ئۆز مەنزىلىمنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيتتىم. كاللامدىكى نۇرغۇنلىغان سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قاتتىق ھۇۋلىدىم. مۇڭلۇق ھۇۋلىشىمغا تاغلار ئەكس سادا قايتۇردى.

مەن توختىماي مېڭىۋەرسەملا بىر مەنزىلگە بارىدىغانلىقىمنى ئويلاپ توختىماي مېڭىۋېرىش قارارىغا كەلدىم. كېتىۋاتىمەن، ئالدىمدا پېتىۋاتقان قۇياش مېنىڭ مەنزىلىمنى دەپ بېرەلمەي

خىجىلچىلىقتا قالغاندەك ناھايىتى قىزىرىپ كەتكەنىدى. مەن قۇياشتىن نارازى بولغاندەك يەنە بىر قېتىم ھۆۋلىدىم. قىزىللىقتا پۈركەنگەن جىرا كۆزۈمگە خۇددى قان ئېقىۋاتقان دەرىيادەك بولۇپ كۆرۈندى. مەنمۇ كۆكۈچ ھالىتىمنى يوقىتىپ قىزىل بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. مەن توختىماي مېڭىۋەردىم...

قۇياش پاتقاندىن كېيىنكى شەپەقلىق ئاسمان كۆپ ئۆتمەيلا قارايدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ دەستىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەن يەنىلا يولۇمنى توختاتمىدىم، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاللىقانداقتۇر بىر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلاتتىم. مەن يىقىلىپ چۈشسەم ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ يەنە يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. تۇرۇپ - تۇرۇپلا يوغان - يوغان قورام تاشلارغا ئۇسۇپ سالاتتىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ يولۇمنى توسۇيالمىدى. نېمىدېگەن زۇلمەتلىك كېچە بۇ، مەن ئاسمانغا قارىدىم. ئاسماندا بىر تالمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئايىغى چىقماس بىر غار ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراۋاتقان ئېقىننىڭ شاۋقۇنى، ماڭا سالقىنلىق ئاتا قىلىپ تۇرغان تاغ شامىلى مېنىڭ غار ئىچىدە ئەمەسلىكىمدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. مەندە ھازىر ئالدىمغا قاراپ مېڭىشتىن باشقا ئىستەك يوق ئىدى. مەن ئادەمىيلىكىمنى، ئادەملىرىمنى تېپىۋالساملا بولاتتى. مەن ئادەملەردىن قاچان، قانداق قىلىپ ئايرىلىپ قالغان بولغىيتتىم. مەن بۇ زۇلمەتلىك جىرادا ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەيتتىم. مەن تېخىمۇ تېز ماڭدىم. پۇتلىشىپ يىقىلسام يەنە ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن ماغدۇرسىزلاندىم، مېنى ھارغىنلىق ۋە يىگانىلىق دەستىدىن ئۇيقۇ باسقان بولسا كېرەك، ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدىم...

مەن ئويغاندىم، ئارىلىقتا قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى پەقەتلا بىلەلمىدىم، خۇداغا يۈز مىڭ قەترە شۈكۈر، تاڭ ئاتقان ئوخشايدۇ. شەرق قىزىرىپ قۇياش چىقىشقا باشلىغانىدى. ئەمدى مەن





ئۆزۈمنى چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا كۆردۈم. بۇ يەر تۆنۈگۈنكى تاغ جىراسىدەك گۈزەل بولمىسىمۇ مەن بۇ يەردە قۇياشنى كۆردۈم. مەن قۇياشقا قاراپ ۋارقىرىدىم. ئەي قۇياش... .

توۋا، مەن بۇ يەردە يەنە بىر غەلىتىلىكنى كۆردۈم... كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش خۇددى يولنى خاتا مېڭىپ قويغان يولۇچىدەك بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا پېتىشقا باشلىدى. شەرقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ يەنە شەرققە پېتىپ كەتكەنلىكى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغاندۇ. بۇ خۇددى مېنىڭ بۆرىگە ئايلىنىپ قالغىنىمدەك غەلىتە ئىش ئەمەسمۇ، مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ بولغۇچە ئاخشامقى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى يەنە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. چەكسىز قاراڭغۇلۇق مېنى ئازاب بىلەن ھۆۋلاشقا مەجبۇر قىلدى. مېنىڭ ئازابلىق ھۆۋلىشىمغا جاۋاب بەرگەندەك، ئاسماندا تولۇن ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار چاراقلىدى. ئەمدى ئەتراپىم رەسمىيلا يورىدى. ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن قۇم بارخانلىرى ئۆزىنىڭ پايانسىزلىقى بىلەن كۆزۈمگە خۇددى پۈتۈن يەرشارى قەبرىستانلىققا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ كۆرۈندى. مەن ئەمدى قۇم بارخانلىرى ئىچىدە ئۆمىلەپ - دومىلاپ مېڭىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئىزدەۋاتقىنىم زادى نېمىدۇر، مەن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا تىركىشىمەن، مېنىڭ ئىزدەۋاتقىنىم، ئىنتىلىۋاتقىنىم زادى نېمە؟ مەن خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن دېرىزىدىن چىراغ يېنىپ تۇرغان بىر ئۆي نامايان بولدى. مەن ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلاپ يەنە ئاچتىم. ئالدىمدا راستىنلا بىر ئۆي تۇراتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ ئادەملەرنى ۋە ئادىمىيلىكىمنى ئىزدەۋاتقانلىقىمنى بىلدىم. مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆزۈمنى ئاشۇ ئۆي تەرەپكە ئاتتىم. مەن پۈتۈن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدىم:

— مەن ئىنسانلارنى، قېرىنداشلىرىمنى تاپتىم! — مەن ئۆيگە يېقىنلاشقاندا ئۆزۈمنىڭ ھازىر ئىنسان ئەمەس بىر بۆرە

ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ، ئازابلىق ئىڭرىدىم. قەدەملىرىمنى توختىتىپ دېرىزىگە قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئەگەر بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئىنسانلار بولۇپ قالسا مېنى ۋەھشىي بۆرە دەپ قاراپ جېنىمنى ئالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلىۋېتىشى تۇرغان گەپ. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئەسلىي ئىنسان ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدۈرەرمەن. قېنى ئۆي ئىچىدە نېمىلەر بار ئىكەن بىر كۆرۈپ باقاي. شۇ ئەسنادا ئۆي ئىچىدىن پىغانلىق نالە ئاڭلاندى. بەلكىم ئۇ بىر قىزنىڭ ياكى بىر نەچچە قىزنىڭ ئازابلىق ئىڭرىشى بولۇشى مۇمكىن. مەن دېرىزىگە يامىشىپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىنى ئاران كۆرەلىدىم. ئۆينىڭ بىر نەچچە يېرىدە شام ۋە جىن چىراغلار كۆكۈچ نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان تۈۋرۈككە پەرىشتىدەك چىرايلىق بىر قىز ئانىدىن تۇغما ھالەتتە باغلاقلىق تۇراتتى. يەتتە بېشى بار غەلىتە بىر ئەركەك قىزنىڭ تاپىنىنى ئەسەبىيلەرچە شوراۋاتاتتى. ئەركەكنىڭ يەتتە بېشى قىزنىڭ تاپىنىنى تالىشىپ شورىماقتا ئىدى.

مەن قىزنى تونۇدۇم. ئۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئىدى. ئازاب ئوقۇبەتلەر ئۇنى قىيناپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغانمىكىن، ئۇنىڭ ھۆسنىدە ئۆلمەس ياشلىق ۋە گۈزەللىك جىلۋە قىلاتتى. ماۋۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز جادۇگەر موماي سىياقىدىكى يالماۋۇز ئەمەس ئىدى. مەن بۇ يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىغا سىنچىلاپ قارىدىم، بۇ باشلارنى نەلەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتىم. مەن بۇ باشلارنى بۇنداق بىر گەۋدىدە ئەمەس ئايرىم گەۋدىلەردە كۆرگەنىدىم. مەن بۇ يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىغا بىر - بىرلەپ سىنچىلاپ قارىدىم، ئەڭ چەتتىكى ئەنە ئاۋۇ باش يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان تەكەببۇر يىگىتكە ئوخشايتتى، ئۇ تۇرۇپلا مەختۇمسۇلانى سۆيۈۋالماقچى بولاتتى ياكى ئۇنى مازاق قىلماقچى بولغاندەك سەت ھىجىياتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى





ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان ئەرلەرنى ئەسلىتىدىغان بۇرۇتلۇق باش مەختۇمسۇلانىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە ھاياسىزلىق بىلەن تىكىلگىنىچە ئاللىقانداقتۇر شەھۋانىيلىق ئىلكىدە مەست ئىدى. ئوتتۇرىدىكى قىرىق ياشلاردىكى ئەرلەرگە ئوخشايدىغان سېمىز، يوغان باش مەختۇمسۇلانى ناھايىتى سىلىق سۆزلەپ، ئۇنى باشقا باشلاردىن قىزغانغاندەك ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. قالغان بىر نەچچە باشتىمۇ ھەرخىل يىرگىنچلىك قىياپەت نامايان بولماقتا ئىدى. بۇ باشلارنىڭ ھەممىسى بىر گەۋدە بولغان بىلەن ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ خىياللىرى مەختۇمسۇلادىن ئۆزلىرىگە نەپ ۋە لەززەت ئېلىشلا ئىدى.

يۇقىرىقى ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدىم، قەلبىمدىن تۆۋەندىكى خىتابلار ئۆزلۈكىدىن ياڭراشقا باشلىدى: مەختۇمسۇلا، ئەي سۆيۈملۈك مەختۇمسۇلا، سەن تېخىچە مۇشۇ دوزىخدا كۆيۈۋاتامسەن، چىشى يالماۋۇز ئەركەك يالماۋۇزغا ئايلىنىپ بوپتۇ. سېنىڭ قېنىڭ مۇشۇ ۋەھشىي يالماۋۇزلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئوزۇقىغا ئايلانغانمۇ، ئاكاڭ چىن تۆمۈر نەگە كەتتى؟! ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىدىمۇ، سېنى سۆيگۈدەك، ساڭا كۆيگۈدەك بىرەر يىگىت چىقمىدىمۇ؟! سەن ئاشۇ گۈزەللىكىڭ بىلەن سۇمباتلىق، ۋىجدانلىق بىر يىگىتنىڭ جانانى، ئۇماق بالىلارنىڭ ئانىسى بولۇشىڭ لازىم ئىدىغۇ. سەن گۈزەل بىر قىز، گۈزەل بىر ئايال، مېھرىبان ئانا بولۇشقا تامامەن ھەقلىق ئىدىڭغۇ! سەن نېمىشقا يەنە ئاشۇ يالماۋۇزلارنى ئۆز جېنىڭ، ئۆز قېنىڭ بىلەن باققۇدەكسەن. سەن يەنە نېمىدەپ بۇنداق پىغانلىق ئازابقا دۇچار بولغۇدەكسەن، سەن زادى نېمىشقا ھاياتلىقنىڭ شېرىن لەززەتلىرىدىن بەھرىمان بولالمايدىغانسەن، سەن بىر يىگىتنىڭ جانانى بولۇپ، ئۇماق پەرزەنتلەرنىڭ ئانىسى بولۇشۇڭ كېرەك ئىدى. مەن قاتتىق ھۇۋلىماقچى بولۇپ كانىيىمنى كەر-

دىم. بىراق، ئۆزۈمنى بېشىمدا دوبۇلغا، ئۈستۈمدە ساۋۇت،
يېنىمدا مىسران قىلىچىم بىلەن ئارغىماق ئۈستىدە كۆردۈم.
ئۆزۈمنىڭ ئادىمىي سىياقىمغا يانغانلىقىمنى كۆرۈپ بەك خۇش
بولۇپ كەتتىم. ئەمدى مەختۇمسۇلانىڭ نالىسىغا چىداپ تۇرغۇ-
چىلىكىم قالمىدى. مەن مىسران قىلىچىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ
نەرە تارتقىنىمچە ئۆيگە بېسىپ كىردىم. يالماۋۇز مېنى كۆرۈپ
دەرغەزەپكە كەلگەندەك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ
قالدى. ئۇنىڭ يەتتە بېشىدا يەتتە خىل ھالەت نامايان بولدى -
دە، بىرلا دوملاپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينى-
دىن قوغلىدىم، قۇم بارخانلىرى ۋە توغراقلىقلار ئارىسىدا ئۇزاق
ئېلىشتۇق، ئۇ ئېغىزلىرىدىن تۇرۇپ ئوت پۈركىسە، تۇرۇپلا سۇ
پۈركۈيتتى، تۇرۇپلا كەينىگە چېكىنىپ قاچسا، تۇرۇپلا ماڭا
قاراپ ھۇجۇم قىلاتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا چەبدەسلىك بىلەن ھۇجۇم
قىلدىم، ئېلىشىش خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقاندىن كېيىن بۇ ئەر-
كەك يالماۋۇز قېچىشقا باشلىدى. مەن ئارغىماققا مىنىپ ئۇنى
قوغلىدىم. بۇ قوغلىشىشنىڭ قانچىلىك داۋاملاشقانلىقىنى بىلمى-
دىم. بىر چاغدا كۆز ئالدىمدا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بىر
شەھەر نامايان بولدى. يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشى،
قىياپىتى ۋە چىرايى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان سۆلەتلىك يەتتە
ئەركەككە ئايلاندى. مەن ئۇلارنى داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇلار شە-
ھەردىكى مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى… .
مەن يەنە گۈل - چېچەكلىك باغدا كېتىۋاتىمەن. كۆزۈم
چۈغلىنىپ ئېچىلغان بىر گۈلگە تىكىلدى. باھار پەسلى بولسىمۇ
سوغۇق شامال چىقىۋاتاتتى. شامال نازۇك گۈل بەرگىلىرىنى
تىنىمسىز تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىنى نابۇت
قىلىۋېتىدىغاندەك ئەنسىز ھۇۋلايتتى. ئەنە گۈلنىڭ نازۇك بەر-
گىلىرى شامالنىڭ زەربىسى بىلەن تۆكۈلدى. مەن ئېچىنغان
ھالدا بەرگىلەرگە كۆز تىكىپ بولغۇچە شامال ئۇلارنى ئاللىقاياق-





لارغىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. بۇ مەنزىرە مېنى ھايات ھەققىدە
ناخشا ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. مەن غىڭشىپ ناخشا ئېيتتىم.
باغدىكى گۈللەر، چېچەكلەر مەن بىلەن تەڭ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك
قىلاتتى. شۇنداق، ئۇلارمۇ ماڭا جور بولۇۋېتىپتۇ. مېنىڭ ئاۋا-
زىمنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتقۇملا كېلەتتى… .

## 8

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن بىز ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان
روزىگۈل سىزگە بىردەم قارى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن
گۈزەل قىز ھالىتىدە، بىردەم كاللىسىدىن ئازغان، ساراڭ قىيا-
پىتىدە، يەنە بىردەم جۇماخۇنغا تەگكەندىن كېيىنكى خىيالپەرەس
گۈزەل چوكان ھالىتىدە نامايان بولىۋاتىدۇ. ئەمدى چىرايلىق
روزىگۈل نېمە ئۈچۈن روزىگۈل ساراڭغا ئايلىنىپ قالدى. جۇما-
خۇن زادى قانداق ئادەم، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى؟ بۇ سوئاللار-
نىڭ تېگىشلىك جاۋابى زادى قەيەردە؟
روزىگۈل جۇماخۇنغا تېگىپ ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
جۇماخۇننىڭ ئەرلىك ئىستەكلىرى ئۆلگەن قۇرۇق گەۋدە ئىكەن-
لىكىنى بىلدى. جۇماخۇن قىرىق ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسى-
مۇ، لېكىن ئۇنى قېرى دېگىلى بولمايتتى. روزىگۈلنىڭ ياشلىق
باھارى كالىدەك ھېسسىياتسىز مۇشۇ ئادەمنىڭ قولىدا نابۇت
بولۇپ كېتەرمۇ؟ مانا بۇ سوئال روزىگۈلنىڭ بىردىنبىر ئەندىشى-
سى ئىدى. بىز جۇماخۇننى تولۇقراق چۈشىنىش ئۈچۈن كەينى-
مىزگە چېكىنىپ گەپنى ئۇنىڭ ئاكىسى ئەلنىيازدىن باشلايمىز.
ئەلنىياز ئازادلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ،
كۆپلىگەن جەڭلەرگە قاتناشقان، مۇشەققەتلىك ئەگرى - توقاي
كەچمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ئەسكەر بولۇپ، مۇشۇ بوز يەر ئۆز-

لەشتۈرۈش مەيدانىغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىسى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەللىك ياشقىچە ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتتى. ئۆلۈم - يىتىملاردا ئانچە - مۇنچە قىرائەت قىلالىغاچقا كىشىلەر ئۇنى ئەلنىياز قارى دەپ ئاتىشاتتى. بەزىلەر ئۇنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتىپ، ئەلنىياز قارى گومىنداڭچىلارنىڭ داڭلىق پىلىموتچىسى ئىكەنتۇق، ئۇ پىلىموت بىلەن تامغا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازالايدىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئەيىبلەپ، بۇنداق گومىنداڭچىنى ھۆكۈمەت ئاللىبۇرۇن ئېتىۋەتسىمۇ ئوشۇق كەتمەيتتى، ئۇ ئۆزى يالغۇز مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر لېيەن ئەسكىرىنى قىرىۋېتىپتىكەن دېيىشەتتى.

ئۇ كېيىنكى چاغلاردا لېيەننىڭ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئاشلىق ئامبىرى دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا سېلىنغان بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇراتتى، ئادەملەرگە ئانچە گەپ قىلمايتتى. مۇشۇ ئالاھىدىلىكى ئەلنىيازنى تېخىمۇ سىرلىق قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ يوغان بىر كۆك بۆرە ئىتى بار ئىدى. بۇ ئىت كېچىسى ئەلنىيازنىڭ ئاشلىق ئامبىرىنى ساقلاشقا ياردەم بەرسە، كۈندۈزى ئەلنىياز قارى نەگە بارسا شۇ يەرگە باراتتى. كېيىنچە ئۇ لېيەن ئىچىگە بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆي سېلىپ، ئاشلىق ئامبىرىغا قارىمىغان چاغلىرىدا شۇ ئۆيدە تۇرىدىغان، يەر كۆتۈرە ئېلىپ دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان بولدى. لېيەن ئاقساقاللىرى ۋە لېيەن رەھبەرلىكى، ئۇنى نەچچە قېتىم ئۆيلىنىۋېلىشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئەلنىياز قارى ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بويتاق ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولاتتى، بىراق…

بىراق، بۇ لېيەنگە مەلىكە ئىسىملىك، قاش - كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قەددى - قامەتلىك كېلىشكەن ماشىنىچى قىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شەھەر پاسونىدا ياسىنىۋالغاچقا، بۇ يەردىكى قىز - چوكانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ





تۇراتتى. ئۇ بۇ لېيەندىكى نىياز كاللەكنىڭ شېرەم تۇغقىنىمىش، شۇ چاغدا بۇ لېيەندىكى قىز - چوكانلارمۇ زامانىغا يارىشا كىيىم كىيىشكە ھەۋەس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەلىكە نىياز كاللەكنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى دۇكان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ چىرايلىق، زىلۋا، كۆلگۈنچەك بولغاچقا لېيەندىكىلەر ئۇنىڭغا «مەلىكە سەتەڭ» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. ئۇ ناھايىتى شوخ ۋە ئەركىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ لېيەندىكى ئادەملەر بىلەن تېزلا تونۇشۇپ، چىقىشىپ كەتتى.

ئەلنىياز قارى نىياز كاللەك بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. زېرىكىپ قالغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى. نىياز كاللەكنىڭ كەينى - كەينىدىن تۇغۇلغان چۆچۈرىدەك يەتتە بالىسى بولغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئىدى. ئەلنىياز قارى نىياز كاللەككە تۇرمۇشتا ياردەم قىلىپ تۇراتتى. ھېيت - ئايەملەردە نىياز كاللەكنىڭ بالىلىرىغا بەش سوملۇق، ئون سوملۇق پۇللارنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى. نىياز كاللەكنىڭ بالىلىرىمۇ ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ چوڭ دادىسىدەكلا كۆرەتتى.

ئەلنىياز قارى بويتاق بولغاچقىمۇ لېيەندىكى ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندا پۇلنى ئايىماي خەجلىيەلەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەينىدىن بەزىلەر ئەلنىياز قارى ئازادلىقتىن ئىلگىرى بىر گومىنداڭ ئوفىتسېرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر كوزا ئالتۇن - كۈمۈشىنى ئېلىۋاپتىكەن، ئۇنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرماي يوشۇرۇن خەجلىۋاپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنىمۇ تارقىتىپ يۈرۈشەتتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئادەم ئىشەنگۈدەك ئاساسى بولمىسىمۇ، ئەلنىيازنىڭ مائاشى لېيەن بويىچە يۇقىرى ئىدى. لېيەننىڭ ئاشلىق ئامبىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئاز - تولا نەپ تېگىپ تۇراتتى. ئۇ ئاشلىق ئامبىرىدىن تەگكەن ئاشۇنداق نەپ - مەنپەئەتلىرىنى نىياز كاللەككە ئەكېلىپ بېرەتتى.

ئەلنىياز بىلەن نىياز كاللەكنىڭ يېقىن ئۆتۈشىنىڭمۇ ئۇنىڭ

دىن باشقا يەنە بىر سەۋەبى بار ئىدى.

ئىيۇلنىڭ كېچىلىرى كۈندۈزدىكىدەكلا ئىسسىق بولسىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا تاغ تەرەپتىن كەلگەن سالقىن شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. لىيەننىڭ ئىككى مىڭ مو يەردىكى بۇغدىيى ئاللىبۇرۇن كومبايىن بىلەن ئورۇلۇپ ئامبارغا كىرگۈزۈلىدىغانلىرى ئامبارغا كىرگۈزۈلۈپ، دۆلەتكە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىرى دۆلەتكە ئۆتكۈزۈلۈپ بولغانىدى. بىراق، ئاشلىق ئامبارنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا يەنە بىر نەچچە دۆۋە چەشلەنگەن بۇغداي بار ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئۈستى پالاس بىلەن يېپىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئاشلىق ئامبىرىنىڭ قورۇق تاملىرى پاكار بولغاچقا ئەلنىياز قارى تۇرۇپ - تۇرۇپلا قول چىرىغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتەتتى. ئەلنىياز قارىنىڭ ئىتى توختىماي قاۋاپلا تۇراتتى، شۇڭا ئۇنىڭ قاۋاۋاتقانلىقىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

تۈن كېچە سائەت ئىككىگە يېقىنلاشقان چاغ، ئارىلىقتا ئازراق مۈگدىۋالغان ئەلنىياز يەنە سىرتقا چىقتى. خاماننىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئۆستەڭدىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تېخىمۇ يىراقتىن كىمنىڭدۇر سوزۇپ - سوزۇپ ئېيتقان ناخشا ئاۋازى كېلەتتى. بەلكى، بۇ ناخشىنى كېچىدە ئىشلەۋاتقان تراكتورچى بالىلار ياكى سۇ تۇتۇۋاتقانلار ئېيتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. كېچىدىكى تۈرلۈك سادالارغا قوشۇلۇپ ئۈزۈلمەس بىر مېلودىيىدەك توختىماي ئۇنلەۋاتقىنى يەر ھەيدەۋاتقان زەنجىر تاپانلىق تراكتورنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەلنىياز ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ خاماننىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. يېقىنلا يەردە بىر چېكەتكىنىڭ چىرىلداپ سايرىشى ئاڭلىناتتى. ئەلنىياز كېچىدىكى تۈرلۈك سادالارنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، تۈن كېچىدە ئاڭلىنىۋاتقان بۇ جىمجىت ئاۋازلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بالىلىقىنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭغا بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى





بېرەتتى. ئۇ ئاشۇ ئاۋازلاردىن ئانىسىنىڭ مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى، ئۆزىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئاچچىق يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى.

ئەلنىياز قارى ئەنە ئاشۇ تۈرلۈك ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا ئادەتتە پەقەت ئاڭلىمايدىغان غەيرىي بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. ئاۋاز ئۆستەڭ تەرەپتىكى قورۇق تامنىڭ سىرتىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى كۈچلۈك خورەك ئاۋازى ئىدى. ئەلنىياز خورەك ئاۋازى چىقىۋاتقان تەرەپكە يېقىنلاشقانسېرى خورەك ئاۋازىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى.

— بىزنىڭ لىيەندە بۇنداق يۇقىرى ئاۋازلىق خورەكنى نىياز كاللەكتىن باشقا ھېچكىم تارتمايدۇ، — ئەلنىياز ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلىدى. چۈنكى، لىيەندە نىياز كاللەكنىڭ خورىكى ھەققىدىكى لەتىپە - چاقچاقلار خېلىلا كۆپ ئىدى.

ئەلنىياز قورۇق تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭ بىلەن قورۇق تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆكاتلىقتا بېشىغا يېرىم تاغار بۇغداينى قويۇپ، قاتتىق خورەك تارتىۋاتقان نىياز كاللەكنى كۆردى.

ئەلنىياز قولچىراغنىڭ نۇرىنى نىياز كاللەكنىڭ يۈزىگە توغرىلىدى، بىراق نىياز كاللەك بەخىرامان ھالدا ئوڭچە خورەك تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ تاغىرى ئىدى. دېمەك، ئۇ خامانغا ئاللىقاچان ئوغرىلىققا چۈشۈپ بۇغداينى ئېلىپ چىقىپ بولغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نېمە دەپ بۇ يەردە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقاندۇ؟ ئەلنىياز قارىنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئىت ئۇخلاۋاتقان نىياز كاللەككە قاراپ قاتتىق قاۋاشقا باشلىدى. ئاچچىقى كەلگەن ئەلنىيازمۇ قولىدىكى كالتەك بىلەن ئۇنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. بىراق، نىياز كاللەكنىڭ خورىكىنىڭ پەدىسى ئۆزگەرگەن بىلەن ئويغىنىدىغاندەك قىلمايتتى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن ئەلنىياز يانچۇقىدىن ئىنچىكە بىر تانىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىغاندىن كېيىن كال-

تەك بىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا بىرنى سالدى. نىياز كاللەكنىڭ خوردكى توختاپ «ۋايجان!» دېگىنىچە ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى.

— كۆزۈمگە چىراغ ياققان كىمۇ؟ نېمە دەپ قولۇمنى باغلاپ قويۇسىلەر؟ — نىياز كاللەكتىن سادا چىققاندىن كېيىن ئىت تېخىمۇ كۈچەپ قاۋاشقا باشلىدى. ئادەتتە ئادەمنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئۈركۈپ كېتىدىغان بۇ قورقۇنچاق ئىت خۇددى ئەلنىيازنىڭ ئەركە بالىسىغا ئوخشايتتى. ئەلنىياز يوق يەردە ھەممىلا نەرسىدىن ئۈركۈپ قېچىپ يۈرىدىغان بۇ ئىت، ئەلنىياز بار يەردە ھەددىدىن ئېشىپ بەكمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى خۇددى دادىسىغا ئىشىنىپ باشقىلارغا ئەسكىلىك قىلىدىغان قەغىشلىك بالىلارنى ئەسلىتەتتى.

— سەن نىياز كاللەك ئوخشىمامسەن؟ ئوبدان ئىش قىلدىڭ، مەن سەندەك ئوغرىدىن بىرنى قولغا چۈشۈرەلمەي يۈرەتتىم، قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ قويۇپ تەپتارتماي ئۇخلاشلىرىڭچۇ، تېخى!

— سىز ئەلنىيازكام ئوخشىمامسىز؟ ئاكا، مەن ئېزىپتىمەن، مېنى قويۇپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، بالىلىرىم ئۇششاق، ئۆيدە يەيدىغان نەرسە قالمىغاچقا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

نىياز كاللەك ئەلنىيازنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن راستقا يالغاننى قېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى. ئەلنىياز قارىماققا قوپال، رەھىمسىز ئادەمدەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە رەھىمدىل، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. نىياز كاللەك بالىلىرىنى ئاغزىغا ئېلىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا، بۇندىن كېيىن بۇنداق بەتقىلىقنى ئىككىنچى قىلغۇچى بولما، بوپتۇ، ماۋۇ بۇغداينى ئەكېتىپ ئىشلەتكىن، دەپ قويۇپ بەردى. نىياز كاللەك ئەلنىياز قارىغا ئارقا - ئارقىدىن رەھمەت ئېيتىپ، تاغارنى كۆتۈرگىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.





ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ نىياز كاللەككە ئەلنىياز قارى ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆيدە ئوبدانراق تاماق ئەتكەن كۈنلىرى بالىلىرىدىن ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى. ئەلنىياز قارى نىياز كاللەكنىڭ يۈز كېتىدىغان ئاشۇ ئىشىنى ھېچكىمگە دېمىگەنىدى. ئەگەر ئەلنىياز قارى ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۈندىكى ئىشىنى ليەندىكىلەرگە تارقىتىۋەتسە، ئۇنىڭ ليەندە باش كۆتۈرۈپ يۈرۈشى تەس بولغاندىن باشقا، ليەن رەھبەرلىكى تەرىپىدىن تېگىشلىك جازاغا ئۇچراپ ئوغرى دېگەن ئاتاققا قالاتتى.

ئەلنىياز قارىنىڭ نىياز كاللەكنى قويۇپ بېرىشىدە باشقا بىر سەۋەبمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ نىياز كاللەكنىڭ دادىسى سەۋرىدىن بىلەن ئەينى چاغلاردا يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئەلنىياز بىلەن سەۋرىدىننىڭ تونۇشۇپ قېلىشى يەنە بىر ھېكايە ئىدى، ئەلنىياز گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا، كۈچا بىلەن باي چېگرىلىنىدىغان تاغ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ قىسمى مىللىي ئارمىيىنىڭ تويۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەلنىيازلار قايتارما زەربىگە ئۆتكەن بولغاچقا، ئۆزئارا ئېلىشىش ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەلنىياز گەرچە ئۇستا پىلىموتچى بولسىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا پەقەت رايى بارمىدى. ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىش ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئۆزى پىچاق تىقىشتىنمۇ ئازابلىق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىگە مەڭدىگىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گومىنداڭغا ئىشلەۋاتقانلىقىدىن ئازابلىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغان ئورۇق، توڭكاي چىشلىق پەيجاڭ ماۋزۇرنى ئەلنىيازنىڭ پېشانىسىگە تەڭلەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئاناڭنى، ئاتماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

ئەلنىياز، پەيجاڭنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، پىلىموتتىن ئاتىلدىتىپ ئوق ئۈزدى. ئۇ پىلىموتنى مىللىي ئارمىيە

ئەسكەرلىرىگە ئەمەس، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلارغا قارىتىپ ئاتتى. شۇ كۈنكى ئېتىشىش خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمى كۈچلۈك ۋە توختاۋسىز بولغاچقا، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى چېكىندى. ئېغىر پىلىموتنى كۆتۈرۈپ چېكىنىۋاتقان ئەلنىياز ئۈچۈن ئەگرى - توقاي تاغ ئىچىدە قېچىش تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى قوغلاشنى توختىتىدىغاندەك قىلمايتتى. مىللىي ئارمىيەنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىدىن ھەيۋىسىنى يوقاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېرىق، قىزىل توپا ئۆرلەپ تۇرغان تاغ ئىچىدە خۇددى كىرىدىغان تۆشۈك تاپالمايۋاتقان چاشقاندەك پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسى قېچىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاللا توۋسىنى چىقارماقتا ئىدى. ئەلنىيازنىڭ يەلكىسىدىكى پىلىموت ئۇنى چارچىتىپ ھالىدىن كەتكۈزدى. پىلىموت بارغانسېرى ئېغىرلاپ، ئۇنىڭ يەلكىسىنى باساتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ، پۇتلىرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. قولىدا ماۋزۇر تۇتۇۋالغان ھېلىقى توڭكاي چىشلىق پەيجاڭ:

— ھېچ قايسىڭ قورالنى تاشلىغۇچى بولما، قايسىڭ قورالنى تاشلىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن، تېز بولۇش! تېز مېڭىشماسەن! — دەپ ۋارقىرىدى. پەيجاڭنىڭ قىلىۋاتقىنى ھەرگىز قۇرۇق ھەيۋە ئەمەس ئىدى. ئەنە ئۇ، ئاچلىق ۋە چارچاشتىن ماغدۇرسىزلىنىپ ماڭالماي قالغان ئىككى ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلىدى. ئەلنىياز بۇ پەيجاڭنىڭ بۇرۇنمۇ يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن بىر نەچچە ئەسكەرنى ئېتىپ تاشلىغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇڭا ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ، پۇت - قولىدا جان قالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئەلنىياز تاشلىق بىر تۆپىلىكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەنە تۆپىلىككە ياماشقان چاغدا پەقەت بولالماي قالدى. باشقىلارنىڭ قورال-



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

لىرى يېنىك بولغاچقا ھەر ھالدا بىر ئامال قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترەپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، ئۇلار تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بولغانىدى. بىراق، ئەلنىياز پەقەت بولالماي قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن يەر - زېمىن پىرقىراشقا باشلىدى. ئۇ ئامالسىزلىقتىن پىلىموتنى يەرگە قويۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى، پەقەت توڭكاي چىشلىق پەيجاڭنىڭ:

— ئەلنىياز، تېز ئورنىڭدىن تۇر، بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەگەر ئەلنىياز تېز ئورنىدىن تۇرمىسا پەيجاڭ چوقۇم ئۇنى ئېتىپ تاشلايتتى. ئەلنىياز ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ، ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. شۇڭا، ئۇ ئامالسىزلىقتىن تۆپىلىكتىن پەسكە قاراپ دومىلىدى. پەيجاڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزدى. ئەلنىيازنىڭ سول پۇتى چىممىدە قىلىپ قالدى...

ئەلنىياز ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى بەستلىك بىر يىگىتنىڭ يۈدۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەلنىيازنىڭ سول پۇتى تېڭىلغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى كۆتۈرۈۋالغان يىگىتنىڭ ئالدى - كەينىدە سەپ بولۇپ كېتىۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ خىجىل بولغانلىقىدىن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

ئۇلار كۆپ ئۆتمەي مىللىي ئارمىيىنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىدىكى ۋاقىتلىق بازىسىغا يېتىپ باردى.

بۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان مۇئامىلىسى ئەلنىيازنى تەسىرلەندۈردى. ئۇنىڭ ئوق تەگكەن سول پۇتى ھەمشىرىلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تېزلا ساقايدى. ئۇنى يۈدۈپ كەلگەن يىگىتنىڭ ئىسمى سەۋىردىن ئىدى. سەۋىردىن ئۇنىڭغا ئەلنىيازنى تۆپىلىكتىن دومىلاپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەن يېرىدىن تېپىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ پۇتىدىن ئېقىۋاتقان قاننى ناھايىتى تەستە توختاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئەلنىياز مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ بىرقە ھۆكۈمەت تەشۋىق
قىلىغانداك «ئوغرى» ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ، گەپ ئارىسىدا
ئۆزىنىڭ ماھىر پىلىموتچى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر مىللىي ئارمىيە
ئۆزىنى قوبۇل قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن تىگىشلىك تۆھپە قوشالايدى-
غانلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىلتىماسى سەۋىردىنلار
تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. كېيىنكى ئۇرۇشلاردا ئەلنىياز ئۆزد-
نىڭ پىلىموت ئېتىش ماھىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر
نەچچە قېتىم خىزمەت كۆرسەتتى. سەۋىردىن بىلەن ئەلنىياز
ھەقىقىي يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار بوش ۋاقىتلىرى-
دا بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئەسكەر بولۇشتىن بۇرۇنقى سەرگۈ-
زەشتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

## 9

ئەلنىياز بىلەن سەۋىردىنلار بىر قېتىملىق قوغلاپ زەربە
بېرىشتىن كېيىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە گۈزەل تاغ جىراسى
ئىچىدە بىر نەچچە كۈن دەم ئالىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەسكەر-
لەرنى خۇشال قىلىۋەتتى. جاپالىق ئۇرۇش، قوغلاش ۋە قېچىش
ئەسكەرلەرنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. قان تۆكۈش ۋە قۇربان بې-
رىشلەر ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك داغ بولۇپ قالدى.

ئۇلار دەم ئالغان تاغ جىراسى ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى.
تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ياپيېشىل قارىغايلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرات-
تى. پەستە سۈزۈك تاغ سۈيى كۆۋەجەپ، ئۇنچە چاچرىتىپ ئاقات-
تى. تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئالما، ئۆرۈك، دولانە قاتارلىق
ياۋا مېۋىلەردىن شەكىللەنگەن تەبىئىي باغ كىشىگە جەننەت ھۇزۇ-
رىنى بېغىشلايتتى. رەڭگارەڭ ئېچىلغان ياۋا گۈللەر ئۈستىدە
كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرى سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. كۆپكۆك
ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار تۇرۇپ - تۇرۇپلا قۇياش-





نى توسىۋالاتتى. بۈركۈت ۋە باشقا تاغ قۇشلىرى كۆكتە پەيدا
بولۇپ قالاتتى. بۇ يەر شۇنداق تىنچ بولۇپ، تاغ سۈيىنىڭ بىر
خىل رىتىمدىكى شىلدىرلىشى، گاھى - گاھىدا ئاڭلىنىپ قالى-
دىغان تاغ قۇشلىرىنىڭ ئۇنلەشلىرى بۇ يەرگە بىر خىل مۇزىكى-
لىق تىنچلىق بېغىشلايتتى. تاغ گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقىنى
ئېلىپ كېلىدىغان يېقىملىق تاغ شامىلى ئادەمنى ناخشا ئېيتىشقا،
شېئىر ئوقۇشقا ئۈندەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىختىيارىي پائالىيەتكە قويۇپ بېرىلگەن ئەلنىياز بىلەن سە-
ۋىردىن ياۋا مېۋىزارلىقنى ئايلىنىپ، يوغان بىر تاغ ئالمىسىنىڭ
يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا كىتاب
ئوقۇشقا، شېئىر يادلاشقا ئامراق سەۋىردىنىنىڭ ئۆزىچە شېئىر
دېكلاماتسىيە قىلغۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ يۇرتىدىكى ئالمىلىق
باغلارنى ئەسلىتىدىغان ياۋا ئالمىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن، خۇددى قىرائەت قىلىۋاتقاندەك مۇڭلۇق ئاۋازدا
شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

سېنىڭغۇ سۆيەتتىم، لېكىن جانانىم،
ئامالسىز ئايرىلىپ كەتتىم يىراققا.
سەن ئەمدى يېگانە ھەمراھ بولامسەن،
ئىككىمىز سۆيگۈدىن ياققان چىراغقا.

تېخىچە بىر قېتىم كۆرۈشمىگەن بىز،
خىلۋەتتە بىر قېتىم سۆيۈشمىگەن بىز.
كۆزلەردىن كۆزلەرگە ئۆتكەن مېھرىنى،
تىل بىلەن تېخىچە دېيىشمىگەن بىز.

كۆزلىرىڭ دەپ بەرگەن ماڭا ھەممىنى،
كۆزۈمدىن بىلگەنتىڭ سەنمۇ قەلبىمنى.

ئەسكەر بوپ مەن كەتتىم، قالدىڭ يۇرتۇمدا،
تۇمانلار قوينىغا ئالدى بەختىمنى.

— شېئىرنى ئالامەت مۇڭلۇق ئوقۇيدىكەنسەن جۇمۇ، مەنمۇ شېئىرغا ئامراق، بىراق سەندەك ياخشى ئوقۇيالمايمەن. مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىلا بەزى شېئىرلارنى يادلىغان، بىراق تېشىمغا چىقىرىپ ئوقۇپ باقماپتىكەنمەن.

سەۋرىدىننىڭ شېئىرنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان ئەلنىياز ئۆزىچە شۇنداق سۆزلەپ كەتتى.

— مەن نۇرغۇن شېئىرلارنىمۇ يازغان، ھازىر ئوقۇغان شېئىرىمنى ئامىنە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ خاتىرىسىگە ئەسكەرلىككە مېڭىشتىن بۇرۇن يېزىپ بەرگەنمەن، — ئۇلار پاراڭلاشقاچ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ، تۇرلۇك گۈل - گىياھلار بىلەن بېزەلگەن ئويمانغا چۈشۈشكە باشلىدى. گۈل - گىياھلار ئارىسىدىن تۇرلۇك قۇشلارنىڭ ھەرخىل تىلدىكى ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر جۈپ ياۋا توشقان ئۈركىگىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. گۈل - گىياھلاردىن كېلىۋاتقان ئۆزگىچە خۇش پۇراق، سەۋرىدىن بىلەن ئەلنىيازنىڭ قەلبىدىكى ئازابلىق جاراھەتلەرگە مەلھەم بولماقتا ئىدى.

— سەن نېمە ئۈچۈن گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ قالغان؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئەلنىيازنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. چۈنكى، ئەلنىياز گومىنداڭ ئۈچۈن ئەسكەر بولغانلىقىدىن ئۇيىلىپ، ۋىجدان ئازابى چېكىپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان، ئاق كۆڭۈل سەۋرىدىننىڭ مەقسەتسىز سورىغان بۇ سوئالىغا جاۋاب بەرمىسە ھەرگىز بولمايتتى.

— مەن سېنىڭ بۇ سوئالنى ھامان سورايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم. مەن ئۆزۈمدىنمۇ بۇ سوئالنى قايتا - قايتا سورىغان. بىراق، تېگىشلىك جاۋابنى تاپالمىغانمەن، راست گەپنى قىلسام





مېنىڭ گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇپ قېلىشىم بېسىم ۋە مەجبۇرىيەتتىن بولغان. بىراق، مەن باشتا بۇ جەھەتلىرىنى چوڭقۇرراق ئويلىشىپ باقماپتىكەنمەن.

مەن كىچىكىمدىن تارتىپلا ئۇۋچىلىققا ھەۋەس قىلاتتىم، مېنىڭ ئىككى تاغام ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مەن دائىم ئۇلار بىلەن بىللە ئۇۋغا چىقاتتىم. ئۇلار ماڭا ئوقيا ۋە ئوۋ مىلتىقلىرىنى قانداق ئېتىشنى ئۆگەتتى. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەن تۇيۇقسىزلا مەرگەن بولۇپ قالدىم. نىشانغا توغرىلاپ ئاتقان ئوقۇم تەگمەي قالمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغىلىرىم مېنى ماختايدىغان، مېنى ئېلىۋالماي ئۇۋغا چىقمايدىغان بولدى.

مەن گومىنداڭغا ئەسكەر بولغاندىن كېيىن قارىغا ئېتىش مەشىقىدە ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويدۇم. كوماندىرلار مېنىڭ مەرگەنلىكىمگە قايىل بولۇپ، مېنى ئەي جىنشياڭ ئىسىملىك بىر ئۇستا پىلىموتچىدىن پىلىموت ئېتىشنى ئۆگىنىشنى بۇيرۇدى. ئەي جىنشياڭ ئىسىملىك بۇ پىلىموتچىنى خەنزۇمىكىن دەپتىكەنمەن، نەدىكىنى قارا قاشلىق، قىزىل يۈزلۈك، قوش بۇرۇن كېلىشكەن بىر ئادەم ئىكەن.

— ئەي جىنشياڭ دېگەن سىزمۇ؟

— شۇنداق، مەن، — ھېلىقى ئادەم ماڭا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇيغۇرنىڭ ئىسمىمۇ ئەي جىنشياڭ بولامدۇ؟

— ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى ئەي جىنشياڭ بولسا نېمە بولىدىكەن، ئەگەر سەن جەڭدە ئۆلسەڭ سېنىڭ ئورنىڭغا ئالغان ئەسكەرنىڭ ئىسمى ئەلنىياز بولىۋېرىدۇ.

— ئىسمىمنى بىلىپ بوپسىزدە، ئەسلى مېنىڭ ئىسمىممۇ تۇراخۇن ئىدى.

— سەنمۇ ئۆلگەن ئەسكەرنىڭ ئورنىغا سەپلىنىپتىكەنسەن-دە. بۇ شۇنداقلا بىر گەپ، بۇ خەق يۇقىرىنى ئالداش ئۈچۈن ئۆلگەن ئەسكەرلىرىنى مەلۇم قىلماي، ئورنىغا ئادەم سەپلەپ،

ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاۋىرىدۇ. سېنى خېلى ئۇستا مەرگەن دەيدىغۇ. بۈگۈندىن باشلاپ مەن ساڭا پىلىموت ئېتىشنى ئۆگىتىدىغان بولدۇم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىۋالغىن، بۇ ھۈنەر ھامان ساڭا ئەسقاتىدۇ، لېكىن سەن پىلىموتنى كىمگە قارىتىپ ئېتىشنى ئوبدانراق ئويلىشىپ باقساڭ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەيساكام (ئەي جىنشياڭنىڭ ئىسمى ئەسلىي ئەيسا ئىكەن) ماڭا پىلىموت ئېتىشنى ئۆگەتتى. مەنمۇ بۇنداق ئىشلارغا بەك ھەۋەس قىلغاچقا تېزلا ئۆگىنىۋالدىم. ئەيساكام ئىككىمىز بىزنىڭ لىيەننىڭ پىلىموتچىسى بولۇپ قالدۇق، بىراق ئەيساكام ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋىجدانلىق ئەزىمەت ئىدى.

ئەلنىياز تاغلارنىڭ چوققىسىغا قارىغىنىچە بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ گېپىڭنى توختىتىۋالدىڭغۇ؟ — ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇۋاتقان سەۋرىدىن ئەلنىيازدىن سورىدى.

ئەلنىياز كۆزىنى تاغ چوققىسىدىن تىنىمسىز ئۈنچە چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۇغا يۆتكىدى.

— بىراق، ئۇ ھازىر يەر يۈزىدە يوق. مەن ئۇ ئادەمدىن ھايات ۋە ۋىجدان ھەققىدە نۇرغۇن ھېكمەت، ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ماڭا قانداق ياشاش ھەققىدە دەرس بەرگەنىدى.

— ئۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — سەۋرىدىن يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى.

— ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ ماڭا ھايات ھەققىدىكى مەڭگۈلۈك بىر دەرسنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىز بىر قېتىملىق ئاقسۇ بىلەن كۇچانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەپىرىمىزدە بۈگۈر «قوش ئاۋات» قا





يېقىن جايدىكى بىرلا ئائىلە بار بىر ئۆتەڭدە تۈنەشكە توغرا كەلدى. بىز چۈشكەن ئۆي ئەللىك ياشلاردىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيى ئىدى. دېھقاننىڭ ئايالى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىكى ئون تۆت ياشقا، چوڭى يىگىرمە ياشلارغا كىرگەن ئالتە قىزى بار ئىكەن. دېھقان بىزنى ھۆكۈمەت ئادىمى قاراپ چىرايلىق ئالدىمىزغا چىقتى. ئۆزلىرى نېمە يېسە ئالدىمىزغا شۇنى قويدى. ئۇنىڭ قىزلىرى بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ پاك ۋە سەبىيلىكى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار بىزگە پەرىشانلىق ئىچىدە تەبەسسۇم قىلاتتى. خۇددى ئۈركۈگەن كېيىكلەردەك ئۆزىنى بىزدىن قاچۇراتتى. دېھقان قىزلىرىنى ئايرىم بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، قالغان ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىزگە بوشىتىپ بەردى. ھېرىپ، چارچىغان جەڭچىلەر بىردەم كالدىرلاشقاندىن كېيىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

تۈن كېچە، ئاسماندا تولۇن ئاي يەر جاھاننى كۈندۈزدەكلا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئاي نۇرى بىز ياتقان ئۆينىمۇ خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. تاغ - دالالاردا يېتىپ يۈرۈپ ئۇزۇندىن بېرى بۇنداق ئۆيدە يېتىپ باقمىغان بولغاچقا، خۇددى ئۆز ئۆيۈمگە كېلىپ قالغاندەك شۇنداق راھەت ھېس قىلماقتا ئىدىم. بۇ ئۆيدىكى تونۇش پۇراق، يېقىملىق كەيپىيات يۇرتۇمنى، تۇغقانلىرىمنى ئەسلىتىپ قويغانىدى. دېمىغىمغا ئۇرۇلۇۋاتقان مەززىلىك نان ھىدى خۇددى مېھرىبان مومامنىڭ پۇرىقىدەك قەلبىمنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەن مېھىر - شەپقەتنى ئويغاتماقتا ئىدى. قەلبىمنى بىر خىل ھاياجان ۋە ئەسلىمىلەر چۇلغىۋالغانىدى. مەن تۇغقانلىرىمنى، يۇرتۇمنى سېغىنغانىدىم، ئوۋ - ئوۋلايدىغان ئاشۇ جىگدىلىكتىكى قايناق - تاشقىنلىق ئوۋ مەنزىرىسى كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك، جىگدە چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بۇرنۇمغا پۇراپ كەتكەندەك بولدى.

تۈن يېرىمىدىن ئاشقان بولسىمۇ پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى.

تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان ئاي نۇرى مەن بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندەك تىمتاس جىمىرلايتتى. سەپداشلىرىمنىڭ خورۇلداپ، پۇشۇلداشلىرى مېنىڭ خىيالىمغا دەخلى قىلماقتا ئىدى، شۇ چاغدا هويلا تەرەپتىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىلىك قىيا - چىيا ئاڭلاندى. مەن ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ، قولۇمغا مىلتىقنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ هويلىغا چىقتىم. بايىقى ۋەھىمىلىك ئاۋاز دېھقاننىڭ قىزلىرى ياتقان ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، بىزنىڭ پەيجاڭ يېرىم يالىڭاچ هالدا قىزلاردىن بىرىنى قوغلاپ چىقتى.

— قۇتقۇزۇڭلار، ئادەم بارمۇ؟ — چاچلىرى چۇۋۇلغان قىز هويلىغا چىقىشىغا پەيجاڭ باستۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى هويلىغىلا بېسىۋالدى. باشقىلارمۇ ئۆيدىكى قىزلارغا تېگىش قىلغانىدى.

شۇ چاغدا دېھقان چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپقىنىچە چىقىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— هەي مۇناپىقلار، نېمە ئىش بۇ؟ ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن دېگەن مۇشۇكەن - دە، — ئۇ يۈگۈرگىنىچە كېلىپ پەيجاڭنىڭ گەدىنىدىن تارتتى. پەيجاڭ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئوڭدىسىغا چۈشۈرىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۆيدىكى باشقا قىزلارمۇ داد - پەرياد كۆتۈرگىنىچە هويلىغا چىقتى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك ۋەھشىيلەشكەن بىر نەچچە ئەسكەر ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى. دېھقان ئورنىدىن تۇرۇپ پەيجاڭنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. قىزلار قۇلاقنى يارغۇدەك چۇرقىرىشاتتى. باشقا ئۆيلەردىكى ئەسكەرلەرمۇ قىيا - چىيادىن ئويغىنىپ تالاغا چىقىشتى. پەيجاڭ بوۋاينىڭ قورسىقىغا بىرنى تېپىپ يالىڭاچلانغاندىمۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان ماۋزۇرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، دېھقاننىڭ كۆكسىگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. مەن كۆز ئالدىمدىلا بولۇۋاتقان بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدىم. يۈرىكىگە قارىتىپ ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق زەربىسىدىن دېھقان ئۈن چىقارماي





جان بەردى. قىزلار چۇرقىراشقىنىچە كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئاشۇ ئېچىرقىغان بۆرىلەر قىزلارغا ئېسىلىشىپ هەر تەرەپكە سۆرەيتتى. پەيجاڭمۇ قىزلاردىن بىرىنى ۋارقىرىتىپ كۆتۈرگىنىچە يان ئۆيلەرنىڭ بىرىگە ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئەيساكامنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— هەممىڭ گېپىمگە قۇلاق سال! بولمىسا ئېتىپ تاشلايمەن. قانخور باسقۇنچىلار تامغا ئالدىڭنى قىلىپ، قولۇڭنى كۆتۈرۈش!

ئەسكەرلەر ئەيساكامنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، تامغا قاراپ تۇرۇشتى، يىرتقۇچلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلغان قىزلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ هۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەي جىنشياڭ، سەن بىزگە تولا قورال تەڭلىگۈچى بولما، بولمىسا... تامغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەيجاڭ شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن ساڭا ئۆلۈم جازاسى بەردىم، سەن پۇقرانىڭ قىزىنى ئاياغ - ئاستى قىلغانىنى ئاز دەپ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇڭ، — ئەيساكام پىلىموتنى پەيجاڭغا قارىتىپ ئاتتى. ئەپسۇس، پىلىموتتىن تاتىلداپ ئوق چىقىشنىڭ ئورنىغا، قولىغا ماۋزۇرنى ئېلىۋالغان پەيجاڭنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— هەي، ئەي جىنشياڭ، مەن سېنىڭ مىڭ يىلدىمۇ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلەتتىم، سېنىڭ پىلىموتىڭدىكى ئوق مېنىڭ خالتامدا، ئۆلۈم جازاسىنى مەن ساڭا بېرىمەن، — ئۇ ئەيساكامغا ماۋزۇرنى تەڭلىدى. ئەيساكام پىلىموتنى تاشلىۋېتىپ پەيجاڭغا قاراپ ئېتىلدى. شۇ چاغدا چاقماق تېزلىكىدە كاللامغا بىر ئىش كېلىپ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى بېسىپ باقتىم، مېنىڭ مىلتىقىمدىمۇ ئوق يوق ئىدى. ئۇلار ماڭىمۇ ئىشەنمەي ئوقنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوقنى قانداق چاغدا ئېلىۋالغان-

لىقنى بىلەلمىدىم.
پەيجاڭ ئەيساكامغا قارىتىپ ئوق چىقاردى. كەينى ـ كەينى-
دىن ئېتىلغان ئۈچ پاي ئوق ئەيساكامنى غۇلاتتى. مەن بۇ ئېچى-
نىشلىق مەنزىرىگە قاراشقا پېتىنالماي يەرگە قارىۋالدىم. ئۇ چىل
بۆرىلەر ۋەھشىيلىكىنى شۇنىڭ بىلەنلا توگەتمىدى. ئۇلار تاڭ
ئاتقۇچە قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن قىزلارنىڭ ھەم-
مىسىنى ئېتىپ تاشلىدى.
ئەتىسى ئۇلار سەككىز جەسەتنى بىر ئورەككە كۆمۈۋېتىپ
ھېچ ئىش بولمىغاندەك سەپەرنى داۋاملاشتۇردى. مانا بۇ ئىش
سىلەر مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن بولغان ئىش
ئىدى.
ئاسان ھاياجانلىنىدىغان سەۋىردىن يەردىن بىر تاشنى ئې-
لىپ، يوغان بىر قورام تاشقا زەربە بىلەن ئۇردى. قورام تاشقا
تەگكەن تاش پارە ـ پارە بولۇپ ھەر تەرەپكە چاچرىدى. ئۇنىڭ
كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياش مەڭزىنى ھۆل قىلىپ بولغانىدى. ئەل-
نىيازمۇ خۇددى ئۆز جىنايىتىنى ئىقرار قىلغان گۇناھكاردەك
بېشىنى ساڭگىلىتىپ مىچىلداپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئۇن ـ تىن-
سىز ئورنىدىن تۇرۇپ سۈكۈت ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئەلنىياز
ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا باشتا بىر بۇركۇت قاناتلىرىنى كېرىپ
ھەيۋەت بىلەن ئۇچۇپ ئۆتتى. كەينىدىنلا ئالتە ياۋا كەپتەر پەس-
لەپ ئۇچۇپ بىر قىيانىڭ ئۈستىگە قوندى. ئەلنىياز بۇركۇت ۋە
كەپتەرلەردىن ئەيسا بىلەن ھېلىقى قىزلارنىڭ روھىنى كۆرگەن-
دەك بولدى. سەۋىردىننىڭ ئاشۇ قىزلارغا ئاتاپ شېئىر يازغۇ-
سى، مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئەلنىياز بىلەن سەۋىردىن يېقىن دوست
بولۇپ ئۆتتى. كېيىن ئۇلار ھازىرقى مۇشۇ يۇرتنى شورلۇق ۋە
قۇمۇشلۇق ئۈستىدە پەيدا قىلدى. سەۋىردىن ئەلنىيازدىن بۇرۇن
ئالەمدىن ئۆتتى. ئەلنىياز چاندۇرمىغان بىلەن نىيازنى خۇددى





ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. سەۋىردىننىڭ بۇ يالغۇز ئوغلى
ئەتىۋارلىق بېقىلغاچقىمۇ، ئانچە ئىش خالىمايدىغان ھورۇنراق
چوڭ بولۇپ قالدى. كېچىكىپ ئۆيلەنگەن بىلەن ئۇنى بالا بېسى-
ۋالدى. ئۆيدە يەيدىغان نەرسىنىڭ تايىنى يوق بولغىنىغا قارىماي،
نىياز كاللەك چۈش پېشىنغىچە خورەك تارتىپ ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ
ئۆيى بۇ لىيەندىكىلەر يىغىلىدىغان كۆۋرۈك بېشىغا ئانچە يېقىن
بولمىسىمۇ، بۇ يەردە قەرت ئويناپ پاراڭ سېلىپ ئولتۇرىدىغان-
لارغا ئۇنىڭ خورىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...
نىياز كاللەك ئۆزىمۇ پاكار، دومىلاق بولۇپ بارغانلا يېرىدە
بىر كاللەك بولۇپ، توگۈلۈپ ئولتۇرىدىغان بولغاچقا كىشىلەر
ئۇنى نىياز كاللەك دەۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تۇراخۇن
دۇكانچىنىڭ ماگىزىنىغا كىرىپ بىر ـ ئىككى رومكا ئىچىپ
قالسىلا گەپ دېگەننى قۇمدەك قىلىپ، ھەربىر سۆزىنىڭ ئارىسىغا
بىر كاللەكنى قوشۇپ قىلاتتى.
بىر كۈنى ئۇ ئىككى رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئەنە شۇنداق
«كاللەك» لەرنى ئارىلاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى:
— ھەي ئاغىنىلەر، ئەگەر سىلەرگە بىر كاللەك ئالتۇن
ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭلار، بىزنىڭ بوۋاي (دادى-
سىنى دېمەكچى) ئەسكەر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا تاغ ئىچىدىن
ئۈچ كاللەك ئالتۇن تېپىۋاپتىكەنتۇق، ئۇنىڭ بىر كاللىكىنى
مۇشۇ بىزنىڭ لىيەننىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا قارايدىغان ئەلنىيازكام-
غا بېرىپتىكەن. ئىككى كاللىكىنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا
«خۇڭۋېيبىڭلار» ئۆيىمىزدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئەگەر ئاشۇنىڭ
بىر كاللىكى بولغان بولسىمۇ بىز بۇ كۈنگە قالمايتتۇق، — نىياز
كاللەكنىڭ چىشىغا تولا تېگىدىغان ئابلىمىت گۈلدۈر يەنە نىياز
كاللەكنى تېرىكتۈردى.
— پونى ئازراق ئاتە ۋۇي كاللەك، مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بىدا سېنىڭ ئۆيىڭ باشقا بىر يەردە ئەمەس يەنە مۇشۇ يەردە ئىدى،

ئۇ چاغلاردا بۇ يەردىكى خۇڭخۇيپىڭلارنىڭ خوجا ئاكىسى مانا مەن ئىدىم. سېنىڭ ئۆيىڭنى ئاختۇرغانلار مانا بىز، ئۆيىڭلاردىن ئالتۇن ئەمەس، ئىككى تال سېسىپ قالغان كاللەك بەسەيدىن باشقا نەرسە چىقمىغانىدى.

— شۇنداق دەپ قويسام نېمە دەيدۇ ماۋۇ، ئەسكى چاپاننىڭ ئارىسىدا يۈرگىنىمىز بىلەن يەنە قانچە كاللەك ئالتۇننى تىقىۋالغىنىمىزنى سەن نېمە بىلىسەن، — نىياز كاللەك يەنە بوش كەلمەيتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر دائىم نىيازنى «كاللەك» دېگەن سۆزگە قوشۇپ تۇرۇپ چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋېلىشتى ھەم تەبىئىي ھالدا «كاللەك» دېگەن سۆز ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ قالدى.

نىياز ئۆزىگە «كاللەك» دېگەن لەقەمنىڭ بىر ئوبدان سىڭىپ قالغانلىقىنى بىلگەن چاغدا ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۆزىنى كاللەك دەپ سالغانلارنىڭ بىر نەچچىسى بىلەن تۇتۇشۇپ مۇشتلىشىپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ كۆۋرۈك بېشىغا ئادەم تازا كۆپ توپلاشقان چاغلاردا، تۇراخۇننىڭ دۇكىنىغا كىرىپ بىر - ئىككى رومكىنى ئىچىپ چىقىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن قايسىڭ مېنى كاللەك دەيدىغان بولساڭ ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، مۇنداق قىلىۋېتىمەن، دەپ تېرە تاراقشىتىپمۇ باقتى.

لېكىن، مەھەللە چاقچاقچىلىرى ئۇنىڭ بۇ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمايتتى. ئۇلار كاللەكنى ئاغزىغا ئېلىپ چاقچاق قىلىۋېرەتتى.

— داداڭدىن قالغان بىر كاللەك ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ بەرسەڭ، ئۇ گەپنى ئاغزىمىزغا ئالمايمىز.

— ماڭا كاللەك ئالتۇن كېرەك ئەمەس، بىر كاللەك پۇل بولسا بولدى.

ھەرقانداق قىلىپمۇ نىياز لەقىمىنى ئۆزىدىن يىراق قىلالمى-



▲ ياتلىق بولالمىغان قىزلار ▲

دى. سورۇن ۋە يىغىلىشلاردا گەپنى ھەرقانچە ئېلىپ قاچسىمۇ، گەپ يەنىلا كاللەككە مەركەزلىشىپ قالاتتى. ئۇ كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن مەھەللىدىكى ئاساسلىق چاقچاقچى، لەقەمچىلەردىن ئابلىمىت گۇلدۇر قاتارلىقلارنى يىغىپ چاي بەردى. ئۇ ئۆلتۈرگىدەك بىر نەرسە تاپالماي، ئىككى مېكىيىنى بىلەن قوشۇپ بېقىۋاتقان خورىزىنى سويۇۋەتتى. تۇراخۇننىڭ ماگىزىنىدىن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى نېسى ئېلىپ تۇردى. ئولتۇرۇش باشلىنىپ، ھاراق بىرەر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن، نىياز رومكىنى قولىغا ئېلىپ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈردى.

— ئاغىنىلەر، ھەممىمىز مۇشۇ مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئەڭ ياخشىسى بىر - بىرىمىزگە قاملاشمىغان لەقەملەرنى قويمىساق، يېقىندىن بېرى ماڭا قويۇۋالغان لەقىمىڭلار پەقەت قاملاشمىدى، مەن سىلەردىن خۇش بولسام، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ لەقەمنى ئاغزىڭلارغا ئالمىساڭلار، ئەگەر گېپىمگە قوشۇلغان بولساڭلار خوشە، — نىياز رومكىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى، چاقچاقچى لەقەمچىلەر بىر - بىرىگە كۆز قىسىۋېلىشتى.

ئابلىمىت گۇلدۇرمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى: — شۇنچىلىك ئىشمىدى ئاداش، ساڭا ئۇنى بىرسى ئەزان توۋلاپ قويۇپ قويغان بولمىغاندىكىن، بۈگۈندىن باشلاپ دېمىسەكلا بولىدىمۇ. مۇشۇ بەزى ئاداشلارزە، قىلىدىغان باشقا ئىشى يوقتەك خەقكە لەقەم قويىمەنلا دەيدىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، بولدى، بولدى ئاداش، ئەمدى ئۇ گەپنى ئاغزىمىزغا ئالمايمىز.

راست دېگەندەك ئولتۇرۇش تۈگىگىچە «كاللەك» دېگەن سۆزنى ھېچكىم ئاغزىغا ئالمىدى. نىياز كاللەك بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولغان بولغاچقا ئادەتتىكى چۈپەيلىكىنى تاشلاپ، سېخىيلىشىپ قىلمىغان قىلىقلىرى قالمىدى.

ئولتۇرۇش ئاياغلىشىپ، خۇش كەيىپ بولۇپ قالغان مېھ-

مانلارنى نىياز كاللەك ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن سەل قاتتىق - قۇرۇق بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كۆپكە تاۋاپ قىلىۋېتەرسىلەر، ھېلىقى گەپ شۇ بويىچە بولىدىغان بولسا، مەن سىلەرنى يەنە قوي سويۇپ…

نىيازنىڭ گېپىنى ئابلىمىت گۇلدۇر بۆلۈۋەتتى:

— بۈگۈنمۇ ئوبدان مېھمان قىلدىڭ، بىراق سەن مېنىڭ ئالدىمدىكى ئىككى كاللەك گۆشنى چىدىمىغاندەك ئۈزۈك يەۋالدىڭ. ئابلىمىت گۇلدۇر يەنە چاقچاقنى باشلىدى.

— باشقا سەي تېپىلمىغاندەك ھەممىلا سېپىگنى كاللەك بەسەيدە قورۇپسەن، — ھاراق ئىچىپ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان چاقچاقچىلار قىقاس چىقىرىپ كۈلدى. نىيازنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان چاغدا، بەكرەك مەست بولۇپ قالغان ئابلىمىت گۇلدۇر يەنە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھەي، نىياز، يانچۇقۇمدا بىر كاللەك نەشە بار ئىدى، چاپاننى قويۇپ قويغان يەردىن سوقۇۋاپسەن - ھە، — يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

نىياز ھەرقانداق قىلىپمۇ لەقىمىدىن قۇتۇلالمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆز لەقىمىگە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالدى. يامان يېرى ئەمدى ئۇنى مەھەللىدىكىلەر ئىسمىنىمۇ تاشلىۋېتىپ «كاللەك» دەپلا چاقىرىدىغان بولۇۋالغانىدى.

## 10

مەلىكە سەتەڭنىڭ نىياز كاللەكنىڭ ھويلىسىدا ئاچقان سەيپۇڭخانىسى تازا ئاۋاتلاشتى. بۇ لىيەندىكى قىز - ئاياللار كىيىم - كېچەكتە بىر - بىرى بىلەن بەسلىشەتتى. ئۇلار قولىغا تۆت تەڭگە پۇل چۈشسىلا ئالدى بىلەن بىرەر قۇر يېڭى كىيىم كەيمىسە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. پۇل يوق چاغلاردىمۇ تۇراخۇندىن





نېسىگە ئېلىۋېرەتتى. بەزى ئاياللار ئېرىنىڭ موخوركا ئالغۇدەك پۇلى يوقلىقىغا قارىماي، بىر ئامال قىلىپ بىر نەچچە قۇر كىيىم تىكتۈرۈۋالمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. مەلىكەنىڭ سەيپۇڭخانىسى تەبىئىي ھالدا قىز - چوكانلارنىڭ توپلىشىدىغان جايىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ مەھەللىدىكى بەزى چوكانلار كىيىم - تىكتۈرمىسىمۇ مەلىكەنىڭ يېنىغا كىرىپ، قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

مەلىكە سەيپۇڭخانا ئاچقاندىن بۇيان ئەلنىياز قارى نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىگە كۆپ كېلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇنىڭ باشقا مەقسىتى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ ئىشى سىنچى، گەپدان چوكانلارنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

بىر كۈنى يەنە بىر نەچچە چوكان مەلىكەنىڭ دۇكىنىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئەلنىياز قارى يەنە ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ دۇكان تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن نىياز كاللەكنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. چوكانلارنىڭ غەيۋەتكە تېما تاپالماي ئاغزى قىچىشىپ تۇراتتى. ئەلنىياز قارى ئۆيگە كىرىپ كېتىشى بىلەنلا گەپنى ھەممىدىن ئاۋۋال چىمەن ۋىت - ۋىت باشلىدى:

— ھەي، سىلەر ئاڭلىغانمۇ، مۇشۇ ئەلنىياز قارىكامنى تېخى يىگىت دەيدۇ - ھە.

— ئۆتەپ بارە، قېرىغان ئادەمنى يىگىت دەپ يۈرىيدىغۇ ماۋۇ…— خەلچەم قونچاق چىمەن ۋىت - ۋىتنى سىلكىشلىدى.

— كۆرمەيۋاتامسەن، مۇڭگۈزدەك تۇرغىنىنى، ھازىرمۇ سېنىڭ ئېرىڭدىن نوچى تۇرمامدۇ…

چىمەن ۋىت - ۋىتنىڭ گېپى خەلچەم قونچاقنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى.

— خەقنىڭ ئېرىنى چىشلەپ تارتماي ئۆزۈڭنىڭ ئېرىنىڭ گېپىنى قىلە، ئەمدى سەنمۇ داداڭدەك ئادەمگە كۆز تاشلىغىلى

تۇرۇپسەنغۇ.

— بولدى قىلە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، — چىمەن ۋىت - ۋىت گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىدى.

— مۇشۇ ئادەمنىڭ بىر كوزا ئالتۇنى بار دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم راستىمدۇ؟

— راستقۇ دەيمەن، بۇ ئوغرى ئەزەلدىن بايغۇ، بۇ ئادەم بولمىغان بولسا تۇرنىسالارنىڭمۇ كۈنى تەستى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، — سەيپۇڭخانىغا نىياز كاللەكنىڭ ئايالى تۇرنىسا كىرىپ كەلدى. تۇرنىسا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ مىتىلداپ جىم تۇرمايدىغان ئىشچان چوكان ئىدى. مىجەزى ياۋاش، مۇلايىم بولغاچقا لېيەندىكى ھەممىلا قىز - چوكانلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېرىق سۈيىنى ھويلىنىڭ ھەممە يېرىگە سېپىپ چىقاتتى. بەزى كۈنلىرى سېغىز لاي بىلەن كالا تېزىكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئالاھىدە تەييارلانغان سۇيۇق لايدا پۈتۈن ھويلىنى سۇۋاپ، خۇددى سىرلىغاندەك پارقىرىتىۋېتەتتى. بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بولغاچقا، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم قىلمايتتى. ئادەتتە ئۇ قىز - چوكانلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىت چىقىرالمايتتى. مەلىكە كەلگەندىن بېرى سەت بولمىسۇن دەپ دۇكانغا كىرگەنلەر بىلەن ئاز - تولا پاراڭلىشىپ قويىدىغان بولغانىدى. بۇ لېيەندە تۇرنىسا ئىسىملىكلەر كۆپ بولغاچقا، قىز - ئاياللار ئۇنى باشقا تۇرنىسالاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىدا دېيەلمىسىمۇ كەينىدە «تۇرنىسا كاللەك» دەپ قوياتتى. ئابلىمىت گۇلدۇردەك بەزى چاقچاقچىلار نىيازنى ئەركەك كاللەك، تۇرنىسانى چىشى كاللەك دەپ ئاتىۋالغانىدى.

— ماۋۇ مەلىكە سەتەڭنى ئەلنىياز قارىغا ئەپ بېرەيلىمىكىن دەيمەن، ئۇ ئوغرىنىڭ كاللەك - كاللەك ئالتۇنلىرى سېسىپ





قالمىسۇن، مەلىكە بولسىمۇ ئېرىتىپ خەجلىسۇن.

چىمەن ۋىت - ۋىتنىڭ بۇ چاقچىقىدىن كېيىن ئاياللار پاراقىدە كۈلۈشتى. ئادەتتە ھەر قانداق چاقچاققا پەرۋا قىلمايدىغان مەلىكە قىزىرىپ لېۋىنى چىشلىدى. كېيىن بۇ چاقچاق راستقا ئايلاندى. نىياز كاللەك بىلەن تۇرنىسانىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارىلىقىدا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشى بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆيلەنمىگەن ئەلنىياز قارى ئۆزىنىڭ قىزىدەك مەلىكە سەتەڭ بىلەن توي قىلدى. مەلىكە سەتەڭ ئەلنىياز قارىغا تەگكەندىن كېيىن، تىككۈچىلىك قىلىدىغان ئىشىنىمۇ تاشلىۋەتتى. ئەمدى ئۇ ئەلنىياز قارىنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ھېچ نەرسىنىڭ غېمىنى قىلماي، ئەلنىياز قارىنىڭ تېپىپ بەرگىنىنى يەپ ئارامخۇدا ئۆتىدىغان بولدى.

راھەتكە چىقىپ قالغان مەلىكە بارغانسېرى سوزۇلۇپ چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاڭقاق يۈرىكى ئەلنىياز قارىدىن ئاز - تولا تەسەللىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، خۇددى قەپەستىكى قۇشتەك نېمىنىدۇر ئىزدەپ تېپىرلاپ جىم تۇرمايتتى.

مەلىكە ئەسلى شەھەردىكى بىر موزدوز ئائىلىسىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ دادىسى شەھەرنىڭ ئادەملەر ئەڭ كۆپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدا قىشمۇ ياز ئاياغ ياماپ ئولتۇراتتى. ئاپىسى ئۆيدە تىككۈچىلىك قىلاتتى. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يامان دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ھويلىسى بار ئىككى ئېغىز ئۆيى شەھەردىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەرنىڭ ئۆيىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. مەلىكەنىڭ ئىككى ئىنىسى بار بولۇپ، مەلىكەنىڭ بالىلىق چاغلىرى يامان ئەمەس ئۆتكەنىدى.

بىراق، مەلىكە ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ دادىسى تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قېلىپ، بىر نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلار يىغلاپ، قاقشىغان بىلەن ئورنىغا كەلمىدى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار

تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالدى. مەلىكە بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى
ئوقۇشتىن چىقىۋالدى. ئاپىسىنىڭ ماشىنىچىلىق بىلەن تاپقان
ئاز - تولا پۇللىرى ئۆينىڭ ئۇششاق چىقىملىرىغىمۇ دال بولالمىـ
ـدى. مەلىكە ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئەتىدىن كەچكىچە ئۆي ئىشـ
ـلىرىدىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. ئىككى ئىنىسى كوچا - كويلاردا
بەڭۋاشلىق قىلىپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا ئۆزىنى قايسىدۇر
مەكتەپتە ئاشپەزلىك قىلىمەن دەپ تونۇشتۇرغان ھوشۇراخۇن
ئىسىملىك بىر ئادەم مەلىكەنىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىدىغان
بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگەندە سامسا، مانتا، پىششىق
گۆش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى. بەزى چاغدا ئاشۇنـ
ـداق نەرسىلەرگە قوشۇپ، بىر بوتۇلكا ھاراقنى بىللە ئېلىپ
كېلىپ، ھاراق ئىچكەچ مەلىكەنىڭ ئاپىسى بىلەن يېرىم كېچىلەرگىچە
پاراڭلىشاتتى.

يېرىم كېچىلەردە خۇدىنى يوقىتىپ مەست - ئەلەس كېلىدىـ
ـغان چاغلىرىمۇ بار ئىدى. ئارىلىقتىن كۆپ ئۆتمەي مەلىكەنىڭ
ئاپىسى ھوشۇراخۇن بىلەن توي قىلدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاز-
راق ياخشىلانغاندەك بولدى. ھوشۇراخۇن مەلىكەنىڭ ئاپىسىدىن
ياشتەك كۆرۈنسىمۇ بالىلار ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۆز دادىسىدەكلا
كۆرۈپ قالدى. ئارىلىقتىن ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئالتە - يەتتە
يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەلىكەمۇ بويىغا يېتىپ قالدى. بىر يىل
بۇرۇن مەلىكەنىڭ كىچىك ئىنىسى ئىچكىرىگە كېتىپ ئىز -
دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. چوڭ ئىنىسى ئاز - تولا ئىش ئوقەت
قىلغاندىن باشقا چاغلاردا كەچكىچە ھاراق ئىچىپ مەستلا يۈرەتتى.

ھوشۇراخۇن قارىماققا ياۋاش، ئوشۇق گېپى يوق ئادەمدەك
قىلغان بىلەن ھاراقنى تولا ئىچەتتى. ھاراق ئىچىۋالغان چاغلىرىـ
ـدا خۇشخۇي، چاقچاقچى بولۇپ كېتەتتى. مەستلىكتە خۇدىنى
يۇتۇنلەي يوقىتىپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. ئۇ بالىلارغا
پەقەت قوپال مۇئامىلە قىلمايتتى. بولۇپمۇ مەلىكەنى بەك ياخشى





كۆرەتتى. ئۇ كەيپ بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ قىزىق
گەپلىرى بىلەن مەلىكەنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى كۇلدۇرۇۋېتەتتى. مەـ
ـلىكەنىڭ ئاپىسىمۇ ھوشۇراخۇننىڭ بالىلىرىنى ئۆگەيلىمەي ياخشى
مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىدىن بەك سۆيۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق
خۇشاللىق كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى.

تۈن كېچە، مەلىكە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا
بىرسى خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراۋاتقىـ
ـنىغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم ئەركىشى ئىدى. مەلىكە چىراغنى يېقىپ
يېنىدىكىنىڭ ھوشۇراخۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەھشەتلىك ۋارقىـ
ـرىۋەتتى. ھوشۇراخۇن چۆچۈپ ئويغىنىپ كىيىملىرىنى تېز كىـ
ـيىشكە باشلىدى. مەلىكە ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە كىيىملىرىنى
كىيىۋالدى.

— ھۇ، ھايۋان، ئاپا بۇ ھايۋان مېنىڭ يېنىمدا يېتىۋاپتۇ.

— ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىققان مەلىكەنىڭ ئاپىسى قىيا -
چىيا قىلىپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. ئۇ مەستچىلىكتە ھوشۇراخۇنـ
ـنىڭ مەلىكەنىڭ يېنىدا يېتىپ قالغانلىقىنى خاتا چۈشىنىپ قالغاـ
ـنىدى. دەل شۇ چاغدا مەلىكەنىڭ چوڭ ئىنىسى سەل كەيپ ھالدا
ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ بىر نەچچە سېكۇنت مەڭدەپ
تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاپىسى بىلەن مەلىكەنىڭ قاقشاشلىرىدىن ئۇ
ئۆيدە قانداق ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بولدى. ئەل -
ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا «تۇرسۇن پالتا» دەپ نام ئالغان مەلىكەـ
ـنىڭ بۇ ئىنىسى ناھايىتى قارام ئىدى. كۇندە بىرەر قېتىم جېدەل
چىقارمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. ئۇ جېدەل - ماجىرالاردا
ئەل - ئاغىنىلىرىگە ئىككى قېتىم پىچاق تىقىۋېتىپ، تۈرمىدە
يېتىپ چىققانىدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقى
كەلدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى ھوشۇراخۇنغا تىكىلدى. ئۇـ
ـنىڭ كۆزىگە قان تولغان بولۇپ، يىرتقۇچلارنىڭ كۆزىدەك كۆكۈچ
نۇر چاقنايتتى. ھوشۇراخۇن ئەھۋالنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ،

نېمىنىدۇر دەپ تۆتۆتلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغانىدى. ئۇمۇ تۇرسۇننىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى.

— ھەي، ھارامدىن بولغان، سەن ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟ بىز سېنى دادا دەپ يۈرسەك ئېشەكمۇ قىلمايدىغان ئىشنى قىلغىنىڭنى قارا، — تۇرسۇن يېنىدىن پىچاقنى چىقىرىپ بولغانىدى. ئەمدى سەن بىزدىن ياخشىلىق كۆرمەن دەپ ئويلىما.

ھوشۇراخۇن تۇرسۇننىڭ قولىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ ئەمدىلا مەستلىكى يېشىلگەن ئادەمدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆي تەرەپكە قاچتى. بىراق، تۇرسۇن ئۇنى گەدىنىدىن تارتىپ بىر پەشۋا بىلەن يەرگە يىقىتتى. قورقۇپ كەتكەن ھوشۇراخۇن خۇددى سويۇلۇش ئالدىدىكى ئۆكۈزدەك ھۆركىرەپ كەتتى. تۇرسۇن ھوشۇراخۇننىڭ جان يېرىگە نەچچىنى دەسسىۋەتتى. مەلىكە بىلەن ئاپىسى بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەندەك قىيا - چىيا قىلىشقا باشلىدى.

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش، قانجۇقلار، بۇ چىلبۆرىنى ئۆيگە ئۆزلىرىڭ باشلاپ كىرگەن. مەن ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن جەھەننەمگە يولغا سالىمەن، — بىر مەزگىل قاسساپلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان تۇرسۇن قورقىنىدىن يېرىم جان بولۇپ قالغىلى تۇرغان ھوشۇراخۇننى خۇددى كالىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى. ئېتىلىپ چىققان قارامتۇل قان ھەر تەرەپكە چېچىلدى.

مەلىكە بىلەن ئاپىسى قورقىنىدىن ۋارقىراپ، ھويلىغا چىقىۋالدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن قوشنىلار بىردەملا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشتى...

شۇ ئىش بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن مەلىكەنىڭ ئاپىسى يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئىنىسىمۇ كۆپ ئۆتمەي مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. سوتتا مەلىكە ئىشنى ئاقلاش ئۈچۈن ھوشۇراخۇن ماڭا باسقۇنچىلىق قىلدى دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى.





ئۆلگىنى ئۆلۈپ، تۇرمىگە كىرگىنى تۇرمىگە كىرىپ كەتتى. مەلىكە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىنىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئەمدى مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا يامان كۆز بىلەن قاراشقا باشلىدى. بىكارچىلىقتىن كەچكىچە مەھەللە دوقمۇشىغا چىقىۋېلىپ، باشقىلارنى غاجاپ ئولتۇرىدىغان ئايالالار مەلىكەنى كۆرسىلا غۇدۇراپ كېتىدىغان بولدى:

— ماۋۇ پاسكىنا، ئەجەپ مەھەللىدىن يوقالمىدى، ئەر ئالمىغان سىپسىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆگەي دادىسىنى ئېزىقتۇرغىنىچۇ.

— ئىنىسى ئۇستىگە چۈشۈپ قالمىغان بولسا، ئۆگەي دادىسى بىلەن قاچانغىچە ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتىدىكىنا بۇ.

— ئىنىسىمۇ ئەخمەقكەن، ئالدى بىلەن مۇشۇ بۇزۇقنى بوغۇزلىۋەتمەي...

— ھە راست ئۇ ئۆركەشنىڭ مۇھەببىتىمىشقۇ؟

— قايسى ئۆركەشنىڭ؟

— ۋاي ماۋۇ سائادەتخېنىمنىڭ كەنجىسىچۇ.

— توۋا دەڭلار، سائادەتخېنىمدەم نەچچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان بۇ بۇزۇقنى ھەرگىز كېلىن قىلمايدۇ.

راست دېگەندەك، مەلىكەنىڭ ئۆركەش بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. بىراق، ئۆركەش شۇ ۋەقەدىن كېيىن مەلىكىگە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. چۈنكى، ئۇمۇ مەلىكەنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن پاجىئەنىڭ سەۋەبكارى مەلىكەمىكىن دەپ ئويلاپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ مەھەللىدىكى چاقچاقچىلارنىڭ سورۇن - سورۇنلاردا قىلغان چاقچاقلىرى ئۇنى باش كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويغانىدى.

— ھە، ئۆركەش مەلىكەنى ئالىدىغان بولدۇڭمۇ؟ ئۆگەي دادىسى ساڭا ھەممىنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ.

— ھازىر مەلىكە ئۆيدە يالغۇز قاپتۇ دەيدۇ، تەييار ئۆيگە قاسسىدە كىرىۋالامسەن يا؟ — ئۇنىڭدىن باشقا تىلغا ئالغىلى

بولمايدىغان تۈگىمەس چاقچاقلار پەقەت بېسىقمىدى. بۇ مەلىكەنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئۆركەش ئۇچۇن مەڭگۈلۈك ئازاب بولدى. ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن گەپلەرگە ئىشەندى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ئوتى ئۆچۈپ نەپرەتكە ئايلاندى. مەلىكە ئۆركەشنىڭ نېمە ئۇچۇن ئۆزىدىن قېچىپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلدى. ئاخىرى ئۆيىنى ئېلىشقا سېتىپ ئۆز مەھەللىسىدىن يوقالدى.

مەلىكە ئۆيىنى سېتىۋەتكەن پۇلنى دەسمىي سېلىپ، شەھەردىكى ئۇستا بىر ماشىنىچىغا شاگىرتلىققا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاسىم مۇھەممەت ئىسىملىك ماشىنىچىغا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇنىڭ ئۇستىسى قاسىم مۇھەممەت پاكىز ياسىنىپ، قاپاقلىرىنى خۇددى ئاياللاردەك سۈزۈپ، سېغىز كەمپۈتنى چايناپ قاش چىقىرىپ يۈرىدىغان ئادەم بولسىمۇ ھۈنەرگە ئۇستا ئىدى. مەلىكە قاسىم مۇھەممەتكە «يىراق بىر يېزىدىن كەلدىم» دەپ قويدى. قاسىم مۇھەممەت يېزىدىن ماشىنىچىلىقنى ئۆگەنگىلى كەلگەن ئىككى قىز بىلەن مەلىكەنى ھويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيىنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. مەلىكە ھۈنەر ئۆگىنىۋاتىمىز دېگەن بىلەن قاسىم مۇھەممەتكە بىكارغا ئىشلەۋاتاتتى. قاسىم مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى بولمىسىمۇ، ئۆيى خوتۇن كىشى بار ئۆيلەردىنمۇ ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ئۆيدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇراتتى. ئۆيىنىڭ دېرىزە، ئىشىك پەردىلىرىنىڭ نوچىلىقىغا گەپ كەتمەيتتى. ئادەتتە مەلىكىمۇ قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئۆيىگە ئەيمەنمەي كىرەلمەيتتى. قاسىم مۇھەممەتنىڭ قىزلار بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى، ئاچچىقى كېلىپ قالسا قىزلارنى بىكاردىن - بىكار ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ ھاراق ئىچىپ خۇش كەيپ بولۇپ قالغاندا شۇنداق خۇشخۇي، مەرد بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ خۇددى مېھرىبان ئانىلاردەك يۇمشاق





تەلەپپۇزدا سۆزلەپ قىزلارنىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋېتەتتى:

— ھەي جېنىم سىڭىللىرىم، سىلەر ئاكاڭلارنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيسىلەر، مېنىڭمۇ دېسەم - دېسەم تۈگىمەيدىغان دەردلىرىم بار، سىلەرنىڭ دەردىڭلار مېنىڭ دەردىمگە ياماقمۇ بولالمايدۇ. مەن بارغۇ يىگىت ۋاقتىمدا مۇشۇ شەھەر بويىچە ئەڭ كېلىشكەن يىگىت ئىدىم، — ئۇ مۇشۇنداق يالغان گەپتىن بىرنى باشلاپ قويۇپ گەپنىڭ ئايىغىنى قانداق داۋاملاشتۇرسام بولار دېگەندەك بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى. مەلىكە ئۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنىڭ قىپقىزىل يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، زەن قويۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولاتتى.

— ھازىر ماۋۇ كوچا - كويدا يۈرگەن يىگىتلەرنى يىگىت دېگىلى بولامدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ بويۇم بۇنداق پاكار ئەمەستى، شۇنداق ئېگىز بەستلىك ئىدىم. كۆزۈم ھازىرقىدەك قوڭۇر ئەمەس قاپقارا ئىدى.

بۇنداق چاغدا قىزلارنىڭ كۈلكىسى قىستاپ كېتىپ لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىۋالاتتى.

— كوچىدا ماڭىدىغان بولسام، پۈتۈن شەھەردىكى قىزلار ماڭىلا قارايتتى. قىزلارغۇ مەيلى، بەزى قىلىقسىز ئوغۇل بالىلارمۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، غىدىقىمنى كەلتۈرەتتى··· ئۇنداق نېمىلەرگە ئۆتەپ بېرىش دەپ قاراپمۇ قويمايتتىم.

قاسىم مۇھەممەت ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى مەست بولۇپ، ئۆزىنى كېلىشكەن قاۋۇل يىگىت قىياپىتىدە تەسەۋۋۇرلەۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، گۈزەل بىر قىز قىياپىتىدە تەسەۋۋۇرلىگىلى تۇراتتى.

— دېسەم ئىشەنمەيسىلەر، ئۇ چاغلاردا چاچلىرىم يەلپۈنۈپ تۇراتتى، پاچاقلىرىم شۇنداق ئاق، شۇنداق ئۇزۇن ئىدى. يولدا ماڭساممۇ خۇددى تانسا ئويناۋاتقاندەك مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ ماڭاتتىم، خەقلەر مېنى توي - تويلارغا ئۇسسۇل ئوينىغىلى ئەكىتەت-

تى، ھە راست، مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى.
بىر كۈنى مەن تازا ئىپسىل كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئەتىرلە-
رىمنى چېچىپ تەييار بولۇپ تۇرسام، مۇشۇ يۇرتتىكى ھېلىقى
نېمىدى ئۇنىڭ ئىسمى، ئىشقىلىپ بىر بايۋەچچىغۇ ئۇ، شۇنداق
نوچى بىر پىكاپ بىلەن مېنى بىر تۇغقىنىنىڭ تويىغا ئېلىپ
ماڭاي دەپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى دۆڭ مەھەللىدىكى
تۇرغان نوچى يەنە بىر پىكاپ بىلەن كېلىپ قالدى. ئەسلى ئۇمۇ
مېنى يەنە بىر تويغا ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ كەپتىكەن، ئۇلار
مېنى ئىشىك ئالدىدىلا تالىشىپ قالدى.
مەن ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ بولغان تۇرسام، — دېدى بايۋەچچە
تۇرغان نوچىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، — سەن پۇل
بېرىپ بولغان بولساڭ، مەن بىكارغا ئاپىرامدىكەنمەن، پۇل دې-
گەن قانچىلىك نېمىتى ئۇ، ساڭا پۇل بولۇپ قاپتۇ، بىزگە
رەڭلىك قەغەز. ئۇ ئىچ يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ،
بېشىمدىن پىرقىرىتىپ چېچىۋەتتى. مەن ئاپام دېگىنىمچە ئاغ-
زىمنى تۇتۇپ قالدىم. تۇرغان نوچى بىلىكىمدىن تارتىپلا پىكىپى-
غا سۆرەپ ئەكىرىپ كەتتى. ۋايجان ئۇنىڭ قولى تۆمۈردەك
قاتتىقكەن. بىلىكىمنى مۇجۇپ ئۇزۇۋەتكىلى تاس قالغانىدى.
ماڭمۇ نېمە ئامال، پىكىپىنى غارقىرىتىپ ھەيدەپ مېنى ئېلىپ
قاچتى...
تۇرغان نوچى مېنى تويغا ئېلىپ كىرگەندە تويدىكى ھەممىلا
ئادەم تاڭ قالدى، توي ئىگىسى:
— يائاللا، تۇرغان نوچى، بۇ قېتىم ھەقىقىي ئەسقاتتىڭىز
جۇمۇ، بولمىسا قاسىمجانلار بىزگە ئاشامتى، — دەپ بەك خۇشال
بولۇپ كەتتى. مەن ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرۇشقان مېھمانلار بىلەن
ئاق پەلىيىمنى سالمايلا كۆرۈشتۇم، بەزىلىرىگە كۆز قىرىمدىلا
قاراپ قويدۇم. بەزىلىرىگە قاراپمۇ قويماي قولۇمنىڭ ئۇچىنىلا
تۇتقۇزۇپ قويدۇم، ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ئۇ بىرنې-





مىلەر قولۇمنىڭ ئۇچىنى تۇتقىنىغا خۇش بولسۇن. — قاسىم
مۇھەممەت ئۆزىنى ئۆزى خۇش قىلىدىغان ئاشۇنداق سۆزلەرنى
بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ قىلاتتىكى، ئۆزىنىڭ يالغان سۆزىگە ئۆزى
ئىشىنىپ قېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەت-
تى. قىزلار ئۇنىڭ ھەممىلا گېپىنى خۇددى كۆڭۈل قويۇپ
ئاڭلاۋاتقاندەك ئاڭلاپ قوياتتى. ئەگەر قاسىم مۇھەممەت سۆزلە-
ۋاتقاندا قىزلار ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ھاڭۋېقىپ قالىد-
غان ئىش بولسا، قاسىم مۇھەممەت خۇددى ھازازۇل ئۆگەي
ئانىدەك چالۋاقاپ تىللاپ كېتەتتى:
— ھەي بۇقىنى ھاپ دېمەي، ئايغىرنى پۇۋ دېمەي يەيدىغان-
لار، خىيالىڭ نەدە سەن نېمىلەرنىڭ، بىر ئادەم ماۋۇ يەردە گەپ
قىلىپ بېرىۋاتسا، سۈيىنى چىقىرىپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشقىنى-
نى، ھەر قايسىڭغىمىغۇ گېپىم پەقەت خۇش ياقمايدىغانلا بولدى،
پىت - سىركىلىرىڭنى تازىلاپ ئادەم قىلىپ قويدۇم ئەمەسمۇ...
مەنمىچۇ بىلمىۋاتىمەن، ھەرقايسىڭنىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ، ھە-
سەت ئوتىدا كۆيۈۋاتامسەن يا، مەن بارغۇ ھەر قايسىڭنى ئېلىۋەت-
كەن تىرنىقىمغا تەڭ قىلمايمەن، ھەر قايسىڭ ئۆزۈڭچە مەن
بىلەن بەسلەشمەكچىمۇ، ۋاي قوۋۇرغام، مەن ھەر قايسىڭدەك
چاغلىرىمدا بارغۇ، ھەر قايسىڭدەك بەتبەشىرە ئەمەس ئىدىم،
مەندە چىراي دېسە چىراي، قاملاشقان قەددى قامەت بار ئىدى...
سەن سېسىقلارغا كىم قاراۋاتىدۇ، ئۇ چاغدا ھەممىسىنىڭ كۆزى
مەندە ئىدى. — قاسىم مۇھەممەت بەكرەك مەست بولۇپ قالغان
چاغلىرىدا ئەنە ئاشۇنداق، خۇددى ئۆزى قىز تۇغۇلۇپ كېيىن
ئەركەككە ئايلىنىپ قالغاندەك غەلىتە گەپلەرنى قىلاتتى.
قىزلار كېيىن ئۇنىڭ بۇنداق تىللاش، ۋايساشلىرىغا پەرۋا
قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. قاسىم مۇھەممەت مەست بولۇپ قال-
غاندا ئەنە ئاشۇنداق چالۋاقىغان بىلەن باشقا چاغلاردا ئۇلارغا
ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. كېزى كەلگەندە ئۇلارغا تۇرمۇش پۇلى

ھېسابىدا ئاز ـ تولا پۇلمۇ بېرىپ قويىاتتى.

مەلىكە بىلەن تۇرۇۋاتقان ئىككى قىز ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن كەتتى. مەلىكە يالغۇز قالغاندىن كېيىن قاسىم مۇھەممەت ئۇنىڭ ياتىقىغىمۇ كىرمەيدىغان بولدى. ئۆزىنى ماختاپ پو ئاتىدىغان گەپلىرىمۇ ئازلاپ كەتتى.

ئەنە ئاشۇ چاغلاردا قاسىم مۇھەممەتنىڭ سەيپۇڭخانىسى شەھەر قۇرۇلۇشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ چېقىلىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاسىم مۇھەممەت پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا كۆندە قاتراپ، چېقىلغان دۇكان ئۈچۈن شەھەرنىڭ تازا قايىنىغان يېرىدىن بىر دۇكان ئېلىۋېلىشنىڭ پېيىدا يۈردى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دۇكاننى بالدۇرلا تاقاپ مەلىكەنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

— ئەتە دۇكاننى يىغىشتۇرمىساق بولمىدى، ئۆگۈنلۈكتىن باشلاپ رەسمىي چېقىلىدىغان بولدى. بازارنىڭ تازا قايىنىغان يېرىدىن بىر دۇكان ئېلىۋالغان بولسامغۇ، سىزنىڭمۇ ئايلىقىڭىزنى ئۇبدان بىر توختىتىپ ئىشلەتتىم، ھە راست، بۈگۈن ئۆيگە ناھايىتى مۇھىم بىر مېھماننى قىچقىرىپ قويدۇم، كەچتە ماڭا ياردەملىشەرسىز، ئۇلارغا قاپىقىڭىزنى بۇنداق تۈرىۋالماي ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلارسىز. مەن ماۋۇ ئاچقۇچنى، مەن بازاردىن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ باراي، سىز ئۆينى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇڭ، باشقا نەرسىلەرگە چېقىلماڭ جۇمۇ، قالغىنىنى ئۆزۈم بارغاندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشىمىز.

شۇ كۈنى قاسىم مۇھەممەت ئۆيگە ئىككى مېھماننى باشلاپ كىردى. ئوتتۇز بەش، قىرىق ياشلاردىكى بۇ سالاپەتلىكلەر، ئۆزلىرىگە چاي قۇيۇۋاتقان مەلىكەگە كۆز قىرلىرىدا قارايتتى. شۇ كۈنكى يەپ ـ ئىچىش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. قاسىم مۇھەممەتمۇ ھاراقنى مېھمانلار بىلەن تالىشىپ ئىچىپ مەست





بولۇپ لاۋزىلىشىشقا باشلىدى. ئۇ مېھمانلارغا باشتا ئۆزىنى ناھايىتى ئەدەپلىك، كەم سۆز قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ تۆت رومكا ئىچىۋالغاندىن كېيىن، پەدىشەپلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، مېھمانلارغىمۇ گەپ بەرمەي، توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى. مەلىكەنىمۇ تاغاردا بىر ماختاپ ئۇچۇردى. تېخى مېھمانلارنىڭ كۆزىگە قاراپ قانداق بىزنىڭ مەلىكە چىرايلىقمىكەن؟ دەپ سوراپ قويدى. ھاراقنى ئىچكەنسېرى قاسىم مۇھەممەتنىڭ كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان قىلىقلىرى كۆپەيدى. كەلگەن مېھمانلار شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەتتىكى كادىرلىرىدەك قىلاتتى. ئەسلى ئۇلارنىڭ قولىدىن قاسىم مۇھەممەت قىلدۇرماقچى بولغان ئىشلار كەلمىسىمۇ، ئۇلار خۇددى ئۇ ئىشلارنى ھەل قىلالايدىغاندەك بولىۋالغانىدى.

قاسىم مۇھەممەت ئولتۇرۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن سۆزلىگەن قەدەھ سۆزىدە بۇ ئولتۇرۇشنى قىلىشتا تونۇشۇپ قىلىشتىن باشقا مەقسىتى يوقلۇقىنى ئوچۇق ئېيتقان بولسىمۇ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەقسىتىنى ئاشكارىلايتتى.

— ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار، بۈگۈن سەل غورىگۆل بولۇپ قالدى ـ ھە، ماۋۇ دۇكاننىڭ ئىشى ھەل بولۇپ كەتسىغۇ، سىلەردەك ئەزىز مېھمانلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ يارىشىغىدا ئوينىتىپ قوياتتىم، بىزمىچۇ يېمەي ـ ئىچمەي ئولتۇرغان خەقلەردىن ئەمەس، بوۋامنىڭ بوۋىسى ئەنجان، سەمەرقەنت تەرەپلەردىن كەلگەن كاتتا بايلاردىن ئىكەندۇق، بىز چوڭ بولساقمۇ رەھمەتلىك ئاپام تىرىك ـ تىرىك ئالتۇن زىخچىلارنى يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرەتتى. كېيىن ئاشۇ يۈزى قېلىن بۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمىغۇ خەقنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قالغان يېرىمىز يوق، ئانام رەھمەتلىك شۇنداق چىرايلىق ئايال ئىدى. كۆزلىرى خۇددى بۇلاقتەك، ئەينى مېنىڭ كۆزۈمگە ئوخشايتتى، قاشلىرى ئىنچىكە قاپقارا ئىدى. كۆرگەنلەر خۇددى مېنىڭ مۇشۇ قېشىمغا ئوخ-

شايىتتى، مېنىڭ بۇ قېشىمنى تەرگەن قاشىمىكىن دەپ قالماڭلار، بۇ ئەنە ئاشۇنداق تەبئىي قاش، — قاسىم مۇھەممەت خۇددى شوخ چوكانلاردەك قاشلىرىنى ئېتىپ جىلمىيىپ قويىدى، — ئانامنىڭ بوي - تۇرقىمۇ خۇددى مېنىڭكىدەك ···· — قاسىم مۇھەممەت گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بوي - تۇرقىنى ماختىسا پەقەت قاملاشمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى يوغان، بويىنى يوق، گەۋدىسى قوپال بولۇپ، پۇتلىرى كالتە ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى غاچچىدە ئۆزگەرتتى.

— مەن كىمنى دوراپ قالدىمىكىن تاڭ، ئانام شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق كېلىشكەن ئايال ئىدى. مەنمۇ بۇرۇن ئانامدەك شۇنداق چىرايلىق زىلۋا ئىدىم. نېمە بولدىكىن تاڭ يېقىندىن بېرى كۆز تەگكەندەك مۇشۇنداق سەتلىشىپ كېتىۋاتىمەنغۇ، ھازىرمۇ يەنە خېلى - خېلى سەتەڭلەردىن···

— كېلىڭە سىز بىلەن بىرنى ئىچىۋېتەي، مەلىكە، سىز ماۋۇ ئاكاش بىلەن چاينى بولسىمۇ سوقۇشتۇرۇپ ئىچىڭ، بولمىسا مېھمانلارنى ھۆرمەتلىمىگەن بولۇپ قالىسىز.

قاسىم مۇھەممەت مەلىكەگە مېھمانلارنىڭ ياشقا چوڭراقىنى ئىما قىلىپ شۇنداق دېدى. ئۇ ئۆزى يەنە بىر مېھمانغا خۇددى لاۋزا گەپلەرنى قومدەك قىلىپ، سۆيىنى چىقىرىشقا باشلىدى.

— ئاۋۇلارمۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرسۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىپ ئولتۇرايلىچۇ، — قاسىم مۇھەممەت ياشقا كىچىكرەك مېھمانغا رومكا تەڭلىدى.

ياشقا چوڭراق مېھمان مەلىكەگە بىر نېمىلەرنى دەپ، ئىستاكانغا قۇيغان قىزىل ھاراقنى ھەدەپ مەلىكەگە زورلاۋاتاتتى. مەلىكەمۇ مەن بۇرۇن پەقەت ئىچىپ باقمىغان دېگەن بىلەن سەسكىنىپ تۇرۇپ ئىچىۋاتاتتى. ھاراقنىڭ تەسىرىدىن مەلىكەنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، تۇرۇپلا يەر - جاھان پىرقىراۋاتقاندەك بولدى. ئەنە قاسىم مۇھەممەت بەل - يوتىلىرىنى تولغاپ ئۇسسۇل





ئوينىماقتا، ئۆزىنى گۈزەل بىر ئۇسسۇلچى قىز ھېسابلاپ تېتىقسىزلىق بىلەن «جىلۋە» قىلماقتا. ئىككى مېھمان ئۇنىڭ ئاشۇ كارامەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغاندەك قاقاقلاپ كۈلمەكتە. ياشقا چوڭراق مېھمان مەلىكەنىڭ قول، بەللىرىدىن تارتقۇشلاپ ئۇنىڭغا بىرنەرسىلەرنى دەۋاتاتتى، ئۇنىڭ يەنە ئاللا قانداقتۇر مەقسەتلىرىمۇ باردەك قىلاتتى.

— بۇنداق قاملاشمىغان ئادەمنىڭ قولىدا ئىشلىگۈچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سەيپۇڭخانىلاردا ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ، مائاشىمۇ يۇقىرى، ئىشەنچلىك دېگەنندى. ئۇنىڭ بۇ يالغان گېپى مەلىكەنى ئۇنىڭ بەزى ئورۇنسىز قىلىقلىرىغىمۇ بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. مەلىكەنىڭ جەزبىسىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھېلىقى كادىرمۇ كۆچۈكلۈنۈپ ئورۇنسىز ۋەدىلەرنى بېرىۋاتاتتى. مەلىكەمۇ ئۇنىڭ ۋەدىلىرىنى راست دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردى.

مەلىكە تۇرمۇشتا زەربە يېگەن بولغاچقا ئۆزىگە باشپانا بولۇپ، يار - يۆلەك بولىدىغان بىرەر ئادەمگە تولىمۇ مۇھتاج ئىدى. ئۇ كادىرنىڭ ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن قىلىۋاتقان يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالدى. مۇشۇ ئادەم ماڭا تۇرمۇشتا يار يۆلەك. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە ئاشۇ كادىر بىلەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ يۈردى. ھېلىقى ئىككى مېھمان قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە قېتىم مېھمان بولغان بولسىمۇ، قاسىم مۇھەممەتكە دۇكان ھەل قىلىپ بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلىقتىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا قاسىم مۇھەممەت مەست بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولغاچقا، قاسىم مۇھەممەتنى ئانچە كۆزگە ئىلىپمۇ كەتمەيدىغان بولدى. ئۇنى مەلىكەنىڭ ئالدىدىلا سەت سىلكىشلەۋېرىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا قاسىم مۇھەممەت خۇددى ئېرىدىن دەككە يېگەن بېزەڭ ئايالدەك شۈمشىيىپ قالاتتى. ئۇلار

قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئۆيىنى بەزمىخانىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئەل - ئاغىنىلىرىنى باشلاپ كىرىپ، يېرىم كېچىلەرگىچە ئويناپ كېتەتتى. قاسىم مۇھەممەت ئاخىرى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، نان قېپىلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يالغان ۋەدىلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ ئەمەلگە ئاشمىغان ئىدى.

بىر كۈنى قاسىم مۇھەممەت ئىچىپ تازا مەست بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۆيىدىن تىللاپ قوغلاپ چىقاردى. شۇ قاتاردا مەلىكەنىمۇ ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، دەپ ھەيدەپ چىقاردى.

مەلىكە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر نەچچە يىل شەھەردىكى باشقا سەيپۇڭخانىلاردا ئىشلەپ جان بېقىپ يۈردى. ھېلىقى شەھەر قۇرۇلۇش كادىرىمۇ مەلىكەنى بىر نەچچە ئاي كولدۇرلاتقاندىن كېيىن خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتى. مەلىكە قايسى سەيپۇڭخانىدا ئىشلىسە شۇ سەيپۇڭخانىدا يېتىپ - قوپۇپ يۈردى. بەزىدە ئۆي - ماكانسىزمۇ قالدى. ئۇنىڭغا ياخشى ئادەملەرمۇ قارانىيەت يامان ئادەملەرمۇ ئۇچرىدى. بۇ شەھەردە ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ كىچىك چېغىدا ئاپىسى بىلەن بىر قېتىم يوقلاپ بارغان تۇغقىنى بىزگە تونۇش نىياز كاللەكنى مىڭبىر جاپادا تاپقانىدى.

## 11

مەلىكەنىڭ نېمىگىدۇر تەشنا يۈرىكى خۇددى قەپەستىكى قۇشتەك تىپىرلاپ جىم تۇرمايتتى. كېچىدە قوناقلىقتا سۇ تۇتۇۋاتقانلار، تۆەنبۇغا بېرىپ كىنودىن قايتقانلار ئېيتقان ئالىتاغىل ناخشىلارمۇ ئۇنى مۇڭلاندۇراتتى. ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدىن شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى، مۇھەببەت ۋە ھايات ھەققىدە





تۆگمەس بىر قىسسەنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان موماينىڭ گۇڭگۇلداشلىرىغا ئوخشايتتى. ئەلنىياز لېيەننىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا قارايدىغان بولغاچقا كېچىسى ئاساسەن ئۆيدە بولمايتتى.

ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئۆي بەك تىنجىق ئىدى. مەلىكە ئۆزىنى ھەرقانچە ئۇيقۇغا زورلاپ باققان بولسىمۇ ئۇخلىيالماي، كۆڭلىكىنى كىيىپ تالاغا چىقتى. ئۆستەڭ بويىدىكى ئەلنىياز ياساپ قويغان ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئەتراپتىكى ھويلا - ئاراملاردىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ پۇرقۇپ كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ ئىنجىقلاپ كۆشەشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەنە قايسىدۇر ئۆيدىن بىر ئەرنىڭ گېلىنى قاتتىق قىرىپ يۆتەلگىنى ئاڭلاندى. مەلىكەنىڭ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلىغۇسى، توختىماي ناخشا ئېيتقۇسى، «ئۆركەش» دەپ توۋلىغۇسى كەلدى. ئۆستەڭ بويىدىكى مەيىن شامال، سۇنىڭ رىتىملىق شىلدىرلىشى، ئۆستەڭنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى قوناقلىقنىڭ لەرزان شىۋىرلىشى، يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان كوچا ناخشىلىرى مەلىكەگە ئازراق بولسىمۇ ئاراملىق بەرگەندەك قىلدى. شۇ چاغدا مەست بولۇپ خېلىلا تەڭشىلىپ قالغان بىر يىگىت مەلىكەنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولدى:

قاپقارا... قوي كۆزلۈكۈم
جانىم پىدا بولسۇن... ساڭا

ئۇ مەلىكەنى كۆرۈپ ناخشىسىنى توختىتىۋالدى. ئۇ مېڭىشىنىمۇ توختىتىپ، مەلىكەنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ قالدى. نېمىشقىكىن مەلىكەنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقان ھاراق ئارىلاش يىگىت پۇرىقى ئۇنىڭ ئىچكى سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ ئۆتتى.

— ھە، مەلىكە ھەدەممۇ؟ مەن تېخى كىمكىن دەپتىمەن،
— يىگىت پەرۋاسىز ھالدا ئۆتۈپ كەتتى.

جانىدىن… كەچكەن… يىگىتلەر
ئاشنا… بولسۇن… ساڭا…

يىگىت كەيپچىلىكتە ناخشىسىنى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئېيتىۋات-
قان بولسىمۇ، ناخشىدىن مەلىكەنىڭ يۈرىكىگە تېگىدىغان تەبىئىي
بىر مۇڭ بالقىپ تۇراتتى. مەلىكە يىگىت كەتكەن تەرەپتىن خېلى
ئۇزۇنغىچە كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇردى. مەست بولۇپ قالغان ئاشۇ
يىگىت ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ سۆيۈملۈك بو-
لۇپ تۇيۇلدى.

— بولدى قىلىڭە، ئەمدى كىرىپ كەتمىسەم ئاپاملارغا نېمە
دەيمەن، ۋاي بىلىكىمنى بوشراق تۇتىڭە، دائىم ئاشۇنداق تۇتۇپ
كۆكەرتىۋېتىدىكەن…

ئۆستەڭنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قوناقلىقتىن بىر قىزنى بىر
يىگىت قوغلاپ چىقتى. مەلىكە بايىقى يىگىت كەتكەن تەرەپتىن
كۆزىنى ئۇزۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. يىگىت بىلەن قىز
مەلىكەنى كۆرمىگەنىدى.

— ۋاي، ئالدىرىمىڭە، ھېلىقى كۈندىكىدەك مەن سىزنى
دېرىزىدىن كىرگۈزۈۋېتىمەن.

— دېرىزىنى ئىچىدىن ئېتىۋالسىچۇ، ئاپامغۇ مەيلى، ئەگەر
دادام بىلىپ قالىدىغان بولسا…

قىزنىڭ گېپى تۈگىمەيلا يىگىت قىزنى قۇچاقلىۋالدى. ئاپلا
مەلىكەنىڭ بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغان يۆتەل ئۇنىڭ ئىختىيارىغا
بويسۇنمىدى. يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلىغان يىگىت بىلەن قىز غىپپىد-
دىلا قوناقلىققا كىرىپ كەتتى. يىگىتنىڭ بايىقى قىلىقلىرى مە-
لىكىگە ئۆركەشنى ئەسلەتتى.

مەلىكە ئۆركەش بىلەن بىر مەھەللىدە تۇغۇلۇپ، بىر مەھەل-
لىدە چوڭ بولغانىدى. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزلاردىمۇ بىللە ئوقۇ-





دى. ئۆركەش دائىم مەلىكەنىڭ چېچىنى پارتا، ئورۇندۇققا باغلاپ
قوياتتى. يەنە بەزىدە ئۇنىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئۇزۇن
چېچىنى تارتىپ يىغلىتىۋېتەتتى. ئۇ باشقا بالىلارنىڭ مەلىكەنى
بوزەك قىلىشىغا يول قويمايتتى. تولۇقسىزغا چىققاندا ئۆركەش
مەكتەپكە كەلمىدى. بالىلار ئۇنى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بىلەت
سېتىپ يۈرىدۇ دېيىشتى. كېيىن مەلىكەمۇ ئائىلە قىيىنچىلىقى
سەۋەبىدىن مەكتەپتىن چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۆركەش مەلىكەنىڭ كەينىگە تولا كىرىۋالغاچقا ئاخىرى ئۇ-
نىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. بىر كۈنى مەلىكە بىر دوستىنىڭ ئۆيى-
دىن سەل كەچ قايتىۋاتاتتى. ۋېلسىپىت بىلەن يېتىپ كەلگەن
ئۆركەش ۋېلسىپىتنى يول ئۈستىگىلا تاشلىۋېتىپ، مەلىكەنىڭ
ئاغزىنى ئېتىپ قۇچاقلىغىنىچە يول بويىدىكى ئورمانلىققا ئېلىپ
كىرىپ كەتتى. مەلىكەنىڭ قورقىنىدىن يۈرىكى ئاغزىغا قاپلى-
شىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى قۇچاقلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۆركەش ئى-
كەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

— ئادەمنى ئەجەب قورقىتىۋەتتى ماۋۇ سارالاڭ، — مەلىكە
خاپا بولۇپ، ئۆركەشنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلىدى. ھاياجانلانغان-
لىقىدىن ئۆركەش ھاسىراپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنى ئۆركەش بى-
لەن مەلىكە ھايات، مۇھەببەت، غايە ۋە ياشلىق ئىستەكلىرى
ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن مۇڭداشقان، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس شېرىن
دەقىقىلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدى…

— قويۇپ بېرىڭە، ئاۋۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن دەيمەن،
ۋارقىرايمەن جۇمۇ.

— ئىزا تارتمىساڭ ۋارقىرا.

بايىقى بىر جۈپلەر قوناقلىقتىن قوغلاشقىنىچە يەنە يول بويى-
غا چىقتى. ئۇلار مەلىكەنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنلىرىنى ئۆچۈ-
رۈشۈپ، قوناقلىقنى بويلاپ مېڭىپ يىراقلاپ كەتتى…

مەلىكە ئۆيگە كىرىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە

ئۆخلىيالمىدى. ئۇ يەنە ئۆركەشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆركەشنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۆركەش بىلەن توي قىلىپ، بىر ئۆمۈر بەختلىك بولىمەن دەپ ئويلىغانىدى. بىراق تەقدىر ئۇنى ئويلىمىغان بىر يولغا سېلىپ قويدى. كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ئەلنىيازغا تەگكەندىن كېيىن تىككۈچىلىكمۇ قىلمىدى. ئەلنىيازدىن ئەيمىنىدىغان قىز - چوكانلار ئاستا - ئاستا مەلىكە بىلەن ئارىلاشمايدىغان بولدى.

ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەردە ئەلنىياز يۇرتقا كېتىپ ئىنىسى جۇماخۇننى ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ئەمدى ئۈچ جان بولۇپ قالدى. مەلىكە جۇماخۇنغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلدى. جۇماخۇن كەمسۆز بولۇپ، گەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا مولۇن مۇشۇكتەك قاراپلا تۇراتتى. مەلىكە ئۇنىڭغا نېمىلا دېسە ئۇ «مەيلى» دەپ قىلىۋېرەتتى.

— جۇماخۇن، ئوچاققا ئوت قالىۋەتسىڭىز بولارمۇ؟

— مەيلى.

— ئىدىشنى سۇغا تولدۇرۇۋەتسىڭىز بوپتىكەن.

— مەيلى.

— ماۋۇ كالا تېزىكىنى ئاۋۇ سېغىزلايغا ئارىلاشتۇرۇپ ئوچاق بېشىنى سۇۋىۋەتسىڭىز بولارمۇ؟

— مەيلى.

— ماۋۇ كۆكتاتلارنى ئادالاپ يۇيۇۋېتىڭ جۇمۇ.

— مەيلى.

مەلىكە بەزىدە ئۇنىڭ ئاشۇنداق تۈگىمەس «مەيلى»لىرىدىن زېرىكىپمۇ قالاتتى.

مەلىكە جۇماخۇن يېڭى كەلگەن چاغدا ئەمدى ئۆيدە يالغۇزلۇقتىن زېرىكمەيدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، جۇماخۇن ئەتىسى - ئاخشىمى ئاكىسىغا ياردەملىشىپ خامانغا، ئېتىزغا بېرىپ ئاز - تولا ئىشلەپ كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا،





دائىم دېگۈدەك ئۆيدە بولسىمۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. مەلىكەنىڭ ھەرقانداق گېپىگە «مەيلى» سى تەييار ئىدى. قالغان چاغدا ئۇ خۇددى ياۋاش كالىدەك گۈشىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى.

بىر كۈنى ئەلنىياز لىيەنىنىڭ بىر ئىشى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. لىيەن شەھەرگە يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتناش قۇلايسىز بولغاچقا، شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلەر ئۈچ كۈن بولماي چىقالمايتتى.

ئەلنىياز شەھەرگە كىرىپ كېتىپ ئىككىنچى كۈنى، مەلىكە بىلەن جۇماخۇن كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ، ئۆينى يىغىشتۇردى. بۇ كەچ كۈز پەسلى بولغاچقا بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. مەلىكە بىلەن جۇماخۇن ئۆيگە كىردى.

مەلىكەنىڭ يۈرىكى خۇددى قەپەستىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان قۇشتەك سەكرەپ، تىپچەكلەشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان غەلىتە بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ خىيالدىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۇ باشتا ئۆزىگە ئورۇن سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچكىرى ئۆيگە جۇماخۇنغا ئورۇن سالدى. جۇماخۇن دالان ئۆيدىكى ئوچاقنىڭ يېنىدا پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى.

— ياتامسىز يا؟

— مەيلى، — جۇماخۇن ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى.

— ۋاي، تېخى بۇرۇنغۇ، بىردەم تۇرۇپ ياتسىڭىزمۇ بولا، ئەجەب يېتىشقا ئالدىراپ كېتىدىكەنسىز.

— مەيلى، — ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان جۇماخۇن يەنە جايىدا ئولتۇردى.

— يائاللا، كەچ بولغاندا ئەجەب ئىسسىق بولۇۋاتىدا، — مەلىكە ئۈستىدىكى چاپاننى سېلىۋېتىپ، نېپىز كۆڭلىكى بىلەنلا ئولتۇر-

دى. مەلىكەنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاراپ جۇماخۇننىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقان خۇشبۇي پۇراق، جۇماخۇننى تەشنالىق ئىلكىدە قۇترىتىۋاتقان بولسىمۇ بىراق، جۇماخۇننىڭ بۇرۇندىن كۆنۈپ قالغان جىمغۇرلۇقى، هايا ۋە پەدىشەپ ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى.

— سىز هاراق ئىچىپ باققانمۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن جۇماخۇن هودۇقۇپ كەتتى، خۇددى ئۆزىنىڭ قانداق خىيالدا بولۇۋاتقانلىقىنى مەلىكە بىلىپ قالغاندەك ئۇنىڭدىن كۆزىنى قاچۇردى.

— ئىچىپ باققانمۇ، ئىچىپ باقمىغانمۇ دەيمەن.

— ياق.

— ئىچمەيتىكەنسىزدە.

— هەئە.

— ئىچىپ باقامسىز؟

— قانداق بولار؟

— پەيزى بولىدۇ.

— مەيلى.

مەلىكە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر بوتۇلكا هاراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كولدۇرلىتىپ سىركايىغا قۇيدى.

— قېنى كۆتۈرۈۋېتىڭ.

— ماقۇل، — جۇماخۇن بىر سىركاي هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، خۇددى سۇ ئىچىپ قانغان ئاتتەك تولغىنىپ تۇرۇپ بېشىنى سىلكىدى.

— ئاچچىقكەن، هە.

— يەنە قۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— مەيلى.

مەلىكە جۇماخۇنغا يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى سىركاي هاراق قۇيۇپ بەردى. هاراق جۇماخۇنغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى.





تۇۋا، جۇماخۇن خۇددى ئۆزىنى كۆكتە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشتەك هېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ ئېگىزدە، ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەندەك، تۇرۇپ - تۇرۇپلا تېگى يوق بوشلۇقلاردا ئەركىن شۇڭغۇشقا ۋە يەنە تۇرۇپلا راهەتلىك ئېگىزلىكلەرگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى...

شۇ كۈندىن باشلاپ جۇماخۇن مەلىكەنىڭ ئاشۇنداق پەرۋاز قىلدۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ قالدى. ئەلنىياز ئاشلىق ئامبىرىغا قاردىغىلى چىقىپ كېتىشىگىلا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ لەززەتلىك پەرۋازىنى باشلايتتى. ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى بارلىق ئېغىرلىقلار مۇشۇ پەرۋاز بىلەن تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك جۇماخۇنمۇ بارغانسېرى شوخلىشىپ كەتتى. ئۇ مەلىكەدىن بىر قەدەممۇ نېرى كېتەلمەيدىغان بولدى. خۇددى كالىغا تىل چىققاندەك گۇدۇڭلاپ چاقچاقمۇ قىلىپ قوياتتى. ساقاللىرىنى كۈندە دېگۈدەك قىرىپ تۇراتتى. ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە ياساپ يۈرىدىغان بولىۋالدى.

ئۇلار كۈندىن - كۈنگە هەددىدىن ئېشىپ ئەلنىياز بار چاغلاردىمۇ تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىۋېرىدىغان بولدى. بۇ سەزگۈر ئەلنىيازنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا قىلدى.

بىر كۈنى ئەلنىياز يېرىم كېچىدىن ئاشقان چاغدا ئاشلىق ئامبىرىنى تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئەلنىياز ئاشلىق ئامبىرىغا قاراۋاتقان يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ بۇنداق چاغدا قايتىپ باقمىغانىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن هويلىنىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. قۇلىقىنى ئەينەككە يېقىپ، ئۆي ئىچىگە قۇلاق سالدى. ئۆي ئىچىدىن خىرىلدىغان، پۇشۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى...

ئۆيدىكى ئاشۇ بىنورمال شەپىلەرنى ئەلنىياز ئۆيدە نېمە بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ هويلىدىكى كەتمەننى ئېلىپ، ئېتىلىپ كى-

رىپ ئۇ ئىككىسىنى چاناپ پارە - پارە قىلىۋەتمەكچى بولدى.
لېكىن بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلار ئۆتكەن ئەلنىياز يەنە
ئۆزىگە هاي بېرەلىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئاياغلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك مىدىر-
لىيالماي قالدى. ئۇنىڭ جەڭچىلەرگە خاس قەهرى - غەزىپى نېمە
ئۈچۈنكى بېسىقىپ قالدى. بولدى قىلاي، جۇماخۇن ئۆزۈمنىڭ
بىر تۇغقان قېرىندىشى، مەلىكە مېنىڭ ئەمرىمدىكى خوتۇن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان سەپدىشىمنىڭ تۇغ-
قىنى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇلارنى بىر شەرمەندە قىلىۋېتەي. ياق،
ياق، مەن ئۇلارنى ئەمەس ئۆزۈمنى شەرمەندە قىلغۇدەكمەن.
بوپتۇ، مەن بۇ ئىشنى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر
تەرەپ قىلاي. ئەتىسى ئەلنىياز مەلىكەنى تىللاپ، هاقارەتلەپمۇ
يۇرمەي خېتىنى بېرىۋەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى هېچ-
كىم بىلمەي قالدى.

شۇ ئىش بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مەلىكە ئۇن - تىنسىز
يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەلنىياز
بىلسىمۇ جۇماخۇن بىلمەيتتى. مەلىكە يوقاپ كېتىپ ئۈچ كۈندىن
كېيىن جۇماخۇن خۇددى كۆسىغا چۈشكەن ئىتتەك ئالدى -
كەينىگە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاكىسىدىن مەلىكە نەگە
كەتتى، دەپ سوراشنى بەك بىئەپ كۆرەتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ
كۆزلىرىدىن بۇرۇن كۆرمىگەن غەيرىي بىر نۇرنى كۆرۈپ قالدى.
ئاكىسى يېقىندىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغان بولىۋالغا-
نىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاكىسىدىن مەلىكەنىڭ دېرىكىنى قىلىشقا
مەجبۇر بولدى.

— ئاكا، ئاۋۇ، — جۇماخۇن گېپىنى تاپالمايۋاتقان ئادەم-
دەك بېشىنى قاشلىدى، — ئاۋۇ... مەلىكە يەڭگەم نەگە كەتتى.

ئەلنىيازنىڭ كۆزلىرى ئوقتەك ئېتىلدى. جۇماخۇننىڭ ۋۇ-
جۇدى ئوق زەربىسىدىن تىترىگەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇ-





رۇشقا ئامال قىلالمىدى.

— خوتۇن مېنىڭ تۇرسا، سەن ئۇنى سوراپ نېمە قىلماقچى-
دىڭ؟ سەنمۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولدۇڭمۇ، هۇ هايۋان.

ئەلنىياز باشقا گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. جۇما-
خۇن ئۈچۈن جاهان قاراڭغۇلىشىپ يەنە يورۇدى. جۇماخۇننىڭ
زەئىپ روهى سەل ئويغانغاندەك بولدى.

ئاپلا، ئاكام ھەممىنى بىلىپ بولۇپتىكەن - دە، دېمەك،
مەلىكەنى ئۇ ھەيدىۋېتىپتۇ.

ئېرىق بويىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا گازىر چېقىپ ئولتۇرغان
چوكانلار كونا غەيۋەتلىرىدىن زېرىككەنىدى. بۇ چوكانلار يېڭىراق
غەيۋەت تاپالماي خۇمارى تۇتۇپ بولالماي قېلىۋاتاتتى. مەلىكەنىڭ
يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ غەيۋەت خۇمارىنى بېسىقتۇرۇشقا ياخ-
شى ئەرمەك بولۇپ بەردى.

— ھەي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەلىكە سەتەڭ يوقاپ كېتىپتۇ.

— ۋاي مەن ئۇنى تېخى تۈنۈگۈنلا كۆردۈمغۇ.

— ئۆتەپ باراۋۇي، قونچاق، يوقاپ كەتكىنىگە بۈگۈن توپ-
توغرا ئون بەش كۈن بولۇپتۇ، تۈنۈگۈن سەن ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى
كۆرمىگەنسەن، گەپنى بىر چايناپ بېقىپ قىلە، ئاغزىمغا كەلدى
دەپ كوتۇلداۋەرمەي، — چىمەن ۋىت - ۋىت خەلچەم قونچاقنى
سىلكىشلىدى.

— نېمە دەپ يوقاپ كېتىپتۇ؟ ئۇنداق بولسا گېپىڭنى ئو-
چۇق بىر قىلمامسەن ۋىت - ۋىت. ئىش قىلىپ مەن ئۇنى تېخى
يېقىندىلا كۆرگەندەك قىلغانتىمغۇ.

— ئاز گەپ قىلە، قونچاق، ئۇنداق بولغاندىكىن غىت قى-
سىپ مەن دېگەن گەپنى ئاڭلىمامسەن؟

— ئەمىسە گەپ قىلە، سەنغۇ بۇ ليەندىكى ھەممە ئىشنى
بىلىسەن، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ پال سالامسەنكىن تاڭ.

— هېلىقى ئۆتكەنكى ئىشىڭنى ئېرىڭگە دەپ قويمىغىنىمغا

بىر خۇش بولە.

— تولا مەن بىلەن قالماي گېپىڭنى بىر قىلە.

— ئەمىسە بىردەم ئاغزىمنى غىرىچلىماي ئولتۇر، ھەي ئاۋۇ مەلىكەچۇ بوۋىسىدەك ئەلنىياز قېرىغا تېگىۋالغىنى بىلەن ئويۇننى جۇماخۇن بىلەن ئوينىغان گەپكەن.

— ۋىيىيەي، ھېلىقى چوقۇر يۈز، چېقىر كۆز كالا بىلەنمۇ؟ ئۇنىڭدىن ئەلنىيازكام تۈزۈكرەك.

— قايسىسىنىڭ تۈزۈكلۈكىنى تارازىغا سېلىپ باقمىغاندىن كېيىن سەن نېمە بىلىسەن، ئۇنى مەلىكە سەتەڭ بىلمەي قالارمۇ؟ يائاللا گەپنى ئەجەب بىر قولاشتۇرمىدىڭلار. ئاۋۇ جۇماخۇنمۇ تەييار سۆڭەككە ئۇچراپ قالغان ئىتتەك مەلىكەنىڭ يىلىكىنى تازا شوراپتۇ.

— مەلىكە جۇماخۇننىڭ يىلىكىنى شورىغاندۇ؟

— ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭكىنى شورىغان گەپ، ئوبدان بىلىدىغانسەن قانداق شورايدىغىنىنى، گەپ قىلما دېگەنسىرى نېمانداق تولا گەپ قىلىدۇ ماۋۇ قونچاق.

— ئەلنىيازكام ئاشلىق ئامبىرىغا كەتكەندە ئۇ ئىككىسى ئەر - خوتۇن بولۇشۇۋاپتىكەن. ئەلنىيازكام ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، مەلىكەنى تالاق، جۇماخۇننى ئاختا قىلىۋېتىپتۇ.

— مەلىكەنى تالاق قىلىۋەتكىنىغۇ بوپتۇ. بىراق، جۇماخۇننى ئاختا قىلىۋەتكىنى بولماپتۇ. ئۇنداقمۇ قىلمىغاندۇ؟

— يائاللا، ماۋۇ قونچاقنىڭ ئەنسىرەپ كەتكىنىنى، ئىشەنمىسەڭ بېرىپ سىناپ باقامسەن - يا.

— ھەي مەلىكە سەتەڭنى ئەلنىيازكامنىڭ بىر كوزا ئالتۇننى ئېلىپ قېچىپتۇ دەيدۇ، راستمۇ؟

— توۋا دېگىنە، ئۇ قەلەندەر قېرىدا بىر كوزا ئالتۇن نېمە قىلىدۇ.

چوكانلارنىڭ قانداق پەرەز قىلىشىدىن قەتئىينەزەر مەلىكە





شۇ كەتكىنىچە يوقاپ كەتتى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي ئەلنىياز تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئەلنىيازنىڭ نەزىر - چىراقلىرىدىن كېيىن جۇماخۇن ئاشۇ ھويلىدا تەنھا قالدى. ئۇ خۇددى قوتاندا يالغۇز قالغان كالىدەك پۇشۇلداپ ئۇنسىز ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئاكىسىدىن ئايرىلدى. ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يۇرتقا خەۋەر قىلغان بولسىمۇ يۇرتتىن بىرەر ئادەم كېلىپ قويمىدى. ئۇ ئەمدى ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىغان، خۇشى تۇتقان چاغلاردا ئاز - تولا ھاراق ئىچىدىغان بولىۋالدى. ئۇ بىر قېتىم تۇراخۇن دۇكانچىنىڭ دۇكىنىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ كىرىپ، ئۆيىنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ ئۆزى يالغۇز بىر بوتۇلكا ھاراقنىڭ ھەممىنى ئىچىپ بولدى. ئۇ ھېچ مەست بولىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇڭا، ئۇ تۇراخۇن دۇكانچىنىڭكىگە بېرىپ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكېلىپ ئىچتى. بۇ بوتۇلكىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ بولغاندا، جۇماخۇن بەكلا مەست بولۇپ كەتتى. ئاكىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى. جۇماخۇن شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئالدىدا قىلغان جىنايىتىدىن ئازابلاندى. ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلىدى. ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى قانداق جازالاشنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تىپىرلاپ كەتتى. ئاخىرقى يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى بوتۇلكىسى بىلەنلا غوتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇ قۇرۇقدالغان بوتۇلكا بىلەن ئۆزىنىڭ جان يېرىگە كۈچەپ تۇرۇپ نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى - دە، ئاغرىققا چىدىيالماي قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

## 12

جۇماخۇن روزىگۈل بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن مەلىكە سەتەڭ بىلەن قىلغان ئاشۇ لەززەتلىك ئىشنى قىلماقچى بولغان بولسىمۇ پەقەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل ئەرلىك ئىستەك قېنىغا پاتماي تاشقىنلاۋاتقاندەك قىلاتتىيۇ،

بىراق ئاشۇ ئىستەكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەدىنى پەقەت يار بەرمەيتتى. بۇ خىل روھىي ھالەت جۇماخۇننى ناھايىتى ئازابلايتتى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلايتتى، مۇشتلايتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا خۇددى سارالڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك خۇدادىن ئۆز گۇناھىنى كەچۈرۈشنى تىلەيتتى. ئادەمنىڭ يۈرەك باغرىنى ئەزگۈدەك ھۆكرەپ يىغلايتتى... ئۇنىڭ بۇ خىل قىلىقلىرى جۇماخۇن ئۇچۇنلا ئەمەس روزىگۇل ئۇچۇنمۇ ئېغىر ئازاب ئىدى. جۇماخۇننىڭ بۇ خىل ئۇرۇنۇشلىرى بىر مەزگىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە تەن بەرگەندەك قىلاتتى. كېيىن ئۇ روزىگۇل بىلەن كارى بولماي خورۇلداپ ئۇخلايدىغان بولىۋالدى، بىراق روزىگۇلنى مەھەللىدىكى ھېچكىم بىلەن ئارىلاشتۇرمايتتى، ئورۇنسىزلا كۇنلەيتتى. روزىگۇلنى ئادەم بار - يوق دېمەي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. بىر كۇنى روزىگۇل ئۆستەڭدىن سۇ ئەكىرىپ ئىدىشنى تولدۇرۇۋاتقاندا، ئۆستەڭنىڭ قارشى قىرغىقىدا بىر توپ ئەرلەر ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئېتىزغا كېتىۋاتاتتى. ئۇلار نېمىشقىدۇ پاراققىدە كۇلۇشتى، روزىگۇل ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇلارغا قاراپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان جۇماخۇن روزىگۇلنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى.

— ھەي، قانجۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاشنالڭ باردەك قارايسەنغۇ.

ھېلىقى بىر توپ ئەر جۇماخۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كېتىۋاتقان يولىدىن توختاپ، جۇماخۇن تەرەپكە قارىدى. ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىكى كامىل گىرى ئابلىمىت گۇلدۇرلەر جۇماخۇننى تېرىكتۇردى.

— ھەي، گىجىڭ، خوتۇنۇڭ بىزگە قارىسا نېمە بوپتۇ، سېنىڭ قارىغۇدەك يېرىڭ بولمىغاندىن كېيىن بىزگە بولسىمۇ قارىۋالسۇن، ھېلىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئايال سەندەك بەتبەشرە





گىجىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىغا خۇش بولە. مەن خوتۇن كىشى بولغان بولسام سەندەك گىجىڭغا خوتۇن بولغۇچە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالاتتىم.

جۇماخۇننىڭ يەنە گىجىڭلىقى تۇتتى. كامىل گىرىنىڭ چاقچىقى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتقانىدى، شۇڭا ئۇ ھويلىغا ئۈن - تىنسىز كىرىپ كېتىۋاتقان روزىگۇلنىڭ بىلەكتەك ئۇزۇن چېچىدىن تارتىپ، يىقىتىپ دەسسەپ ئۇرۇپ كەتتى. روزىگۇل خىجىل بولغانلىقىدىن «ۋايجان» دېيىشكىمۇ پېتىنالمىدى. جۇماخۇننىڭ روزىگۇلنى ئورۇنسىز ئۇرىدىغان ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ روزىگۇلنى لىيەندىكى ھەممىلا ئادەمدىن، ھەتتا نىياز كاللەكنىڭ ئون ئىككى ياشلىق ئوغلىدىنمۇ كۇنلەشتىن يانمايتتى. كېيىنچە ئۇ ھاراقنى تېخىمۇ كۆپ ئىچىدىغان بولىۋالدى. ئۇ ھەدېسە لىيەندىكى بىردىنبىر دۇكان تۇراخۇننىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئىچەرمەنلەر بىلەن بىر نەچچە رومكا ئىچىپ قويىدىغان بولدى. باشتا ئىچەرمەنلەر ئادەمگە ئارىلاشمايدىغان بۇ «گىجىڭ»نى چەتكە قاققان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىۋالدى. جۇماخۇنغا بىر نەچچە رومكا ئىچكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن كامىل گىرى قاتارلىقلار ئۇنى قەستەن تېرىكتۇرۇپ ئوينايتتى.

— جۇماخۇن، سىلەرنىڭ يۇرتتا ئەرنىڭ تايىنى يوق ئوخشىمامدۇ، ساڭا ئوخشاش سەت گىجىڭغا روزىگۇلگە ئوخشاش چىرايلىق قىزنى چېتىپ قويغانغا قارىغاندا، — ئەتراپتىكىلەر كامىل گىرىغا دوست تارتىپ جۇماخۇننى تېخىمۇ تېرىكتۇرەتتى.

— جۇماخۇن، روزىگۇلنى تېخى قىز دەيدىغۇ، ئۇنى ئاياپ تىغ تەگكۈزمىدىڭمۇ ياكى تەگكۈزگۈدەك تىغ يوقمۇ؟

— ھەي، جۇماخۇن، خوتۇنۇڭنى ماختاپ قويساق باشقىچە ئويلاپ قالما، خوتۇنۇڭ ئالامەت چىرايلىق خوتۇن جۇمۇ، ھەي ... ئاشۇنداق خوتۇنلار بىلەن... چىك، چىك، چىك، — كامىل

گىرى مەيدىسىنى تۇتۇپ ئاغزىنى چىكىلداتتى.

— ھەي، گىرى، خەقنىڭ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلغۇچە ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىنىڭ گېپىنى قىلە، خوتۇنۇڭ سەمرىپ ماڭالماي قاپتۇ، يا ئېتىزلىقتا چىقمايدىكەن، يا ئۆيدە تۈزۈك تاماق ئەتمەيدىكەن، ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنىنى سوقۇم قىلىپ، تۇزلاپ قىشچە يەمسەن يا، — كامىل گىرى بىلەن تولا ئېيتىشىدىغان ئالىم دۇمبا گەپ ئارىلىدى.

— ھەي، دۇمبا سەن خوتۇن خەقنىڭ قايسىسىنىڭ نوچىلىقىنى بىلەمسەن، ئۆيگە كىرسە ۋاتىلداپ، تالاغا چىقسا غىتىلداپ يۈرگەننىڭ ھەممىسىنى خوتۇن دېگىلى بولمايدۇ. روزىگۈلنىڭ ئاشۇ قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالسام، دەيمەن.

جۇماخۇن بۇنداق چاقچاقلارغا باشتا تېرىكتى، كامىل گىرى روزىگۈلنىڭ چېچىنى بەك تولا ماختاپ كەتكەچكە، بىر كۈنى كېچىدە روزىگۈلنىڭ چېچىنى كېسىۋەتتى. يەنە بىرنەچچە قېتىم «سېنىڭ كامىل گىرى بىلەن نېمە چاتىقىڭ بار» دەپ ئۇرۇپ، دۇمبالىدى.

جۇماخۇننىڭ بۇنداق كۈنلەش، دۇمبالاشلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. جۇماخۇن روزىگۈل بىلەن توي قىلىپ بىر يىلدىن ئاشقاندىن كېيىن ئۇنى ئۆيگىمۇ سولاپ قويمايدىغان، ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئۇرۇنسىز تىللاپ، تالايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلمايدىغان بولدى. ئۇ ئېتىزدا، خاماندا ئىشلەپ چارچىغاندىن كېيىن تۇراخۇننىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالار بىلەن ھاراقلا ئىچىدىغان بولدى. بەزىدە تېخى نەشىمۇ چېكىپ قوياتتى. ھاراق ۋە نەشە ئۇنىڭغا چەكسىز ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئىچسە، ئىچسە ئىچكۈسى كېلەتتى. چەكسە - چەككۈسى كېلەتتى. ئۇ يېرىم كېچىلەرگىچە تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدىن كەلمەيدىغان بولدى. ئەمدى كۈنلەر روزىگۈل ئۈچۈن تېخىمۇ زېرىكىشلىك ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ قوشنىسى بۇۋى ئايشەم مومىنىڭ ئۆيىگە چە-





قىسىپ، ھال - مۇڭ بولۇپ كىرگەندىن باشقا ۋاقىتلىرىنى ئۆيدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم يۇرتىغا قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، بىراق، يۇرتىغا بارسىمۇ قارىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىپ بولغانلىقىنى، ئۇ يۇرتتىن چىققىدىغان چاغدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋە چولپانخان مومىسىنىڭ ئۇنىڭغا قايتا - قايتا تاپىلىغان گەپلىرىنى ئويلاپ، نىيىتىدىن ياندى.

كېيىنكى چاغلاردا جۇماخۇن تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا ھاراق ئىچكەندىن باشقا ئەيسا كاسسىرنى باشلاپ كىرىپ، ئۆيدە ھاراق ئىچىدىغان بولدى. بەزى چاغلاردا ئۇلار بىلەن بىللە كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالارمۇ كىرەتتى. ھاراق جۇماخۇننىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا روزىگۈلنى كۈنلەيدىغان خىيال ۋە ۋىجدانمۇ يوقاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مىجەزى تۇرۇپ - تۇرۇپلا پەيدا بولۇپمۇ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ ئۆيدە بىللە ئولپەت بولۇپ ئولتۇرغان كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبانى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى. ئۇ ئەيسا كاسسىرغا كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمباغا تەگكەندەك قوپال تېگەلمەيتتى. ئەيسا كاسسىر لىيەندە ئادىل لىيەنجاڭدىن قالسىلا ئىككىنچى دەرىجىلىك شەخس ئىدى. ئۇ خالىسا لىيەندىكىلەرنىڭ ھېساباتىنى ئوڭ - تەتۈر قىلىۋېتەلەيتتى. گەرچە لىيەننىڭ بوغالتىرى ئايرىم بولسىمۇ، ئۇ ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن تىلنى بىرىكتۈرۈپ، بوغالتىرنى قۇرۇق جازىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. يۇقىرىدىن لىيەننىڭ ھېسابىنى ئېنىقلاشقا ئادەم كەلگەن چاغدىلا ئۇلار بوغالتىرنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى ھېساباتقا ئانچە ئارىلاشمىغان كىشىدەك بولىۋالاتتى. لىيەننىڭ بوغالتىرىمۇ خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن ئەيسا كاسسىرنىڭ دېگىنىدەك قىلاتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى جۇماخۇننىڭ دېھقانچىلىقتىكى بەزى ئوڭ - تەتۈر ھېساباتلىرىنى جۆن-

دەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇماخۇن يېنىدا پۇل قالمىغان چاغلىرىدا ئەيسا كاسسىردىن قورقماي سوراپ ئالالايتتى. بەزى چاغلاردا كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبا چاقچاق بىلەن ئەيسا كاسسىرنىڭ چىشىغا تېگەتتى. كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبا گەپكە ئۇستا بولغاچقا، تولا چاغلاردا ئەيسا كاسسىرنى گەپتە يېڭىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلى ئەيسا كاسسىرغا مايىل بولۇپ قالغان جۇماخۇن، ئەيسا كاسسىرغا يان باسماقچى بولۇپ، بىر نېمىلەرنى دەپ تۈتۈتلەپ باقسىمۇ، پەقەت قاملاشمايتتى. شۇڭا ئۇ گىجىڭلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى. روزىگۈلمۇ كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبانىڭ ئۆيگە كېلىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن كەيپچىلىكتە چىققان تىل - ئاھانەتلەرگە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كامىل گىرى ئۆزلىرىگە چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان روزىگۈلنىڭ پۇتىنىڭ ئۇچىدىن بېشىنىڭ چوققىسىغىچە خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك قاراپ، شالىنى ئېقىتاتتى. ئادەم بار - يوق دېمەي، روزىگۈلگە تېتىقسىز چاقچاقلارنى قىلىۋېرەتتى. كامىل گىرىنىڭ دەستىدىن نەچچە قېتىم تاياق يېگەن روزىگۈل ئۇنى بەك ئۆچ كۆرۈپ كەتكەنىدى. ھەممە ئەرلەرنىڭ خىيالى سورۇندا بولسا ئۇنىڭ خىيالى روزىگۈلدە ئىدى. ئەيسا كاسسىر ئادەتتە كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالار بىلەن ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئادىل لىيەنجاڭلار بىلەن ئوينايدىغان سورۇنى ئايرىم ئىدى. بىراق، ئەيسا كاسسىر ئاللىقانداقتۇر مەقسەتلەر بىلەن ئۇلار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ جۇماخۇن بىلەن يالغۇز ئارىلىشىپ يۈرۈشنى بىئەپ كۆرگەنىدى. ئۇ لىيەننىڭ ئەڭ چىرايلىق قىز - چوكانلىرىغا كۆز تاشلاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ روزىگۈلگە كۆز سېلىپ شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرەتتى، ئەنە ئاشۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھاراق ئىچىش باھانىسى





بىلەن جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە كىرىۋاتاتتى. كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبانى بىللە ئېلىۋېلىشتىكى مەقسەت، بۇ ئۆيگە يالغۇز كىرىشتىن خۇدۇكسىرىگەنلىكىدىن ئىدى.

ئۇلار بۈگۈنمۇ تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا قولىقى مىدىرلىغۇدەك ئىچىپ، كەيپى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىشتى، ئەيسا تۇراخۇندىن ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئېلىۋالدى. ھاراققا نەپسى قانمايۋاتقان كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبا، ئەيسا كاسسىر ئالغان ئىككى بوتۇلكا ھاراقنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

روزىگۈل ئۇلارغا سورۇن راسلاپ بەردى. لازا، پەمىدۇردا ئىككى تەخسە خام سەي تەييارلاپ سىركايلارغا ئاچچىق دەملەنگەن چاينى قۇيدى. جۇماخۇننىڭ ئاچچىق موخۇركىسىدىن بىر تەخسە ئەكېلىپ قويدى. بۇ يەردىكى ئىچەرمەنلەر ئۈچۈن بۇمۇ ئالاھىدە سورۇن ھېسابلىناتتى. ھاراققا ئامراق كامىل گىرى ھېچكىمنىڭ رۇخسىتىنى ئالمايلا ساقىلىقنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى.

— ئۆي جۇماخۇننىڭ بولغان بىلەن دېدى ئۇ ئۆزى يېرىم سىركاي ھاراقنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، — ھاراقنى ئەيسا كاسسىر ئالدى، شۇڭا ئەيسا كاسسىر مانا ماۋۇ بىر سىركاي ھاراقنى ئىچىۋېتىدۇ. ئۇ ھاراق بىلەن سىركاينى يېرىملاشتۇردى.

— ھەي، گىرى، جىق قۇيۇۋەتتىڭ، بۇنداق جىق ھاراقنى مەن ئىچەلمەيمەن، — ئادەتتىمۇ ھاراققا ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ئەيسا كاسسىر كامىل گىرىنىڭ ھاراق تەڭلىگەن قولىنى ئىتتەردى.

— ۋاي، ۋۇي، ھازىر مەنمۇ ئىچتىمغۇ، مانا ماۋۇ تۇنجىسى، مانى گەپ قىلماي ئىچىۋېتىپ، گەپ بولسا بۇداقىسىدا بىر نېمە دېيىشەمدۇق... ئۆزىڭىزنىڭ ھارىقىنى ئۆزىڭىز باشلاپ بەرمىسىڭىز باشقىلار قانداق ئىچىدۇ.

ئەيسا كاسسىر كامىل گىرى بىلەن تاكاللىشىپ يۈرۈشنىڭ ئانچە پايدىسى يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق چاغدا گىرىلىكى تۇتسا ھەرقانداق ئادەمنى دېگىنىگە كۆندۈرىدۇ. ئۇنىڭدا يېڭىلمەس گىرىلىكتىن باشقا ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئىنىسى بولۇشتەك ئالاھىدە ئىمتىيازمۇ بار. شۇڭا، ئەيسا كاسسىرمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاسان رەت قىلالمايدۇ. ئۇ چىرايلىقچە باھانە كۆرسىتىشكە باشلىدى.

— ھەي، گىرى، بايا تۇراخۇننىڭكىدىمۇ ئاز ئىچمىدۇق، ئەمدى بۇنداق جىق ئىچىۋالماي، ئاز - ئاز قويۇپ ئىچمەمدۇق.

— ۋاي، ۋوي، تۇراخۇننىڭكىدە ئىچكەننىڭ گېپىنى بۇ يەردە قىلمايمىز، ئۇ دېگەن تۇراخۇننىڭ دۇكىنى، بۇ دېگەن جۇماخۇننىڭ ئۆيى، ئىككىسى قانداق ئوخشايدۇ.

ئەمدى ئەيسا كاسسىر ئامالسىزلىقتىن سىركايىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ھاراققا كۆڭلى تارتمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا نەرسىگە تارتىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئىچمەي بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. ھاراق بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن گەپمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى. كامىل گىرى باشلانغۇچىنىڭ 4 - يىللىقىغىچە ئوقۇغىنىغا قارىماي، گەپنى ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىن قىلاتتى. ئۇ ئەپقاچتى گەپلەرنى ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە خەۋىرى يوق ئادەملەر ئۇنى بىلمەيدىغىنى يوق دانىشمەنمىكىن دەپ قالاتتى. ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقاندا ئۇنىڭ خەلقئارا ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك چاقچاقسىمان گەپلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. باشقىلارمۇ كامىل گىرىنى ئانچە ياقتۇرمىغان بىلەن ئۇنىڭ كۈلكىلىك لاپلىرىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. كامىل گىرى يېرىم - يېرىمدىن ئۈچ سىركاي ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خۇددى ھازىرلا ئامېرىكىدىن كەلگەندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي بالىلار، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ كارامەت ئادەمگەر-





چىلىكى بارئىكەن جۇمۇ، ئادەمگەرچىلىك دېگەن ئەنە ئاشۇ يەردە بار ئىكەن. ئۇ يەردە بارغۇ مېھمانلار ئىچسۇن دەپ نەچچە خىل ھاراقنى داستىخاننىڭ ئۈستىگە قاتار تىزىپ قويىدىكەن، ساقىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئىش يوق ئىكەن. ھاراقنىڭ قاندىقىنى ئىچكۈڭ كەلسە شۇندىقىنى ئۆزۈڭ قويۇپ ئىچىۋېرىدىكەنسەن، ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭىمۇ ئالامەت ئىچەرمەنىكەن، بولمىسا ئۇنى بىر مەھەللىنىڭ ئىمامىنىڭ ئوغلى دەيدۇ (كامىل گىرى ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنى مۇسۇلمان دەپ ئويلايتتى)، ئىچسىغۇ مەيلى، ئەمما كاساپەت نەشىنىڭ شۇنداق نوچىسىنى چېكىدىكەن، بىزگە ئوخشاش گېزىت قەغىزىگە ئوراپ چېكىدىغان ئىش يوق ئىكەن. قاپاقتا چېكىدىكەن قاپاقتا، ھېلىقى قاپاقنى كۆرىدىغان بولساڭ ئاغزىڭغا سېرىق سۇ يىغىلىدۇ جۇمۇ، ساپسېرىق پارقىراپ تۇرىدۇ. ھەي، ھەي، ئاشۇنداق نەشىدىن ئىككىنى شورىۋالىدىغان بولساڭ، چىك، چىك، چىك ...— كامىل گىرى ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ئاغزىنى چېكىلداتتى، — جەننەتنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرسەن - دە.

— مەن بار يەردە، باشقا گەپنى قىلىشساڭ قىلىش، مۇشۇ نەشە دېگەننىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولۇشما، ئەيسا كاسسىر كامىل گىرىنىڭ گېپىنى بۆلدى. ئەيسا كاسسىر سورۇننىڭ چېكەرمەنلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ كامىل گىرى، ئالىم دۇمبا دېگەنلەر ھاراق ئىچكەننى ئاز دەپ بولۇڭ - پۇشقاقلاردا نەشىنىمۇ چېكىۋېرەتتى.

— ئۇنداق بولسا ھاراقنى تېزرەك ماڭدۇرۇشامسەن! — ئالىم دۇمبا كامىل گىرىغا گۆلەيدى، خەققە گەپ قىلىپ بەردىم دەپ ھاراقنىڭ ھەممىنى ئۆزۈڭ ئىچكىلى تۇردىڭغۇ.

— ھەي، تويمايدىغان دۇمبا، ئىچە قېنى مانى، — كامىل گىرى ھاراقنى سىركايغا ئادەتتىكىدىن جىقراق قويۇپ، ئالىم دۇمباغا تەڭلىدى.

— بۇ يەرگە بارغۇ گۆرۈڭ - گۆرۈڭ پاراڭلاشقىلى كىر-
دۇق، ھاراق ئىچىپ ئۆلۈۋالغىلى كىرمىدۇق.
— سەنچە ھاراقنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭ ئىچسەڭ، بىز سې-
نىڭ قۇرۇق گېپىڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرساق بولىدىكەن - دە، —
ئالىم دۇمبا قولىغا ئالغان ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ قېقى-
لىپ كەتكەندىن كېيىن شۇنداق دېدى.
جۇماخۇن چۈۋۈلۈپ كەتكەن موخۇركىسىنى قايتا نەمدىگەن-
دىن كېيىن قاتتىق - قاتتىق شورىۋېتىپ پەگاغا تاشلىدى. ئۇ
ئانچە - مۇنچە كۆزىنى ئېچىپ قويغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇخلاۋا-
تاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا بۇ سورۇن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى
يوق ئادەمدەك ئاللا كىملەرگىدۇر ئۇندەرەپ بىرنەرسە دەۋاتاتتى.
سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى، جۇماخۇن-
نىڭ گېپىنىڭ ئايىغى خورەككە ئايلىنىپ كېتەتتى. ئەيسا كاس-
سىر ھاراق ئىچكەندەك قىلىپ قويغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ھاراقنى
ئۇدۇللۇق ئالدىدىكى سىركايغا چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە باش-
قىچە چوت سوقۇۋاتاتتى. ئارىلىقتا روزىگۈل كىرىپ، ئۇلارنىڭ
چايلىرىنى يەڭگۈشلەپ قويدى. روزىگۈلنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ
كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرى
ئەيسا كاسسىرنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئوينىتىۋەتتى. چاي تەڭلى-
گەن چاغدا روزىگۈلنىڭ قولى ئەيسا كاسسىرنىڭ قولىغا تېگىپ
كەتتى. ئەيسا كاسسىر روزىگۈلنىڭ قولىدىن ئۆتكەن كىچىككىنە
ھارارەتتىن ئالەمچە لەززەتنى سەزدى. جۇماخۇن مەست بولۇپ
قېيسىپ ئۇخلاشقا باشلىدى. گىرى بىلەن دۇمبا ئۇخلايدىغان-
دەك قىلمايتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ تاقىتى تاق بولدى. بۈگۈن
ئۇ ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن مەقسىتىگە يەتمەكچى
ئىدى. روزىگۈلمۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدىن،
مەنىلىك بېقىشلىرىدىن بىر نەرسىنى سېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ
كۆڭلىدىمۇ ئەيسا كاسسىرغا نىسبەتەن بىر خىل مايىللىق پەيدا





بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ جۇماخۇندىن بەك قورقۇپ كەتكەن بولغاچ-
قا ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى.
روزىگۈل ھاراق ئىچىۋاتقان ئەرلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى بى-
ئەپ كۆرۈپ تالاغا چىقىۋالدى. ئۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ بۈگۈنكى
قاراشلىرىنىڭ تېخىمۇ باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئۆز -
ئۆزىگە پىچىرلىدى:
— توۋا، ئەيسا كاسسىرنىڭ كۆزلىرى، كۈلۈشلىرى، ئا-
دەمگە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى قارىغا نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ، ئۇنى
كۆرسەم نېمە دەپ خۇددى قارىنى كۆرگەندەك يۈرەكلىرىم سېلىپ
ھالسىزلىنىپ كېتىدىغاندىمەن، توۋا، توۋا، ئۇنى نېمىشقا قارىغا
ئوخشىتىمەن. روزىگۈلدە بۇ خىل تۇيغۇ پەيدا بولغىلى خېلى
ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى ئەيسا كاسسىرنى كۆرۈشكە
تەشنا بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەيسا كاسسىرمۇ بۇ ئۆيگە تولا
كېلىدىغان بولۇپ قالدى، بىراق...
كەچ سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقان بولسىمۇ ئولتۇرۇش
تېخى تۈگىمىگەنىدى. ھاراق تۈگەپ ئارىلىقتا ئالىم دۇمبا تالاغا
چىقىپ كېتىپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بىر بوتۇلكا ھاراق تېپىپ
كىردى. ئۇ خۇددى يوغان نەرسە ئەكىرگەندەك «مەن ھەر قانداق
چاغدا ھاراق تاپالايمەن» دېگەن مەزمۇندا خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلە-
دى. دېمىسىمۇ بۇ لېيەندە تۇراخۇن دۇكىنىنى ئېتىۋەتكەندىن
كېيىن ھاراق تېپىش مۇشكۈل ئىدى.
ھاراق تازا تۇتۇپ گىرىلىكى پەللىگە يەتكەن كامىل گىرى
باشقىلارنىڭ ئاڭلاش - ئاڭلىماسلىقى بىلەن كارى يوق ھەدېسىلا
ئۆزى توقۇپ چىققان كوچا خەۋەرلىرىنى خۇددى قۇرۇلتايدا
سۆزلەۋاتقان ناتىقتەك قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆپچۈپ
سۆزلەۋاتاتتى.
— ھەرقايسىڭ ئامېرىكىغا بېرىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئامېرى-
كىنىڭ زۇڭتۇڭى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ خام خىيال قىلىشما،

بىراق، ئاكاڭ قارىغاي ئامېرىكىغا بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن نەچچە
سورۇندا بىللە بولغان، ھەي ماۋۇ يۇگوسلاۋىيىنىڭ تىنتوسىنى
بىلىسىلەرغۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن كۆڭلىمىز يېقىن ئىدى.
قانداق دوست بولۇپ قالغان دەمسەن، بۇغۇ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدى-
كى ئىش، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مەن شۇ چاغدا ماۋۇ قارىسۇ
بويىدىكى قومۇشلۇقنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئالدىدىكى بوش يەرگە
تاۋۇز تېرىغان، تاۋۇزنىڭغۇ گېپىنى قىلماي تۇراي، ئەمما شۇ
يىلى قومۇش ئالامەت پۇل بولۇپ كەتكەنتى جۇمۇ، تاۋۇزنىغۇ
قومۇش ئالغىلى كەلگەنلەرگە بىكارغىلا يېگۈزۈۋەتتىم. قومۇش
تۈگەپ، ئۆزۈم ئىشلىتەرمەن دەپ يىگىرمە باغدەك قومۇشنى ئەپ
قويۇپتىكەنمەن. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئاشۇ تىنتو دېگەن ئاداش
بىر ئېشەك ھارۋا بىلەنلا كېلىپ، — ئۆي سېلىۋاتاتتىم، ھېچ
يەردىن قومۇش تاپالمىدىم، ئاڭلىسام سىزدە بار دېدى، شۇڭا
كېلىشىم، مېنى تونۇغانسىز، — دېدى ئۇ قولۇمنى سىقىپ،
ئۇنى مەن كىنولاردا تولا كۆرگەچكە تونۇپ قالدىم.

— ھە سىز تىنتوغۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ
تۇرۇپ — مېنى سىز قانداق تونۇيسىز، — دەپ سورىدىم مەنمۇ
قايتۇرۇپ.

— كامىل دېسە، بولدىلا لەقىمىڭىز بىلەن دەۋېرەي كامىل
گىرى دېسە سىزنى كىم تونۇمايدۇ.

— يائاللا، مېنى خەلقئارادىمۇ گىرى دەمدىكەن؟ قارىغاندا
پېقىر خەلقئاراغا تونۇلغان گىرى بولۇپ كېتىپتىمەن - دە، يا
ئاللا، بىزنىڭ مۇشۇ دۆلەتتىكى چەت ئەلگە چىقىدىغان بەزى
ئاغىنىلەرمۇ ئاغزىنى يىغىشمايدۇ، دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى
چەت ئەلدە دەپ يۈرگەن، — كامىل گىرى بەك مەست بولۇپ
كەتكەن بولغاچقا ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ھوزۇرلىنىپ كۈلدى.

— قومۇشقۇ تۈگىگەن، بىراق ئۆزۈم ئىشلىتىمەن دەپ ئې-
لىپ قويغان ئازراق قومۇش بار، ئەگەر چىدىسىڭىز ئېلىڭ، مەن





ئۇنى ھەرگىز بازار نەرخى ساتمايمەن، ئەگەر چىدىمىسىڭىز ئۆزى-
ڭىزنىڭ ئىختىيارى.

— بۇ گېپىمنى ئاڭلىغان تىنتو سەل خاپا بولغاندەك قىلدى.
بىراق، ئۇ ئوغۇل بالىچىلىقى بار، مەرد نەرسە ئىكەن.

— باھاسىنى چىقىشۋالمىز، دېمىسىمۇ ھازىر قومۇشنى
ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدىكەن، — دەپ بىر كاللەك ئامېرىكا
دوللىرىنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇۋاتىدۇ، ئۇ چاغدا ئامېرىكا دوللى-
رىنىڭ قانداق پۇل ئىكەنلىكىنى تازا بىلمەيتتىم. ئەخمەقلىق
قىلىپ، ماڭا ئۆزىمىزنىڭ پۇلىنى بېرىڭ، بۇنى ئالمايمەن دەپ
تۇرۇۋالدىم، تىنتو كۈلۈپ كېتىپ، ھېلىقى بىر كاللەك ئامېرىكا
دوللىرىنى ئېلىپ سومكىسىغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزىمىزنىڭ
پۇلىدىن ئىككى كاللەك تاشلاپ قويدى. بۇ پۇل بەك جىق، دەپ
بىر كاللىكىنى قايتۇرسام، ئىللا - بىللا ئالغىلى ئۇنىمىدى. مەن
تازا پايدا ئالدىم، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، نەدىكىنى ئەسلىي مەن
ھېلىقى بىر كاللەك ئامېرىكا دوللىرىنى ئالغان بولسام، ئۆزى-
مىزنىڭ پۇلىدىن توققۇز كاللەككە تېگىشىۋالالايدىكەنمەن ئەمەس-
مۇ، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئالغاچ كەپتىكەن،
باشتا ئۇنى تازا ياراتماپتىمەن، قارىسام پېچەتى يوق پارچە ھاراق-
دەكلا قىلدى. شۇڭا گەپنى قىلىۋەردىم، — بىز جېنىمىزدا پارچە
ھاراقنى ئاغزىمىزغا ئالمايدىغان بولۇپ قالدۇق، سىلى تېخى
مۇشۇ پارچە ھاراقتىمۇ؟ تىنتو گېپىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ
مۇنداق دېگەنىدى:

— ھەي، سىلەرگە سوغۇق سۈنى پېچەتلەپ بەرسىمۇ نوچى
ھاراق دەپ ئىچىدىغان ئوخشىماسىلەر، ئاۋۋال ماۋۇ ھاراقنى
ئىچىپ بېقىپ گەپ قىلىڭلار، راست دېگەندەك ھېلىقى ھاراق
بارغۇ كارامەت نوچى ھاراقكەن جۇمۇ، كېيىن ئۇنى مۇشۇ نىياز
كاللەككام بىلەن بىر ئىچىپ قالدۇق، ئۇ كاللەكنى ئازراق ئىچ
دېسەم ئۇنىمايدۇ، بىر چاغدا قارىسام ئىشتان - كۆڭلەكنى سىلى-

ۋېتىپ، ئاندىن تۇغما بولىۋېلىپ ئۇسسۇل ئوينىماسما، توۋا دەپ ياقامنى تۇتۇپ قاپتىمەن، ھېلىمۇ ياخشى ئۆزىنىڭ ئۆيى بولۇپ قاپتىكەن، ئۆيگە سولاپلا تېشىدىن قۇلۇپ سېلىۋەتتىم... .

جۇماخۇننىڭ خورىكى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى. تاقىتى ـ تاق بولىۋاتقان ئەيسا كاسسىرنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇنىڭ خىيالى ھويلىدىكى روزىگۇلدە ئىدى. روزىگۇل ھويلىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە يۇلتۇزلارغا تىكىلەتتى. ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا چولپانخان موممىسىنى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. مەھەللىدىكى قىزلار بىلەن ئاغچايلام، تاش تەرمەك، قوشماق ئاداش ئويناپ ئۆتكەن ئاشۇ چاغلار نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك، نېمىدېگەن غۇبارسىز چاغلار ئىدى ھە. ئۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئاشۇ يۇلتۇزلارنى قارىلارمۇ كۆرۈۋاتقاندۇ ـ ھە، دەپ پىچىرلاپ قويدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا مۈگدەپ قالاتتى. ئارىلىقتا ئىككى قېتىم ئۇخلاپ قالدى. ئۇ جۇماخۇننىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ بولغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بىراق، مېھمانلار بار چاغدا يوتقانغا كىرىپ ئۇخلاشقا بولمايتتى.

— ھەي، گىرى، پو ئاتىدۇ دەپ قويسا، ئۇنچىۋالا ئەزۋەيلەپ كەتمە، قويۇپ بەرسە زۇڭتۇڭ، پۇڭتۇڭلاردىن چۇشىدىغان بوپسەنغۇ، سېنىڭ بىز خەقكە ھاراق قۇيۇپ بەرگەن ۋاقتىڭ بارمۇ؟ نىياز كاللەككامغا ھاراق قۇيۇپ بېرىپتىمىش تېخى، ماۋۇ جۇماخۇنلارنىڭ نىياز كاللەككاملار بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى مەن مېھمان قىلغان دېسەم، مېنىمۇ ئوبدانىراق مېھمان قىلىپ قويارمىكىن دەۋاتامسەن يا؟...

— ھەي، دۇمبا، سەن مېنىڭ ھارىقىمنى ئىچمىگەنمۇ؟ — كامىل گىرى قولىدىكى تاماكىنى تاشلىۋېتىپ، ئەيسا كاسسىرنىڭ ئالدىدىكى چاينى ئىچىپ سالدى ـ دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ «ھۆ» دەۋەتكەندىن كېيىن ئاغزىنى بۇزدى:





— ئاناڭنى... ماۋۇ سىركايغا ھاراق چىقىرىپ قويغان قايسىڭ، ئەسلىي ھاراقنى سىركايغا چىقىرىۋاتقان گەپكەن ـ دە، نېمانداق ھېچ نەرسە بولماي ئولتۇرىدىكىن دېسەم...

ئۇلارنىڭ غوۋغاسى خېلى ئۇزۇنغىچە بېسىقمىدى. بۇ غوۋغالارمۇ جۇماخۇننى ئويغىتالمىدى. ئەيسا كاسسىر كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبانى پەپىلەپ يۆرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن روزىگۇل ئۆينى خېلى ئۇزۇن يىغىشتۇردى. جۇماخۇننى ھەرقانچە تولاپمۇ ئويغىتالمىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بېشىغا ياستۇقتىن بىرنى قويۇپ، ئۈستىگە كۆرپە تاشلاپ قويدى. روزىگۇل ئۆزىنىڭ ئورنىنى سېلىپ بولغاندىن كېيىن ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تېخى ئەتمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ، دەرۋازىنى ئەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ئەيسا كاسسىر يېنىپ كىردى. ئۇنى كۆرگەن روزىگۇلنىڭ يۈرىكى سىلىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك چىرايى تاتىرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەندەك ئۇنسىز ئىڭرىدى. ئۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ يېنىپ كىرگەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەن ـ تېنىگە سىڭىپ كەتكەن بىر خىل قورقۇنچ ئۇنى ساراسىمىگە سالماقتا ئىدى.

— يائاللا، بۇ ھاراقكەشلەرنى، ئەجەب تەستە ماڭدۇردىما، جۇماخۇنكام ئويغانمىغاندۇ؟ — ئەيسا كاسسىر جۇماخۇننى تۇنجى قېتىم «جۇماخۇنكام» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن جۇماخۇننىڭ ئىسمىغا «كام»نى قېتىپ دەپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ جۇماخۇننىڭ ئۆزىدىن ئون نەچچە ياش چوڭلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇدۇللا جۇماخۇن دەۋېرەتتى. ئەيسا كاسسىرلا ئەمەس لىيەندىكى ئۇششاق باللارمۇ ئۇنى جۇماخۇنلا دەيتتى، خۇددى ئۇنىڭ مەڭگۈ ئاكىلىق سالاھىيىتى يوقتەك.

— ياق، — روزىگۇل پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

— سىزنىمۇ تازا ئاۋارە قىلدۇق، بۇ كامىلنى خەق گىرى،

گىرى دېسە نېمە دەيدىكىن دېسەم ئەسلىي ھەقىقىي گىرىكەن -
دە بۇ. ھەي لەقەم دېگەننى خىزىر قويىدۇ، دېگەن گەپ راست
جۇمۇ. — ئەيسا كاسىسىر ھويلىدىكى چۆگۈندە قولىنى يويغاچ
شۇنداق دېدى. روزىگۈل ئەيساغا لۆڭگە ئەكېلىپ بەردى. ئەيسا
كاسىسىر روزىگۈلنىڭ لۆڭگە تەڭلىگەن قولىنى لۆڭگە بىلەن قو-
شۇپلا ئۆزىگە تارتتى.
— ۋاي، بۇ، — روزىگۈل قولىنى تارتىۋالماقچى بولغان
بولسىمۇ قولىنى قاتتىقراق تارتىشقا ئامال قىلالمىدى. ئۇ ئۆزد-
نىڭ قانداق قىلىپ ئەيسا كاسىسىرنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالغانلى-
قىنى بىلەلمىدى. ئەيسا كاسىسىر ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈ-
كۈپ يۈرگەن بۇ ئارزۇسىغا بۇنداق تېز يېتەرمەن دەپ ئويلىمىغا-
نىدى. روزىگۈلدىن كېلىۋاتقان خۇشبۇي پۇراق ئۇنى مەست
قىلىۋەتتى.
— تاتلىقىم، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ھېلى-
مۇ سىزگە تەشنا بولۇپ يۈرگىنىمگە قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقى-
نى بىلەمسەن، — ئەيسا كاسىسىر بۈگۈن ئىچكەن ھاراقنىڭ كەي-
پى، روزىگۈلنىڭ جەزبىسى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ، بىردەم
روزىگۈلنى ماختىسا، بىردەم يالۋۇراتتى. بىردەم سەن دېسە،
بىردەم سىز دەيتتى.
— تېخى بۈگۈن تونۇشتۇقۇ، ئالدىرىماڭە، خۇدانىڭ كۈنلە-
رى كۆپقۇ تېخى، — روزىگۈل بىر خىل خاپا بولغان تەلەپپۇزدا
شىۋىرلىدى.
ئەيسا كاسىسىرنىڭ راست - يالغان قەلب ئىزھارى روزىگۈل-
گە قارىنىڭ باغدا قىلغان ۋەدىلىرىنى ئەسلەتتى. توۋا ئەرلەرنىڭ
ھەممىسى ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق يالغان
سۆزلەمدىغاندۇ؟ بۇ ئىككىسىنىڭ يالغان سۆزلەشلىرى نېمىدېگەن
ئوخشاش - ھە.
— جېنىم، بۈگۈنچە ماڭا چېقىلماڭ، بۈگۈن سىز مەست





بولۇپ قاپسىز، مەستلىكتە قىلغان ئىشنىڭ نېمە لەززىتى بار،
ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز خوتۇن بالىڭىز بار ئادەم، قىلغان ئىشىڭىز-
غا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولالماي قالسىڭىز بولمايدۇ.
روزىگۈل شۇ چاغدا خۇدىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ قاملاشمىغان
ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى بىلدىدە ئەيسا كاسىسىرنىڭ ئاستىدىن
يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.
— قويۇپ بېرىڭ، مېنى قويۇپ بېرىڭ!
ئۆزىڭىزچە مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز، بوپتۇ دەپ بەرسەم
ئادەمنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيۋاتىسىزغۇ، ئېشەكمۇ ئادەممۇسىز،
ئەمدى مېنى قويۇپ بەرمىسىڭىز، ۋارقىرايمەن، سىز مېنى زادى
نېمە قىلماقچى. لېكىن، ئەيسا كاسىسىر روزىگۈلنى مەيلىگە قو-
يۇپ بەرمىدى. روزىگۈل ۋارقىرايمەن دېگەن بولسىمۇ ۋارقىرىيال-
مىدى. ئەيسا كاسىسىر ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلىۋاتقان تاتلىق
گەپلەرنى قانداق چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. روزىگۈل
خېلى ئۇزۇنغىچە تىركىشىپ قارشىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ ئا-
خىرى ئەيسا كاسىرغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى...

## 13

مەن مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان بىر باغدا كېتىۋاتىمەن.
مېۋىلەرنىڭ بەزىلىرى ماڭا تونۇش، بەزىلىرى مەن كۆرۈپ باقمى-
غان شېرىنلىك سۆلەتلىك مېۋىلەر. مەن ئۇسسىغان، چاڭقىغان
بولساممۇ ئۇلارغا قول ئۇزىتىشقا، ئۇلاردىن بىرەر تال ئۈزۈپ
يېيىشكە ئامال قىلالمايۋاتقۇدەكمەن. توۋا، بەزى شاخلاردىكى
مېۋىلەر خۇددى ئادەملەردەك ماڭا گەپ قىلىۋاتقۇدەك، مەندىن
ئەھۋال سوراۋاتقۇدەك، بەزىلىرى خۇددى مېنى مازاق قىلىۋاتقان-
دەك قاقاقلاپ كۈلسە، يەنە بەزىلىرى ھۆكرەپ يىغلاۋاتقۇدەك،
يەنە بەزىلىرى شۇنداق مۇڭلۇق بىر كۈيگە تەڭكەش قىلىپ ناخشا

ئېيتىۋاتقۇدەك. مېنىڭ يەنە مېڭىۋېرىشكە ماجالىم قالمىدى. شۇڭا، ئۇدۇل كەلگەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالدىم، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىدەك ئىدى.

ئەسلي چېچەكتۇق،
سەبىي گۆدەكتۇق.
مېۋە ئەمەس بىز،
ئەسلي يۈرەكتۇق.

قانداق قىلىپ بىز،
مېۋە بوپ قالدۇق…؟
بىلەلمىدۇق بىز،
ھازىر بىز زادى،
نېمە بولۇپ قالدۇق؟!!

ناخشا توختىدى. پۈتۈن باغنى سۈرلۈك بىر تىمتاسلىق ئېگىلىدى. مەن ھەيران بولۇپ شاخلاردىكى مېۋىلەرگە قارىدىم. مېۋىلەرنىڭ بەزىلىرى قانات چىقىرىپ خۇددى قۇشلاردەك ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى يەرگە سەكرەپ سۇغا چۈشكەن تاشلاردەك غايىب بولىۋاتاتتى. توۋا قىلدىم، ئەمدى شاخلاردا مېۋە قالمىغانىدى، چاڭقاقلىقىم يەنە تۇتتى. ئېغىزلىرىم قۇرۇپ، كانايلىرىم ئوتتۇندەك قېتىپ قېلىۋاتاتتى. مەن ئالدىمدا يۈز بەرگەن بۇ كارامەتلەرنىڭ راست - يالغانلىقىغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۇۋىلاپ تۇرۇپ يەنە ئاچتىم. مانا ئەمدى بۇ باغدا مېۋە تۇرماق شاخلاردا بىر تال يوپۇرماقمۇ قالمىغانىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بۇ باغنى يەنە ئايلاندىم. مەن خۇددى بىرەر تال مېۋە ياكى يوپۇرماقنى





ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەك دەرەخ شاخلىرىدىن كۆز ئۈزمەي ماڭدىم. كېتىۋاتىمەن، كۆزلۈرۈم شاخلاردىن بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئاخىرى ئىزدىگەن نەرسەمنى تاپقان ئوخشايمەن، مانا ماۋۇ يوغان ئالما دەرىخىنىڭ ئۈستىدە قىپقىزىل بىر ئالمىنى كۆردۈم. ئالما مەن كۆز تاشلىشىم بىلەنلا خۇددى ئەيمەنگەندەك مىدىرلىدى. ئۈزىدىن قىزغۇچ نۇر تارىتىپ جىمىرلىدى. مەن قىزىل ئالمىغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئالما شاختىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى، مەن بۇ ئالمىنىمۇ يەرگە سىڭىپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. ئۇ يەرگە سىڭىپ كەتمىدى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئالدى بىلەن بىر نۇر چەمبىرىكىگە ئايلاندى. چەمبىرەك پىرقىرىغانسېرى يوغىناپ ئادەم بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن نۇر تاراپ، نۇر ئىچىدىن بىر قىز چىقتى. مەن بۇ كارامەتلەردىن مەڭدەپ قالغانىدىم. ئەس - ھوشۇمنى يىغىپ بولغۇچە قىز ئالدىمغا كېلىپ ماڭا تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مەن ئۆزۈمدىكى مەڭدەش ۋە ھودۇقۇشنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ، قىزنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدىم.

— ئاكا، سىز مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟

مەن قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن قىزغا سىنچىلاپ قارىدىم. قىزنىڭ يۈلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ تەكتىدە چەكسىز بىر مىسكىنلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاق شايىغا ئورالغان ئاپئاق تېنىدە قان دىدارى يوقتەك قىلاتتى. قىزنىڭ ئاۋازى ناھايىتى مۇڭلۇق بولۇپ، كىشىگە ھەسرەتلىك يىغا ئاۋازىنى ئەسلىتەتتى.

مەن ئۇنى تونۇيالمىغانىدىم، شۇڭا راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ياق، سىڭلىم، مەن سىزنى تونۇيالمىدىم.

— مەن سىزنى تونۇدۇم، مەن سىزنىڭ ھازىرقىدەك كۆك بۆرە ھالىتىڭىزنىلا ئەمەس، ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن ئېلىشقان چېغىڭىزدىكى قەيسەر چەۋەنداز قىياپىتىڭىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدىم. مەن قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ قىياپىتىگە دىققەت قىلدىم. توۋا، مەن قاچاندىن بېرى يەنە كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ قالغاندىمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ يەنە بۆرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمدىن بىئارام بولغاندەك تىپىرلاپ كەتتىم. مەن نېمىشقا تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئادىمىيلىكىمنى يوقىتىپ بۆرىگە ئايلىنىپ قالىدىغاندىمەن.

— سىڭلىم، مەن ئەسلىي ئادەم ئىدىم، قانداق بولۇپ يەنە بۆرىگە ئايلىنىپ قالغاندىمەن، — مەن شۇنداق دېگەن بولساممۇ قۇلىقىمغا بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلاندى.

— مەن مۇشۇ سىياقىڭىزنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. سىز مۇشۇ سىياقىڭىزغا ئۆزگەرگەن چېغىڭىزدىلا مەن بىلەن دىدارلىشالايسىز. ئوبدانراق قاراڭ، ئەمدى سىز مېنى تونۇيالايسىز.

مەن قىزغا قايتا قارىدىم. ئەمدى مەن قىزنى تونۇدۇم، ئۇ مەختۇمسۇلا ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئاۋازى ئۆزۈمگە بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدەك ئاڭلىنىۋاتقان بىلەن مەختۇمسۇلا گېپىمنى چۈشىنىۋاتاتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلىۋەردىم:

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، سىز چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغۇ؟

— شۇنداق، تونۇغانلىقىڭىزغا رەھمەت، ئارىلىقتا ئەجەب ئۇزۇن يوقاپ كەتتىڭىز، سىز يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى سۇر - توقاي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بىر مەزگىل يوقاپ كەتتى. شۇ چاغدا ئازراق ئارام تېپىپ قالغانىدىم. بىراق، ئۇنىڭ ھۈنىرى تولا ئىكەن.

شۇ چاغدا مەن ئەمدى ئارامخۇدا ياشايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئاكاممۇ خاتىرجەم ئوۋغا چىقىدىغان بولغانىدى.





بىر كۈنى ئاكام ئوۋغا چىقىپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە قايتىپ كەلمىدى، مەن ئاكامدىن ئەنسىرەپ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تالاغا چىقسام، بىردەم ئۆيگە كىرەتتىم. تۇرۇپ - تۇرۇپلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ قاپلىۋالاتتى. قورققانغا قوش كۆرۈنەر دېگەندەك، تۇيۇقسىزلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ تاراسلاپ مۆلدۈر يېغىپ كەتتى. مەن ئۆيگە سولىنىپ ئاكامدىن ئەنسىرەپ ئولتۇراتتىم، شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. قارىغاندا ئىشىك چېكىلگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنى مۆلدۈرنىڭ ئىشىككە ئۇرۇلۇشىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ئارىلىقتا مۆلدۈر توختىدى، بىراق ئىشىكنىڭ چېكىلىشى تېخىمۇ كۈچەيدى. مەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم، ئىشىك ئالدىدا ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت تۇراتتى. مەن ئۇنى باشتا كۆرۈپ قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم. يىگىت «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئەدەپ بىلەن ئۆيگە كىردى. مەن ھودۇقۇش ئىلكىدە «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن گەپنى ئاران قىلالىدىم. يىگىت ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يىراق بىر شەھەردىن كەلگەنلىكىنى، چوڭ بىر كارۋان بىلەن كېتىۋېتىپ، يولدىن ئېزىپ كەتكەچكە كارۋاندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. يىگىت شۇنداق كېلىشكەن ئىدىكى، ئۇنى كۆرۈپ قىزلىق قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت قوزغالدى. ئۇ يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلغاندەك قىلغانىدى. ئۇنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرمىدى. يۈرىكىم نېمىگىدۇر تەشنا بولغاندەك تىپچەكلەشكە، پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. مەن بۇ چۆلدە بۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. يىگىتنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى مېنى تەمتىرىتىپ قويىدى··· مەن ئېرىپ كېتىدىغاندەك، ئېرىپ بىر تامچە سۇ بولۇپ يەرگە سىڭىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم.

— سىز بۇ ئۆيدە يالغۇز تۇرىدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھازىرچە شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

— ھازىرچە دېگىنىڭىز نېمىسى؟

يىگىتنىڭ جەزبىلىك قاراشلىرى، مەنىلىك سوئاللىرى مېنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. مەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ بىردەم يەرگە قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوئالىغا خۇددى يېقىن كىشىمگە دەرد تۆككەندەك جاۋاب بېرىشكە باشلىدىم. مەن سۆزلەۋاتقاندا يىگىت مەن تەرەپكە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا مەقسەتلىك يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرساممۇ ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچمىدىم. يىگىت مېنىڭ بىلەكلىرىمنى تۇتتى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئوتتەك ھارارەتتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز ھۇزۇر ئېقىمى ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. يىگىت مېنى قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولغاندەك بەل - مۈرىلىرىمدىن تۇتۇپ ئۆزى تەرەپكە تارتتى. مەن يىگىتتىن خىجىل بولىۋاتقاچقىمۇ كۆزلىرىمنى يۇمۇپ، لەۋلىرىمنى قاچۇردۇم، شۇ چاغدا ماڭا بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان يىرگىنىشلىك، قورقۇنچلۇق ئاۋاز مېنى چۆچۈتىۋەتتى. مەن خۇددى شېرىن چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئالدىمدا يالماۋۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئەسلىي ھېلىقى «چىرايلىق يىگىت» سىزگە تونۇش يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەندۇق. مەن بەك قورقۇپ كەتكەچكە قاتتىق چىقىرغىنىمچە ئىشىك تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم. ۋە جان - جەھلىم بىلەن: ئاكا! ئاكا! سەن نەدە؟! — دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن، يالماۋۇز مېنىڭ چېچىمدىن قاماللاپ تۇتۇپ سۇپا تەرەپكە ئاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سېھرى بىلەن مېنى ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ بولدى.

— ھى، ھى، ھى، ھا، ھا، ھا، سەن ئۆزۈڭچە ئەمدى مېنى كەلمەيدۇ دېگەنمىدىڭ. سەن مېنى ئۆزۈڭچە ھېلىقى بۆرە سىمان چەۋەندازىڭدىن قورقۇپ ئەمدى بۇياقلارغا ئاياغ باسمايدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ، مەن سەندىن لەززەت ئالمىسام ياشىيالمايمەن، مەن سېنىڭ قېنىڭنى ئىچمىسەم خۇماردىن ئۆلىمەن، سەن ئەمدى ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇرنى يەنە كېلەرمىكىن دەپ خام خىيال قىلما، مەن ئۇنى سېھىرلەپ پەرىشتىلەر شەھىرىگە بەند قىلىۋەتتىم. ئۇ ئەنە ئاشۇ يەردە سېھىر ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى چىن تۆمۈر باتۇر ئەمەس، ئۇ ھازىر ئەسلىنى يوقاتتى. ئۇ چېكى يوق چەكسىز ئازاب دېڭىزىغا ئەسىر قىلىندى. مېنىڭ سېھرىم ئۇنىڭغا سەتنى گۈزەل، ئازابنى ھۇزۇر، دوزاخنى جەننەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قىلغان سېھىر ئاياغلاشقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىشتىلەر شەھىرىدە ئەمەس يىلان، چايانلار ماكانىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئاكاڭنىڭ تارتىدىغان ئازابىنى سەنمۇ ھېس قىلالمايسەن، ھازىر سېنىڭ ئاكاڭ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى، غۇرۇرىنى، ئار - نومۇس ۋىجدانىنى ئاشۇ پەرىشتىلەر شەھىرىدىكى ئاتالمىش ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن تېگىشىۋەتتى.

— سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ پۈتۈنلەي يالغان!!! — دېدىمەن دەرغەزەپكە كېلىپ، — ئاكام ھەرگىزمۇ ۋىجدان، غۇرۇرىنى سېتىپ، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەركەكلەرچە ۋىجدانىنى يوقاتمايدۇ. ئاكام ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىدۇ.

— سەن ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ، — دېدى يالماۋۇز كۆزلىرىدىن مۇزدەك سوغۇق كۆكۈچ نۇر چاقنىتىپ تۇرۇپ مەسخىرىلىك كۈلگەندىن كېيىن، — سەن مانا ماۋۇنىڭغا قارا، — ئۇ ماڭا نۇر چېچىپ پارقىراپ تۇرغان بىر نەرسىنى ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، سېھىرلىك نۇر چېچىپ تۇرغان پارقىراق ئاشۇ نەرسىگە قارىدىم. كۆز ئالدىم بىر نەچچە دەقىقە قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ قايتا يورىدى… كۆز ئالدىمدا باشقا بىر مەنزىرە، باشقا بىر دۇنيا نامايان بولدى.

— ئاكام چىن تۆمۈر ئېتىغا مىنىپ، مىسران قىلىچىنى
ئاسقان هالدا قورۇق تاملىرى ناهايىتى ئېگىز بىر شەهەر قوۋۇقى-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شەهەر قوۋۇقى ئېتىك ئىدى.
ئاكام چىن تۆمۈر قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ قوۋۇقنى چەككەندىن
كېيىن، قوۋۇق ئېچىلىپ ناهايىتى چىرايلىق يەتتە پەرى تىزىلى-
شىپ چىقتى، پەرىشتىلەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىدى. ئۇلار
ئەينەكتەك ئاق رەختتىن يارىشىملىق ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان
بولۇپ، كۆڭلەك ئىچىدىن ئۇلارنىڭ بۇلۇتتەك ئاق تېنى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى.

رەت بولۇپ تۇرغان پەرىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئاكامغا
نازاكەت بىلەن تەزىم قىلدى. باشقا پەرىلەرمۇ باشتىكىسىگە تەقلىد
قىلماقچى بولغاندەك ئاكامغا تەزىم قىلىشتى. ئاكام ئاتتىن چۈ-
شۈپ پەرىلەرنىڭ تەزىمىگە جاۋابەن تەزىم قىلدى. هېلىقى پەرى
ئاكامغا يەنە بىر قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەدەپ
بىلەن سورىدى:

— يىگىت، قاياقتىن كېلىشىڭىز؟ بۇ يەرگە سىزنى قانداق
شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— ئەسلي مەن ئوۋ قىلىۋاتاتتىم، مەن ئۈركۈپ قاچقان بىر
كېيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. مەن بۇ
ئەتراپلاردا داۋاملىق ئوۋ ئوۋلايمەن، بىراق بۇ يەردە بۇنداق ئېگىز
قورۇقلۇق بىر جاينىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئەدەپ-
سىزلىك بولسىمۇ سىلەردىن سوراپ باقاي بۇ يەر قەيەر؟

— بۇ پەرىشتىلەر شەهىرى، بۇ شەهەردە ئەركەك زاتى يوق،
ئەسلي شەهىرىمىزگە ئەركەك زاتىنى يېقىن يولاتمايتتۇق، بىز-
نىڭ شەهەر باشلىقىمىز سىزنى ئۆزىنىڭ جاهاننەمىسىدىن كۆر-
گەندىن كېيىن، سىزنى ئەزىز مېهمان قاتارىدا كۈتۈۋېلىشىمىزنى
بۇيرۇدى.

— ئاكام كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا تازا ئىشىنەل-





مەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى بىر نەچچە قېتىم ئۇۋۇلى-
ۋەتكەندىن كېيىن پەرىلەرگە سىنچىلاپ قارىدى. ئاكامنىڭ بۇ
قىلىقلىرىنى كۆرگەن پەرىلەر ۋىلىقلاپ كۈلۈشتى...

... ئارىلىقتا قولۇمدىكى پارقىراق نەرسە بىر قاراڭغۇلىشىپ
يەنە يورىدى. ئەمدى ئاكام پەرىلەر شەهىرىنىڭ باشلىقىنىڭ كاتتا
بېزەلگەن مېهمانخانىسىدا تۇراتتى. ئۈستىگە ئالتۇن نۇر چاقناپ
تۇرغان ئاجايىپ سۆلەتلىك كىيىملەرنى كىيگەن شەهەر باشلىقى
ناهايىتى گۈزەل ئىدى. ئاكام پەرى بىلەن يانمۇيان ئولتۇراتتى.
ئالدىدىكى خىرۇستال ئاياغلارغا قۇيۇلغان شېرىنلىكلەرنى هەۋەس
بىلەن ئىچەتتى... پەرى بىلەن نېمىنىدۇر دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى.
بىر چاغدا شەهەر باشلىقى پەرى نېمىنىدۇر دېۋىدى، ئەتراپتا ئۇلار
ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان پەرىلەر چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئاشۇ
كاتتا مېهمانخانىدا ئاكام ئىككىسى يالغۇز قالدى. باشلىق پەرى
تەپتارتماستىن كىيىملىرىنى سېلىپ يېرىم يالىڭاچلاندى، ئاكام-
مۇ ئەسلىدىكى ئېغىر - بېسىق قىياپىتىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى.
توۋا مەن ئۇنىڭ مېنىڭ ئاكام چىن تۆمۈر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي
قالدىم... مەن ئەمدى هېلىقى نەرسىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم،
ئاكام بىلەن باشلىق پەرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ
ئويۇلىمەن... مەن شۇنىڭدىن كېيىن يەنە يالماۋۇزنىڭ زۇلۇمىغا
دۇچار بولدۇم، مەن بۇ ئازابلاردىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان ئوخ-
شايمەن. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا يوقاپ كېتىدۇ. هەپتە، ئون كۈندە
بىر قېتىم كېلىپ، ماڭا يەتكۈدەك زۇلۇم سېلىپ يەنە نەگىدۇر
كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەنە نۇرغۇن قىزلارغا
زۇلۇم سېلىۋاتقۇدەك. ئۇ بۈگۈن چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭ يىرگى-
نىشلىك هىدى بۇرنۇمغا پۇراۋاتىدۇ. سىز ۋاقتىدا كېتىڭ، بول-
مىسا ئۇ سىزنىمۇ ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىشى مۇمكىن...

— ياق، مەن هەرگىز سىزنى تاشلاپ كەتمەيمەن، مەن بۇ
قېتىم سىزنى بۇ ئازابتىن چوقۇم قۇتۇلدۇرىمەن. مەن غەزەپلەن-

گەن هالدا قاتتىق هۆۋلىۋەتتىم. مېنىڭ هۆۋلاشلىرىمدا مەختۇمـ
سۇلاغا بولغان چوڭقۇر هېسداشلىق ناۋا قىلاتتى.

## 14

ئەيسا كاسسىرنىڭ ئايالى پاتىگۈل گەۋدىلىك، ئېگىز بويـ
لۇق، قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان قارىمۇتۇق چوكان
ئىدى. ئۇ لىيەندىكى ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئايالى گۈلنىسادىن باشقا
هېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى. گۈلنىساغىمۇ ئالدىدا هە دەپ قويـ
غان بىلەن كەينىدىن غەيۋىتىنى يۇرەك ـ باغرى قانغۇدەك قىلىـ
ۋېرەتتى. لىيەندە ئۆزىنى مانا مەن دەپ يۈرگەن چىمەن ۋىت ـ
ۋىت بىلەن خەلچەم قـونچاقمۇ پـاتىگۈلنىڭ ئـالدىدا بىر نەرسە
دېيەلمەيتتى.

پاتىگۈلنى كەينىدىن هەممىلا ئادەم قارا پاتى دېيىشەتتى.
ئۇنىڭ بۇ لەقىمىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولـ
غان بولسىمۇ، پاتىگۈل ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قارا پاتى دەيدىغانلىـ
قىنى بىلمەيتتى. توي ـ تۆكۈن، چاي ۋە باشقا سورۇنلاردا قارا
پاتى گۈلنىسانىڭ يېنىدا گىدىيىپ ئولتۇراتتى. قونچا[1] تارتىلغانـ
دىمۇ ئۇنىڭغا گۈلنىسانىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك چوڭ قونچا تارـ
تىلاتتى. چۈنكى بۇ يەردىكى توي ـ تۆكۈن ۋە باشقا مەرىكىلەردە
مېهمانلارغا ئايرىم ـ ئايرىم قونچا تارتىلاتتى. قونچا شۇ ئادەمنىڭ
ئىززەت هۆرمىتىگە قاراپ پەرقلىق بولاتتى. ئامالسىزلىقتىن
سەل پەگادا ئولتۇرۇپ قالغان چىمەن ۋىت ـ ۋىت بىلەن خەلچەم
قونچاقنىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ ئولتۇرالماي قالاتتى. ئۇلار گۈلـ
نىسانى لىيەنجاڭنىڭ ئايالى دەپ هۆرمەتلەشنى راۋا كۆرسىمۇ،
پاتىگۈلنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى. «بۇ قارا مەدەكنىڭ بىزدىن

[1] قونچا ـــ پەتنۇستا تارتىلغان تاتلىق تۇرۇم.





نېمىسى ئارتۇقكەن» دەپ غۇڭشۇپ ـ غۇدۇراپ يۈرەتتى. بىراق،
پاتىگۈل لىيەندە بولغان هەر قېتىملىق چاي ۋە تويـدا چىمەن
ۋىت ـ ۋىتلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ قىممەت باهالىق كىـ
يىملەرنى كىيىپ كىرەتتى. قارا پاتىنىڭ ئۆڭى قارا بولغان
بىلەن قاش ـ كۆزى جايىدا، فىگۇرسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى.
پاتىگۈل ئۆزىنىڭ ئىسمىدىكى «گۈل» نىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى
خالىمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىدا بىرەرسى ئىسمىدىكى «گۈل»
نى چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولسا، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىـ
تەتتى. لىيەندىكى هەرقانداق ئايال زاتىنىڭ ئۇنى «هەدە» دېيىشىـ
گە رۇخسەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ چوڭ قىزىمۇ ئۇنى «ئاپا» دېمەي
«هەدە» دەيتتى. شۇڭا، چىمەن ۋىت ـ ۋىت بىلەن خەلچەم
قونچاق پاتىگۈلدىن نەچچە ياش كىچىك بولسىمۇ ئۇنى ئاداش دەپ
قوياتتى. ئۆزىدىن كىچىكلەرنىڭمۇ ئۆزىنى ئاداش دېيىشى پاتىنى
بەك خۇش قىلىۋېتەتتى. چىمەن ۋىت ـ ۋىت بىلەن خەلچەم
قونچاق پاتىنى سورۇنلاردا قانداق قىلساق پۇخادىن چىققۇچە بىر
سۆكۈۋالىمىز دەپ ئويلىسىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، بۇ
لىيەندە ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ هۆرمىتى ۋە ئاياللارنىڭ ئارىسىدىكى
ئورنى ئېرىنىڭ هوقۇق ـ مەنسىپى ۋە پۇلى بىلەن بەلگىلىنەتتى.
چىمەن ۋىت ـ ۋىتنىڭ ئېرى لىيەننىڭ تراكتورچىسى، خەلچەم
قونچاقنىڭ ئېرى لىيەندىكى ئۆستەڭنىڭ تاقاقلىرىغا مەسئۇل ئىـ
دى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەيسا كاسسىردىن تۆۋەن تۇراتـ
تى. بىراق، لىيەننىڭ تراكتورىنى هەيدەش (لىيەننىڭ كومباينىـ
نىمۇ هەيدەيتتى)، سۇ تاقاقلىرىغا مەسئۇل بولۇشمۇ خېلى نەپكە
ئىگە قىلىدىغان ئوبدان خىزمەت ئىدى. شۇڭا، چىمەن ۋىت ـ
ۋىتنىڭ ئېرىنى خەقلەر «تورغۇن كومباين» دېسە، خەلچەم
قونچاقنىڭ ئېرىنى كىشىلەر «تۇرسۇن تاقاق» دەپ ئاتىشاتتى.
بۇ ئۇلارنى خۇددى مەنسىپىنى قېتىپ ئاتىغاندەك خۇشال قىلاتتى.
پاتىگۈلگە ئىچ ـ ئىچىدىن تارلىقى تۇتىدىغان چىمەن ۋىت ـ ۋىت

ئۇنى ماختىغان بولۇپ چىقىۋالاتتى. ئۇنىڭ پاتىنى چىقىۋالغىنىنى لېيەندىكى باشقا ئاياللار ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، پاتى ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلمەي، بۇلار مېنى ماختاۋاتىدۇ، دەپ خۇش بولۇپ كېتەتتى.

چىمەن ۋىت - ۋىت بىلەن خەلچەم قونچاق ماھىر غەيۋەتچىلەردىن بولۇپ قالماي لېيەندىكى ئاياللار سورۇنىنىڭ چاقچاقچىلىرى ئىدى. بىر قېتىملىق تويدا ناھايىتى قىممەت باھالىق رەختتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان پاتىنى كۆرۈپ، چىمەن ۋىت - ۋىتنىڭ ئىچى تارلىقى تۇتۇپ ئولتۇرالماي قالدى. خەلچەم قونچاقمۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانىدى. پاتى كىيگەن كۆڭلىكىنى كۆرۈشتىڭمۇ دېگەندەك گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇلۇغ تەرىپىدە ئولتۇرغان گۈلنىساغا ئانچە - مۇنچە تەبەسسۇم قىلىپ قويغاندىن باشقا ھېچكىمگە سالاممۇ قىلىپ قويمىغانىدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن چىمەن ۋىت - ۋىت بىلەن خەلچەم قونچاق يوشۇرۇن كۆز بېقىشىۋالغاندىن كېيىن، كونا ئادىتى بويىچە گەپنى ئاۋۋال چىمەن ۋىت - ۋىت باشلىدى.

— ئاداش پاتىگۈل، ماۋۇ كۆڭلىكىڭ ئەجەب نوچىغۇ، يىراقتىن قارىسا خۇددى قارا ئەتلەسكە ئوخشايدىكەن، — چىمەن ۋىت - ۋىتنىڭ گەپ ئارىسىغا «قارا» نى ئارىلاشتۇرغانلىقى پاتىغا قارىتىپ يوشۇرۇن ئوق ئېتىشنى باشلىغىنى ئىدى. خەلچەم قونچاقمۇ چىمەن ۋىت - ۋىتقا دەرھال ماسلاشتى.

— پاتىگۈل، ئالدىڭدا ماختىغىنىم ئەمەس، قاش - كۆزلۈرۈڭ ئاجايىپ تۇم قارا جۇمۇ.

— شۇڭا، ھازىر لېيەندە «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» نى ئېيتىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتتى.

— ئېيتسا ئېيتىشامدۇ، ئەيسا كاسىردىن باشقىسىنىڭ شامالغا ئۇچۇپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ ئاداش پاتىگۈل، — ماختاشلاردىن مەست بولۇپ كەتكەن پاتىگۈل چىمەن بىلەن خەل-





چەمنىڭ يوشۇرۇن مازاق قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

— چىرايلىق بولغان بىر گۇناھىمكەن. ئېيتسا ئېيتىمامدۇ، مەنمۇ:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارامەندە يوق.
قاراموخنىڭ قاسراقىدەك،
گۇناھ مەندە يوق.

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ يۈرۈۋېرىمەن.

سورۇندىكى ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. چۈنكى، ئۇ سورۇندا ئۆزىنى ئۆزى كەلتۈرىدىغان قوشاقنى ئوقۇپ سالغانىدى. پاتىگۈل گەرچە لېيەنىنىڭ ئىشچىسى بولسىمۇ ئايلاپ - يىللاپ ئېتىزغا چىقىپ قويمايتتى. ئۇنىڭغا كۆتۈرە بېرىلگەن 10 مو يەرگە باشقىلارنى ئىشلىتىپ پۇل بېرەتتى. پاتىگۈل ئادەتتە ئۆيدە تاماق ئېتىشىمۇ خۇشياقماي، بىكارچىلىقتىن ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي ئەيسا كاسىرنى ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى، سەت سىلكىشلەيتتى. بوۋا - مومىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە ناھايىتى باي ئۆتكەنلىكىنى دەسمىي سېلىپ، ئەيسا كاسىرنى بىكاردىن بىكارغىلا تىللايتتى، دۆشكەلەيتتى.

— ئېتىزغا چىقىپ ئىشلەيدىغان مەن بىر سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭغا ئوخشاش خەقكە مالاي بولۇپ ئىشلىمىگەن، ئاڭلىغان بولغىيتىڭ، مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم دېگەن نەچچە يۈز ئادەمنى ئىشلىتىدىغان باي - پومېشچىكلار كەندۇق... بىلىسەڭغۇ ھازىرمۇ دادامنى ئاسىم باي دېسە ھېچكىم تونۇمايدۇ.

— خەقنىڭ قېنىنى شورىغان باي - پومېشچىكلاردىنمۇ پەخىرلىنىۋاتامسەن، داداڭمۇ ئاشۇنداق گەپنى قىلىپ سېلىپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كۆرمىگەننى كۆرۈپتىكەن، — ئەيسامۇ قەستەن پاتىگۈلنىڭ چىشىغا تېگەتتى.

— ھەممىڭ شۇ، قەلەندەر، دىۋانە بولغاندىن كېيىن كۆرەلمىگەن بولغىيتىڭ، شۇ چاغدا سىنىڭ داداڭمۇ ئۆيىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن بايلىقىمىزنى بۇلاپ كېتىپتىكەن، يەنە نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى بۇنىڭ، بىزنىڭ ئۆيىمىزنى بۇلاپ چىقىپ كەتكەن گىلەم ھازىرمۇ داداڭنىڭ ئۆيىدە تۇرامدۇ، ھۇ بۇلاڭچىلار...

— ۋاي - ۋۇي، ئاسىم باينىڭ قىزى دەپ قويسا راست كاتتا باينىڭ قىزى ئوخشايمەن دەپ قالما، مەن بىلەن يۇرۇۋاتقان چېغىڭدا ئۆيۈڭلاردا تۈزۈكرەك كىگىزمۇ يوق، يوتقان - كۆرپىگە ياماق سالدىكەنسىلەردۇق.

— ئۇنداق بولسا ئەجەب مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋاپتىكەنسەن.

— ساڭا ئىچىم ئاغرىغان، ئەگەر مەن سېنى ئالمىسام، پومپىشچىكنىڭ قىزى دەپ سېنى كىم ئالاتتى.

— ۋاي، قوۋۇرغام، ساڭا تەگكىنىمگە بىر خوش بولە، ساڭا تەگمىگەن بولسام، تېگىدىغان ئادەم تولا ئىدى، مېنى ئالالماي پۇشايمان قىلىپ يۈرگەن ئادەمدىن كۆز ئالدىمدىلا نەچچىسى پۇتلىشىپ يۈرىدۇ. بىلىۋاتقانسەن، مۇشۇ ئادىل لىيەنجاڭلارمۇ مېنى ئالالمىغىنىغا ئاھ ئۇرۇپ يۈرىدۇ. مەيلىگە قويۇپ بەرسەم ھازىرمۇ خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ... نېمە گەپ قىلمىسام، قوۋۇرغامنى ئېگىدۇ ماۋۇ ماز.

— كىم مازكەن، ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل جۇمۇ. ئۆزىڭنىڭ ئېرىنى ماز دېگەن ئادەمنى خەقنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغانسەن.

— ساڭا ئوخشاش كونا مازنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغان ئادەم ماز بولماي، يەنە كىم ماز بولاتتى.

— ماز دېگەن سەن...

— ھەي، قىشنى ئەسكى مازغا يۆگىنىپ ئۆتكۈزىدىغان قەلەندەرلەر، مەن بارغۇ ئاۋۇ ئاسىم باينىڭ قىزى، سەن قەلەندەر





مازغا تەگكىنىمگە بىر خوش بولە.

— ۋاي - ۋۇي، تاشلىۋەتكەن كونا سۆڭەكنى ئىتمۇ غاجىلىمايدۇ. تولا كونا گەپنى قىلماي ھازىرقى گەپنى قىلە.

— كىم كونا سۆڭەككەن، كىم كونا سۆڭەككەن، كونا سۆڭەكلىكىمنى تېپىپ بەر، كونا سۆڭەكلىكىمنى تېپىپ بەر...

پاتىگۈلنىڭ بېشەملىكى تۇتۇپ، ئەيسا كاسىرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلاتتى.

— ياقامغا ئېسىلما، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ دەيمەن.

— سەن سەت بولۇشنى بىلەمسەن، سەت بولۇشنى بىلىدىغان ئادەم ئۆزۈڭنىڭ قوينىدا ياتقان خوتۇنۇڭنى كونا سۆڭەككە ئوخشىتامسەن.

— سېنى كىم كونا سۆڭەك دەپتۇ، سەن لىغىر - لىغىر گۆش، مايلا تۇرساڭ.

— ھە، تېخى مۇنداق گەپمۇ بارمۇ، سەن ئاۋاقتا بەك سېمىز كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامدىمەن. زېرىككەن بولساڭ خېتىمنى بەر، خېتىمنى بەر...

ئۇلارنىڭ يا چاقچاقتا، يا رەسمىي جەڭگە - جېدەلگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق قىلىقلىرى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر يۈز بېرىپ تۇراتتى.

پاتىگۈل، — خېتىمنى بەر، خېتىمنى بېرەمسەن - بەرمەمسەن، — دەپ ۋارقىراپ خېلى ئۆزۈنغىچە ئەيسا كاسىرنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمەيتتى. بۇنداق چاغدا ئەيسا كاسىر ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ:

— بوپتۇ، بوپتۇ، مەن سېنىڭ خېتىڭنى بېرەي، سەن ئاۋۋال ياقامنى قويۇپ بەرمەمسەن دەيتتى، بىراق، ئەيسا كاسىر بۇ گېپى بىلەن تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالاتتى.

— ھە، سەن تېخى خېتىڭنى بېرەي دەيسىنا، سەن ئۆزۈڭچە

مەندىن چېنىۋاتقان ئوخشىمامسەن، كاسسىر بولغانىڭىياقى سىڭگمۇ كىچىك تىللىرىڭ چىققىلى تۇردىغۇ، ئادىل لېيەنجاڭغا پورداقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، كاسسىرلىقنى ئېلىپ بەرمىگەن بولسام، ساڭا بۇ كاسسىرلىق نەدە تۇرۇپتىكەن، تولا يوغانچىلىق قىلما، ئادىل لېيەنجاڭ ئىككىڭنىڭ بىر بولۇۋېلىپ لېيەندىكىلەرنىڭ ھەققىنى قانداق قاقتى - سوقتى قىلىشىۋاتقىنىڭنى ئوبدان بىلمەن، مېنى دېمەسمىكىن دەپ خام خىيال قىلىشما! خەقنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايدىغان خىيانەتچى، بۇلاڭچىلار، — بۇ گەپتىن كېيىن ئەيسا كاسسىر پەسكويغا چۈشەتتى.

— ھەي، ھەي چاقچاق قىلىپ قويدۇم، يائاللا، ئامراقلىقىم كېلىپ چاقچاق قىلىپ قويسام، راست دەپ ئويلاپ قالدىكەنسەن.

— ئاناڭغا بىر ئامراقلىق قىلە.

پاتىگۈل ئەيسا كاسسىرنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بېرىپ، پەسكويغا چۈشۈپ قالاتتى. بىراق، ئەيساغا نەچچە كۈنگىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئەيسا كاسسىر ئاخىرى ئۆزى يالۋۇرۇپ باش ئېگىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق ئىشىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاي - يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پاتىنىڭ بۇنداق قىلىقلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئەيسا كاسسىرمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقىدەك تاكاللاشمايدىغان بولدى. ئەيسا كاسسىر ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ پاتىگۈلدىن ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ مېھرىنى ھېس قىلالمايۋاتاتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ قەلبى مۇھەببەتكە، ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقىغا تەشنا ئىدى. ئۇ ئەمدى پاتىگۈلدىن بۇ نەرسىلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل لېيەنجاڭ ئەيسا كاسسىرنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىپ - چىقىدىغان بولىۋالدى. پاتىگۈلمۇ ئۇنى كۆرسە گۈلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. ئەيسا كاسسىر باشتا بۇ ئىشنى ئادىل لېيەنجاڭنىڭ مەن بىلەن كۆڭلى





يېقىنلىقى، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى دەپ قاراپ كەلگەنىدى. يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى گۇمانىنى قوزغاپ قويدى.

ئادىل لېيەنجاڭ ئەيسا كاسسىرنى دېڭىزبويىدىكى 15 كۈنلۈك ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئەيسا كاسسىر ئۆگىنىشكە كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۆيىگە بىر بېرىپ كەلگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ دېڭىزبويىدىكىلەرگە ئۆيدە مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قاپتۇ دەپ يالغان ئېيتىپ، ئۆيىگە ماڭماقچى بولدى. ئۇ ئۆيىگە ئازراق بىر نەرسە ئېلىۋالماقچى بولۇپ بازار ئايلىنىپ يۈرگەن چېغىدا، تونۇش ئەل - ئاغىنىلىرىدىن بىر نەچچىسى ئۇچراپ قېلىپ، بىردەم ئىچىشەيلى دەپ تۇرۇۋالدى. ئويۇنغا ئامراق ئەيسا كاسسىر ئۇلار بىلەن بىللە بىر قاۋاقخانىدا كەچ بولغۇچە ئويناپ قالدى. ئۇ بېكەتكە كەلگەندە بېكەتتە تۈزۈكرەك ماشىنىمۇ قالمىغانىدى. تەلىيىگە يېرىمشا بۇزۇلۇپ قېلىپ، ئەتىگەننىڭياقى رېمونت قىلىنغان بىر ماشىنا كېلىپ قالدى. ئەيسا كاسسىر ئاشۇ ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى.

ماشىنا يولدا يەنە تۆت - بەش يەردە بۇزۇلدى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ لېيەنگە يېرىم كېچە بولغاندا كەلدى. ئۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا ئاز قالغاندا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئۇنىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلغانىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن يول ياقىسىدىكى دوڭغاق سۆگەتنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ھويلىدىن ئادىل لېيەنجاڭ پەم بىلەن چىقتى - دە، ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن تېز - تېز مېڭىپ مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەتتى...

## 15

جۇماخۇن ھاراقنى ناھايىتى كۆپ ئىچىدىغان بولدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە كامىل گىرى، ئالىم دۇمبا، ئەيسا كاسسىرلار

بىلەن تۇراخۇن دۇكانچىسىنىڭكىدە تۈن كېچىگىچە ئىچەتتى. كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالار ھاراق ئىچكەنسېرى پاراڭ ۋە چاقچاقنى قىزىتاتتى. بىراق، جۇماخۇن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ھاراققا تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. موخۇركىسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ توختاتماي چېكەتتى. بەزىدە مۈگدەپ قالسا بەزىدە بىخارامان ئۇخلاۋېرەتتى. بىراق ئۆزىنىڭ ھاراق نۆۋىتىنى بىكار ئۆتكۈزمەيتتى. توختىماي ئىچكەن سۈپەتسىز ئاق ھاراق ئۇنىڭ جىسمىنى خورىتىپلا قالماي، روھىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. شۇڭا روزىگۈلنى كۈنلەيدىغان ئادىتىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھاراققا پۇل يوق بولۇپ قالغان چاغلاردا پۈتۈن دۇنيانى بىر بوتۇلكا ھاراققا تېگىشىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ھازىر ئەيسا كاسسىر دائىم دېگۈدەك ھاراق ئېلىپ بېرىدىغان بولدى. يېقىندىن بېرى ئەيسا كاسسىرمۇ تۇراخۇننىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئۇلار بىلەن ئاز - تولا ئۇلپەتچىلىك قىلىپ قويىدىغان بولدى. بىراق ئەيسا كاسسىر ئۇلار بىلەن بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن يەنە بىرنەچچە بوتۇلكا ئېلىپ، سورۇننى ئوت ئالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن غىپپىدە قىلىپ يوقاپ كېتەتتى.

ئالىم دۇمبا بىلەن كامىل گىرىنى تولاراق خوتۇنلىرى چاقىرىپ ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. كامىل گىرى خوتۇنىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىگەن بىلەن ئالىم دۇمبا خوتۇنىدىن بەك قورقاتتى. شۇنداق بولغىنىغا قارىماي تۆت رومكا ئىچىۋالغاندىن كېيىن خوتۇن دېگەننى كۆندە دۇمبالاپ تۇرمىسا ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ، مانا مەن خوتۇنۇمنى كۆندە دۇمبالاپ تۇرىمەن، دەپ پو دېگەننى زەي سالماي ئاتاتتى. ئۇنىڭغا دۇمبا دېگەن لەقەم تۆۋەندىكى بىر ۋەقەدىن كېيىن سىڭىپ قالغاندى.

بىر كۈنى ئۇلار يەنە تۇراخۇننىڭ ماگىزىنىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۈنى نېمىشقىكىن، تۇراخۇننىڭ كەيپى تازا چاغ ئەمەس بولۇپ، ھاراقكەشلەرنى بۇرۇنلا دۇكاندىن ھەيدىدى:





— چىقىڭلار، چىقىڭلار، ئەمدى دۇكاننى تاقايمەن، بۈگۈن ئۆيدە مېھمان بار ئىدى، بۇرۇنراق قايتمىسام بولمايدۇ، — ھاراقكەشلەر تۇراخۇن دۇكانچىدىن يەنە ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئېلىۋالغاندىن كېيىن، دۇكاننىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار تۇراخۇندىن ئېلىۋالغان ئىككى بوتۇلكا ھاراقنىڭ بىرسىنى تۈگىتىپ يەنە بىرسىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىۋاتقاندا ئالىم دۇمبانىڭ يەنە ئايالىنى دۇمبالاش ھەققىدە پو ئاتقۇسى كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىچە بۈگۈن ساقىي بولىۋالغاندى.

— ھەي، ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ، — ھازىر ئەڭ ئاخىرقى بىر بوتۇلكا ھاراق قالدى، ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ قوياي، ماۋۇ ھاراقنى خوتۇنىدىن قورقىدىغانلارغا قۇيمايمەن...

— ئۇنداق بولسا، بۇ ھاراقنى سەن ئاغزىڭغا ئالمىساڭ بولغۇدەك، — دېدى نىياز كاللەك خىرىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن نېمە دەپ ئاغزىمغا ئالمىغۇدەكمەن، نېمىگە كۈلىسەن ھەي كاللەك، ئۆمرۈڭدە خوتۇنىڭنى تاك ئېتىپ چېكىپ باققان ئادەممۇ سەن، مانا بىز بارغۇ خوتۇن دېگەننى كۆندە دۇمبالاپ تۇرىمىز.

— كۆندە تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا يۈرسەڭ، قانداق چاغدا دۇمبالايسەن؟ — نىياز كاللەكمۇ بوش كەلمىدى.

— ۋاقتىڭ بولسا كەينىمدىن ماڭە، قانداق دۇمبالايدىغانلىقىمنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي.

— تولا يوغان سۆزلىمىگىنە، سېنى كۆندە خوتۇنى دۇمبالاپ قويمىسا ئۇخلىيالمايدۇ دەيدىغۇ، — نىياز كاللەك يەنە خىرىلداپ كۈلدى.

دەل شۇ چاغدا ئالىم دۇمبانىڭ خوتۇنى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى، باياتىندىن بېرى ئۇ گەپ ئاڭلاپ تۇرغاندى.

— ھەي، كىمنىڭ دۇمبالايسەن، ئىگىچە - سىڭىلىڭنى بىر دۇمبالىغىنە، — خوتۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتكەن

ئالىم دۇمبا قاچماقچى بولغاندى، خوتۇنى ئۇنىڭغا ئىككى تاقلاپلا يېتىشىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئۇرۇپ - تېپىپ تازا دۇمبالىدى. قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن ئالىم دۇمبا ئۈنىنىمۇ چىقارماي بەدەر تىكىۋەتكەنىدى. ئەنە ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئالىمنىڭ لەقەمى دۇمبا بولۇپ قالغانىدى.

روزىگۈل ئەيسا كاسىرغا شۇنداق كۆيۈپ كەتتىكى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسە چىدىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ئەيسا كاسىردىلا ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە جۇماخۇن تېخمۇ سەت يىرگىنىشلىك كۆرۈنىدىغان بولدى. جۇماخۇننىڭ ھاراق ئىچىپ ئۆيگە كىرمىگەنلىكى روزىگۈلنى خۇش قىلىدىغان بولدى. ئەيسا كاسىر ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ روزىگۈلنىڭ يېنىغا كۈندە كىرىپ تۇرىدىغان بولدى.

— جۇماخۇننىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئەمدى مەن چىقاي، — دەپ ئۇنىڭ يېنىدىن قايتقاندا روزىگۈل ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ ئېرى بولۇپ قالمىغانلىقىغا ناھايىتى ئەپسۇسلىناتتى. ئۇ ئەيسا كاسىرنى يەنە ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمەيتتى. ئەيسا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ خۇداغا نالە قىلاتتى. ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ ھالال ئېرى بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى. جۇماخۇننى ئەجەب بىر بېشىنى يېمىدى دەپ قارغايتتى.

روزىگۈلنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ئەيسا كاسىرنىڭ مۇئامىلىسى بۇرۇنقىدەك تازا قىزغىن بولمايۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ ئىككى - ئۈچ كۈندە ھەتتا ھەپتىدە بىرەر قېتىم كىرىدىغان بولىۋالغانىدى. روزىگۈل ئەيسا كاسىرنى پەقەت ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ ئەر دەپ ھېسابلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەيسانىڭ خوتۇنىنىڭ بارلىقىنى پەقەت كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى.

— ئەجەب مەندىن ئۆزىڭىزنى تارتىدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ، مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ - يا؟ — بىر كۈنى روزىگۈل ئالدىراپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان ئەيسا





كاسىردىن شۇنداق دەپ سورىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز، مەن سىزنى نېمىشقا ياخشى كۆرمىگۈدەكمەن، مەن سىزنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرىمەن، — ئەيسا كاسىر تولا دەپ ئادەت بولۇپ كەتكەن بۇ سۆزنى ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويدى. ئۇ، نېمىشقىكىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

— ئەمىسە، مېنىڭ يېنىمغا ئانچە كىرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

— خوتۇنۇم سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ، سەللا كەچ قالسام جېدەل چىقىرىپ غوۋغا كۆتۈرىدىغان بولىۋالدى. سىز ئۇنىڭ مىجەزىنى تازا بىلمەيسىز، ئۇ خۇددى جاننى ئالىدىغان جەبرائىلنىڭ ئۆزى بولدى.

— خوتۇنىڭىزدىن قورقىدىغان ئادەم، نېمە دەپ مەن بىلەن ئارىلاشقان، ئىككى گەپنىڭ بىرسى بولسا ئۆيدىكى خوتۇنىڭىزنىڭلا گېپىنى قىلىدىكەن، ئادەمنىڭ جېنىنى چىقىرىپ ....— روزىگۈل قېيداپ ئەيسا كاسىرنى سىلكىشلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەيسا كاسىرنىڭ ئاشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ سىلكىشلىيەلمىدى. ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەردە روزىگۈلنىڭ يۇرتىدىن «تېز كېلىڭ، دادىڭىز ئاغرىق» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما كەلدى. روزىگۈلنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ چولپانخان مومىسى تۈگەپ كەتكەندىمۇ، ئاپىسى تۈگەپ كەتكەندىمۇ مۇشۇنداق تېلېگرامما كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ شۇم تېلېگرامما يەنە كەپتۇ. ئۇنىڭ ئاغرىقچان دادىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قاپتۇ - دە. روزىگۈلنىڭ قىياسى توغرا چىقتى.

روزىگۈلنىڭ يۇرتىغا كېلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر ھەپتە بولدى. ئاتا - ئانىسى ۋە چولپانخان مومىسى بولمىغاچقىمۇ ئۆز يۇرتى ئۆزىگە يات بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يۇرتىدىكىلەر

ھەتتا تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭغا يات ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قارىنى كۆرگۈسى كېلىپ قالدى. نېمە ئۈچۈنكى، بۇ قېتىم جۇماخۇن روزىگۈل بىلەن بىللە كېلىشكە ئۇنىمىدى. بەلكىم ئۇ ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۆز يۇرتىدا ھاراق ئىچەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن.

روزىگۈل تۇغقانلىرىنىڭ چولپانخان مومىسى بار چاغلاردىكىدەك ئۇنداق ئىناق ئەمەسلىكىنى، ھەتتا ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ، سالام - سائەتمۇ قىلىشمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

روزىگۈلنىڭ ھەدىسى ئوتتۇز ياشقا كىرە - كىرمەي، قېرى مومايدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ ئادەمگە تېگىۋالغاچقا كەينى - كەينىدىن تۇغۇلغان چۈچۈرىدەك بالىلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن روزىگۈلگە قاچان كېتەر بۇ دېگەندەك مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. ئىنىسى بولسا تىجارەت قىلىمەن دەپ ئىچكىرىگە كېتىپ كەتكەنمىش، ئۇنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن.

روزىگۈلنىڭ يۇرتتا يەنە ئۇزۇن تۇرۇشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ئۇ قايتىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قارى بىلەن بىر كۆرۈشىۋالغۇسى، بىر ئېغىز بولسىمۇ ئەھۋال سورىۋالغۇسى كەلدى.

ئۇ يۇرتقا قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆزى ئوت ئالىدىغان باغقا كىردى. باغدا چوڭ ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئاۋغۇست ئايلىرى بولغاچقا باغدا ئۆرۈك قالمىغانىدى. باغدا ئوتلار يەنە شۇنداق قويۇق ئىدى. ئوتلار ئارىسىدىكى قۇشقاچلار روزىگۈلدىن ھۈركىگەندەك پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. روزىگۈل قۇشقاچلار خۇددى قىممەتلىك بىر نەرسىنى ئېلىپ كەتكەندەك ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھاڭۋاقىنىچە





قاراپ قالدى... ئۇنىڭ يەنە ئوتلارنى يۇلۇپ باققۇسى، ئوت سالغان خالتىنى يۈدۈپ ماڭغۇسى كەلدى. ئاھ، ئاشۇ چاغلار نەقەدەر بەختلىك، نەقەدەر غەمسىز چاغلار ئىدى - ھە! ئەگەر ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولغان بولسا ئۇ قايتىدىن بالا بولۇۋالغان بولاتتى. ئۆزىنىڭ مۇشۇ باغقا سىڭىپ كەتكەن كۈلكىسى، مۇھەببىتى، شادلىقىنى ئىزدىدى، ئۇ خۇددى دۇرۇت ئوقۇۋاتقاندەك پىچىرلىدى: — قارى، قارى سىز مۇشۇ باغنى، مۇشۇ باغدىكى ئاشۇ شېرىن دەقىقىلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كەتتىڭىزمۇ، مېنىڭمۇ مۇشۇ يۇرتتىن كەتمەي، سىزنىڭ ئايالىڭىز بولغۇم بار ئىدى. مەنمۇ سىزگە بالا تۇغۇپ بېرەلەيتتىم، كىر - قاتلىرىڭىزنى يۇيۇپ، تاماق ئېتىپ بېرەلەيتتىم. بىراق، سىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ قويماي باشقا بىرسى بىلەن... روزىگۈل باغدىكى ھەر بىر ئوت، ھەر بىر يوپۇرماققا بىر - بىرلەپ دېگۈدەك سىنچىلاپ قارىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ باغدىكى يوپۇرماق ۋە ئوتلار ناتونۇش ۋە يات بولۇپ تۇيۇلدى. بەزى يوپۇرماقلار كىچىك يېشىل بالىغا ئايلىنىپ ئۇنى ئەيىبلەۋاتاتتى: — ھەي، ساڭا بۇ باغدا نېمە بار، سېنىڭ ئەمدى بۇ باغقا كېلىدىغان يەنە نېمە ھەققىڭ بار، سەن دېگەن ھازىر باشقىلارنىڭ ئېرى بىلەن... ناپاك خوتۇن، ناپاك خوتۇن! — روزىگۈل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. «يېشىل بالا» پۇررىدە ئۇچۇپ يەنە شاخ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

روزىگۈل باغنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئايلاندى. بۇ باغدىكى ھەممىلا نەرسە بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدىغاندەك چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇزۇنغىچە تىكىلدى. بۇ ئۇ باغنىڭ ھاۋاسىدىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالاتتى. ئۇ باغنىڭ پاك ھاۋاسى بىلەن ئۆزىنىڭ روھى ۋە جىسمىنى پاكلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. روزىگۈل باغدىن يېنىپ چىقتى. ھېلىمۇ ئۇ باغنى ئىككى سائەتكە يېقىن ئايلاندى. ئەگەر باغدا ئوت ئالىدىغانلار كۆپىيىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە باغدىن يېنىپ چىقمىغانمۇ بولاتتى.

روزىگۈلنىڭ پۇتلىرى ئۇنى ئىختىيارسىز قارىلارنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ قارىلارنىڭ تۆمۈرچىخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۆمۈرچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئېشەك، بىر ئات باغلاقلىق تۇراتتى. روزىگۈل ئىختىيارسىز هالدا تۆمۈرچىخانىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ قالدى. ئەنە ئاشۇ چاغدا قارى تۆمۈرچىخانىدىن ئىككى ئادەم بىلەن چىقتى. قارىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ساقال باسقان، بېشىدىكى ئاق تەھقىسى كىرلەشكەن بولۇپ، كەڭ قارا ئىشتىنى ئەسلى ئاق بولسىمۇ كىرنىڭ دەستىدىن كۆل رەڭ بولۇپ قالغان، كۆڭلىكى ئۇنى كۆرۈمسىز قىلىپ كۆرسىتەتتى. بۇرۇنقى بۇغداي ئۆڭ، پارقىراق، مەزمۇت چىرايى قارامتۇل، خۇنۇك بولۇپ بوشىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بويىمۇ بۇرۇنقىدىن پاكارلاپ قالغاندەك قىلاتتى.

— بۈگۈن ئېشەكلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار، تەييار تاقا يوق، هازىر ئېشەك تاقىلىتىدىغانلار بەك كۆپ، تۈنۈگۈنلا تېخى 20 تاقا بار ئىدى، تۈگەپ كەتتى. باشقا مەھەللىدىكىلەرمۇ تاقىلىتىدىغان ئېشەكلىرىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەكېلىدىغان بولدىغۇ - تاڭ، ئاتنى بۈگۈن تاقىلاپ بېرەي ....— سۆزلەۋاتقان قارى تۇيۇقسىز روزىگۈل تەرەپكە قارىدى. روزىگۈلنىڭ يۈرىكى خۇددى قىلتاققا چۈشۈپ قالغان بۆجەندەك تىپىرلىدى. قارىنىڭ كۆزلىرى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئاھ ئاشۇ كۆزلەر روزىگۈلنىڭ خىيالىدىن بىر كۈنمۇ چىقمىغان ئاشۇ كۆزلەر··· روزىگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان هالدا: — قارى، جېنىم قارى دەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتماقچى، ئۆزىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ قانغۇدەك بىر يىغلىۋالماقچى بولدى، ئۇ ئىختىيارسىز هالدا قارى تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى بولدى. شۇ چاغدا قارى سۆزلەپ قالدى:

— بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئالدىدا خوتۇن خەقكە نېمە بار ئەمدى.

— قارى تۆمۈرچىنىڭ بويتاق قالغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۆزىنى تاقىلاتقىلى كەلگەندۇ، — قارىنىڭ يېنىدىكى ئەر قارىغا





چاقچاق قىلدى.

— ئاشۇ قېرى خوتۇننىما، — قارى تېخى ئالدىراپ بىرەر ئەرنىڭ ئەمرىدىن چىققانلارغا قارىمايدۇ، جۇمۇ. بىلمىدىغانسىلەر، مۇشۇ بىر يېرىم يىلنىڭ ئىچىدە ئون ئالتە ياشلىقتىن ئىككىنى ئېلىپ قويۇپ بەردىم، بازغان ئۇرۇپ تاپقان پۇلنىڭ تەمىنى ئاشۇنداق تېتىمىساق قانداق تېتىيمىز.

روزىگۈل كەينىگە بۇرۇلۇپ خۇددى بىرسى قوغلىغاندەك ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. روزىگۈل قارىنى ئۇنتۇمىغان بىلەن قارى ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. روزىگۈلنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىككى تامچە ياش خۇددى چۇقان كۆتۈرگەندەك مەڭزىنى بويلاپ دومىلىغىنىچە يەرگە چۈشۈپ كەتتى...

ئاپتوبۇس ئادەمسىز چۆلدە ئۈچقاندەك كېتىۋاتاتتى. روزىگۈل ئۇخلاپمۇ، مۈگدەپمۇ، خىيال قىلىپمۇ چارچىدى، ئۇ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن لەپىلدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆزگەرمەس مەنزىرىلەرگە قارىدى. قۇم بارخانلىرى، تاشلىق چۆل يەنە قۇم بارخانلىرى يەنە تاشلىق چۆل، ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ماشىنا ۋە ئېشەك هارۋىلىقلارنى هېسابقا ئالمىغاندا چۆلدىكى بۇ يولدا هاياتلىقتىن دېرەك بېرىدىغان هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. روزىگۈل ئۆزىنىڭ روهىي دۇنياسىنى ئەنە ئاشۇ چۆلگە ئوخشاتتى. مانا بۇ چۆللەر سۇغا تەشنا، روزىگۈلنىڭ روهىي دۇنياسىدىمۇ ئەنە ئاشۇنداق تۈگىمەس، قانماس بىر چاڭقاقلىق بار. ئۇنىڭ مەنىۋى باياۋانىدا بىرەر تال گىياھمۇ ئۈنمەي، بىرەر تال چېچەكمۇ ئېچىلماي، دائىم بوران هۇۋلاپ، چاڭقاقلىق هۆكۈم سۈرۈپ ئۆتەرمۇ، دائىم ئۇنىڭدا ياۋايى يىرتقۇچلار قاتراپ، ۋەھىمىلىك هۇۋلارمۇ؟ تۇرۇپ - تۇرۇپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئالقانچىلىك بوستانلىقلار ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەندەك ئۇنىڭ قەلب باياۋانىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. روزىگۈل مۈگدەپ قالدى. روزىگۈل نېمە ئۇ-

چۇنكى، ماشىنىدىن ئاشۇ چۆلگە چۈشۈپ قاپتۇدەك، ئاپتوبۇس
ئۇنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خەۋىرى يوقتەك، روزىگۈل بىلەن
كارى بولماي كېتىۋاتقۇدەك. روزىگۈل ۋارقىراي دېسە ۋارقىرال-
مايۋاتقۇدەك، يۈگۈرەي دېسە يۈگۈرەلمىگۇدەك، ئۇ بوران ھۇۋلا-
ۋاتقان بۇ باياۋاندا بۇرۇن ئۆزى كۆرۈپمۇ باقمىغان، تەسەۋۋۇرمۇ
قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر يىرتقۇچلار ئۇنى قور-
شاۋغا ئېلىۋالغۇدەك، ئۇ يىرتقۇچلارنىڭ بېشى تۇرۇپ قارىنىڭ
بېشىغا ئايلانسا، تۇرۇپلا جۇماخۇن ۋە ئەيسا كاسسىرنىڭ بېشىغا
ئايلىنىۋاتقۇدەك، ئەتراپىدىكى يىرتقۇچلار «مەن يەيمەن دېسە مەن
يەيمەن» دەپ روزىگۈلنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تالىشىۋاتقۇدەك، رو-
زىگۈل قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي ۋەھىمە ئىچىدە تۇرغاندا قاناتـ
لىق بىر قىز بوۋاق ئۇچۇپ كېلىپ، قولىدىكى سېھىرلىك نۇر
كالتىكى بىلەن «ھەي يىرتقۇچلار بۇ مېنىڭ ئاپام، چېقىلغۇچى
بولما» دېگىنىچە ئۇلارنى ئۇرۇپ تارقىتىۋەتكۇدەك ھەم روزىگۈل-
نى «ئاپا! » دېگىنىچە قۇچاقلىۋالغۇدەك...

ئاپتوبۇس كاتاڭغا چۈشۈپ كەتتىمىكىن، روزىگۈل قاتتىق
سىلكىنىپ چۆچۈپ ئويغاندى. ئاپتوبۇس يەنە ئاشۇ چۆلدە غۇڭۇل-
داپ كېتىۋاتاتتى. ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ بەزىلىرى مۈگدىسە، بە-
زىلىرى خىيال سۈرگىنىچە چايقىلىپ ئولتۇراتتى.

— توۋا، ھازىرلا مېنىڭ قۇچىقىمدىكى بۇدرۇق ئوماق بالا
نەگە كەتكەندۇ؟ — روزىگۈل ئوماق بىر بالىنى يىتتۈرۈپ قويغان
ئانىدەك ئېسەڭگىرەپ ئەتراپقا قارىدى — ھە، مەن چۈش كۆرۈپ-
تىمەن - دە، — روزىگۈل ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى.

— چۈشمۇ مۇشۇنداق راستىنكىدەكلا بولامدىغاندۇ؟

ئاپتوبۇس بىر ئۆتەڭدە توختىدى. يولۇچىلار:

— بۇ يەرنىڭ تامىقى ياخشى ئەمەستى، يەنە مۇشۇ يەرگە
توختاپتۇ، — دەپ غودۇڭشىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى. روزىگۈل
يولۇچىلارنىڭ قاتارىدا بىر قاچا سۈيۇقئاش ئىچمەكچى بولدى.





لېكىن، سۈيۇقئاشتىن ئىككى قوشۇق ئىچە - ئىچمەيلا كۆڭلى
ئېلىشىپ ھۆ تۇتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بوغۇزىغا بىر نەرسە ئۆرلە-
گەچكە تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يول
بويى ئەنە ئاشۇنداق ھۆ قىلىپ قۇسۇپ كەلدى، يۈرتىدىمۇ تۇزۇك-
رەك خەيرىخاھلىقتا ئېرىشەلمىگەن روزىگۈلگە يەنە ئۆزىنىڭ ئۆيى
ئىللىق كۆرۈندى.

روزىگۈل يۇرتقا ماڭىدىغان كۈنى مەست - ئەلەس قالغان
جۇماخۇن، ئۇنى يەنە مەست پېتى كۈتۈۋالدى.

روزىگۈل مەينەتچىلىكتىن تىنىپ كەتكەن ئۆيىنى تازىلاپ
يۈرۈپ ھەپتە بولغاندا ئاران ئەيۋەشكە كەلتۈردى. روزىگۈلنىڭ
كۆڭۈل ئېلىشىشى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەيتتى. ئاخىرى، ئۇ
ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولغانلىقىنى بىلدى.

## 16

لېيەندىكى يەرلەر كۆتۈرە بېرىلگەندىن بېرى ئادىل لېيەنجاڭ-
نىڭ ھوقۇق ۋە ئىمتىيازى بارغانسېرى ئۆسۈشكە باشلىدى. دې-
مىسىمۇ بۇ لېيەندە ھوقۇق پۇل، ھوقۇق مەنپەئەت بولۇپ قالغان-
دى. ئەمدى ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىرى تېخىمۇ كۆپەيدى. ئەيسا
كاسسىر ئادىل لېيەنجاڭغا ھېلىقى ئىشتىن كېيىن غۇم ساقلاپ
يۈرۈۋاتقان بولسىمۇ كاسسىرلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قور-
قۇپ، بىر ئېغىز گەپ قىلالمىدى.

ئادىل لېيەنجاڭ تۇزۇكرەك ئوقۇمىغان بولسىمۇ، مۇئاۋىن
دىۋىزىيە كوماندىرى قاسىموپنىڭ تۇغقان رەھبەرلىرىگە ئېيتقان
ئىككى ئېغىز گېپى ئۇنى باشتا مۇئاۋىن لېيەنجاڭ، كېيىن لېيەن-
جاڭ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ مۇئاۋىن لېيەنجاڭ بولغان چاغلىرىدا
ناھايىتى سىپايە، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ئايىغى چاققان
ئادەم ئىدى. چوڭلارنى كۆرسە سىپايىلىق بىلەن ئىگىلىپ تەزىم

قىلاتتى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. كىمنى كۆرسە ھېجىيىپ كۈلۈپلا تۇراتتى. تۇل خوتۇن، يېتىم بالىلارغا ئۇن، ماي ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. لېيەندىكى چوڭلار ئۇنى «ئاغزى يۇمشاق، ئايىغى چاققان بالىكەن، كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى يەيدىكەن، بىزگە مۇشۇ بالا لېيەنجاڭ بولسا بولغۇدەك» دەپ يۈردى. ئۇلارنىڭ ئارزۇسىمۇ ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى.

بىراق، ئادىل لېيەنجاڭ بولۇپ كۆپ ئۆتمەيلا خۇي - پەيلىنى ئۆزگەرتتى، بۇرۇنقى ئاغزى يۇمشاقلىقىنى تاشلاپ بۇيرۇقۋاز، يوغانچى، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن سەت ۋارقىراپ باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان بولىۋالدى. لېيەندىكى چوڭلارنى كۆرسىمۇ سالام - سائەتمۇ قىلمايدىغان بولدى. تېخى ئاشۇ چوڭلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىدىغان تۆۋەندىكىدەك گەپلەرنى قىلىۋېرىدىغان بولدى:

— مۇشۇ لېيەندە ئالتە توك - توك قېرى قالدى، ھەممە گەپ مۇشۇ كوت - كوت قېرىلاردىن چىقىۋاتقان، ئاڭلىسام ئۆزىچە مېنى تۇەنگە بېرىپ ئەرز قىلىپ يۈرۈپتۇ، مېنى دېسە، دىۋنىيىگە بېرىپ ئەرز قىلسۇن، مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، ئەتكىنىم ئەتكەن، بىلىپ قويۇشسۇن.

راست دېگەندەك ئادىل لېيەنجاڭنىڭ دېگىنى دېگەن، ئەتكىنى ئەتكەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن لېيەننىڭ ئۇنۇملۇك ھوسۇللۇق يەرلىرىنى ئۆزىنىڭ چاپانچى، خۇشامەتچىلىرىگە بېرىۋەتتى. ئۆزىنىڭ گېپىنى تازا ئاڭلىمايدىغان، خۇشامەتنى قىلمايدىغانلارغا شورلۇق، قۇمۇشلۇق ئۇنۇمسىز يەرلەرنى بۆلۈپ بەردى. ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىغا ئەڭ مۇنبەت يەرلەرنى «بوز يەر» ھېسابىدا تۇتقۇزۇپ قويدى. «بوز يەر» دىن يەر ھەققى ۋە باشقا ھەقلەر ئېلىنمايتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك ئۆزىنىڭ خۇشامەتچىلىرىنىڭ ئۆيىدە توخا - پاقلانلارنى سويدۇرۇپ بەزمە



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

قىلىدىغان بولىۋالدى. ئۇ ئەمدى بارغانسېرى كېرىلىپ، پوخورلۇقى ئۆرلەپ، لېيەندىكى چىرايلىق قىز، چوكانلارغا كۆز تاشلايدىغان بولدى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۆزى روزىگۈلگە چۈشتى، تۇغۇتتىن يېڭى قوپقان روزىگۈل ئىككى ئايلىق بولغان گۈلشەننى كۆتۈرۈپ نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. ئۇنى تۇغۇت مەزگىلىدە تۇرنىسا باققانىدى. شۇڭا ئۇ، تۇرنىسا بىلەن بىردەم - يېرىمدەم گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭلىشىپ كەلمەكچى ئىدى. تۇغۇت مەزگىلىدە تۇرنىسا ئۇنىڭغا ياخشى قارىغانىدى. نىياز كاللەك جۇماخۇننىڭ ئاكىسى ئەلنىيازنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. تۇغۇتتىن كېيىن روزىگۈل ئاقىرىپ، سۇزۇلۇپ، تولۇپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. روزىگۈلنى كۆرگەن ئادىل لېيەنجاڭنىڭ كۆزى بەز يېگەن مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتتى.

— تۇۋا، ئەيسا دېگەن گوينى نېمانداق جۇماخۇننىڭ ئۆيىگە تولا كىرىدىكىن دېسەم، ئەسلى گەپ مۇنداقكەن - دە. مەن نېمىشقا بۇنىڭغا دىققەت قىلمىغان بولغىيدىم، يائاللا نېمانچە چىرايلىق نەرسە بۇ. ئادىل لېيەنجاڭ خىيال بىلەن روزىگۈلنىڭ ئۆزىگە تاتلىققىنە تەبەسسۇم ئارىلاش سالام قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى. لېيەندە مانا مۇشۇنداق چىرايلىق چوكان تۇرسا نەدىكى نەرسىلەرگە ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرگىنىمنى قارىمامدىغان. ئۇ روزىگۈلنىڭ ئۇزاپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قارىغىنىچە خۇددى لەززەتلىك شەربەت ئىچكەن ئادەمدەك ئاغزىنى تامشىپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى.

— توختاپتۇر، مەن ئالدى بىلەن ئەيسا دېگەن گوينى چۆچۈتۈپ بۇنىڭغا قارىمايدىغان قىلىۋېتەي، قارىغاندا كاسسىرلىق بۇ گوينىڭ بىر يەرلىرىگە تېپىۋاتقان ئوخشايدۇ، كىمنىڭ خوتۇنى چىرايلىق بولسا شۇنىڭ ئۆيىگىلا يۈرگىلىغان. ئۆزۈڭچە مەندىن

سىر تۇتۇپ يۈرەمسەن، مەن ئادىل سەن گۈينىڭ نېمە قىلمۋاتقانلىقىڭنى بىلمىسەم، خەقنىڭ ئاغزىدىكى ئۇششاق گەپ - سۆزلەرنىڭمۇ ئاساسى بار ئىكەن - دە، توختاپ تۇر، ئالدى بىلەن ئەيسا دېگەن ماۋۇ گۈينى جۇماخۇننىڭ خوتۇنىغا يېقىن يولىمايدىغان قىلىۋېتەي، مېنىڭ سايەمدە جان بېقىپ تۇرۇپ، قانداق قىلالايسەن دېگەندەك مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىدىغىنىمنى مەن ساڭا بىر كۆرسىتىپ قوياي.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن، بىر كۈنى ئادىل لېيەنجاڭ ئەيسانى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. ئادىل لېيەنجاڭ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسا ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتمايتتى. ئەيسا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنى سۇسلا قارشى ئالدى.

— ئاۋۇ، ئورۇندۇقتا ئولتۇر.

ئادىل لېيەنجاڭ قول ئاستىدىكىلەر ۋە خۇشامەتچىلىرىنىڭ ئالدىدا سۇرلۇك ۋە سالاپەتلىك بولىۋالاتتى. ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن دائىم ئىېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدىغان ئەيسا كاسسىردەكلەر ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قاپىقىغا بىرلا قاراپ، قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەيسا كاسسىر بۈگۈن ئۆزىگە ياخشىلىق يوقلۇقىنى بىلىپ بولدى.

ئادىل لېيەنجاڭ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، ئەيسا كاسسىرغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قاراپ سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— سەن بىزنى بۇ لېيەندە زادى ئىشلىگىلى قويامسەن، قويمامسەن؟

— مەن، مەن نېمە قىپتىمەن، لېيەنجاڭ؟

— نېمە قىلغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ بىلمەي يۈرۈۋاتامسەن ياكى قىلغانلىرىڭنى بىزنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟





ئەيسا كاسسىرنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. يېقىندا ئۇ بىر نەچچە ئائىلىلىكنىڭ ھەققىنى ئادىل لېيەنجاڭغىمۇ دېمەي يەۋەتكەنىدى. — قارىغاندا مۇشۇ ئىشنى بىلىپ بوپتۇ - دە، ئەمدى ئۇنىڭغا راست گەپنى دېمىسەم، ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەيسا كاسسىر ئادىل لېيەنجاڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلىپ ئەھۋالنى دېمەي تۇرۇۋالسا، ئەيسانى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا كاسسىرلىقتىن ئېلىپ تاشلىيالايتتى. ھازىر ۋەزىيەت بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشىمايدۇ، يۇقىرىدىن ھەممە ھوقۇقنى لېيەنجاڭغا بېرىۋەتتى. لېيەنجاڭ لېيەن دائىرىسىدە نېمە ئىش قىلمەن دېسە قىلىۋېرىدۇ.

ئەيسا ئەمدى ئۆزىنى پاش قىلماقچى، لېيەنجاڭغا يېلىنىپ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلىمەكچى بولدى.

— ئەمدى لېيەنجاڭ، شەيتان دېگەن يامان نېمىكەن، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ...

ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— ھازىرمۇ روزىگۈل بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرەمسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئەيسا كاسسىرنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. پېشانىسىدە مۇزدەك تەر تەپچىرىدى. — خۇداغا شۈكرى، تاس قاپتىمەن - دە لېيەنجاڭنىڭ خەۋىرى يوق ئىشنى پاش قىلىۋەتكىلى، چۈنكى ئۇ يېقىندىن بېرى لېيەندىكى نىياز كاللەككە ئوخشاش ھېسابىنى ئانچە ئۇقمايدىغانلارنىڭ خېلى كۆپ ھەققىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ يەۋەتكەنىدى. — نېمە دېيەرىنى بىلەلمىگەن ئەيسا كاسسىر دۇدۇقلىدى.

— بۇ، بۇ... ئەمدى...

— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، خەق ھەممە گەپنى دەپ بولدى، مەن ساڭا مۇشۇنچىلىك ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن خەقنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلىغۇچى بولما، ئەگەر بۇ ئىشىڭنى سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بول-

سىر تۇتۇپ يۈرەمسەن، مەن ئادىل سەن گۈينىڭ نېمە قىلىۋاتقان-
لىقىڭنى بىلمىسەم، خەقنىڭ ئاغزىدىكى ئۇششاق گەپ - سۆزلەر-
نىڭمۇ ئاساسى بار ئىكەن - دە، توختاپ تۇر، ئالدى بىلەن ئەيسا
دېگەن ماۋۇ گۈينى جۇماخۇننىڭ خوتۇنىغا يېقىن يولىمايدىغان
قىلىۋېتەي، مېنىڭ سايەمدە جان بېقىپ تۇرۇپ، قانداق قىلالاي-
سەن دېگەندەك مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگىنىنى
قارىمامدىغان، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىدىغىنىمنى مەن ساڭا
بىر كۆرسىتىپ قوياي.

ئاشۇ ئىشتىن كېيىن، بىر كۈنى ئادىل لېيەنجاڭ ئەيسانى
ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ
قالدى. ئادىل لېيەنجاڭ ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسا ئۇنى
ئىشخانىسىغا چاقىرتمايتتى. ئەيسا ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە
ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنى سوسلا قارشى ئالدى.

— ئاۋۇ، ئورۇندۇقتا ئولتۇر.

ئادىل لېيەنجاڭ قول ئاستىدىكىلەر ۋە خۇشامەتچىلىرىنىڭ
ئالدىدا سۈرلۈك ۋە سالاپەتلىك بولىۋالاتتى. ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن
دائىم ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرىدىغان ئەيسا كاسسىردەكلەر
ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قاپقىغا بىرلا قاراپ، قانداق ئىشنىڭ يۈز
بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەيسا كاسسىر بۈگۈن ئۆزىگە ياخشىلىق
يوقلۇقىنى بىلىپ بولدى.

ئادىل لېيەنجاڭ بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق -
قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، ئەيسا كاسسىرغا غەزەپ بىلەن ھومىد-
يىپ قاراپ سوراق قىلىشقا باشلىدى.

— سەن بىزنى بۇ لېيەندە زادى ئىشلىگىلى قويامسەن،
قويمامسەن؟

— مەن، مەن نېمە قىپتىمەن، لېيەنجاڭ؟

— نېمە قىلغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ بىلمەي يۈرۈۋاتامسەن ياكى
قىلغانلىرىڭنى بىزنى بىلمەيدۇ دەۋاتامسەن؟





ئەيسا كاسسىرنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. يېقىندا ئۇ بىر
نەچچە ئائىلىلىكنىڭ ھەققىنى ئادىل لېيەنجاڭغىمۇ دېمەي يەۋەتكە-
نىدى. — قارىغاندا مۇشۇ ئىشنى بىلىپ بوپتۇ - دە، ئەمدى
ئۇنىڭغا راست گەپنى دېمىسەم، ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغان ئوخشاي-
مەن. ئەيسا كاسسىر ئادىل لېيەنجاڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەت-
تى، ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلىپ ئەھۋالنى دېمەي تۇرۇۋالسا،
ئەيسانى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا كاسسىرلىقتىن ئېلىپ تاشلىيا-
لايتتى. ھازىر ۋەزىيەت بۇرۇنقى چاغلارغا ئوخشىمايدۇ، يۇقىرى-
دىن ھەممە ھوقۇقنى لېيەنجاڭغا بېرىۋەتتى. لېيەنجاڭ لېيەن دائىرى-
سىدە نېمە ئىش قىلىمەن دېسە قىلىۋېرىدۇ.

ئەيسا ئەمدى ئۆزىنى پاش قىلماقچى، لېيەنجاڭغا يېلىنىپ
گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىشنى تىلىمەكچى بولدى.

— ئەمدى لېيەنجاڭ، شەيتان دېگەن يامان نېمىكەن، شەيتان-
نىڭ كەينىگە كىرىپ...

ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى:

— ھازىرمۇ روزىگۈل بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرەمسەن؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال ئەيسا كاسسىرنى ئەندىكتۈرۈ-
ۋەتتى. پېشانىسىدە مۇزدەك تەر تەپچىرىدى. — خۇداغا شۈكرى،
تاس قاپتىمەن - دە لېيەنجاڭنىڭ خەۋىرى يوق ئىشنى پاش قىلى-
ۋەتكىلى، چۈنكى ئۇ يېقىندىن بېرى لېيەندىكى نىياز كاللەككە
ئوخشاش ھېسابىنى ئانچە ئۇقمايدىغانلارنىڭ خېلى كۆپ ھەققىنى
قاقتى - سوقتى قىلىپ يەۋەتكەنىدى. — نېمە دېيەرىنى بىلەلمە-
گەن ئەيسا كاسسىر دۇدۇقلىدى.

— بۇ، بۇ... ئەمدى...

— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، خەق ھەممە گەپنى دەپ بول-
دى، مەن ساڭا مۇشۇنچىلىك ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بۇنىڭدىن
كېيىن خەقنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلىغۇچى بولما، ئەگەر بۇ
ئىشىڭنى سوتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بول-

سىلاشلىرى ئۇنىڭغا زور تەسەللى ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلدى. ئۇ ئەيسا كاسسىردىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى بوشلۇقنى ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان گۈلشەن ئىگىلىدى. ئۇنىڭ بەزىدە ئەيسا كاسسىرغىمۇ رەھمەت ئېيتقۇسى كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ روزىگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدا گۈلشەننى ئاپىرىدە قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا بۈگۈنكى بۇ شادلىق نېسىپ بولمىغان بولاتتى. گۈلشەن تۇغۇلغاندىن كېيىن جۇماخۇن باشتا قېيىداپ باقتى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا گۈلشەننى ياخشى كۆرۈپ قالدى. تۇيۇقسىزلا هاراقنىمۇ تاشلاپ كەچكىچە گۈلشەننى كۆتۈرۈۋېلىپ باقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنسانلارغا خاس ئاتىلىق مېهىر ئويغانغانىدى. ئۇ گۈلشەن چوقۇم مېنىڭ بالام، مەن ئۆزۈمنىڭ پۇشتىنى نېمە دەپ... ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى مۇشۇ گەپكە ئىشەندۈردى. ئۇ، بەزىدە هاياجىنىنى باسالمىغان هالدا گۈلشەننى سۆيۈپ، يىرىك ساقاللىرىنى تەگكۈزۈپ يىغلىتىۋېتىدىغان بولدى.

— يائاللا، كىرپىدەك بولۇپ كەتكەن ساقىلىڭىزنى سۈركەۋەرسىڭىز كىچىك بالا كۆتۈرەلەمدۇ، يا بىردەم سۆيمەي تۇرالمىغان، يا ساقىلىنى پاكىز ئالمىغان، مەكېلىڭە قىزىم، مەكېلىڭە، دادىڭىز ئەسكى سىزنى يىغلىتىۋەتتىمۇ، — روزىگۈل گۈلشەننى ئەنە ئاشۇنداق ئەركىلىتىپ كېتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇماخۇن ساقاللىرىنى پاكىز ئالىدىغان، گۈلشەنگە ساقاللىرىنى سۈركىمەيدىغان بولدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا خۇددى گۈلشەننى بىرسى ئېلىپ قاچىدىغاندەك مەھكەم قۇچاقلىۋالاتتى.

— هەي، ئاۋۇ بالىنى بوشراق قۇچاقلاڭ، بالىنىمۇ ئۇنىڭشاپ كۆتۈرەلمىگەن، — روزىگۈلنىڭ مۇشۇنداق جېكىلەشلىرىدىن كېيىن جۇماخۇن بالىنى يەرگە قويۇپ تويماي قارايتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا: — مېنىڭ قىزىم، ئۆزۈمنىڭ قىزى، — دەپ ئۈنلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى خۇددى موزىيىنى يىتتۈرۈپ قويغان ئىنەكنىڭ مۆڭلۈق مۆرىشىگە ئوخشايتتى. بەزىدە ئۇ گۈل-





شەنگە قارىماي قوياتتى. روزىگۈلگە قېيىداپ يوق ئىش ئۈچۈن جېدەل چىقىراتتى. روزىگۈلنى سوراقلىغۇسى، ئۇرۇپ دۇمبالىغۇسى كېلەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالاتتى. ئۇنىڭ گۈلشەنگە بولغان ئامراقلىقى ھەممىدىن غالىب كېلىۋاتاتتى.

جۇماخۇن هاراق ئىچمەيدىغان بولغاندىن كېيىن كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالارغا ئارىلاشمايدىغان بولىۋالدى. ئۇ ھە دېسە ئېتىزغا كېتەتتى، ئېتىزدىكى ئەمگەك ئۇنىڭ قەلبىدىكى سىرلىق ئازابلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. ئۇ بەزىدە قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىۋېلىپ ھۆڭرەپ يىغلايتتى. ئۆز تەقدىرىدىن نارازى بولۇپ زارلىناتتى. بەزىدە تېخى ئۆلۈۋالماقچى، بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشماقچى بولاتتى. بىراق، ئۆلۈممۇ ئۇنى قوينىغا ئالمايدىغاندەك شۇنچە كۆپ زەھەرلىك دورىنى ئىچسىمۇ ئۆلمىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ ئىچكەن دورىسى ساختا دورا ئىدى. يەنە بىر قېتىم تاغ تەرەپتىكى چوڭ ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلىغانىدى. بىراق سۇمۇ ئۇنى يەكلىگەندەك قىرغاققا چىقىرىپ قويدى، يەنە بىر قېتىم ئىش قىلىپ ئۇ، بىرنەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ ئۆلۈۋالالمىدى... ئۇ ياخشى ئىشلىمىسە يىل ئاخىرىدا نىياز كاللەكتەك قەرزدار بولۇپ قالاتتى. بۇ يەردە يىل بويى ئېتىزدا كالىدەك ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا قەرزدار بولۇپ قالمىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇراتتى. يىل ئاخىرىدا بىر تىيىنمۇ ئالماي، بىر تىيىنگىمۇ قەرز بولماي چىقىپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ خۇشاللىق ئىش ئىدى. جۇماخۇن ئېتىزنىڭ بۇزۇلغان ئېرىقلىرىنى ئوڭشاۋېتىپ، يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدى.

جۇماخۇن زېرىكىپ كۆۋرۈك بېشىدا يالغۇز ئولتۇراتتى. نىياز كاللەك ناهايىتى خۇشال هالدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— هەي، جۇماخۇن، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپسەنغۇ؟ ماڭە، مەن سېنى تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا مېهمان قىلىمەن.

— مەن هازىر هاراق ئىچمەيۋاتىمەن.

— نېمە؟ سەن گىجىلىك، قاچاننىڭياقى ھاراقنى تاشلىدىڭ دەيمەن. ماڭە، ماڭە، ئىچمىسەڭمۇ بىللە ئولتۇرۇشۇپ بەر. نىياز كاللەك جۇماخۇننىڭ دولىسىدىن ئىتتەردى.

— مەن ھاراق ئىچمەيمەن، دۇكانغا كىرمەيمەن دېدىمغۇ، — جۇماخۇننىڭ گىجىڭلىقى تۇتتى.

— ھەي گىجىلىك، مەن سېنى ھاراق ئىچ دېدىممۇ، بىردەم ئولپەت بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ بەرگەنگە ئۆلەمسەن، ئاكاڭ ئەلنىيازنى دادامنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئاكاڭ ساڭا دەپ بەرمىگەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكاڭنىڭ خوتۇنى مەلىكە بىزنىڭ تۇغقان ئىدى. راست، يېقىندا ئۇنى شەھەردە كۆردۈم، ئۇ سېنى سوراۋاتىدۇ، ئۇ ھازىر ياشىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. مەن باشقا گەپنى قىلماي، ھە، قوپە دۇكانغا كىرىمىز، — جۇماخۇن مەلىكە ھەققىدىكى گەپنىڭ ئۆلگىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ نىياز كاللەكنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

— ھە، تۇراخۇنكا، بۈگۈن دۇكاندا تۈزۈك ئادەم يوققۇ، ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ؟ — نىياز كاللەك ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

تۇراخۇن دۇكانچىمۇ ئۆز ئادىتى بويىچە سۇسلا ئەھۋال سوراپ قويدى. ئۇ جۇماخۇننى يەنە كىرىپ قاپتۇغۇ دېگەندەك ئۇنىڭغا سۇسلا جىلمىيىپ قويدى. جۇماخۇن تامغا يۆلەپ ئورنىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. نىياز كاللەك ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىدىن بىر سوملۇق، ئىككى سوملۇق، ئون، يىگىرمە تىيىنلىك پۇللارنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى.

— تۇراخۇن، بۈگۈن يىللىق دارامەتنى ئالدۇق، خۇشال بولىدىغان يېرىم، بۇ يىل قەرز بولماپتىمەن، قولۇمغا توپتوغرا ئون سوم سەكسەن تىيىن تېگىپتۇ. ھېلىقى نوچى ھاراقنىڭ بىر بوتۇلكىسى ئون سوم سەكسەن تىيىنغۇ دەيمەن. بۈگۈن ئەنە





ئاشۇنىڭدىن بىر بوتۇلكا ئىچىۋېتەيلى. بۈگۈن ئۆزۈممۇ بەك خۇشال، بىر يىل ئىشلىگەنگە بىر بوتۇلكا ھاراققا تۇشلۇق پۇل بولسىمۇ تېگىپتۇ. كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۆمبا يەنە قەرز بولۇپ قاپتۇ، ھى، ھى، ھى، — نىياز كاللەك ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

— مەندە بەش سوم سەكسەن تىيىن قەرزىڭ تۇرسا، ئۇنى قانداق قىلىسەن؟ — تۇراخۇن دۇكانچى خاپا بولۇپ غودۇڭشىدى.

— تۇراخۇن، مەن ئەتىدىن باشلاپ لىيەننىڭ بېغىنىڭ تېمىنى سوقىدىغان بولدۇم، بىر تامنى ئۈچ سومدىن سوقىدىكەنمىز، مەن بىر يەرگە قېچىپ كەتمىگەندىن كېيىن، شۇ پۇلدىن بېرىۋەتسەم بولمىدىمۇ، ھەي بۇ دېھقانچىلىقتىن كىرگەن ھالال پۇل، بۇنى تولا پارچىلاتماي، تولۇق بىر خەجلىگىلى قويغىنە، مانا پۇل، ھېلىقى ھاراقنى ئېلىۋېتە، بىزمۇ بىر پېيچەت ھاراق ئىچىپ باقايلى. — تۇراخۇن نىياز كاللەكنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ ئالدىرىماي سانىغاندىن كېيىن، نىياز كاللەككە ھاراقنى ئېلىپ بەردى ھەمدە ئۈچ يېرى پۇچۇلۇپ كەتكەن ئايپاڭ قاچىدىن بىرنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. نىياز كاللەك موخۇركا ئوراپ ئولتۇرغان جۇماخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئېچىپ، ئايپاڭ قاچىغا بۇلدۇقلىتىپ ھاراق قۇيدى. ئۇ جۇماخۇنغا بىر مۇنچە كۆڭۈل سۆزى قىلىپ، ھاراقنى ئەمدى كۆتۈرەي دېيىشىگە دۇكانغا كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۆمبا كىرىپ كەلدى.

— پاھ، پاھ، ماۋۇ كاللەك بىلەن گىجىڭنىڭ بىزدىن يوشۇرۇن پەيزى قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، — كامىل گىرى نىياز كاللەككە چاقچاق قىلدى.

— خەقنىڭ رىسقىنى خەق ئىچەلمەيدىكەن ھە، ئۈستىگىلا چۈشتۇققۇ مانا. — ئالىم دۆمبا ھىجايغىنىچە كېلىپ، جۇماخۇننىڭ قولىدىكى تاماكىنى تارتىۋېلىپ شوراشقا باشلىدى.

— جۇماخۇن، دۇكانغا يېقىن يولىمايمەن دەۋاتاتتىڭ، يەنە بۇ يەردە سىڭايان بولۇپ قالغىلى تۇرۇپتۇقۇ، — كامىل گىرى جۇماخۇننىڭ چىشىغا تەگدى.

— جۇماخۇن ئىچمەيدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەر دەپ ئېلىپ كىرگەنىدىم، — نىياز كاللەك جۇماخۇننى ئاقلىدى.

— ئەمدى ئورىغان تاماكىدا ئاتاڭنىڭ ھەققى بولسىمۇ ئەكېلە، — جۇماخۇن ئالىم دۇمبانىڭ قولىدىكى تاماكىنى گىجىڭلىق بىلەن تارتىۋالدى.

— يائاللا، ماۋۇ گىجىڭنىڭ چۇپەيلىكىنى.

— ھە، سەن بەك مەرد، سېخىي ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن سورۇننى ماڭدۇرۇۋالدى. نىياز كاللەك ئالغان ھاراق تۈگەپ، ئالىم دۇمبا يەنە بىر بوتۇلكا ئالدى. كامىل گىرىنى ھاراق تۇتۇشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇ پۇنى زەي سالماي ئېتىشقا باشلىدى:

— ئالدىنقى ھەپتە يوقاپ كەتسەم نەگە باردىڭ دەپ سوراپمۇ قويۇشمايسەنغۇ، شەھەرگە كىرىپ چىقتىم، شەھەرنىڭ سەتەڭلىرىدىن بىر نەچچىسى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم.

— ھە، ھە، قانداق تۇتۇشۇپ قالدىڭ، — ئالىم دۇمبا نىياز كاللەككە كۆز قىسىۋەتكەندىن كېيىن كامىل گىرىنى گەپكە سالغىلى تۇردى.

— قانداق تۇتۇشۇپ قالاتتىم، بىزنى كۆرگەن سەتەڭلەر ئۆزلۈكىدىنلا تەييار بولىدىكەنغۇ تاڭ، تازا كاتتا بىر رېستوراندا ئىككى تەرىپىمگە ئىككى سەتەڭنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ پەيزى قىلىۋاتاتتىم، ئۇ ئىككى سەتەڭنىڭ بىرسى ماڭا رومكا بىلەن قىپقىزىل ئانارنىڭ سۈيىدەك ھاراقنى ئىچكۈزۈۋاتاتتى، يەنە بىرسى، ئاغزىمغا گۆشلەرنى سېلىپ قويىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسى كونا ئاشنىلىرىم بولغاچقا مېنى بىر - بىرسىدىن كۈنلەمەيتتى، قارىغاندا





ئۇلار مەن يوق ۋاقىتتا تالىشىپ نېمە قىلىمىز، ھەر ئىككىمىزگە يېتىدىغان بولغاندىن كېيىن تەڭ پايدىلىنايلى دېگەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پەيزى تۇتۇپ قالغاندا بىرسى ئوڭ قولىقىمنى تۇتۇپ سۆيسە، يەنە بىرسى سول قولىقىمنى تۇتۇپ سۆيەتتى. ئۇ بىر نېمىلەرچۇ ئادەم بار، يوق دېمەي، قىلىقسىزلىقلىرىنى قىلىۋېرەتتى، ئۇ گۈيلار مېنىڭ ئىككى قۇلىقىمنى ئىككى ياققا تارتىپ تازا سۆيۈۋاتقاندا چاتاقنىڭ چوڭى چىقسا بولىدۇ.

— ھە قانداق چاتاق چىقتى، — نىياز كاللەك بىلەن ئالىم دۇمبا ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ قىپقىزىل يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئاشۇنداق سوراپ قويدى.

— قانداق چاتاق بولاتتى، — كامىل گىرى قولىدىكى قاچىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئاغزىنى تامشىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ ئىككىسى مېنى تازا تالىشىپ سۆيۈۋاتقاندا ئۇ ئىككىسىدىنمۇ سەتەڭ يېڭى ئاشنام كېلىپ قالسا بولىدۇ. ھېلىقى ئىككى سەتەڭ مېنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ ئارام بەرمىگەچكە، ئۇنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئۈچ سەتەڭ مېنى تالىشىپ شۇنداق تۇتۇشۇپ كەتتىكى...

— ئالە كۆچ، كۆچ، — ئالىم دۇمبا خۇددى ئىت تالاشتۇرۇۋاتقاندەك ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ كەتتى.

— بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتقاندا جىم ئولتۇرۇپ بىر ئاڭلاڭلار، — نىياز كاللەك ئالىم دۇمبانى جىملىدى. جۇماخۇن خۇددى بۇ سورۇندا يوقتەك تاماكىسىنى شورىغىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۆزىنىڭ يالغان گېپىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان كامىل گىرىنىڭ كۆزى نىياز كاللەكنىڭ قولىدىكى ئايپاڭ قاچىغا تىكىلدى. كامىل گىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن نىياز كاللەك ئۇنىڭغا ھاراق تەڭلىدى. كامىل گىرى قولىدىكى ھاراقنى خۇددى ئۇسسىغان ئاتتەك تىنماي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، كامىل گىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پوكەي ئىچىدە تۇرۇپ پىخىلداپ

كۇلۇۋاتقان تۇراخۇن دۇكانچىغا قاراپ قويۇپ، يەنە ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— ھەي، ئاغىنىلەر، مۇشۇ خوتۇن خەق دېگەننىڭ كۇندەشلىكى تۇتسا قىپقىزىل بۆرىگە ئايلىنىدىكەن جۇمۇ، ھېلىقى ئۈچ سەتەڭ خۇددى سۆڭەك تالاشقان ئىتلاردەك شۇنداق تالىشىپ كەتتىكى ئاشخانىدىكى باشقا خېرىدارلار قورققىنىدىن بەدەر تىكىۋېتىشتى. بىر چاغدا قارىسام كېيىن كىرگەن سەتەڭ باشتىكى ئىككى سەتەڭنى ئۇرۇپ يانچۇۋېتىپتۇ، مەنمۇ قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بىر بۇلۇڭغا كىرىپ قاپتىمەن ···— ئۇ ماڭا قاراپ، — مۇشۇنداق قاملاشمىغان يەردە ئويناتسىمۇ ماقۇل دېدىڭمۇ، يۈرە، مەن سېنى قانداق يەردە ئوينىتىدىكەنمەنكى، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. گۇناھ ئۆزۈمدە بولغاچقا باشقا گەپ قىلماي ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدىم. كامىل گىرى پۇلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولدى، بىراق ھاراق تۈگەپ قېلىپ ھاراق ئالىدىغان ئادەم چىقمىدى. تازا ھەۋەس بىلەن سۆزلەۋاتقان كامىل گىرى ئۆزىگە ھاراق قۇيۇلمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ھاراق سوراشقا مەجبۇر بولدى:

— ھەي، كاللەك قۇيىماسەن ھارىقىڭنى···

— نېمىنى قۇيىدۇ، ھاراق تۈگىگەن تۇرسا.

— مېنى گەپكە سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرىڭلار ئىچىپ تۈگىتىپسىلەردە.

— خۇددى ئۆزى ئىچمىگەندەك گەپ قىلىۋاتقىنىنى، ئەتىگەننىڭياقى ئىچىۋاتقىنىڭ قارا سۇنىڭ سۈيى ئەمەس، ئالىم دۇمبا بىلەن نىياز كاللەكنىڭ قىزىل كويچىنىگە كەلگەن ھاراق، ئۇ ئەمدى سەنمۇ بىرەر بوتۇلكا ئېلىپ باقە قېنى···

— خۇددى مېنىڭ ھارىقىمنى ئىچمىگەندەك گەپ قىلىدىغۇ ماۋۇ دۇمبا، چىشىڭ چىقىپ بۇگۇن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ قاپتىكەنسەن، تىلىڭ ئۇزىراپ قاپتىغۇ، — كامىل گىرى ئالىم





دۇمباغا گۆلەيدى.

— ھەي، ئاز گەپ قىلە گىرى، سەن ھاراق ئالغان يەردە مەن قاچان ئالماي قالغان، سەن بىر بوتۇلكا ئالغان يەردە، ئىككى - ئۈچ بوتۇلكا ئالغان ئوغۇل بالىمەن···

— نېسىگىمۇ؟

— نېسىگە بولسىمۇ بۇگۇن بىر ئېلىپ باقە، كۆرۈپ باقاي.

— تۇراخۇنكا، ماڭا نېسىگە بىر بوتۇلكا ھاراق بېرىڭە، بۇ گۇيلارنى بىر مېھمان قىلىپ قوياي.

— نېسىگە ھاراق يوق، — پوكەينىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تۇراخۇن ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ بوشلا جاۋاب بەردى.

— ھازىر ماۋۇ دۇمباغا نېسى بەردىڭىزغۇ؟

— سەندىن باشقا ھەر قانداقىغا نېسى بېرىمەن، راست گەپنى قىلسام ساڭا نېسىگە ھاراق بەرمەيمەن.

— ھوي، قىزىق گەپ بولدىغۇ، ماڭا نېمە دەپ نېسىگە بەرمىگۇدەكسىز؟

— مەن ساڭا بۇرۇن نېسىگە ھاراقنى جىق بەرگەن، بىراق پۇلىنى بەردىڭمۇ، ھازىر مېنىڭ دەپتىرىمدە ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى نېسىلىرىڭ بار، مەست ۋاقتىڭدا ئېلىپ، ئەتىسى تېنىۋالىدىغان نەرسىكەنسەن، ئاڭلىسام بۇدا يەنە ليەنگە قەرزدار بولۇپ قاپسەنغۇ، ليەندىن ئالىدىغىنىڭ بولمىغاندىن كېيىن بىزگە بېرىدىغىنىڭمۇ بولمايدۇ - دە، ئاكاڭنىڭ سەندىن باشقا تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى باي بولۇپ كەتتى. ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىدىن ئاكاڭنىڭمۇ كارى بولمايدىغان بوپتۇ، — دېمىسىمۇ ئادىل ليەنجاڭ كامىل گىرىغا تولا گەپ قىلىپ ئاڭلىتالمىغاچقا، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭغا پەقەتلا ياردەم قىلمايدىغان بولغانىدى. شۇ قېتىمقى ئولتۇرۇش جېدەل بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. جۇماخۇن مېيىقىدا كۇلۇپ قويدى. كەتمىنىنى بىر چەتكە تاشلاپ، ئېرىق قىرىدا

ئولتۇردى. ئۇنىڭ تاماكا خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇ گېزىت قەغىزىگە موخۇركا ئورىغاندىن كېيىن تۇتاشتۇرۇپ چەكتى. ئۇمۇ دېھقانچىلىقتىن تۇزۇك نەپكە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىچە ئويلىنىپ قالدى:

— لېيەنجاڭلار بىلەن يېقىن بولىۋالغانلار يەرنىڭ ئوبدىنىغا ئېرىشىۋالىدىكەن، يەرنىڭ ئوبدىنىغا ئېرىشىۋالغاندىن كېيىن ھوسۇلىمۇ، پۇلىمۇ كۆپ ئالىدىغان گەپكەن، ئەيسا كاسسىر بىلەن يېقىن چاغلىرىمدا مېنىڭ ئىشىممۇ ئاسانتى، ئۇ گۇي ھازىر ئۆزىچە مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مەندىن بۇتناپ يۈرىدۇ. خۇدايىم خەقنىڭ ھەققىنى يەيدىغان مۇشۇنداق گۇيلارنىڭ جاجىسىنى نېمىشقا بەرمەيدىغاندۇ. ئۇ، بەزىدە بۇ جاھاننىڭ ئىگىسى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى.

شۇ چاغدا ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن كېرەم ساقچى ئېتىنى ئارىلاپ كېلىپ، جۇماخۇننى كۆرۈپ قالدى.

— ھە، جۇماخۇن، بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ قاپتۇققۇ؟ — ئادىل لېيەنجاڭ يېقىندىن بېرى كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپ يۈرگەچكە جۇماخۇن بىلەن ئالاھىدە ئەھۋاللاشتى، جۇماخۇننىڭمۇ لېيەنجاڭ بىلەن يېقىن ئۆتۈش ئارزۇسى بولغاچقا، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشتى.

— كېرىم، سەن لېيەنگە بېرىپ بوغالتىر بىلەن كاسسىرغا دە، مەن تۈنۈگۈن دېگەن ھېساباتنى تېزرەك چىقارسۇن، ئەتىگىچە تۈەنگە يوللاپ بەرمىسەك بولمايدۇ، بىر ئىشنى بۇيرۇسا كەينىگىلا سۆرەيدىغان بولۇپ كەتتىغۇ ئۇ خەق.

كېرەم ساقچى — ماقۇل، ماقۇل، مەن ئۇلارغا ھازىرلا خەۋەر قىلاي، — دېگەندىن كېيىن ناھايىتى تېز مېڭىپ كەتتى.

— قېنى ئولتۇر، مېنىڭمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇم بار ئىدى. موخۇركاڭدىن بىر تال چېكىلى، — ئادىل لېيەنجاڭ شۇنداق دېگەندىن كېيىن جۇماخۇن قەغەز، تاماكا ئېلىپ ئۇنىڭغا





تەڭلىدى. ئادىل لېيەنجاڭ ئادەتتە قاپلىق نوچى تاماكىلارنى چەكسىمۇ، جۇماخۇنغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قەستەن موخۇركا ئورىدى. ئۇ موخۇركىنى شورا - شورىمايلا قېقىلىپ، يۆتىلىپ كەتتى. ئادىل لېيەنجاڭ «قانداق تاماكا بۇ، مۇشۇنىمۇ تاماكا دەپ چېكىۋاتامسەن» دەپ تىللىماقچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتى جۇماخۇنغا يېقىنلىشىش بولغاچقا تىللاشنىڭ ئورنىغا ماختاپ قويىدى: — مانا، ئوغۇل بالىنىڭ تاماكىسىنى چېكىدىكەنسىلەر جۇمۇ، نېمىدېگەن نوچى تاماكا بۇ، ئادەمنىڭ دېگەن يەرلىرىگە بارىدىكەن، — ئادىل لېيەنجاڭ تاماكىنى يالغان شوراپ، جۇماخۇننى گەپكە سېلىشقا باشلىدى.

— ھە، جۇماخۇن، دېھقانچىلىقىمىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەستى لېيەنجاڭ، ھە راست، سىزگە بىر گەپنى دەي دېۋىدىم.

— قېنى، قېنى گەپ بولسا دەيلى، بىزنى ھۆكۈمەت سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايدۇ، دەپ لېيەنجاڭ قىلغان.

— خەۋىرىڭىز بارمىكىن، ئەسلى مېنىڭ بۇ يېرىم بوز يەر ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىنىۋاتقان، بىراق بۇ يىل ھېسابلىق يەر قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىپتۇ، ئەتراپتىكى ھەممىسىنىڭ يېرى بوز يەر ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىنىپتۇ. بۇ يەردىكى ھەممە يەر ئوخشاش تۇرسا، نېمە دەپ مېنىڭكىنى...

— ھە، شۇنداقمىدى، بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ ئازراق خەۋىرىم باردەك قىلىدۇ، مەن تازا دىققەت قىلماي قالغان ئوخشايمەن، بىر سۈرۈشتۈرەي...

ئادىل لېيەنجاڭنىڭ بۇ ئىشتىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. بۇ ئىش ئادىل لېيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىلىنغانىدى. جۇماخۇنغا كۆتۈرە بېرىلگەن بۇ يەر ئەسلى شورلۇق، قومۇشلۇق بولۇپ، ھېچكىم ئېلىشقا ئۇنىمىغانىدى. جۇماخۇن بۇ يەرنى مىڭبىر جاپادا يەر قىلىپ، ئاز - تولا نەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن

باشقىلارمۇ ئۇنى دوراپ، مۇشۇ شورلۇقنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشـ
كەنىدى. شۇڭا، ليەن رەھبەرلىكى بۇ شورلۇقنى ئۆزگەرتكۈچىـ
لەردىن يەر ھەققى ئالماسلىقنى قارار قىلغانىدى. گەرچە ھازىرمۇ
بۇ قارار ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، بۇ ئادىل ليەنجاڭنىڭ روزىگۈلـ
نى ئىندەككە كەلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى ئويىنغان نەيرەڭلىرىنىڭ
بىرى ئىدى..

— شۇنى بىر سۈرۈشتۈرۈپ باقسىڭىز، مەندىن باشقا ھېچ
قايسىدىن يەر ھەققى ئالماپتۇ، پەقەت مەندىن...

— ئەگەر گېپىڭ راست بولسا، بۇ خاتا بوپتۇ، بۇ يەرلەردىن
يەر ھەققى ئالىدىغان چاغ تېخى كەلمىدى. ئەتە ئىشخانىغا بىر
كىرە، مەن پۇلۇڭنى ئەپ بېرەي، ئۇنىڭدىن باشقا ساڭا دەيدىغان
يەنە بىر گەپ بار. باشقىچە ئويلاپ قالما ساڭا پايدىلىق گەپ.

جۇماخۇننىڭ خۇشاللىقىدىن كۆزى پارقىراپ كەتتى.

— رەھمەت ليەنجاڭ، رەھمەت.

## 17

مەلىكە شەھەرگە قېچىپ بېرىپ، شىرەم تۇغقانلىرىنىڭكىدە
بىرنەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كەتمەكچى بولدى.
مەلىكە ئۈرۈمچىگە كېتىش ئۈچۈن ئىككى چامادانىنى تەق قىلىپ
قويدى. بۇ ئىككى چامادانىنىڭ ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئەلىنـ
ياز ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن ۋە بۇرۇندىن ئۆزى ئەتىۋارلاپ كىيىپ
كېلىۋاتقان كىيىملىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە ئەلنىياز بەرگەن
ئىككى مىڭ سومدىن ئوشۇق پۇلمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشىلەر
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان ھەرقانداق ئادەم سىڭىپ كېتىـ
دىغان ئاشۇ قوينى كەڭرى ئۈرۈمچىگە كېتىشنى قارار قىلىپ
بولغانىدى. ئۇ ئاشۇ يەردە ئەركىن ياشىماقچى بولدى.

مەلىكەنى ئەڭ خۇشال قىلىۋاتقىنى ئەلنىيازدىن قالغان قۇـ





لۇپلاقلىق كىچىك تۆمۈر ساندۇق ئىدى. ليەندىكى كىشىلەر سۆزـ
لەپ يۈرگەن ئەلنىيازنىڭ مەخپىي بايلىقى مۇشۇ ساندۇق ئىچىدە
بولۇشى مۇمكىن. ئۇ زادى قانداق بايلىقتۇ؟ مەلىكە ئەنە ئاشۇ
ساندۇقنى تېخى ئېچىپ باقمىغانىدى. مەلىكە ساندۇقنى نەچچە
قېتىم ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىـ
نىڭمۇ يوققا چىقىشىدىن قورقۇپ، ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغانـ
دى. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېتىش ئۈچۈن تۇغقانلىرىغىمۇ بىلدۈرمەي،
تاڭ ئاتماستىنلا تاشيول بويىغا چىقتى. بىراق، بىرەر ماشىنا
كەلمەيۋاتاتتى. ياز كۈنلىرى بولغىنىغا قارىماي تاڭ سەھەرنىڭ
ئىزغىرىن سوغۇق شامىلى كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى. سوغۇق شاـ
مالدا تاشيول بويىدىكى ئىستولبىلارنىڭ ئەنسىز غۇڭۇلدىشى كىـ
شىگە باش ـ ئايىغى يوق مۇڭلۇق بىر ناخشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتـ
قاندەك تۇيۇلاتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن خورازلارنىڭ
سوزۇپ چىللاشلىرى ئاڭلىناتتى، شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان
شاۋقۇنلارمۇ خۇددى ئېيتىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر ناخشىنىڭ
پاۋۇزىدەك تۇرۇپ كۆتۈرۈلۈپ، تۇرۇپ پەسلەپ قالاتتى. ئارىلىقـ
تا ئىككى ماشىنا غارقىراپ ئۆتۈپ كەتتى. شوپۇرلار مەلىكەنى
كۆرمەيۋاتامدىكىن، تاڭ ئەمدى قىزارغان قۇياش شەرىقتىن كۆتۈـ
رۈلۈشكە باشلىدى. مەلىكە تاقەتسىزلىنىپ چامادانىنى كۆتۈرۈپ،
بېكەتكە پىيادە ماڭماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئۇزۇن، ھەيۋەتلىك
بىر يۈك ماشىنىسى كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئوتتۇرا ياشـ
لىق شوپۇر بېشىنى چىقاردى.

— نەگە باراتتىڭىز سىڭلىم؟

ھودۇقۇش ۋە جىددىيلىشىشتىن قىزىرىپ كەتكەن مەلىكە
دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۈرۈمچىگە بارايمىكىن.

— بارايمىكىن دەيسىزغۇ، تېخى بىر قارارغا كېلىپ بولالـ
مىغان ئوخشىمامسىز، بولۇڭ، چامادانلىرىڭىزنى ماشىـ

ـنغا باسايلى، — دوغىلاقتىنە كەلگەن قىزىل يۈزلۈك شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ مەلىكەنىڭ چامادانلىرىنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇردى.

ماشىنىنىڭ كابىنكىسىمۇ كەڭرى، ئازادە ئىكەن، مەلىكە شوپۇرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ماشىنىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇھ تارتىپ قويدى. شوپۇر ماشىنىنىڭ چاقلىرىغا ئېگىشىپ قاراپ، بىر قۇر تەكشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ماشىنىغا چىقىپ، ماشىنىنى ھەيدىدى.

— ھە، قىزچاق، سىزنى بىرەرسى ئۇزىتىپ چىقماپتىغۇ، ئوقۇشقا ماڭدىڭىزمۇ، خىزمەتكىمۇ؟ تۇغقانلىرىڭىز قانداق ئادەملەر، قىز بالا دېگەننىمۇ مۇشۇنداق چاغدا بۇنداق يەرگە تاشلاپ قويامدۇ، — شوپۇر مەلىكەنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەي ئەنە ئاشۇنداق بىرمۇنچە سوئاللارنى تۆكۈۋەتتى. مەلىكەمۇ ماشىنىغا چىققۇالغاننىڭ خۇشلىقىدا شوپۇرنىڭ نېمە دەپ سوراۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ماشىنا بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن تاغ ئىچىگە كىردى. تاغدىكى يېشىل قارىغايلار، ياۋا مېۋىزارلىقلار، يولنى بويلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى مەلىكەنىڭ يارىلانغان قەلبىگە تەسەللى ۋە ئارام بەردى. بۇ خىل مۇھىت مەلىكەنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېسىگە سالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاپىسى، ئۆگەي دادىسى، ئۆركەش ۋە ئىككى ئىنىسى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۆزىگە سەيپۇڭلۇقنى ئۆگەتكەن قاسىم مۇھەممەت ھەمدە ئۆزىنى ئەخمەق قىلغان ھېلىقى شەھەر كادىرىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا مۈگدەپ قالاتتى. ئۇ كىچىكچە تۇزۇك ئۇخلىمىغان بولغاچقا تاغ ئىچىدىكى تىنچ ۋە گۈزەل مۇھىت ۋە ماشىنىنىڭ لەرزان تەۋرىنىپ مېڭىشى ئۇنى ئۇخلاتماقچىدەك ئەللەيلەيتتى. ئۇ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلەرنى چۈشى بولۇپ قالغان بولسا، ئويـ





غىنىپلا ئۆزۈمنى ئانامنىڭ قۇچىقىدا كۆرسەم، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەلنىياز بىلەن جۇماخۇن ئېسىگە كەلگەن چاغدا خۇددى قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەندەك چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. ياپ - ياش تۇرۇپلا مەلىكەنىڭ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇقلار خېلىلا كۆپ ئۆتكەنىدى. بىراق، ئانچە غەم يەپ كەتمەيدىغان مەلىكەنى ئاشۇ دەرد - غەملەرمۇ ھېچ نەرسە قىلالمىغانىدى. مەلىكە ھازىرمۇ ئون توققۇز ياشلىق قىزدەك جەزبىلىك ئىدى، ئەگەر ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسە ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى.

— تاغ ئىچىدىكى يول بىر ئاز خەتەرلىك، ئۇخلىماڭ! سىز ئۇخلىسىڭىز ماڭىمۇ يۇقىدىكەن، سىز ئۇخلىسىڭىزغۇ مەيلى، مەن ئۇخلىسام ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ، — شوپۇر مەلىكەگە قاراپ سۇس كۈلۈپ قويدى.

— ئۇخلىمىدىم، مۈگدەپ قاپتىمەن. مەلىكە نېمىشقىكىن ناھايىتى يۇۋاشلاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ ناھايىتى پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— يول ئۇزۇن، تونۇشقاچ پاراڭلىشىپ ماڭايلى، ھە ئۇرۇمچىنىڭ قەيېرىگە بارىسىز؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال مەلىكەنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۋەتتى. بۇنداق سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە تېخى ئويلانمىغانىدى. مەلىكە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دېرىزىدىن سىرتقا قارىغان بولۇپ ئازراق ئويلىنىۋالدى.

— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئاكام بار، ئاكامنىڭ ئۆيىگە ماڭغانىدىم.

— سىز بۇرۇن ئۇرۇمچىگە بېرىپ باققانمۇ؟

— ياق، مۇشۇ تۇنجى قېتىم مېڭىشىم، كىچىك چېغىمدا ئاپام بىلەن بىر قېتىم بېرىپتىكەنمىشمەن، تازا ئېسىمدە يوق، — مەلىكە كەينىدىكى گەپنى يالغاندىن قوشۇپ قويدى. ئەسلىدە ئۇ ئۇرۇمـ

چىڭگە بېرىپ باقمىغانىدى.

— ئاكىڭىزنىڭ ئۆيىنى تاپالارسىزمۇ؟

— مەكتەپنى تېپىۋالسام ئاكامنىڭ ئۆيىنى تاپالايمەن.

— بوپتۇ، مەن سىزنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قوياي.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھە سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

— مەلىكە.

— مەلىكە؟ — شوپۇر ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ، مەلىكەگە باشقىدىن سىنچىلاپ قارىدى. مەلىكە شوپۇر مېنى تونۇپ قالدىمۇ نېمە، دېگەندەك ھودۇقۇپ كەتتى. بىكاردىنلا ئالدى - كەينىگە قاراپ، كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى.

— ۋۇي! سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ مەلىكەمۇ، چىرايىڭىزمۇ ئەجەب ئوخشايدىكەن.

مەلىكە شوپۇرنىڭ ئۆزىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، باشقا بىرسىگە ئوخشىتىپ قالغانلىقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولدى.

— سىز مېنى كىمگە ئوخشىتىپ قالدىڭىز، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى نېمە دېسەم بولار؟

— مېنىڭ ئىسمىم ئابلەت، بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل بۇرۇن، چىرايى سىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان مەلىكە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئەگەر بۇنى باشتىن سۆزلەپ كەلسەم بىر ھېكايە، سىزگە ئاشۇ قىز ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، مەن سىزگە گەپ قىلىپ بەرمىسەم، سىز ماڭا گەپ قىلىپ بېرىدىغاندەك قىلمايسىز.

بۇندىن توپتوغرا يىگىرمە يىل ئىلگىرى، مەن توي قىلغان يىلى بىزگە سىلەرنىڭ مۇشۇ ۋىلايەتتىن ئاشلىق توشۇيدىغان ۋەزىپە چىقىپ قالدى. بىزنىڭ كالوندىكىلەر ساپ ياش بالىلار ئىدى.



... Türk Kütüphanesi
www.uyghurweb.net



ئۇ چاغلاردا ئاشلىققا ئۆچىرەت تۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدا ياكى شەھەردە ھەپتە ئون كۈن تۇرۇپ قالاتتۇق.

مەن توي قىلىپ يىگىرمە كۈندەك دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە مۇشۇ ۋىلايەتكە ئاشلىققا كېلىپ قالدىم. ئاشلىققا كەلگەن ماشىنىلار كۆپ بولغاچقا، ئۆچىرەت ساقلاپ ئون كۈندىن ئوشۇقراق تۇرۇپ قالدۇق. كالوندىكى بالىلار بىلەن ماشىنىلىرىمىزنى شەھەرنىڭ غەربىدىكى يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ يېنىغا توختىتىپ قويۇپ، ئىچ پۇشقىنىمىزنى چىقىرىش ئۈچۈن بىردەم قارت ئوينىساق، بىردەم ھاراق ئىچەتتۇق. ئادەتتە بۇنداق چاغلاردا ياتاقتا يېتىپ يۇرمەيتتۇق. ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ كوزۇپىدا يوتقان - كۆرپىلىرى بار ئىدى. يامغۇر ياغماي قالسا كوزۇپنىڭ ئۈستىدە، يامغۇر يېغىپ قالغان كۈنلىرى كوزۇپنىڭ ئاستىدا يېتىۋېرەتتۇق. تۇرۇپ - تۇرۇپلا قارت ئويناش ۋە ھاراق ئىچىشتىنمۇ زېرىكەتتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھاراقنى ئانچە ئىچىپ كەتمەيتتىم، قارتنى ئانچە - مۇنچە ئوينايتتىم، بىراق بەزى شوپۇر بالىلار قارتتە رەسمىيلا قىمار ئوينايتتى. ئۇلار باشتا بىر - ئىككى كويدىن باشلاپ، ئاستا - ئاستا نەچچە ئون كوي، ھەتتا نەچچە يۈز كويدىن ئوينىغىلى تۇردى. شۇڭا، مەن قارتنىمۇ ئوينىمايدىغان بولدۇم، ئىچىم پۇشسا كوچا ئايلىنىدىغان، يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرىدىغان بولدۇم. بولۇپمۇ قىزلارغا بەك قارىغۇم كېلەتتى. يېڭى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆيدىن ئايرىلغان بولغاچقىمۇ، چىرايلىق قىز - جۇۋانلارنى كۆرسەم بۆلەكچىلا بولۇپ قالاتتىم. — ھەي، ياشلىق بەڭۋاشلىق دەپ، بەڭۋاشلىق كۈچىسىدا قىلغان ئىشلارنى ئادەم ھازىر تىلغا ئېلىشقىمۇ ئۇيۇلىدۇ. مېنى مازاق قىلماي ئاڭلارسىز - ھە. ئابلەت شوپۇر مەلىكەگە قايرىلىپ قاراپ شۇنداق دەپ قويدى. مەلىكە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا

www.uyghurweb.net



پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈشى ئابلەت شوپۇرغا ئۆزى ھېكايىسىنى ئېيتىۋاتقان قىزنىڭ كۈلۈشىنى ئەسلەتتى. ئابلەت شوپۇر ھېكايىسىنى باشلىدى:

بىر كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىۋاتقان بىر قىز بىلەن تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇر خۇددى سېھىرلىك چېقىندەك مېنى تەمتىرىتىۋەتتى. قىز ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شوخلۇق بىلەن كەينىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىپ قويدى. قارىغاندا مەن شۇ چاغدا خۇدىنى يوقاتقىنىمچە ئاغزىمنى ئېچىپ ئۇ قىزغا قاراپ قالغان ئوخشايمەن. شۇ كۈندىن كېيىن مەن كەچكىچە مەكتەپ دەرۋازىسىغا كېلىپ ئاشۇ قىزنىڭ چىقىشىنى، ماڭا قاراپ تاتلىق تەبەسسۇم قىلىشىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەتىسى قىز يەنە شۇنداق ۋاقىتتا چىقتى. ئۇ يەنە ماڭا تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كەينىگە قاراپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئۇ مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى بىر ماگىزىنغا كىرىپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەي بىر چىش پاستىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ، يۈگۈرۈپ تاقىلغىنىچە ماڭا يەنە بىر قېتىم تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ مەكتەپكە كىرىپ كەتتى. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق ساراڭ نەرسىكەن، ئۆيدە كۆيۈپ - پىشىپ ئالغان خوتۇنۇم يېڭىدىن تۇتقان بەختلىك ئۆيۈم تۇرۇپ، ئاشۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم. نەچچە كېچە ئۇخلىيالمىدىم، خۇددى ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك جىمىپ شۈكلەپ كەتتىم. شوپۇر باللارنىڭ بەزىلىرى «ئاغرىپ قالمىغانسەن» دەپ سوراپمۇ قويۇشتى. مەن كالوندىكىلەرنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم. مېنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىم يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئاشۇ قىز ئوقۇغۇچىسىدا قالغانىدى. ئويغانسام خىيالىمدىن، ئۇخلىسام چۈشۈمدىن چىقمايدىغان بولدى.

مەن ئۇ قىزنى كۈندە چۈشتە ياكى كەچقۇرۇن بىر قېتىم





كۆرۈپ قالاتتىم. ئۇ قىزمۇ مەن بىلەن كارى بولماي كىرىپ كەتمەي، ماڭا قاراپ تاتلىق تەبەسسۇم قىلىپ قوياتتى. ئاشۇ تەبەسسۇم مېنى سېھىرلىۋالدى. ئەمدى مەن ئاشلىق بېسىش ئۆچرىتىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىغان بولدۇم، تۇۋا، ئۆيدە قالغان خوتۇنۇمنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردۇم.

مەن كەچلىرى كوزۇپقا بۇرۇنلا ئورنۇمنى سېلىپ ياتاتتىم. مەن ئورنۇمنى سېلىپ ياتقاندىن كېيىن ئاشۇ چىرايلىق قىزنىڭ تاتلىق تەبەسسۇملىرىنى خىيالىمدا ئەركىن - ئازادە تەسەۋۋۇر قىلالايتتىم. خىيال دۇنيارىمدا ئاشۇ قىزدىن خالىغانچە ھۇزۇر ئالالايتتىم. قىزنى كۆرۈپ بەشىنچى كۈنى مەن ئۇ قىز بىلەن قەتئىي پاراڭلىشىش نىيىتىگە كەلدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە كۈلۈشلىرى ئۇنىڭمۇ ماڭا مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ بولغانىدى.

شۇ كۈنى مەن ئادەتتىكىدىن بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ماشىنا تاغدىن چىقىپ پەسكە قاراپ كېتىۋاتقاچقا، ئابلەت شوپۇر ماشىنىنى ناھايىتى سىلىق ھەيدىگىنىچە ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. مەلىكە ئابلەت شوپۇرنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرى قانداق بولار دېگەندەك دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئابلەت شوپۇر تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن مەلىكەگە قاراپ سوراپ قويدى:

— قانداق سىڭلىم، ئۇخلاپ قالمىغانسىز؟

— ياق، شۇنداق قىزىق ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتسىڭىز نېمىشقا ئۇخلايتتىم.

— بىز شوپۇرلار مۇشۇنداق ئۇزۇن يوللارنى پاراڭ بىلەن، پاراڭ ئاڭلايدىغان ئادىمىمىز يوق چاغدا خىيال بىلەن تۈگىتىمىز. قانداق قىلىمىز پېشانىمىزگە مۇشۇ شوپۇرلۇق پۈتۈلۈپتىكەن. ئۆمرىمىز يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، — ئابلەت شوپۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق -

قاتتىق شورىدى:

— ئەمىسە ھېكايەمنى ئېيتىپ بېرەي، ھە، شۇ كۈنى ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ كەتتىم، مېنىڭ يېتىۋېرىشكە ماجالىم قالمىغانىدى. كېچىچە خىيال بىلەن تۈزەكرەك ئۇخلىمىغانىدىم. مەن شۇ كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا نەچچە سائەت تۇردۇم، يەنە كۈندىكىدەك چاغدا ھېلىقى قىز يەنە چىقتى. ئۇ يەنە ماڭا تەبەسسۇم قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەمدى ئېغىز ئاچمىسام قەتئىي بولمايتتى. مەن ئەتىگەننىڭياقى قىز چىقىپ قالسا ئانداق دەيمەن، مۇنداق دەيمەن دەپ نەچچە ئون خىل پىلاننى تۈزۈپ باققانىدىم. ئۇ قىزنى كۆرۈش بىلەن تۈزگەن پىلانلىرىمنىڭ بىرسى كارغا كەلمىدى. ئاغزىمنى خۇددى بىرسى يەملەپ قويغاندەك مىتمۇ قىلالمىدىم. ھودۇققىنىمدىن ھەتتا قىزنىڭ تەبەسسۇمىغا يارىشا تەبەسسۇممۇ قىلالمىدىم. خۇددى سېھىرلەنگەن ئادەمدەك قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. قىز ئۆرە ياقىلىق ئاق كۆڭلەك بىلەن تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىمدىن ئۆتۈپ يەنە كەينىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. مەنمۇ تەبەسسۇم قىلماقچى بولدۇم، چىرايىم خۇددى ئۆمچەرەپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ چىرايىدەك پۈرلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئۆز - ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇردۇم: «ئابلەت سەن نېمە بولىۋاتىسەن، سېنىڭ ئۆيىڭدە سەن ياخشى كۆرۈپ ئالغان خوتۇنۇڭ، بەختلىك ئائىلەڭ بار، سېنىڭ ئالدىڭدىن ئۆتكەن بۇ قىز بەلكىم قىز سۈرەتلىك شەيتان بولۇشىمۇ مۇمكىن، سەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە هاي بەر، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال...» ئۆز - ئۆزۈمگە هاي بېرىشلىرىم كارغا كەلمىدى، مەكتەپ ئالدىدىكى قايسىدۇر ئاشخانىدىن تاماق يەپ چىققان قىز ئالدىمدىن ئۆتكەندە، ئاجايىپ زور غەيرەت بىلەن ئۇ قىزنىڭ ئالدىنى توسۇدۇم.

— سىڭلىم، ياخشىمۇسىز، سىزدىن گەپ سورىسام خاپا بولمايدىغانسىز؟





— ياق، گەپ سورىغانغىمۇ خاپا بولامدۇ؟ — قىز شۇنداق دەپ بىكاردىن بىكار ۋىلىقلاپ كۈلدى.

— سىز مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇمسىز؟

— ھەئە ئوقۇيمەن، مەكتەپ دېگەندە ئوقۇماي يەنە نېمە قىلساق بولاتتى؟ — قىز يەنە ۋىلىقلاپ كۈلدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئىسمىم مەلىكە، سوراق سوراپلا كەتتىڭىز، سوتتىن كەلمىگەنسىز؟ — مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم. ئەمدى بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايتتى، شۇڭا مەن زور غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدۇم:

— سىز بىلەن تونۇشۇپ قالايمىكىن دېگەنتىم.

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەتراپىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىقىپ كېتىۋاتقان مەكتەپداشلىرىغا ئەيمەنگەندەك قاراپ قويدى.

— ماياققىراق تۇرايلى، — دېدى ئۇ مېنى دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىن چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا خاپىلىق ئولاشتى.

— بۇ مەكتەپتىچۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن گەپ تاپمەن دەپ تۇرغانلار تولا. مەن سىزنى تونۇيمەن، سىز ئۈرۈمچىدىن كەلگەن شوپۇرغۇ دەيمەن. سىلەردەك كاتتا شەھەردىن كەلگەن شوپۇرلار بىزدەك بۇنداق دېھقان تەربىيلەيدىغان مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلارنى يارىتامسىلەر؟

— يارىتىپ - ياراتماي نېمىسى بار. سىلەرنىڭ بىزدەك ماي چاپان شوپۇرلارنى ياراتقىنىڭلارغا خۇش بولساق بولىدۇ. — مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە يارىشا شۇنداق دەپ قويدۇم، بىراق قىزنىڭ گېپىدىن بەك خۇش بولۇپ كەتتىم. ئىشلىرىمنىڭ بۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە

مەكتەپتىن خېلىلا يىراقتىكى بىر ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يېدۇق، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى، «دېھقان تەربىيىلەيدىغان» ئۇنداق مەكتەپتە تازا ئوقۇغۇسى يوقلۇقىنى، ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرلەرگە كېتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن شۇ چاغدا «دادامنىڭ مەلۇم ئىدارىدا چوڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى، بىرەر ئىككى ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەسلىكى» توغرىسىدا بىر مۇنچە يالغان - ياۋىداق گەپنى قانداقلارچە قىلىپ سالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.

شۇ كۈنى كەچتە بىز بىللە كىنوغا باردۇق، كىنودىن قايتىپ كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە كوزۇپنىڭ ئۈستىدە مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ كۈنلىرىمنى ناھايىتى لەززەتلىك، شېرىن مۇھەببەت ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم، مەن خۇددى سېھىرلەنگەن ئادەمدەك ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن ئۇنىڭغا «مەن سىزنى ئۈرۈمچىگە ئەكېتىپ داداملارنىڭ ئىدارىسىدىكى نوچى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن» دېگەن يالغان ۋەدىنىمۇ بېرىپ بولغانىدىم. مەلىكەنىڭ ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى مېنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا كۆز ئالدىمدا ئايالىمنىڭ ماڭا قاراپ تۇرغان سىيماسى پەيدا بولاتتى. شۇ چاغدا مەن خۇددى بىر گۇناھكار ئادەمدەك بېشىمنى ساڭگىلاتقان ئىدىم. مەلىكە ئىككىمىزنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئاشلىق بېسىش ئۆچىرىتى بىزگە كەلگەنىدى. بىز ئاخىرى كېتىدىغان بولدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم، ئۇمۇ مەن بىلەن پەرۋاسىز ھالدا خوشلاشتى. مەن ئۇنىڭغا قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ ئۆيلىنىپ بولغانلىقىمنى ئېنىق ئېيتقانىدىم. شۇ چاغدا قىز خۇددى تۇيۇقسىز ئوق تەگكەن كېيىكتەك بىردەم داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ تولىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنىدى.





— سىڭلىم، دېگەنلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ — ئابلەت شوپۇر كەينىگە قارىدى.

— ئاڭلاۋاتىمەن، راست گەپنى قىلسام، خۇددى تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندەك بولىۋاتىمەن، — سىز راستىنلا ھېكايە ئېيتىشقا ئۇستىكەنسىز.

— سىڭلىم، بۇ ھېكايە ئەمەس، باشتىن ئۆتكەن ھەقىقىي راست ئىشلار.

— ئاخىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ، شۇنداق قىلىپ مەلىكەنى تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭىزمۇ؟ — مەلىكەنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىمۇ نەملىشىپ قالغاندەك قىلاتتى. مەلىكە ئۆزى بىلەن ئىسىمداش ئاشۇ قىزغا ھېسداشلىق قىلىۋاتاتتى.

— كەتمەي نېمە ئامال، مەن مەلىكەگە چوقۇم سىزنى يوقلاپ كېلىمەن، سىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن، مەن چوقۇم سىزنى دادامنىڭ ئىدارىسىغا ئورۇنلاشتۇرىمەن دېگەندەك يالغان ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. بىراق، مەن ئۇنىڭغا ئادرېسىمنى توغرا دەپ بەرمىدىم.

— ئەرخەق دېگەننىڭغۇ ھەممىسى ئاشۇنداق، — مەلىكە ئۆزى بىلمىگەن ھالدا شۇنداق دەۋەتتى.

ئابلەت شوپۇر، مەلىكىگە سۇس تەبەسسۇم ئارىلاش قاراپ قويدى.

— ئاچچىقىڭىز كەلدىمۇ؟ — سىز ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋاپاسىز، ئالدامچى دېمەكچىمۇ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسىڭىز بولمايدۇ، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز بولۇشى ناتايىن، شۇ چاغدا مەندە شۇنداق قىلماي نېمە ئامال، ئۆيدە شېرىن ئايلىرىمىزنىمۇ تېخى تولۇق ئۆتكۈزۈپ بولالمىغان ئايالىم مېنى ساقلاپ تۇرسا…

— ئۇنداق ئادەم، ئۇ قىزنى نېمە دەپ ئالدىغان؟

ئاچچىقى كەلگەن مەلىكە ئابلەت شوپۇرنى رەسمىيلا سوراققا

تارتىشقا باشلىدى.

— ياشلىق دېگەن شۇنداقكەن سىڭلىم، «باغلاپ قويسا تۇرمايدۇ، كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى» دېگەن ناخشىلار ئەجەپمۇ بىر توغرا ئېيتىلىپتىكەن.

— ئۆزۈڭلارنىڭ ساراڭلىقىنى كۆڭۈلگە ئارتماقچىمۇ، كۆڭۈل ئادەمنى باشقۇرامدۇ ياكى ئادەم كۆڭۈلنىمۇ؟

ئابلەت شوپۇر جىمىپ كەتتى، تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قاتتىق - قاتتىق شوراپ ئەلەم بىلەن پۈۋلىدى.

— ھەي، سىڭلىم ...— ئابلەت شوپۇر گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۇلۇغ كىچىك تىنىدى. — بۇ سوئالغا بەلكىم ئۆزىڭىزمۇ توغرا جاۋاب بېرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. سىزنىڭمۇ كۆڭلىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ قالغان، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزىڭىزنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ قالغان چاغلىرىڭىز يوقمۇ؟ ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ سوئالىغا ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىدىن جاۋاب چىقىپ قالار.

مەلىكە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئابلەت شوپۇرنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، باشقا گەپ قىلماي مۈگدەپ كۆلۈمسىرىدى.

— خاپا بولماڭ، مەن سىزنىڭ ھېكايىڭىزگە قىزىقىپ كەتكەچكە، ھاياجىنىمنى باسالماي، ئورۇنسىز سوئاللارنى سوراپ قويۇپتىمەن. راست، مېنىڭ سىزنى ئۇنداق سوراقا تارتىدىغان نېمە ھەققىم بار.

— سىزنىڭ سوئاللىرىڭىزنى ئورۇنسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ، سىزنىڭ ئۇ سوئاللىرىڭىزغا سىز قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرىش مېنىڭمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بىراق، ھېكايەمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىۋېتىڭ.

— مەن مەلىكەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەشكە





پەقەت پۇرسەت بولمىدى. ئارىلىقتا ماشىنام ئۆرۈلۈپ كەتكەچكە ئالتە ئاي ماشىنا ھەيدەشتىن توختىتىلىپ، كالوندا رېمونتچىلىق قىلدىم. بۇ چاغدا كالوندىن چىقمىغاچقا ئۆينىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن، كېيىن ئايالىم ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالدى. كالوندىن ماشىناڭنى ھەيدە دېگەن بولسىمۇ، ئۇنى - بۇنى باھانە قىلىپ، يەنە ئىككى - ئۈچ ئاي ماشىنا ھەيدىمىدىم. راست گەپنى قىلسام مەن مەلىكەنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئارىلىقتىن يەنە تۆت - بەش ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى سىرتتىن ئەمدىلا كېلىپ ماشىنامنى كالونغا ئەكىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ تۇراتتىم. كالون ئىشخانىسىدىكى مەمتىكام، — ئىشخانىدا بىرسى سېنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ قالدى. ئاغىنىلەردىن بىرسى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، ئىشخانىغا كىرىپ ھەيران قالدىم، ئىشخانىدا بىر بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغان مەلىكە تۇراتتى. مەلىكە مېنى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى مىسكىن ۋە سۇلغۇن ئىدى. ئۇ ماڭا ئېسىلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەتراپىمىزدا ئادەم بولغاچقا ئۇ مەن بىلەن سۇسلا ئەھۋال سوراپ قويدى. مەنمۇ ھودۇقۇپ كەتكەچكە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، تاقا - تۇقا گەپلەرنى قىلغان ئوخشايمەن.

مەن مەلىكەنى شەھەر ئىچىدىكى بىر ئاشخانىغا باشلاپ باردىم. ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن مەلىكە بالىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپلا قويدى. بالىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدىم، — قارىغاندا توي قىلىپ بولۇپسىزدە، يولدىشىڭىز كەلمىدىمۇ، — شۇ چاغدا مەلىكە تۇيۇقسىزلا ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. مەلىكە مەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن «دېھقان تەربىيلەيدىغان» ئاشۇ مەكتەپتە پەقەت ئوقۇغۇسى كەلمەپتۇ، ئۇ مېنىڭ تېزرەك ئورۇمچىگە يۆتكەپ كېتىشىمنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ، ئارىلىقتىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېغىر ئاياغ بولۇپ

قالغانلىقىنى بىلىپتۇ، ئۇ ئازاب ئىچىدە مېنى يەنە نەچچە ئاي كۈتكەن بولسىمۇ، مەندىن خەۋەر كەلمىگەچكە مېنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كەپتۇ. ئۈرۈمچىدىن مېنى تېپىپ بولغۇچىمۇ كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرۈپتۇ. تەلىيىگە بىر مەھەللىلىكى ئۇچراپ قېلىپ شۇ چاغقىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ…

قولۇمدىكى بالا قىز بولۇپ ئىسمى خاتىرە ئىكەن، بۇ بالا بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ خاتىرىسى دېگەن مەنىدە ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى «خاتىرە» قويۇپتىمىش، قانداق قىلىمەن، ئاخىرى مەن مەلىكەگە شەھەر ئىچىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ بەردىم. ھېسابتا ئىككى خوتۇنلۇق بولۇپ قالدىم، ھەر ئىككى ئۆينىڭ دەردىنى تارتتىم. مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ مەلىكەدىن ئۆزۈمنى تارتالمىدىم، بولۇپمۇ كۈندىن - كۈنگە چىرايلىق چوڭ بولىۋاتقان خاتىرە مېنى رام قىلىۋالغانىدى، مەلىكە ئارىلىقتا نەچچە قېتىم خوتۇنۇڭنى قويۇپ بېرىسەن، دەپ خۇيلىنىپمۇ باقتى. مەن خوتۇنۇمنى قويۇپ بېرەلمەيتتىم، مەن زور تىرىشچانلىق بىلەن ئايالىمغا مەلىكە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى بىلدۈرمىدىم. ھېلىمۇ ياخشى خاتىرە ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى مەلىكە بىر كان ئىشچىسىغا ياتلىق بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن مەلىكەدىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزگەن بولساممۇ، خاتىرەنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ كەلدىم. خاتىرە بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردى. بۈگۈن ئالدىراپ يولغا چىقىشىمدىكى سەۋەب، تۈنۈگۈن مەلىكەدىن خەۋەر كەلدى. ئىككى كۈن بۇرۇن خاتىرە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتىمىش، ھەي، ئۇ قىز بالا تەربىيەسىز چوڭ بولۇپ قالغانىدى…

شۇ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا ئابلەت شوپۇر مەلىكەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. مەلىكە بۇ شەھەردە خۇددى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي قالدى…





## 18

جۇماخۇن ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە لىيەنجاڭ كېرىم «ساقچى»غا بىر نېمىلەرنى دەپ تاپىلاۋاتاتتى.

كېرىم يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ تېخى بويتاق ئىدى. ئۇ ئايىغى چاققان، يۇمشاق سۆز بولغاچقا، بۇرۇندىنلا لىيەن رەھبەرلىرىگە ياراپ كېلىۋاتاتتى. ئادىل لىيەنجاڭ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى لىيەنجاڭلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئۇنى يەنە شۇنداق ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىپ كېرىم «ساقچى» دەۋاتقانلىقىنى ئۇقماي، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتەتتى. نەلەردىندۇر تاپقان ساقچىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن كىيىملىرىنى كىر - قاسماق بولۇپ كەتكۈچە كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ تېخى رەسمىي ساقچىلاردەك ئۆزىنى سۈرلۈك تۇتۇپ، قاپاق تۈرۈپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. خوتۇنى بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلارنىمۇ سوراققا تارتىپ كېتىشلىرى كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايتتى.

— ئەمىسە، سەن ئاشۇ ئىشلارنى قىلىۋېتىپ تېزرەك يېنىپ كەل، سېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىڭ بار.

كېرىم «ساقچى» ئادىل لىيەنجاڭنىڭ جېكىلەشلىرىدىن خۇش بولغاندەك «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئادىل لىيەنجاڭ كېرىم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سافادا ئولتۇرغان جۇماخۇنغا بىر قاراپ قويۇپ شىرەسىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ، بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ جۇماخۇنغا تەڭلىدى:

— مانا ماۋۇ سەندىن ئورۇنسىز تۇتۇۋالغان پۇل، مەن ئۇ گۇينىڭ بالىلىرى بىلەن بىر مۇنچە ئېيتىشىپ ئاران ھەل قىلدىم. باشقىلارغا گەپ قىلىپ يۈرمەي تېزرەك يانچۇقىڭغا سالە.

جۇماخۇن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، لىيەنجاڭغا قايتا -

رەھمەت ئېيتىپ، پۇلىنى قويۇن يانچۇقىغا سېلىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ماۋۇ لىيەننىڭ ئالما بېغىنى ساڭا كۆتۈرە بەرسەك ھۆددىسىدىن چىقالارسەنمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز لىيەنجاڭ، ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز ئۇ باغنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ دەۋاتاتتىغۇ، لىيەندىكى ھەممە ئادەمنى گەپ بىلەن ئاغزىغا قارىتىدىغان ئاشۇ ئىككىسىدىن ماڭا باغنى ئېلىپ بەرسىڭىز، ئۇلار نېمە دەپ قالىدۇ؟

— سەن ئۇنى سورۇشتۇرمەي، مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەر، بۇ لىيەنگە ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز لىيەنجاڭ ئەمەس، مانا مەن ئادىل لىيەنجاڭ، ھۆددىسىدىن چىقالامسەن، چىقالامسەن؟

— ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان نېمىسى بار لىيەنجاڭ، قومۇشلۇق، شورلۇق يەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىمىز، تەييار ئالما باغنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىزمۇ، خەقلەر مېنى «گىدىجىڭ، گىجىڭ» دەپ قويسا راستىنلا گىجىڭ ئوخشايدۇ دەپ قالماڭ، بىزنىڭمۇ گاڭگۇڭلۇق قىلىدىغان چاغلىرىمىز بار، — جۇماخۇن ھازىرلا يانچۇقىغا سالغان پۇل ۋە ئۆزلىكىدىن قولىغا ئۆتۈۋاتقان باغنىڭ ئىلھامى بىلەن خۇددى سۆزمەن ئادەملەردەك ۋاتىلداپلا كەتتى.

لىيەننىڭ ئىككى يۈز موغا يېقىن يەردىكى ئالمىلىق بېغىغا ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى چۈشەتتى. بۇ باغنى كىم كۆتۈرە ئالسا بىر - ئىككى يىلدىلا كۆتۈرۈلۈپ باي بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز بۇ باغنىڭ تازا مېغىزىنى چاققانلاردىن ئىدى.

ئۆزلىرىنى لىيەندىكى ئاممىنىڭ ۋەكىلى ۋە غەمگۇزارىدەك ھېسابلايدىغان ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز ئۆزلىرىنىڭ سۆزمەنلىكى، تۈرلۈك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇستاتلىق





بىلەن لىيەندىكى ھەممىلا ئادەمنى ئاغزىغا قاراتقاندىن باشقا، لىيەنگە كىم لىيەنجاڭ بولسا شۇنى بىردەمدىلا ئىندەككە كەلتۈرەتتى. ئادىل لىيەنجاڭمۇ ئاللىقاچان ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىندىكىگە ئۆتۈپ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ لىيەنجاڭ بولغاندىن بېرى بۇ باغنى بىر يىلى ناسىر موزايغا ھۆددىگە بەرسە، يەنە بىر يىلى يۇسۇپ پالكۆزگە ھۆددىگە بېرەتتى. ئادىل لىيەنجاڭمۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىككىسىنى بەيگىگە سېلىپ قوياتتى. ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز قارىماققا يېقىن ئەل - ئاغىنىلەردەك ئۆتسىمۇ مەنپەئەت توقۇنۇشىغا كەلگەندە بىر - بىرىگە يول بەرمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاسان ئاشكارىلىمايتتى. ئۇلار دائىم دىيانەت، پاكلىق، ئادەمگەرچىلىك، ئوغۇل بالىچىلىق ھەققىدە توختىماي سۆزلەپ كۆۋرۈك بېشىدا قارت ئويناۋاتقان قېرىلارنى ئاغزىغا قاراتسا، تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا ھاراق ئىچىۋاتقان ياشلارنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇلار ئادەمگەرچىلىك، ئوغۇلبالىچىلىق، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە باشقا قائىدە - يوسۇنلار ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولسا ھەقىقەتەن كىشىنى تەسىرلەندۈرەتتى. توي - تۆكۈنلەردە تۆر ئۇلارنىڭ ئىدى. نەزىر - چىراغلاردىمۇ ئەڭ چوڭ گۆش بېسىلغان پولۇ شۇلارنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئوغلىنى ئۆيلەيدىغانلار ئەلچىلىكىمىزنى قىلىپ بەرسىڭىز دەپ ئۇلارغا يالۋۇراتتى. ئۆيدە ئۆلۈم - يېتىم بولۇپ قالغانلارمۇ ئالدى بىلەن ئۇلارغا خەۋەر قىلاتتى. دېمىسىمۇ ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئېپى بار ئىدى. مانا، مۇشۇنداق چاغدا ئۇلار باشقىلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ قويۇپ، كۆڭلىنى ئۇتۇۋالاتتى. ئۇ ئىككىسى لىيەندىكى بىر توپ بوۋاي - مومايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ياش جەھەتتىمۇ چوڭراق ھېسابلىناتتى.

ئادىل لىيەنجاڭنىڭ لىيەننىڭ بېغىنى جۇماخۇنغا بېرىشىدە ئىككى مەقسىتى بار ئىدى. بىرى، جۇماخۇنغا ياخشى كۆرۈنۈش ئارقىلىق روزىگۈلنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئىدى، يەنە بىرى

ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزدىن ئۈچ ئالماقچى ئىدى. مۇھىمى ئۇلارنىڭ يېقىندا قىلغان بىر ئىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەنىدى. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى.

ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئادىل لېيەنگە لېيەنجاڭ بولۇشتىن بۇرۇن مۇشۇ لېيەنگە لېيەنجاڭ بولغان، ھازىر تۇەندە ئادەتتىكىدەك كادىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئەمەت لېيەنگە خىزمەت بىلەن كېلىپ قالدى، ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنى مېھمان قىلىپ قويماقچى بولۇپ ناسىر موزاينىڭ ئۆيىگە ئالاھىدە ئولتۇرۇش ئورۇنلاشتۇردى. يۇسۇپ پالكۆز ئولتۇرۇشنى بىزنىڭ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرمىدى دەپ خاپا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئولتۇرۇشقا قاتناشماسلىققا كۆڭلى ئۇنىمىدى.

ئەسلىي ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز ئەمەت بۇ لېيەنگە لېيەنجاڭ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ۋە ئۆلپەتلەردىن ئىدى. ئەمەت لېيەنجاڭمۇ لېيەنىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلمايتتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك بىللىلا يۈرەتتى. ئۇلار ئەمەت تۇەنگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەنىدى.

ئادىل لېيەنجاڭ باشتا لېيەنجاڭ بولغان چاغدا مەن بۇرۇنقى لېيەنجاڭلارغا ئوخشاش ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلمايمەن، ئۇلارنى ھەرگىز ئۆزۈمگە يېقىن يولاتمايمەن دېگەن بولسىمۇ، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، ئەمەت تۇەنگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن لېيەنگە بەزىبىر ئىشلار بىلەن كېلىپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنى ئاز - تولا مېھمان قىلىپ قوياتتى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇ لېيەنگە لېيەنجاڭ بولۇپ قېلىشىدا ئەمەتنىڭمۇ ئاز - تولا تۆھپىسى بار دەپ قارايتتى.

ئۈچ لېگەن گۆش بىلەن يەتتە - سەككىز خىل قورۇما





بىردەمدىلا تەييار بولدى. بۇلارنىمۇ ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز ئاياللارنى ئارىلاشتۇرماي ئۆزلىرى تەييار قىلغانىدى. ئۇلار بۇنداق چاغلاردا ئاياللىرىنى قەيەرگىدۇر ماڭدۇرۇۋېتەتتى. گۆشلەر يېيىلىپ، سۆڭەكلەر غاجىلىنىپ، بوتۇلكىلار تەييار قىلىندى. بۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئادىل لېيەنجاڭ ئۆزى ساقىلىق قىلاتتى. ئۇ سىركايىغا يېرىم هاراق قۇيغاندىن كېيىن ئالاھىدە قەدەھ سۆزى سۆزلەپ ئولتۇرماي قىسقىلا قىلىپ مۇنداق دېدى:

— بۈگۈن باشقا مەقسەت يوق، لېيەنگە ئەمەت لېيەنجاڭ كېلىپ قاپتۇ، بىزنىڭ بۇ لېيەندە ئەمەت لېيەنجاڭنىڭمۇ كۆپ تۆھپىسى بار، يەنە بىر ھېسابتا ئۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىز. ئۇ لېيەنگە كەلگەنىكەن ئالدىغا بىر پىيالە چاي قۇيمىساق بولمايدۇ. ئەمەتمۇ لېيەنگە كۈندە كېلىپ ئولتۇرمايدۇ، ئەمدى بۈگۈن قاتتىق قۇرۇق بولسىمۇ، شۇڭا ...— ئادىل لېيەنجاڭ مانا مۇشۇ تەرىقىدە بىردەم ئەزۋەيلىگەندىن كېيىن هاراقنى ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا باشلىدى. ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز ئەمەتنى مېھمان قىلىشقا تازا رازى ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەمەتنى ۋاقتى ئۆتكەن مال، بىر تىيىنغا پايدىسى يوق، دەپ قارايتتى. ئۇلار ئادىل لېيەنجاڭنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى جان دەپ ئورۇندايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ پۈتۈن چىقىمى لېيەندىن قىلىنغاچقا ئۇلارغا پايدىسى تەگسە تېگەتتىكى، زىيىنى تەگمەيتتى. ئاشقان گۆش - هاراقلار ئۆزلىرىگە قالاتتى. كىمنى مېھمان قىلىشتىن قەتئىينەزەر بۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر ئولجا ئىدى.

هاراق بىر - ئىككى قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزنىڭ ئاغزى قىچىشىپ چاقچاق قىلغۇسى كەلدى. سورۇندا يەنە ئەيسا كاسسىر، كېرىم «ساقچى» ، كامىل گىرىلارمۇ بار ئىدى. كېرىم «ساقچى» ئوچاققا ئوت قالاپ بېرىپ، يىراقتىكىنى يېقىن قىلىپ قورساق بېقىشنىڭ كويىدا ئىدى. كامىل گىرى ئاكىسىنى پاناھ تارتىپ كىرىۋالغانىدى.

ئادىل ليەنجاڭ بىلەن كامىل گىرى بىر قورساق ئاكا ـ ئۇكىلار بولسىمۇ بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ئىچىشىۋېرەتتى. ئادىل ليەنجاڭنىڭ كامىل گىرى بىلەن ئانچە خوشى بولمىسىمۇ، كامىل گىرى ئۆزىچە ۋاي ئاكام دەپ كېتەتتى.

ئەمەت بىر نەرسىنى ئويلاپ قالدى. ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز چوقۇم مېنى چاقچاقتا مات قىلىشى مۇمكىن. ئالدىنقى بىر نەچچە قېتىملىق سورۇنلاردىمۇ ئۇ ئىككىسى مېنى تازدىن تازغا سىلىپ شۇنداق سەت ئوخشىتىۋەتكەن. بۈگۈن باشقىچىرەك بىر ئامال قىلمىسام، ئۇلار ئادىلنى كۆتۈرۈپ مېنى چۇشۇرىدىغان چاقچاقلارنى ياغدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ كامىل گىرى دېگەنمۇ ئاغزىغا كەلگەن پونى توقۇۋېرىدىغان نېمە، ئەگەر بۇ ئۈچى بىرلىشىۋالسا مېنى يەر قىلىدۇ، مەن بۈگۈن بىر ئامال قىلاي...

ئەمەت گەرچە تاز بولمىسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا «تاز» دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى. ئەمەت چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ، مايلاپ پارقىرىتىپ يۈرسىمۇ خەقلەر ئۇنى يەنىلا شۇنداق دەپ ئاتايتتى. ئەمەت خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز چاقچاقنى باشلىۋەتتى.

— هەي، ناسىر، بۇ قوينىڭ بېشىنى ئۈكلىگەندەك قىلمىغانتىڭ، بىردەمدىلا شۇنداق پاكىز پىشۇرۇپ بوپسەنغۇ؟ — بۇ يۇسۇپ پالكۆزنىڭ ناسىر موزايغا پاس چىقىرىپ بەرگىنى ئىدى. كۆپ يىللاردىن بېرى بۇنداق چاقچاقلاردا بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپ كۆنۈپ كەتكەن «موزاي» بىلەن «پالكۆز» پاس چىقىرىشىپ چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— بېشى پارقىراپ تۇرىدىغان تاز قوي ئىكەندۇق، ئۈكلەپ يۈرمىدۇق، — ناسىر موزاي تېزلا جاۋاب بەردى.

— تۈكى بار تازلارمۇ بار جۇمۇ، پارقىرىدى دەپ ئۈكلىمەي ئەكېلىۋەرمە، — يۇسۇپ پالكۆزنىڭ بۇ گېپىدىن كېيىن سورۇندا كۈلكە





كۆتۈرۈلدى. ناسىر موزايمۇ بوش كەلمەي يەنە چاقچاق كەلتۈردى.

— تۈكى بار ئىكەن دەپ يېمەيدىغانلار بولسا بىكارغا چۇشۇپ قالغان باش يوق. — سورۇندا ليەن سازەندىلىرى ۋە ئۇنداق ـ مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن كىرىپ قالغانلار بىلەن يىگىرمىگە يېقىن ئادەم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، بولۇپمۇ ئادىل ليەنجاڭنىڭ تىزىنى شاپىلاقلاپ كۈلۈپ، قاقاقلاپ، هۇقۇتۇپ كېتىشلىرى ئەمەتنىڭ ناهايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ ئارىلىقتا بىرەرقۇر ساز چېلىنىپ، سورۇن ئازراق پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن ئالدىغا كەلگەن سىركاينى قولىغا ئېلىپ سورۇندىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— هۆرمەتلىك ئوتتۇز ئوغۇل، بۈگۈن مېنىڭ ئالدىمغا مۇشۇنداق چىرايلىق چىققىنىڭلارغا رەهمەت، قارىغاندا خۇدايىم مېنىڭ رىسقىمنى مۇشۇ ليەنگە تۆككەن ئوخشايدۇ، تۇنۇگۈن تۇەنجاڭ مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ، ئەسلىغۇ بۇنداق مەخپىي گەپلەرنى بۇنداق سورۇنلاردا دەپ يۈرمىسەممۇ بولاتتى. بوپتۇلا بۇ سورۇندا يات ئادەم بولمىغاندىن كېيىن دەۋېرەي، قارىمامسىلەر، ئادىل ليەنجاڭنى دېۋىزىيىگە ئۆستۈرۈپ ئەكېتىپ، مېنى يەنە مۇشۇ ليەنگە ليەنجاڭ قىلىدىغان بولۇشۇپتۇ، ئادىل ليەنجاڭ قېنى ئۆزۈڭگىمۇ بىرنى قۇيە، سېنىڭ دېۋىزىيىگە ئۆسكەنلىكىڭنى تەبرىكلەپ بىر قەدەهتىن كۆتۈرۈۋېتەيلى، — ئەمەتنىڭ بۇ سۆزى پۈتۈن سورۇنغا ناهايىتى تېز تەسىر كۆرسەتتى. ئادىل ليەنجاڭنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. بايىقى چاقچاقلارنىڭ تەپتى كەتمىگەن تەبەسسۇملۇق چىرايى تۇيۇقسىز بۇزۇلغان هاۋادەك خۇنۇكلەشتى. ناسىر موزاي هازىرلا ئاچچىق مۆرىۋېتىدىغاندەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. يۇسۇپ پالكۆزنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن يۇگۈرۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن پارقىراپ كەتتى. ئاكىسىنىڭ شاپائەتلىرىدىن يوغان سۆزلەپ يۈرگەن كامىل گىرى ئەمدى قانداق قىلارمەن دېگەندەك چاي ئۆپكىسىگە

كېتىپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. كېرىم «ساقچى»نىڭ گۆش چايناۋاتقان ئېغىزى سېھىرلەنگەندەك قېتىپ قالدى. سورۇندا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇشامەت بىلەن جىلمىلداپ تۇرغان كۆزلىرى ئادىل لېيەنجاڭدىن ئەمەتكە يۆتكەلدى.

ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز بىر - بىرىگە بېقىشىۋالغاندىن كېيىن ۋەزىيەتنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتتى. ئۇلار لېيەندىكى لېيەنجاڭدىن باشقا ھەرقانداق باشلىقنى چوڭ كۆرمەيتتى. ئادىل لېيەنجاڭ دىۋىزىيە تۇرماق ئاپتونوم رايونغا كەتسىمۇ ئۇلارغا نېمە پايدىسى، ئۇلارغا پەقەت ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان لېيەنجاڭلا كېرەك. سورۇندا بىر نەچچە مىنۇت تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. سورۇندا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈرگەندەك قىلغان بىلەن كۆڭۈللەردە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز گۇلدۇرماما ھۆكۈم سۈرەتتى. ۋەزىيەتنى يەنە يۇسۇپ پالكۆز بىلەن ناسىر موزاي تەڭشىدى. ناسىر موزاي قانداق چاغلاردىدۇر ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىۋالغانىدى. ئادىل لېيەنجاڭ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك سالپىيىپ ئولتۇراتتى. ئەمەت ئەمدى قانداق قىلىشارسەنكىن دېگەندەك يوغان بىر پارچە گۆشنى ھوزۇر بىلەن چايناۋاتاتتى، ناسىر پالكۆز ئىككى سىركايىغا ھاراق قۇيۇپ بىرىنى ئەمەتكە تەڭلىدى ھەمدە ئەمەتكە دەيدىغان ناھايىتى كۆپ قەلب سۆزى باردەك بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:

— ئەمەت، ياق، ئەمەت لېيەنجاڭ دەۋرەي، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار دېگەن گەپ راستكەن، سىزنىڭ يەنە لېيەنجاڭ بولۇپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، بۇرۇنمۇ شاپائىتىڭىزنى جىق كۆرگەنىدۇق، راست گەپنى قىلسام بۇ لېيەنگە سىزدىن باشقىسى لېيەنجاڭ بولسا پەقەت قاملاشمايدىكەن، قالغان گەپ مانا ماۋۇ سىركايىنىڭ ئىچىدە، قېنى ئەل - ئاغىنىدارچىلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋېتەيلى...





ئەمەت ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ناسىر موزاينىڭ قولىدىن سىركايىنى ئېلىپ، مەغرۇرانە ھالدا كۆتۈرۈۋەتتى. ئادىل لېيەنجاڭ خۇددى بۇ سورۇندا يوقتەك ئۇدۇلدىكى تامغا تىكىلگىنىچە قېتىپ ئولتۇراتتى.

ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز چاقچاقنى باشلىدى.

— ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار دېسە نېمە گەپكىن دەپتىمەن، ئەسلىي گەپ مۇنداقكەن - دە، — يۇسۇپ پالكۆز پاس چىقاردى.

— كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغىنىڭ بىلەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان نەرسىكەنسەن، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپمىسا ئوقۇر ئېشەك بىلەن قېچىرغا قالسا بولمايدۇ - دە.

— ئېشەككە قالسىمۇ مەيلى، موزايغا قالمىسا بولاتتىمۇ،

— كامىل گىرى گەپنىڭ ئاكىسىغا قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ چىداپ ئولتۇرالماي چاقچاققا ئارىلاشتى. ئادىل لېيەنجاڭنىڭ «ئېشەك» ۋە «تۇلكە» دەپ قوش لەقىمى بار ئىدى.

— موزايغا قالسىمۇ مەيلى، تۇلكىگە قالمىسا بولاتتى. ناسىر موزاي ئەمدى ئادىل لېيەنجاڭغا ئوچۇقتىن ئوچۇق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. يېقىندىن بېرى ئادىل لېيەنجاڭنىڭ «تۇلكە» دېگەن لەقىمى مۇقىملىشىپ قالغانىدى. «تۇلكە» دېگەن گەپ چىقىشى بىلەن سورۇندا كۈلكە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ ئەمەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ دومىلاپ كەتتى. ئادىل لېيەنجاڭ خۇددى سورۇندا بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك پارقىراپ ئولتۇراتتى. ئەمدى چاقچاق تۇلكىگە مەركەزلەشتى.

— ئوقۇرغا بويى يەتمىسە تۈۋرۈككە يامىشىدىغان تۇلكە.

— ئاتنىڭ رىسقىغا چاڭ سېلىپ، پەشۋا يەيدىغان تۇلكە.

— مادىنى كۆرسە غىڭشىيدىغان، ئايغىرنى كۆرسە كاڭشىيدىغان تۇلكە.

— يۇقىرىدىن باشلىق كېلىدۇ دېسە قۇيرۇقىغا گىرىم قىلىد-

دىغان تۇلكە.

— باشلىقنى يالايدىغان، پۇقرانى تالايدىغان تۇلكە...

— پايدىغا ئىگىلىدىغان، مەنپەئەتكە تىزلىنىدىغان تۇلكە.

— قوۋلۇقى ئاقمىغاندا تۇمشۇقىدىن ئېلىنىدىغان تۇلكە.

شۇ كۈنى ئادىل ليەنجاڭ ئېغىر مەست بولۇپ كەتتى. كامىل گىرى بىلەن ئەيسا كاسىر ئۇنى مىڭبىر جاپادا ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى.

ئادىل ليەنجاڭ شۇ كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىمۇ قىلماي، تۈەنگە بېرىپ ئەھۋال ئىگىلىدى. ئەسلىدە تۈەندىكىلەرنىڭ ئۇنداق گەپتىن خەۋىرىمۇ يوق ئىكەن. دېمەك، ئۇ گەپلەرنى ئەمەت توقۇغانىدى. ليەننىڭ بېغىنى ئادىل ليەنجاڭ بىر بۇيرۇق بىلەن جۇماخۇنغا ئېلىپ بەردى. ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز قانداق قىلارىنى بىلەلمەي ئازراق غوتۇلداپ قويۇپ باغنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يېقىندىن بېرى ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆز باغنى بىرلىشىپ كۆتۈرە ئالىدىغان بولىۋالغانىدى. ئۇلار ئەمەتنىڭ يالغان گېپىگە ئىشىنىپ ئادىل ليەنجاڭغا بىرمۇنچە ئەسكىلىك قىلىپ قويغان بولغاچقا «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

روزىگۈل قىزى گۈلشەنگە ئىچ - ئىچىدىن كۆيەتتى، ئۇنى تويماي سۆيەتتى، قۇشقاچ تىلىلىرى بىلەن ئۇزۇنغىچە ئەركىلىتەتتى. بۇدرۇق، ئوماق چوڭ بولىۋاتقان گۈلشەننىڭ جىم تۇرماي پىلتىڭلاشلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشلىرى، تاتلىق گۈڭراشلىرى روزىگۈلنىڭ بارلىق دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنتۇلدۇردى. جۇماخۇن باغنى كۆتۈرە ئالغاندىن كېيىن باغدىن كەلمەيدىغان بولدى. روزىگۈلنىڭ خۇشال بولىدىغىنى ئۇ هاراق ئىچمەيدىغان بولىۋالدى. جۇماخۇن ليەننىڭ بېغىدىن ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆتمۇشتىكى ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك گۈلشەننى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. قولاشمىغان





گەپلەر بىلەن ئۇنى ئەركىلىتىپ كېتەتتى.

كۈنلەر ئۆتۈۋەردى. روزىگۈلنىڭ قەلبىدىكى تىندۇرما بولۇپ كەتكەن چاڭقاقلىق يەنە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. روزىگۈلنىڭ قورقىدىغىنىمۇ ئەنە ئاشۇ چاڭقاقلىق ئىدى. ئۆزىنىڭ روهى ۋە جىسمىنى قورشاۋغا ئېلىۋاتقان ئاشۇ چاڭقاقلىقتىن ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە قاچۇرغان بىلەن بۇ سىرلىق قورشاۋدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. ئۇ يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۆزىنى قارى بىلەن ئۆرۈكلۈك باغدا يۈرگەن هالەتتە چۈشەپ قالاتتى. بەزىدە يەنە ئەيسا كاسىر بىلەن مۇڭدۇشۇپ، پاراڭلىشىپ چۈشەيتتى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشكە يېقىن گۈلشەننى ئۇخلىتىپ، چاي، نان راسلاپ گۈلشەننى كۆتۈرگىنىچە جۇماخۇنغا ئاپىرىپ بېرەتتى. باغدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەر سائەتچە ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋېلىپ، كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلاتتى. بەزىدە قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە چىقىپ بىردەم، يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كىرەتتى، يەنە بەزىدە چىمەن ۋىت - ۋىت، خەلچەم قونچاقلار بىكارچى ئاياللارنى يىغىپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ ئولتۇرىدىغان دوقمۇشقا بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كېلەتتى.

يېقىندىن بېرى ئادىل ليەنجاڭ يوق ئىشنى باهانە قىلىپ روزىگۈللەرنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىدىغان، روزىگۈلگە كۆڭۈل بۆلگەندەك ئۇنى - بۇنى دەپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرىدىغان بولىۋالدى. باشتا روزىگۈل، ليەنجاڭ بولغان ئادەم ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرسە نېمە بولاتتى، ئەگەر ئادىل ليەنجاڭ بولمىغان بولسا ليەننىڭ بېغى بىزگە ئاشامتى، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا چاي قۇيۇپ مېهمان قىلدى. بىراق، ئادىل ليەنجاڭنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ - چىقىشىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ روزىگۈلدىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا بولدى. ئادىل ليەنجاڭ بەزىدە روزىگۈلگە ئىلمەك گەپ قىلىدىغان بولىۋالغانىدى.

باغدىكى ئالمىلار پىشىپ قالغان مەزگىل بولغاچقا جۇماخۇن باغدىكى كەپىدە ياتىدىغان بولدى. روزىگۈلمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باغدا ياتاي دېسە، باغدا پاشا تولا، ئۇخلىيالمايسىلەر، گۈلشەن قىينىلىپ قالىدۇ، دەپ جۇماخۇن ئۇنىمىدى. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە خېلى كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ئادىل لىيەنجاڭ روزىگۈللەرنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئادىل لىيەنجاڭ هاراق پۇراپ تۇراتتى. روزىگۈل ئادىل لىيەنجاڭنى ئۆز ئادىتى بويىچە ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، داستىخان راسلاپ، چاي قۇيۇپ چىرايلىق كۈتتى. ئادىل لىيەنجاڭ ئازراق كەيپ بولۇپ قالغاچقا ئۇنىڭغا روزىگۈل تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. روزىگۈل چاچلىرىنى بېشىنىڭ چوققىسىغا تۈرمەللىۋالغان بولۇپ، ياقىسىز كۆڭلىكىدىن ئۇنىڭ ئاپئاق بويۇن ۋە مەيدىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئانىلىق مېهرى بىلەن تولغان كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ لىغىرلاپ تۇراتتى. پايپاقسىز ئاپئاق پاچاقلىرى خۇددى سېهىرلىك يوغان ئاق بېلىقتەك ئادىل لىيەنجاڭنىڭ يۈرىكىنى غىدىقلايتتى. روزىگۈلدىن كېلىۋاتقان چوكانلارغا خاس ھىد ئادىل لىيەنجاڭغا خۇددى نەشە چەككەندەك مەستخۇشلۇق ئاتا قىلدى. روزىگۈل ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئالدىدا ئېگىشىپ تۇرۇپ چاي قۇيغاندا ئادىل لىيەنجاڭنىڭ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. هاراقنىڭ كەيپى روزىگۈلنىڭ جەزبىسى ئۇنى مەست قىلىۋەتتى. ئەمدى ئادىل لىيەنجاڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ چاي قۇيۇۋاتقان روزىگۈلنىڭ قولىدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى. روزىگۈلنىڭ قولىدىن چۆگۈن چۈشۈپ كەتتى. چاي تۆكۈلدى...

## 19

مەن چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ پەرىشتىلەر شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. دەرۋازا مەھكەم ئېتىلگەنىدى. دەرۋازىنى





كۆچەپ ئۇردۇم، مەن دەرۋازىنى خېلى ئۇزۇن ئۇرغاندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلدى. دەرۋازىدىن بىر - بىرىدىن چىرايلىق يەتتە پەرى چىقتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. گەپ - سۆزىنىڭ تايىنى يوق بولسىمۇ، مېنى زاڭلىق قىلغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈشىۋاتاتتى.

پەرىلەرنىڭ بىرسى مەندىن سورىدى:

— سىز ئادەممۇ ياكى بۆرىمۇ؟

مەن ئىتتىك ئۆزۈمگە قارىدىم، مېنىڭ باش قىسمىم ئادەم، گەۋدە قىسمىم بۆرە سىياقىدا ئىدى.

— مەن، مەن ئادەم.

— ئادەم بولسىڭىز نېمە دەپ يېرىمىڭىز بۆرە، چاققانراق بولىڭە، ئادەم سىياقىغا كىرىڭە، سىزگە دەيدىغان گەپ بار، — پەرىلەر شوخلۇق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نازلىق كۈلۈشلىرى خۇددى مېنى غىدىقلىغاندەك كۈلكەمنى قىستىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى كونترول قىلغۇسىز كۈلكە ئېتىلىپ چىقتى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، كۈلكە بىلەن تەڭ مېنىڭ بۆرە سىياقىم ئادەم سىياقىغا ئۆزگەردى. قىزلار مېنىڭ يىگىتلىك سىياقىمنى كۆرۈپ بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشىپ يەنە قاقاقلاشتى.

— هە، مانا بولدى، ئەجەب كېلىشكەن يىگىتكەنسىز، يۈرۈڭ، بىز سىزنى باشلىقىمىزنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرەيلى، مەن قىزلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن پەرىشتىلەر شەھىرىگە كىردىم. پەرىشتىلەر شەھىرى تۈرلۈك مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر بىلەن بوستانلاشقان، ئېرىقلاردا سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، پەي، قاناتلىرى گۈللەردەك رەڭدار، نەغمىچى قۇشلار توختىماي ناۋا قىلىپ تۇرىدىغان، راۋاق، ئىمارەت قەلئەلىرى چاقناپ تۇرىدىغان تىمتاس گۈزەل شەھەر ئىكەن. باغلارنىڭ ئارىسىدا ئانىدىن تۇغما هالدىكى ئاجايىپ چىرايلىق قىزلار يۈتىسىنىڭ تۈۋىنى

يەرگە كۆمۈلگەن هالدا جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ يەردىكى ئاجايىپ ئالامەتلەردىن هەيران بولۇپ مېنى باشلاپ كېتىۋاتقان قىزلاردىن سورىدىم:

— هەي، ئاۋۇ قىزلارنى نېمە دەپ يەرگە كۆمۈپ قويىدۇلار؟ — پەرىشتىلەر مېنىڭ سوئالىمغا پەرۋا قىلمىغان هالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ئۇ قىزلارنى بىز كۆمۈپ قويمىدۇق، ئۇلار يەردىن ئۇنۇپ چىققان، ئۇلار تېخى پىشمىدى، ئۇلار پىشقاندىن كېيىن بىزدەك گەپ قىلالايدىغان، ماڭالايدىغان بولىدۇ.

— قىزلارمۇ يەردىن ئۇنۇپ چىقامدۇ؟ — مەن هەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي يەنە سورىدىم.

— شۇنداق، بىزمۇ يەردىن ئۇنۇپ چىققان.

— ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى يوقمۇ؟

— بولدى، بىزدىن تولا سوئال سورىماي قالغان گەپلەرنى باشلىقىمىزدىن سوراڭ.

— بايا سىز كىمنى ئىزدەيمەن دېدىڭىز؟

— چىن تۆمۈرنى.

— چىن تۆمۈر؟! هە، هېلىقى مەختۇمسۇلانىڭ ئاكىسىمۇ؟ ئۇ هازىر بىزنىڭ باشلىق بىلەن مۇڭدىشىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ شەهەردە مەڭگۈلۈك ئېلىپ قېلىشىمىزغا ماقۇل بولدى. ئۇ هازىر باشلىقىمىزنىڭ يېنىدا هۇزۇر - هالاۋەت سۈرۈۋاتىدۇ، ئۇ هەرگىزمۇ سىز بىلەن بۇ يەردىن كەتمەيدۇ.

— ئۇ كەتمىسە بولمايدۇ، — دېدىم مەن سەل جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا موهتاج. ئەگەر ئۇ سىڭلىسىنىڭ يېنىدا ئاكىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولسا، مەختۇمسۇلا ئازاب تارتمىغان بولاتتى.

— هازىر سىزنى چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىمىز، بۇ گەپلىرىڭىزنى ئۇنىڭ ئۆزىگە دەڭ.





قىزلار مېنى پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ خاس خانىسىغا باشلىدى. بىر نەچچە ئىشىك، نەچچە توساقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چىرايلىق، رەڭگارەڭ گۈللەر، تۈرلۈك نۇسخىدىكى رەڭدار گىلەم ۋە پاياندازلار بىلەن بېزەلگەن ئايرىم خانىغا كىردۇق. چىن تۆمۈر بىلەن پەرىشتىلەر باشلىقى هەيۋەتلىك دىۋاندا ئولتۇرۇپ شېرىن سۆهبەت قۇرغانىدى. مەن چىن تۆمۈرنى تونۇماي قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئۇ شاهزادىلاردەك چىرايلىق كېيىندۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان پەرىشتىلەر باشلىقىغا خۇشامەت بىلەن بىلجىرلاۋاتاتتى:

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى مەڭگۈ سۆيىمەن، سىزنىڭ شېرىن - شېكەردەك لەۋلىرىڭىز ماڭا پۈتۈن دۇنيانىڭ لەززىتىنى ئاتا قىلدى. سىزنىڭ جىلۋىڭىز، نازاكىتىڭىز ماڭا مىڭ جەننەتنىڭ هۇزۇرىنى تەقدىم قىلىۋاتىدۇ، سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇنى قىلاي، سىزلا خالىسىڭىز كاللامنى ئېلىپ ئالدىڭىزغا قويۇشقىمۇ تەييارمەن. مەن نېمىشقا بۇ يەردە پەقەت ئۈچ كۈنلا تۇرغۇدەكمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاشۇ ماكانىمغا كېتەمدىمەن، مانا بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئەتە بۇ يەردىن يوقىلامدىمەن، بۇ يەرنى مەڭگۈ كۆرەلمەمدىمەن⋯ .

— مۇشۇ كۈنلەرگە ئېرىشكىنىڭدىنمۇ خۇشال بولغىن، بۇ هەممىلا ئەرگە نېسىپ بولىدىغان ئىش ئەمەس، سېنىڭ باتۇرلۇقىڭ ۋە قەيسەرلىكىڭ مېنى قايىل قىلغان بولغاچقا هۇزۇرۇمدا ئۈچ كۈن مېهمان بولالىدىڭ، — پەرىشتىلەر باشلىقى يالۋۇرۇپ سۆزلەۋاتقان چىن تۆمۈرنى گەپ قىلماسلىققا جېكىلەپ بىزگە قارىدى. چىن تۆمۈرمۇ ئەس - هوشىنى يىغىپ بىزگە قارىدى. ئۇ ماڭا سەن بىزنىڭ كەيپىمىزنى ئۇچۇردۇڭ دېگەندەك غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى.

— هە، بۇ مېهمان قانداق مۇددىئا بىلەن كەپتۇ؟ — پەرىشتىلەر باشلىقى پەرىشتىدىن سورىدى.

— ئۇ چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ كەپتىكەن.

— نېمە؟ ئۇ مېنى نېمە دەپ ئىزدەيدىكەن؟ مەن يا ئۇنى تونۇمىسام، ئۇنىڭ زادى مەندە نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ مەن ئۇنى تونۇمايمەن، كۆزۈمدىن يوقالسۇن! — چىن تۆمۈر ناھايىتى تەنتەكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ خۇددى پەرىشتىلەر باشلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايدىغاندەك ئۇنىڭ قول - بىلەكلىرىگە يېپىشىپ تۇراتتى، شەھەر باشلىقى ئۇنى سەت سىلكىشلىدى، — ئۆزىڭىزنى بېسىپ بىردەم جىم ئولتۇرۇپ تۇرىڭە، ئالدى بىلەن مېھمانىنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلايلى.

مەن پەرىشتىلەر باشلىقىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆز مەقسىتىمنى بايان قىلدىم.

— مەن چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ كەلگەن، ئۇنى ئىزدەشتىكى مەقسىتىم، ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا يالماۋۇزنىڭ ئازابىنى تارتىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ نالىسى ۋە ئازابىغا چىدىماي ئاكىڭىزنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ قويغانىكەنمەن، ئاشۇ ۋەدەمگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

— سەن مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟

— ئۇ پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، بۇ يەردىن كەتمەيمەن، ئۇنى تونۇمايمەن، ئۇنى كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭ!

چىن تۆمۈر پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇردى.

پەرىشتىلەر باشلىقى ماڭا گۇمانلانغاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە تىكىلگەندىن كېيىن سورىدى:

— مەختۇمسۇلا قانداق ئازاب تارتىۋېتىپتۇ؟

— ئاكىسىنىڭ پاناھلىقىدىن ئايرىلغان مەختۇمسۇلا يالماۋۇزنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراۋېتىپتۇ، — پەرىشتىلەر باشلىقى جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا دەرغەزەپكە كەلدى:

— ھەقىقەتەن يالغانچى ئىكەنسەن، يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى





بەنت قىلىۋەتكەن تۇرسام، ئۇ قانداقمۇ ئۇنىڭ ئازابىنى تارتسۇن! بىزنىڭ شەھىرىمىزدە قانداقسىگە يالغان سۆزلەشكە پېتىندىڭ، تېز كېلىڭلار، بۇ يالغانچىغا ئازاب ۋە مۇشەققەت شارابىنى ئىچكۈزۈڭلار.

مەن پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ بۇ غەلىتە بۇيرۇقىدىن قورقۇپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم:

— گېپىم راست! گېپىمنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ بېقىپ، قانداق جازا بەرسىڭىز رازىمەن! ئاڭغىچە دىۋىلەردەك بەستىلىك، ھېڭگاڭ چىش، يېرىم يالىڭاچ، ئەمچەكلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان قاپقارا تۆت ئايال قولۇمنى قايرىپ گەجگەمدىن بېسىپ بولغانىدى.

پەرىشتىلەر باشلىقى گېپىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇيرۇقىنى ئۆزگەرتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، مەن بۇنىڭ گېپىنىڭ راست - يالغانلىقىنى ھازىرلا ئېنىقلايمەن، — ئۇ ماڭا مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سېنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ مەختۇمسۇلانى ئازابلاۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭ راستمۇ؟

— راست! — ھېلىقى خوتۇنلاردىن قۇتۇلغىنىمدىن خۇش بولۇپ تېزلا جاۋاب بەردىم.

— ئەگەر گېپىڭ يالغان بولسا ھەرقانداق جازا بېرىشىمگە رازىمۇ سەن؟

— ئەگەر گېپىم يالغان بولسا، ھەر قانداق جازاغا مانا مەن تەييار، — گېپىم راست بولغاچقا قورقماي تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

چىن تۆمۈر بۇ يەردە بولىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋىرى يوقتەك پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ ئايىغىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ، ئەركىلەپ يۈرەتتى. پەرىشتىلەر باشلىقى چىن تۆمۈرنى سەت سىلكىشلەپ، بىر تېپىۋېدى، خۇدىنى يىغىپ بىر چەتتە شۈمشىيىپ ئولتۇردى.

پەرىشتىلەر باشلىقى بۇيرۇق قىلدى:

— يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئېلىپ كىرىلسۇن!

كۆپ ئۆتمەي پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سۇر باسقاندەك بولۇپ، يۈرىكىمگە قورقۇنچ ئولاشتى. بىردەملىك تىمتاسلىقتىن كېيىن زەنجىرلەرنىڭ شاراقلىغان، ئاللىقانداقتۇر بىر مەخلۇقنىڭ پۇشۇلدىغان، خارىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆز ئالدىمدا پۈتۈن بەدىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان، بەتبەشىرە يەتتە باشلىق يالماۋۇز كۆزلىرىدىن كۆكۈچ ئوت چاچرىتىپ، ئەتراپتىكىلەرگە ۋەھىمىلىك خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ بەدەنلىرىمگە سۇر ۋە تىترەك ئولىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا تىكىلگىنىمچە تۇرۇۋەردىم. چىن تۆمۈر قورقۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغانىدى.

پەرىشتىلەر باشلىقى چىن تۆمۈرنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەتكەندىن كېيىن مەندىن سورىدى:

— سەن كۆرگەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز مانا مۇشۇمۇ؟

— ياق، ئەمەس، مېنىڭ كۆرگىنىم ئەر، يىگىتلەر سىياقىدىكى يالماۋۇز ئىدى. بۇ قېرى خوتۇن سىياقىدىكى يالماۋۇز ئىكەن.

— مېنى قېرى خوتۇن دېمە، كىم قېرى خوتۇن ئىكەن، گەپ قىلمىسا ئادەمنى نېمە ھاقارەتلەيدۇ ماۋۇ لامزەللە، ھېلى بىكار مۇشۇ يەردە زەنجىرنى بوشىتىۋالسام، ئەركەك بولغىنىڭغا تويغۇزۇۋەتمەي...

— ئاغزىڭنى يۇم، تولا ھەددىڭدىن ئاشقۇچى بولما، سەن تولا گەپ قىلماي، سوئالىمغا جاۋاب بەر، — پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن يالماۋۇز پەسكويغا چۈشۈپ جىم تۇردى. مەن ئۇنى تونۇدۇم، مانا بۇ ئەينى چاغلاردا مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى ئىچكەن جادۇگەر موماي سىياقىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىدى.



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

— ئۇ ئېيتقاندەك، ئەرلەر سىياقىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ بارمۇ؟ — پەرىشتىلەر باشلىقى يالماۋۇزدىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— بار، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم.

— ئۇنىڭ دادىسى كىم؟

— ئۇنىڭ دادىسى ئىنسانىيەت دۇنياسىدا.

— نېمە؟ ! سەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكىلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەت ئورناتقان؟

— ئۆزۈمنىڭ سېھرىي جادۇسى بىلەن بىر ئەرنى قولغا چۈشۈرگەنىدىم. ئۇ بالا ئەنە شۇ ئەردىن بولغان بالا ئىدى.

— بۇ ھەقتە بىزگە سۆزلەپ بەر، ئەگەر گەپلىرىڭ راست بولسا بەزى گۇناھلىرىڭدىن ساقىت قىلىشىم مۇمكىن.

پەرىشتىلەر باشلىقىنىڭ گېپىدىن كېيىن يالماۋۇز بىر نەچچە سېكۇنت جىمىپ كەتتى ھەمدە ئالدىرىماي مۇلايىملىق بىلەن ھېكايە سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلارنىڭ قېنىنى شوراپ، ھۇزۇر ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، بىكار بولۇپ قالسام دائىم تاغ ئىچىدىكى گۈزەل جىرالارنى سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم، خالىسام قۇشلارنى خام يەپ، خالىسام جان - جانىۋارلارنى چايناپ پۇركۈيتتۇم، بىر كۈنى ئاشۇ جىراغا ئوۋغا كەلگەن ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ سېھىرلىك ئەينىكىمدە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم، سېھىرلىك ئەينىكىم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئۇ تاغ باغرىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرىدىكەن، تويى قىلغىلى بىر يىل بولۇپتۇ، ئايالى ناھايىتى چىرايلىق، پاك ۋە سەمىمىي ئايال ئىكەن. ئۇ ئېغىر ئاياغ بولۇپ ئاي كۈنلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىكەن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئۆتىدىكەن، مەن سېھىرلىك ئەينەك-

تىن ئۇلارنىڭ بەختلىك خاتىرجەم ئائىلىسىنى كۆرۈپ، ھەسەت
ئوتىدا كۆيۈپ پۇچۇلاندىم. ئەرنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى
مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈنى
ئۇنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش بىلەن
قانائەتلەندىم، ئەمدى ئاشۇ جىرادىن باشقا جايغا بارمايدىغان بول-
دۇم، ئۇنى قاچان كېلەر دەپ كۈتتۇم. ئارىلىقتىن توپتوغرا بىر
ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئەر يەنە كەلدى. ئەمدى سىپھى-
رىي جادۇرۇمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئېزىقتۇرۇش كويىغا چۈش-
تۇم، شۇڭا ئون سەككىز ياشلاردىكى ناھايىتى گۈزەل قىز سىيا-
قىغا كىردىم، ئۆزۈم جىرادىكى ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ
ۋارقىرىدىم:
— ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! — ئاۋازىم
ھېلىقى ئەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولسا كېرەك. ئوقيالىرىنى
كۆتۈرۈپ، بىردەمدىلا ئالدىمدىلا پەيدا بولدى. چاچلىرىمنى چۇ-
ۋۇپ، كىيىملىرىمنى يىرتىۋەتكەندىن كېيىن، ھوشۇمدىن كەت-
كەن سىياقىدا يەرگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئەر يۈگۈرۈپ كېلىپ
ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن مېنىڭ بېشىمنى قولىغا
ئالدى.
— سىڭلىم، سىڭلىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!
ئۇ مېنى كۆتۈرۈپ جىرانىڭ بىر تەرىپىدىكى قويۇق چۆپلۈك-
كە ياتقۇزدى. تىنىقىمنى ۋە يۈرىكىمنىڭ سېلىشىنى تىڭشىدى.
ئۇ بوينىغا ئېسىۋالغان مۈڭگۈز سۇدانىدىن ئاغزىغا سۇ ئېلىپ
يۈزۈمگە پۈركىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى ئەمدىلا ھوشىغا
كېلىۋاتقان ئادەمدەك كۆزۈمنى ئاچتىم.
پاھ، كۆز ئالدىمدا مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان ھېلىقى ئەر،
سۇس تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەبەس-
سۇم قىلدىم. مەن نۇرغۇن يالغان - ياۋىداق گەپلىرىم ۋە كۆپلە-
گەن ھىيلە - نەيرەڭلىرىمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە رام





قىلىۋالدىم.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەرمۇ مەندىن ئايرىلالمايدىغان، مەنمۇ
ئۇ ئەردىن ئايرىلالمايدىغان بولدۇم، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئا-
دەتتىكى مۇناسىۋەتتىن ھالقىپ كەتتى. كېيىن مەن ئۇ ئەردىن
ئېغىر ئاياغ بولۇپ بىر ئوغۇللۇق بولغانىدىم، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش
يەتتە باشلىق ئىدى. ئۇ چوڭ بولىۋالغاندىن كېيىن مېنىڭ گې-
پىمنى ئاڭلىمايدىغان بولدى، شۇڭا مەن ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ
بەرگەنىدىم...
پەرىشتىلەر باشلىقى بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، — گېپىڭ
راستكەن، مەن ئەمدى چىن تۆمۈرنى تۇتىۋالسام بولمىغۇدەك،
ئۇ بىرىپ سىڭلىسىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرسۇن!
ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەرلىكىنى يوقاتقان چىن تۆمۈرگە
بۇ گەپ خۇش ياقماي، پەرىشتىلەر باشلىقىغا تىزلىنىپ يالۋۇ-
رۇشقا باشلىدى:
— بولدى، بولدى، مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن، مەن بۇ
يەردىكى شېرىن لەززەتلەرگە، ھۇزۇر - ھەشەمەتلەرگە كۆنۈپ
قالغان تۇرسام، يەنە نېمە دەپ يەنە ئاشۇ غېرىب كۈلبەمگە كەتكۈ-
دەكمەن، يەنە نېمە دەپ ئاشۇ جاپالىق تۇرمۇشنى باشلىغۇدەكمەن،
مەن بۇ دۇنياغا سىڭلىم ئۈچۈن تۆرۈلۈپتىكەنمەنمۇ، بولدى،
بولدى، مەن سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايمەن، مېنى مۇشۇ يەردە
ئېلىپ قېلىڭ.
توۋا، كۆز ئالدىمدىكى ماۋۇ يىرگىنىشلىك مەخلۇقنىڭ چىن
تۆمۈر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قالدىم، ئۇنىڭدىكى غۇرۇر، ۋىج-
دان، باتۇرلۇق نەگە كەتكەندۇ، ئۇنىڭ مىسران قىلىچى قەيەردە
دات بېسىپ ياتقاندۇ.
— كۆزۈمدىن يوقال! — پەرىشتىلەر باشلىقى دەرغەزەپكە
كەلگەنىدى. سېنىڭدەك ۋىجدانسىز ئەرنى مەن ئەر قىلالمايمەن،
مەن سېنى خەلقئالەمگە مەشھۇر باتۇر دەپ ياخشى كۆرگەن،

هازىر سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى بارچە باتۇرلۇقلار ئۆلۈپتۇ. بۇنى
شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. يالماۋۇزنى زەنجىر بىلەن باغلاپ
ئەكىرگەن بەستلىك ئاياللار چىن تۆمۈرنىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە
تەگكۈزمەي ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن كۆپ ئۆتمەي ئۆزۈمنى
پايانسىز بىر چۆلدە بۆرە سىياقىدا كۆردۈم.

## 20

كۈنلەر كۈلدۈرۈپ، ئايلار ئالداپ، يىللار يىغلىتىپ ئارى-
لىقتىن يەنە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. روزىگۈلنىڭ قىزى گۈل-
شەن مەكتەپكە كىردى. ئۇمۇ ئاپىسىدەك ناھايىتى چىرايلىق قىز
بولغانىدى. روزىگۈلنىڭ ھاياتىدىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.
ئادىل لېيەنجاڭ ئۇنى بەش ـ ئالتە يىل كولدۇرلاتتى. ئادىل
لېيەنجاڭ روزىگۈلنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپ ئۇنىڭغا
قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىقمۇ قىلدى. ئالىقانچىلىك كېلىدىغان
بۇ كىچىككىنە لېيەندە ئۇلارنىڭ غەيرىي مۇناسىۋىتىنى ھەممە ئادەم
دېگۈدەك بىلىپ بولغان بولسىمۇ ھېچكىم چىش يېرىپ بىر نەرسە
دېيەلمىدى. جۇماخۇن يەنە ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالدى. نىياز
كاللەك ئالىم دۇمبا، كامىل گىرىلار بىلەن بىللە تۇراخۇننىڭ
دۇكىنىدىن چىقمايدىغان بولدى. ئۇ روزىگۈلنىڭ ئادىل لېيەنجاڭ
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىپ قالغانىدى. ئۇ بىر
نەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى.
ئۇ بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەبلەنگەن بولسىمۇ چىش يېرىپ بىر
نەرسە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل لېيەنجاڭ باغنى ناسىر
موزايغا ئېلىپ بەرگىلى ئىككى يىل بولدى. جۇماخۇن باغدىن
خېلى ئۇبدان نەپكە ئېرىشىۋاتاتتى، ئادىل لېيەنجاڭ نېمە دەپ
جۇماخۇندىن باغنى تارتىۋالدۇ، ناسىر موزاي شۇنچىلىك سېھىر-
لىكمىدۇ، ئۇنىڭ سېھىرلىك مۆرەشلىرى ئادىل لېيەنجاڭنى قانداق





رام قىلىۋالغاندۇ؟ بۇرۇنقى لېيەنجاڭلار ئەڭ كۆپ دېگەندىمۇ بەش
ـ ئالتە يىل تۇرۇپ، بىر يەرگە يۆتكىلىپ كېتىدىغان، بىراق
بۇ ئادىل لېيەنجاڭ دېگەن خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىر-
لىمىدى. قىلدەك ھوقۇقىنىڭ، پىلدەك كۈچى بار دېگەن گەپ
راست ئىكەن. ئادىل لېيەنجاڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ، زورىيىپ
كېتىۋاتاتتى. «باغنى نېمە دەپ ئېلىۋالدۇ، مەن ئۇ باغنى ۋىجدا-
نىم، غۇرۇرۇمغا تېگىشكەن ئەمەسمىدىم...» جۇماخۇننى مانا
مۇشۇنداق خىياللار بەك قىينايتتى. ئۇ ھاراق ئىچمىگەن چاغلاردا
ئۆزىچە تۆۋەندىكىدەك خىياللىرىنىمۇ سۇرەتتى.

تۇۋا، مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم، كىچىك چېغىمى-
دىلا ئاتا ـ ئانامدىن ئايرىلىپ قاپتىكەنمەن، بىردىنبىر ئاكام
ئەلنىيازنى تاپقان چېغىمدا شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىم...
جۇماخۇننىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا روزىگۈلنى ئۇرۇپ، دۇمبالىغۇ-
سى، چىرايلىق يۈزلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىپ ـ تىلىپ بەدبەشى-
رە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى. «ئۇنىڭ چىرايى ئاشۇنداق چىرايلىق
بولمىغان بولسا مەن خاتىرجەم ياشايتتىم. ماڭا ئىنسان بالىسى
چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايى ئېلىپ
كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ئەگەر چىرايلىق بولمىغان بولسا ئۇنىڭغا ھېچكىم
قارىمايتتى... بىراق، ھازىر نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ بارىدۇ.
بەزى مۇناپىق گۇيلار نېمە دەپ بىزنىڭ ئۆيىنى ئەگىپ يۇرۇيدىغان-
دۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت يېشىلمەيۋاتقان نۇرغۇن گۇمانىي
تۈگۈنچىلەر بار. مېنى ئازابلاۋاتقىنى ئەنە ئاشۇ تۈگۈنچىلەر، ئەگەر
مېنىڭ ئاشۇ گۇمانلىرىم راست بولىدىغان بولسا مېنىڭ بۇ دۇنيادا
ياشىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، ئەگەر ئاشۇ گۇمانلارنىڭ بىرەرسى
راست چىقىپ قالىدىغان بولسا بىرنەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئاخى-
رىدا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن گۈلشەن؟ !... ياق، ئۇ ئۆزۈمنىڭ
قىزى، ئۆزۈمنىڭ پۇشتى... جۇماخۇن شۇنداق خىياللار بىلەن
گاراڭ ئادەمدەك بولۇپ قالاتتى. گۈلشەننى كۆرگەن چېغىمدا

بولسا ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئاتىلىق مېھرى خۇددى بىر كۆۋەجىۋاتقان دەريادەك ئۇنىسىز تەۋرەيتتى. گۈلشەنمۇ جۇماخۇننى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. گۈلشەن مەكتەپتىن كېلىپلا «دادا!» دەپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتاتتى. بۇنداق چاغدا جۇماخۇننىڭ ۋۇجۇدى ئاتا - بالىلىق مېھىر - شەپقەتتىن ئېرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاز تولا ھاراق ئىچىۋالغان چاغلاردا قىزىنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ھۆڭرەپ يىغلىۋېتەتتى.

— دادا، دادا، نېمە دەپ يىغلايسىز، يەنە مەست بولۇپ قاپسىزدە، ھاراق ئىچمەڭ، سىزگە زىيان قىلىدىكەن دېسەم يەنە ئىچىپسىزدە، بۇدا ئاشۇ نىياز چوڭ دادامنى چوقۇم تىللايمەن، كەچكىچە سىزگە ھاراق ئىچكۈزىدىكەن، — گۈلشەن يىغلاۋاتقان دادىسىنىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ قوياتتى. جۇماخۇن نىياز كاللەكلەر بىلەن تۇراخۇننىڭ ماگىزىنىدا ئىچىپ قالغان چاغلىرىدا گۈلشەن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ: — دادا، ماڭە كېتىمىز، ئاپام خاپا بولىۋاتىدۇ، — دېسە، ھەرقانچە مەست بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي، ئورنىدىن دەست تۇرۇپ، گۈلشەننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭاتتى.

ئادىل لىيەنجاڭ ھازىر روزىگۈلنىڭ يېنىغا ئانچە كىرمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ روزىگۈلنىڭ ئۆيىگە تولا كىرىپ چىقىدىغان بولىۋالغانلىقىنى ئەيسا كاسسىرنىڭ ئايالى پاتى ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئايالى گۈلنىساغا چېقىپ قويغانىدى.

بىر كۈنى پاتى گۈلنىسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئادەم يوق چاغدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

— ھەي، گۈلنىسا، ئېرىم لىيەنجاڭ دەپ ئاسمانغا قاراپ يۈرۈۋەرمە، ماۋۇ لىيەندە بارغۇ سېنىڭ غۇرۇرۇڭغا تېگىدىغان بىر گەپ تارقاپ يۈرۈپتۇ.

— نېمە گەپكەن ئۇ؟ — ئەينەككە قاراپ، گىرىم قىلىۋاتقان





گۈلنىسا پەرۋاسىزلا سورىدى.

— سەن ئۇيقۇڭنى ئۇخلاپ يۈرۈۋەر، خەق ئېرىڭنى ئەر، ئابرۇيىڭنى يەر قىلىپ بولدى.

گۈلنىسانىڭ قولىدىكى لەۋ سۇرۇخ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. چىرايى پۈرۈشۈپ ئۆمچەيدى. كۆزلىرى غەزەب بىلەن چەكچەيدى.

— نېمە دەپ چالۋاقاۋاتىدۇ ماۋۇ قارا قاسماق.

— سەن تولا مېنىڭ قارا قاسماقلىقىم بىلەن قالماي ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئەخمەقلىقىڭنى تازا ئوبدان بىر سۈرۈشتۈرە، — پاتىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ گۈلنىسانى بىر چەتكە تارتىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىرىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي، مەن ساڭا دوستۇم دەپ بىر گەپنى دەپ قوياي، ھازىر بارغۇ ئادىل لىيەنجاڭنى ئاۋۇ جۇماخۇن گىجىگىنىڭ خوتۇنى روزەك پاسكىنا كەلتۈرۈپ بوپتۇ… بىلەمسەن، ھازىر ئۇ خۇددى بەز مارىغان مۈشۈكتەك ئاشۇنىڭ ئۆيىدىن چىقمايدىغان بوپتۇ، بۇ گەپنى خەق سېنىڭ ئالدىڭدا دېمىگەن بىلەن كەينىڭدە دەپ يۈرىدۇ. مەن ساڭا ساۋاقدىشىم، دوستۇم دەپ، دەپ قويدۇم، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ جۆندە. — ياخشىلىققا يامانلىق دەپ مېنى بالاغا قويما يەنە، مەنغۇ تولا ئاغزىمدىن بالاغا قالىدىغان ئادەم…

پاتى بىلەن گۈلنىسا 4 - سىنىپقىچە بىللە ئوقۇپ ھەر ئىككىسى ئوقۇماي چىقىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىر - بىرىنى خۇددى ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ كەلگەندەك ساۋاقداش دېسە، ساۋاقداش دېيىشىپ كېتەتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى لىيەنگە ئىزچىل تۇردە كاسسىر بولۇپ تۇرۇشىدىمۇ بۇ ئىككىسى مۇھىم رول ئويناۋاتاتتى. گۈلنىسا باشتا پاتىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئۇ روزىگۈلنى ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئەمەس،

ئەكسىچە ئەيسا كاسسىرنىڭ ئاشنىسىكەن دەپ ئاڭلىغانىدى. ئەسلىدە گۈلنىسا پاتىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ قويماقچى بولۇپ ئېيتمىغانىدى، شۇڭا ئۇ پاتىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا دوق قىلدى.

— ئوھوش، ئاز گەپ قىلە، ئېرىڭنىڭ ئاشنىسىنى تولا ئادىلغا چاپلىماي، ئاڭلىسام جۇماخۇن گىجىڭنىڭ قىزى گۈلشەن ئەيسانىڭ قىزىمىشقۇ، — پاتىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ گۈلنىسانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى. گۈلنىسانىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن دېگەن گېپى ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ياخشىلىقتا يامانلىق ياندۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ تۇيۇلدى، شۇڭا ئۇ راستقا يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنى تازا تېرىكتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى.

— ئەرخەق دېگەنگىغۇ ئىشەنمىگەن تۈزۈك، ئەيسانىغۇ هازىر مەن ئۇياققا ئاياغ باسماس قىلىۋەتتىم، ئۇ يالاق يالايدىغانغۇ مېنىڭ گېپىمگىمۇ قۇلاق سالماسكەن، ئاڭلىسام ئادىل ئۇنىڭغا ئەمدى جۇماخۇن گىجىڭنىڭ ئۆيىگە قەدەم باسىدىغان بولساڭ پاچىقىڭنى چاقىمەن دەپتۇدەك، ئادىلمۇ ئانچە - مۇنچە ئىچىۋالغان چاغلىرىدا گۈلنىسانىمۇ خوتۇن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، روزىگۈلگە ئارىلاشقاندىن بۇيان خوتۇن دېگەننىڭ قانداق شېرىن، لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئۆيدىكى سېسىق خوتۇننىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى، مەن نەچچە ئون ئاشنا تۇتقان بولسامۇ روزىگۈلدەكىنى كۆرمەپتىكەنمەن دەپتۇدەك، — بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈلنىسانىڭ چىرايى غەزەپتىن پۈرۈشۈپ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. پاتىنىڭ بۇ گەپلەر ئارقىلىق ئىچىدىكى ئۆچ - ئاداۋەتلىرى، ھەسرەت - نادامەتلىرى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تېخىمۇ كۆچەپ سۆزلەشكە باشلىدى. بەزى گەپلەرنى ئۇ قەستەن توقۇپ چىقىۋاتاتتى.

— روزىگۈلنىڭ قۇچىقى بىر جەننەت، مەن ئۆلمەي تۇرۇپ





جەننەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتىمەن، جەننەتتەك ھۆر - غىلمانلارمۇ روزىگۈلچە ھۇزۇر بېرەلمەس دەپتۇدەك. ئۇ يەنە تەپتارتماستىن گۈلنىسانىڭ خېتىنى بېرىۋېتىپ روزىگۈلنى ئالىمەن، دەپتۇدەك.

ئاخىرى گۈلنىسا پاتىنىڭ «دەپتۇدەك» لىرىگە چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— بولدى، گەپ قىلما، زۇۋانىڭنى يىغ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئادىل لىيەنجاڭلارنىڭ ئۆيىدە جېدەل قۇردمىدى. گۈلنىسا بىر نەچچە قېتىم ئىنى - سىڭىللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ روزىگۈلنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، روزىگۈلنى ئۇرۇپ، دەسسەپ، ۋايجېنىنى چىقىرىۋەتتى. شۇ چاغدا جۇماخۇنمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ئىدى. گۈلشەن نېمە بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىغانىدى. ئۇلار روزىگۈلنى ئۇرغاننى ئاز دەپ جۇماخۇننى سولامچىدىن سولامچىغا، شوۋچىدىن، شوۋچىغا سېلىپ تىللىغانىدى. كىچىككىنە گۈلشەننىمۇ «يوتقاننىڭ تېشىدىن بولغان هارىمى» دەپ هاقارەتلىگەنىدى. ئۆزىنى هاقارەتلىگەندە چىدىغان بىلەن گۈلشەننى هاقارەتلىگەندە چىداپ تۇرالمىغان جۇماخۇن كەتمەننى قولىغا ئېلىپ ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئادىل لىيەنجاڭ جۇماخۇنغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايدىغان بولدى. باغنىمۇ يوق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئېلىۋالدى. بىر ئوبدان بوز يەر قاتارىدا كېتىۋاتقان يېرىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك يەر ھېسابىدا پۇل ئالىدىغان بولدى. ئەمدى جۇماخۇندا باغدىن كىرىدىغان پۇلمۇ يوق ئىدى. ئېتىزلىقتىن زىيان چىقسا چىقاتتىكى پايدا چىقمايتتى. جۇماخۇن ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئۆزىدىن باغنى نېمە ئۈچۈن تارتىۋالغانلىقىنى پەقەت كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. يەنە نېمە دەپ باشقا ئادەمگە ئەمەس ناسىر موزايغا ئېلىپ بېرىدۇ. ئەسلى بۇنىڭمۇ جۇماخۇن ئۇيلىغاندىن باشقا سەۋەبىمۇ بار ئىدى.

ناسىر موزاي باغنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن دېھقانچە-
لىقتىن يامان ئەمەس نەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ باغدىن
كېلىۋاتقان قىپقىزىل پايدىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئىچى ئېچى-
شىپ بولالمىدى. يۇسۇپ پالكۆز تاپقان - تەرگىنىگە تراكتوردىن
بىرنى ئېلىپ ئوغلىغا ھەيدىتىۋاتقان بولغاچقا ئىشلىرى ئوڭغا
مېڭىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ناسىر مو-
زاي پەقەت خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، ئۇ بىر ئامال قىلىپ جۇما-
خۇن گىجىگنىڭ قولىدىكى باغنى قايتۇرۇۋېلىش كويىغا چۈشتى.
ئەنە ئاشۇنداق چاغلاردا ئۇ ئادىل لېيەنجاڭنىڭ جۇماخۇن گىجىگ-
نىڭ مەھەللىسىنى تولا چۆرگىلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بى-
لىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ناسىر موزاينىڭ كۆڭلىگە جىن
چۈشتى، ئۇ دائىم روزىگۇللەرنىڭ مەھەللىسى ئەتراپىدا يوشۇرۇن
نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولدى.

بىر كۈنى لېيەندە كىنو قويۇلۇۋاتاتتى، كىنو باشلىنىپ يې-
رىم سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئادىل لېيەنجاڭ غىپلا قىلىپ
جۇماخۇنلارنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراشچىلىقتا
ھويلىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇدى، بۇ ئادىل لېيەنجاڭنى
يوشۇرۇن نازارەت قىلىپ تۇرغان ناسىر موزاي ئۈچۈن ئوبدان
پۇرسەت بولدى. كىنو تالادا قويۇلىدىغان بولغاچقا كىنونىڭ ئاۋا-
زى پۈتۈن لېيەنگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇششاق - چۈششەك
شەپىلەرنى ئاڭلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناسىر موزاي پۇرسەت-
نى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن غىپلا قىلىپ ھويلىغا كىرىۋالدى.
ئادىل لېيەنجاڭ ھويلىدا قاچا يۇيۇۋاتقان روزىگۇلنىڭ يېنىغا كې-
لىپ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئۇنى چايخانىدىكى سۇپا تە-
رەپكە تارتىپ پومداقلاپ باسماقچى بولدى. ناسىر موزاي ئالدىر-
ماي يېتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ يېنىغىلا كېلىپ يۆتەلدى. ئادىل
لېيەنجاڭ بىلەن روزىگۇل قورققىنىدىن قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي
بىردەم تىپىرلاشقاندىن كېيىن، خۇددى ئەسىرگە چۈشكەن ئەس-





كەردەك باشلىرىنىساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

— جۇماخۇن بۇ ئىشلارنى ئۆيگە كىرىپ قىلماي، نېمە
بۇ ھويلىدىلا، — ناسىر موزاي مۇغەمبەرلىك بىلەن شۇنداق دېگە-
نىچە كېلىپ، ئادىل لېيەنجاڭنى ئەمدىلا تونۇۋاتقان ئادەمدەك
ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋۇي، بۇ لېيەنجاڭكەنغۇ، نېمە گەپ بۇ لېيەنجاڭ، خەقنىڭ
خوتۇنى بىلەن كىنونى بۇ يەردە قويغىلى تۇرۇپسىلەردە، قانداق
گەپ بۇ، لېيەنىڭ بىر رەھبىرىي بولغان ئادەم، ئاللا ماۋۇ
كارامەتنى، — ناسىر موزاي ئاۋازىنى قەستەن يۇقىرى كۆتۈردى.

— روزىگۇل يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئادىل
لېيەنجاڭ يالۋۇرغان قىياپەتتە:

— ناسىر ئەمدى بولدى قىل! نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي،
خەق ئاڭلاپ قالسا سەت بولىدۇ، دەيمەن.

— بىر لېيەنىڭ لېيەنجاڭى تۇرۇپ خەقنىڭ خوتۇنىنى خوتۇن
قىلىۋالساڭ بولامدۇ، ماڭە، مەن سېنى ئاپىرىدىغان يەرگە ئاپى-
رىمەن، — ھەققىمىزنى يەپ، خوتۇنلىرىمىزنى ئاياغ - ئاستى
قىلماقچىمۇ؟ سەن گۇيلارنى زادى مەن... ناسىر موزاي ئادىل
لېيەنجاڭنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — سەن گۇيلار تىرناقچىلىك
ھوقۇقىڭغا تايىنىپ ...— ئادىل لېيەنجاڭ ناسىر موزاينىڭ ئەلپا-
زىدىن قورقۇپ كەتتى. ناسىر موزاينى لېيەندىكىلەرنىڭ ئاز - تولا
ھۆرمەتلەپ قويۇشىمۇ بىكار گەپ ئەمەس، ئۇنىڭ ھەقىقەت تەرەپتە
تۇرۇپ سۆزلەپ قويىدىغان چاغلىرىمۇ بار ئىدى. ئادىل لېيەنجاڭ
ھويلىدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، بىراق ناسىر مو-
زاينىڭ ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇ-
رۇشقا باشلىدى:

— ناسىر، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسىكەن،
شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ئەمدى مۇشۇنداق... بولدى، بولدى
قىلايلى، قانداق تەلىپىڭ بولسا دېگىن، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم

قىلىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناسىر موزاي ناھايىتى خۇشال بولدى. دېمىسىمۇ ئادىل لېيەنجاڭنى شەرمەندە قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى، بۇ دېگەن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قولدىن كەتكەن باغنى قايتۇرۇۋېلىپ، ھەل بولماي كېلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ھەل قىلىۋالاي، كاللىسىدىن مۇشۇ خىيالنى ئۆتكۈزگەن ناسىر موزاي ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمەي تۇرۇپ:

— بوپتۇ، بۈگۈن سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلاي، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، لېكىن مېنىڭ بىر نەچچە ئىشىمنى ھەل قىلىپ بېرىسەن، — دېدى.

— قايسى ئىشىڭنى، قېنى تېز دېمەمسەن، مەن سېنىڭ ھەر قانداق ئىشىڭنى ھەل قىلىپ بېرىۋاتىمەنغۇ، — شەرمەندە بولۇشتىن، بولۇپمۇ مۇشۇ بىر سەتچىلىك بىلەن لېيەنجاڭلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ كەتكەن ئادىل لېيەنجاڭ ناسىر موزاينىڭ ھەرقانداق تەلىپىگە قوشۇلاتتى.

— ئۇنداق بولسا قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، ماڭا تولا تۈلكىلىكىڭنى قىلىپ بەرگۈچى بولما.

— بولىدۇ، بولىدۇ، قېنى گېپىڭنى دېمەمسەن.

— ئالدى بىلەن مەن تېرىۋاتقان ئەللىك مو يەرنى بوز يەر ھېسابىدا بىر تەرەپ قىلىپ بېرىسەن.

— بۇ، بۇ، بولماسمىكىن، — ئادىل لېيەنجاڭ تىلىنى چاينىدى.

— نېمىشقا بولمايدىكەن، سېنىڭ ئىنىڭنىڭمۇ ئەللىك مو يېرى بوز يەر ھېسابىدا كېتىۋاتقىنىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، تولا تىلىڭنى چاينىماي، ماۋۇ گەپلىرىمگە ھە دە، بولمىسا مەن سېنى ھازىرلا كىنو قويۇلۇۋاتقان يەرگە ئاپىرىپ خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە قىلىمەن.





— ماقۇل، ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن!

— جۇماخۇننىڭ قولىدىكى باغنى ئېلىپ بېرىسەن.

— بۇ، بۇ، ماقۇل، ماقۇل...

ناسىر موزاي يانچۇقىدىن قەغەز - قەلەم ئېلىپ، ئادىل لېيەنجاڭغا تىلخەت يازدۇرۇۋالدى. ئادىل لېيەنجاڭ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن باغنى جۇماخۇندىن ناسىر موزايغا ئېلىپ بەرگەنىدى.

جۇماخۇن بۈگۈنمۇ تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا ئالىم دۇمبا، كامىل گىرى، نىياز كاللەكلەر بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك پۇلنى قورقماي خەجلىيەلمەيتتى. بىرەر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ سورۇنىغا قېتىلىۋالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا پۇل خەجلىمەي، ئالدىغا كەلگەن ھاراقنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپ، ئاچچىق موخۇركىسىنى چەككىنىچە پارقىراپ ئولتۇراتتى. سورۇندا گەپنىڭ كۆپىرەكى كامىل گىرىنىڭ ئىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا نىياز كاللەكنىڭ چىشىغا تېگەتتى.

مانا ھازىرمۇ ئۇ نىياز كاللەكنى تېرىكتۇرۇشكە باشلىدى:

— ھەي، نىياز، سەن خەلقئارالىق خورەك تارتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشساڭ بىرىنچىلىكنى ئالىسەنغۇ دەيمەن. ئاشۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، لېيەنىمىزگە بىر شان - شەرەپ كەلتۈرۈۋېتەمسەن - يا، — ئەتراپتىكىلەر پاراقلاپ كۈلدى. دۇكىنىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغانلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشمايدىغان كەم سۆز تۇراخۇن دۇكانچىمۇ خىرىلداپ كۈلكىگە قوشۇلدى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەت نىياز كاللەك بىلەن ئادەم يوق چاغلاردا چاقچاقمۇ قىلىشىپ قوياتتى. تۇراخۇن دۇكانچىنىڭمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغان نىياز كاللەكنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى، شۇڭا ئۇمۇ كامىل گىرىغا بوش كەلمىدى. بۇ لېيەندە گېزى كەلگەندە بىر - ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلالمايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. بەزى چاغلاردا نىياز كاللەكنىڭ چاقچىقىمۇ دەل جايىغا كېلىپ قالاتتى.

— سەنغۇ لېيىنمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈپ بولدۇڭ، گىرىلىكتە دۇنيا بويىچە بىرىنچىلىكنى ئېلىپ بولۇپسەنغۇ.

دۇكاندىكىلەر پاراقلاپ كۈلدى. تۇراخۇن دۇكانچىمۇ پىخىلداپ قويدى. نىياز كاللەك تۇراخۇن دۇكانچىغا مەنمۇ چاقچاقنى كەلتۈرەمدىكەنمەن دېگەندەك قاراپ قويدى.

— ھە راست، خامانغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ، تام تۈۋىدە ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىڭدا، رەھمەتلىك ئەلنىيازكامنىڭ تۇتۇۋالغىنى راستمۇ؟ شۇ چاغدىمۇ خورىكىڭ ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولۇپتىكەن.

بۇ چاقچاقنى ئاڭلاپ نىياز كاللەك ئىتتىك جۇماخۇن گىجىڭغا قارىدى.

— بۇ گەپنى مەن دېمىگەن، رەھمەتلىك ئاكام ئۆزى لېيىنگە تارقىتىۋېتىپتىكەن، تووۋا دەيمەن، ئوغرىلىققا چۈشكەن يەردىمۇ خورەك تارتىپ ئۇخلىغان بارمۇ؟ — جۇماخۇن گىجىڭ ئۆزىنى ئاقلايمەن دەپ يەنە بىر مۇنچە كۈلكىگە سەۋەب بولدى. ئۇلار دۇكاندا ھاراق ئىچىۋاتقاندا روزىگۈل ئۆيدە قىزى گۈلشەننى ئۇخلىتىۋېتىپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتى.

مەن قارىنى نېمانداق ئۇنتۇيالمايدىغاندىمەن. جۇماخۇن مېنىڭ ھالال ئېرىم تۇرسىمۇ مەن ئۇنى ياخشى كۆرەلمىدىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەي دەپ ئۆزۈمنى شۇنچە زورلاپ باقتىم بىراق، خۇددى تاشنى تاياققا تاڭغاندەكلا ئىش بولىۋاتىدۇ. ئەيسا كاسسىر، ئادىل لېيىنجاڭ دېگەنلەر زادى مېنىڭ نېمەم، ئۇلار بىلەن نېمىشقا... روزىگۈلنىڭ خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقماي ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى كاچاتلايتتى. كىملەرنىدۇ تىللايتتى. ئادىل لېيىنجاڭنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئېرىگە گەپ قىلالماي نېمە دەپ مېنى ئۇرىدۇ. نېمە دەپ جۇماخۇن بىلەن گۈلشەننى ھاقارەتلەيدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىگە مەن گۇناھكارمۇ؟ ئۇلاردا پەقەت گۇناھ يوقمۇ، لېيىندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا يامان كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ، بەزىلەر تېخى تۈرلۈك ياپتا گەپلەر بىلەن





ئالدىمدىلا ھاقارەتلەۋاتىدۇ. شۇ چاغدا روزىگۈلنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ بېشى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئەنە ئاشۇنداق زىڭىلداپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا بېشى توختىماي ئاغرىۋەرگەچكە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمايتتى. كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ چۈش ياكى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمايتتى. گاھىدا قارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپ، خۇددى ئۇنى مازاق قىلىۋاتقاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ ۋالاقلاپ سۆزلەپ كېتەتتى.

— ھە، سېنى ئالمىغىنىممۇ ياخشى بوپتىكەن، ئەسلىي سەن ئېرىڭگە خىيانەت قىلىدىغان بۇزۇق خوتۇن بولىدىكەنسەندۇق ئەمەسمۇ، سېنى ئالمىغىنىم بەك ياخشى بوپتۇ، سېنى ئالمىغىنىم بەك ياخشى بوپتۇ. ھا، ھا، ھا! ھۇ ئېرىڭگە خىيانەت قىلغان بۇزۇق خوتۇن، ھۇ بۇزۇق خوتۇن! ھۇ بۇزۇق خوتۇن! ! !

— ۋاي بولدى، مەن ...— روزىگۈل چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ يەنە مىڭبىر جاپادا ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلايتتى. لېكىن، ئۇ ئۇخلىيالمايتتى، ئۆزىدىن ئۆزى ناھايىتى كۆپ سوئاللارنى سورايتتى؛ مەن نېمە دەپ بەختسىز بولۇپ قالدىم. مەن نېمە دەپ يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ ئاتام ـ ئانام كۆرمىگەن بۇ يەرگە كېلىپ تەنھالىق ۋە بىچارىلىكنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىمەن. جۇماخۇننىڭ قەلبىدە نېمە ئۈچۈن ماڭا نىسبەتەن مۇھەببەت يوق، مەن ئۇنىڭغا ھاقارەتلىنىش تاياق يېيىش ئۈچۈن تەگكەنمىدىم. چولپانخان مومام ۋە ئاتا ـ ئانامنىڭ ياتقا بەرسەك بوزەك قىلىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان دەپ جۇماخۇنغا بەرگىنى مېنى ياخشى كۈن كۆرسۇن دېگىنى ئەمەسمىدى؛ بىراق، مەن ياخشى كۈن كۆرۈۋاتامدىمەن. بەزى ئەرلەر زادى مېنى نېمە كۆرۈپ قالغاندۇ. مېنىڭ پاكلىقىم، غۇرۇرۇم، ۋىژدانىم، ئاياللىق پە-

زىلتتىم نېمە ئۈچۈن… مەن يار يۆلەككە مۇھتاج. جۇماخۇن نېمە ئۈچۈن ماڭا يار يۆلەك بولالمايدۇ. ئۇ نېمە دەپ باشقىلارنىڭ مېنى… مېنىڭ ۋىژدانىم، غۇرۇرۇم، پاكلىقىم پەقەت جۇماخۇنغىلا مەنسۇپ ئىدىغۇ، بىراق مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا قانچىلىك سادىق بولالىدىم. مەن ئۇنى چىن قەلبىمدىن سۆيەلىدىمۇ، نېمىشقا ئۇنى قارىنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرمەيدىغاندىمەن. مەن قارىنى نېمانداق ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغۇيتۇم. مەن ئۇنى قەلبىمدىن پەقەت چىقىرالمىدىم. ئۇ دائىم مېنىڭ چۈشۈمدە، خىيالىمدا ئۇ مەندىن نېرى بولۇپ باقمىدى. بىراق، ئۇ مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتى. ئەرلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغاندۇ. قارى مەن سىز ئۈچۈن بىر جان ئەمەس مىڭ جان دېسىڭىزمۇ بېرەر ئىدىم…

مەن باغدا قىلىشقان ۋەدىلىرىمىزنى تېخى ئۇنتۇمىدىم مەن ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمىغۇدەكمەن قارى، قارى! روزىگۈل يېقىندىن بېرى خىيالى بىلەن راست بولىۋاتقان ئىشلارنى، چۈشى بىلەن خىيالىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئىچىدە دېمەكچى بولغان گېپى دائىم تېشىغا چىقىپ كېتەتتى. تاڭ ئاتقۇچە چۈش ۋە خىيالدىن نېرى بولالمايتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا كاللىسىغا بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك توختىماي غۇڭۇلدايتتى. قارى سىز نەدە؟ سىز مېنى ئەكېتىڭ، مەن بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزنى قىلاي، قارى مەن ئاشۇ باغنى كۆندە چۈشەيمەن، سىز مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز قارى، قارى!

— روزىگۈل ئاشۇنداق دەپ ۋارقىرىغىنىچە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. بەزىدە گۈلشەن ئاپىسىنىڭ ئاشۇنداق ۋارقىراشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى ۋە ئاپىسىغا يېپىشىپ: — ئاپا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا روزىگۈل ئېسىنى يىغىپ، — قىزىم، بولدى يىغلىما،





مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، جۆيلۈپ كېتىپتىمەن، — دەپ گۈلشەننى پەس قىلاتتى.

روزىگۈل بۈگۈنمۇ باش ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان گادىرماچ چۈشلەرنى كۆرۈپ چىقتى. ئۇ چۈشىدە قارى بىلەن بىردەم شېرىن - سۆھبەتلەرنى قىلسا يەنە بىردەم ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ چىقتى، ئۇ يەنە جۆيلۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئۇ ئويغىنىپ قوپۇپ ئاللىكىملەرنىدۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزۇپ، ۋارقىراپ تىللاپ كەتتى. دېمەك ئۇنىڭ نېرۋىلىرى قالايمىقانلىشىپ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان، ئۇخلىسا جۆيلۈيدىغان، ئويغانسا ئورۇنسىز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ئاپا، ئاپا، نېمە بولدۇڭ، — روزىگۈل گۈلشەننىڭ ئۆزىنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ ۋارقىراۋاتقىنىنىمۇ سەزمەي، يەنە كىملەرنىدۇر خېلى ئۇزۇنغىچە تىللىدى…

تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدىكى ئىچىشىش داۋاملىشىۋاتاتتى. سورۇندىكى ھەممە گەپ كامىل گىرىغا قالغانىدى. ئالىم دۇمبا كامىل گىرى بىلەن بىردەم ئېيتىشىپ باققان بولسىمۇ، گەپتەڭ كېلەلمىگەچكە پەسكويىغا چۈشۈپ تاماكىنى شوراپ ئولتۇراتتى. ئۇ كامىل گىرى ھەر قانچە قىزىق گەپ قىلسىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۈلمەيتتى. باشقىلار كۈلۈۋاتقان بولغاچقا زورلاپ كۈلۈپ قوياتتى. ھازىرمۇ كامىل گىرىنىڭ پولىرىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلغان بىلەن ھاراق ماڭا قاچان كېلەركىن دېگەندەك تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى. بۈگۈن ئالىم دۇمبانىڭ يانچۇقى قۇرۇق ئىدى، شۇڭا بۈگۈنكى ھاراقنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك كامىل گىرى ئالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىل گىرى ئۆزى ساقىي بولۇۋالغاچقا ھاراقنى ناھايىتى تەستە ئايلاندۇرۇۋاتاتتى. ئۆزى لىق - لىق تولدۇرۇپ ئىچىۋېلىپ باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئالىم دۇمباغا ئاز قۇيغاچقا ئالىم دۇمبانىڭ ئۇسسۇزلۇقى پەقەت قانمايۋاتاتتى. كا-

مىل گىرى هاراقنى ھەممىدىن كۆپ ئىچىۋالغان بولغاچقا، پەيزى تۇتۇپ ئۆزىنىڭ ھېلىقىدەك پولىرىنى باشلاپ بولغانىدى:

— ئۇ چاغلاردا مەن بىر ئاپتومات ياسىغان، شۇنداق ئەپلىك، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غېرىچلا كېلەتتى. بىراق، تۆت يۈز پاي ئوق يەيتتى، ئاتساق ئوقى تۆت - بەش كىلومېتىر يەرگە باراتتى، بىر كۈنى ئەنە ئاشۇ ئاپتوماتنى ئېلىپ قاراسۇنىڭ نېرىسىدىكى ياۋا جىگدىلىككە ئوۋغا چىقىپ قالدۇق. ھازىر ئىككى مىڭ مو كېلىدىغان ياۋا جىگدىلىك، ئۇ چاغدا يۈز مىڭ مو كېلەتتىغۇ دەيمەن، ئۇ چاغدا ئاشۇ جىگدىلىكنىڭ ئىچىدە مۇشۇ دۇنيادىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. ئۇ ياۋا جىگدىلىككە ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى كىرمىسە ئادەتتىكى ئادەملەر ئاياغ باسالمايتتى، جىگدىلىكنىڭ يېنىغا بارغاندا يوغان سۆزلىگەن ئاغىنىلەر جىگدىلىككە ئاياغ باسالماي، شۇمشىيىپ تۇراتتى. ھەي، كىرىشەمسەن، كىرىشمەمسەن دېسەم، قورقۇۋاتىمىز دەيتتى، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئۇ بىرنېمىلەرنى ئاغزىمنى بۇزۇپ شۇنداق تىللىۋېتىپتىمەنكى، بىراق، ئۇ گۆيلارغا تىل - ئاھانەت تەسىر قىلىدىغاندەك قىلمايتتى. شۇڭا، ئاپتوماتىمنى ئېلىپ جىگدىلىككە ئۆزۈملا كىرىپ كەتتىم، ئەركەكچىلىكىمگە ئېلىپ ئالدىمغا قاراپ توختىماي يۈگۈرۈپتىمەن، بىر چاغدا توختا دېگەندەك قىلدى، توختىدىم، بېشىم پىررىدە پىرقىرغاندەك قىلدى، ئۆزۈمنىڭ قاياقتىن كېلىپ، قاياققا كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم، ئەتراپقا قۇلاق سالدىم، ئەتراپتىن ئادەمنى ۋەھىمىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كېلەتتى. يېقىنلا يەردىن بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغىنى، شىر - يولۋاسلارنىڭ سەت ھۆركىرىگىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قورقمىدىم دېسەم، بەلكىم گېپىمگە ئىشەنمەيسىلەر، راست گەپنى قىلسام، سەل قورقتۇم، جىگدىلىكتىن چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدۇم، بىراق ئەل - ئاغىنىلەر-





نىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول چىقىشتىن نومۇس قىلدىم، نېمە كۆرسەم كۆرەي دەپ جىگدىلىككە ئىچكىرلەپ ماڭدىم، بىر چاغدا ئالدىمدا بىر ليەن ئەسكەرنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋاز گۈپۈرلەپ ئاڭلاندى. مەن تېخى ھەربىيلەرنىڭ مەخپىي بازىسىغا كېلىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپتىمەن، بىر چاغدا ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئالامەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم، ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتقانلار كىمكەن دېمەمسەن، ئۇلار خۇددى ئەسكەرلەردەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان شىرلاركەن، ھەممىسىدىن يوغان بىر شىر ئۇلارغا كوماندا بېرىۋاتاتتى، شىرلار خۇددى ئادەملەردەك ئۆرە تۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، ھەر بىر شىرنىڭ مۈرىسىدە ناھايىتى يوغان ئاپتومات بار ئىدى. مەن چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، شىرلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم، شىرلار بىر كوماندا بىلەن مېنىڭ ئالدىمدىلا توختىدى. قاتار - قاتار تۆت رەت بولۇپ تۇرغان شىرلار ئاز دېگەندىمۇ يۈزدىن ئاشاتتى. باشلىق شىر ئۇلارغا سۆزلەشكە باشلىدى. توۋا خۇدايىم، ئاشۇ شىرلارمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىكەن جۇمۇ...

نىياز كاللەك، جۇماخۇن گىجىڭلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. كامىل گىرىنىڭ گېپىگە قەستەن كۈلمەيدىغان ئالىم دۇمبامۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى، پوكەينىڭ ئىچى تەرىپىدىكى كارىۋىتىدا مۈگدەۋاتقان تۇراخۇن دۇكانچىمۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كۈلۈپ كەتتىڭلارغۇ؟ — كامىل گىرىمۇ بىر كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن سورىدى:

— سىلەر گېپىمگە ئىشەنمىگەندەك تولا كۈلمەڭلار، مەن نەق كۆزۈم بىلەن كۆرگەن گەپنى قىلىۋاتىمەن مەن چاتقال ئارىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدىم، — كامىل گىرى ئالىم دۇمباغا كەلگەن ھاراقنى ئۆزى ئىچىۋېتىپ گېپىنى

داۋاملاشتۇردى.

— ھېلىقى باشلىق شىر مۇنداق دەۋاتاتتى:

— سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار ئادەم ئوۋلاش، ئۆزۈڭلار بىلىسى-
لەر بىزنىڭ پادىشاھقا ئادەم گۆشى دورا بولۇپ قالدى، ئەگەر
سىلەر ئۈچ كۈنگىچە مەن دېگەن ئادەمنى تۇتۇپ ئەكەلمىسەڭلار
پادىشاھىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، مەن تۇتۇپ كېلىڭلار دېگەن
ئادەم ئېسىڭلاردا باردۇ، ئۇنىڭ ئىسمى كامىل، ئۇنى ئۆز مەھەل-
لىسىدە «گىرى» دېمىسە ھېچكىم تونۇمايدىكەن، ئادەملەرغۇ ئە-
زەلدىن ساراڭ بىر خەق، شۇنداق باتۇر، نوچى ئادەمگە «گىرى»
دەپ لەقەم قويۇۋالغىنىنى قارىماسىلەر، ئەگەر كامىلنى تاپالمى-
ساڭلار، بالىسى ياكى خوتۇنىنى تۇتۇپ كەلسەڭلارمۇ پادىشاھى-
مىزغا ۋاقىتلىق دورا بولىدۇ، گېپىمنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — قاتار
تىزىلىشىپ تۇرغان شىرلار «ئاڭلىدۇق! » دەپ تەڭلا تۇۋلاشتى.
مەن چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ دەرغەزەپكە كەلدىم، قارىسام
شىرلار مەھەللە تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈلۈپ ماڭغىلى تۇردى. مەن
شۇ چاغدا قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ
قالدىم. مەن خوتۇنۇم ۋە بالىلىرىمدىن ئەنسىرەپ قالغانىدىم، شۇ
چاغدا كاللامغا چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەقىل كەلدى. مەن چاتقال-
لىقلارنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ ئەسكەرلىرىنى ئۇزىتىپ مېڭىۋاتقان
باشلىق شىرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئاپتوماتىمنى ئۇنىڭ
مېڭىسىگە تەڭلەپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھەرقايسىڭ ئىزدىمەكچى بولغان كامىل گىرى دېگەن مانا
مەن، قورالىرىڭنى تاشلىمىساڭ باشلىقىڭلارنىڭ مېڭىسىدىن تۇ-
تۇن چىقىرىۋېتىمەن، يۈگۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان شىرلار، كەينىگە
قاراپ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
باشلىق شىرمۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: — ئۇنىڭ دېگىنىدەك
قىلىڭلار، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىڭلار، — دېگىلى تۇردى. شىر-





لار ئاپتومات، پىلىموتلىرىنى تاشلاپ ئالدىمغا دۆۋىلىۋەتتى. شۇ
چاغدا باشلىق شىر ماڭا يالۋۇرغىلى تۇردى، مېنى قويۇپ بەرگەن
بولسىڭىز، سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز بولسا مانا مەن بەجا كەلتۈ-
رەي، ئۇنداق بولسا مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق، پەقەت بىرلا
تەلىپىم بار، سىلەر ماڭا بىزنىڭ لىيەندىكى ئالىم دۇمبانى دۇمبا-
لاپ بەرگەن بولساڭلار، دېدىم.

دۇكاندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بايىتىندىن بېرى تۇ-
رۇپ - تۇرۇپلا خورەك تارتىپ كەتكەن جۇماخۇن گىجىڭمۇ ئۇلار-
غا قوشۇلۇپ كۈلدى.

— يائاللا، نىياز كاللەك كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا گەپ
باشلىدى، — يامان گىرى جۇمۇسەن، بۇگۈنكى پولىرىڭدا يەنە
ئالىمنى دۇمبالىۋالدىڭدە... بۇ گەپتىن كېيىن باشقىلارمۇ كۈل-
دى، بىراق ئالىم دۇمبا تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ، ئاچچىقىنى
ئىچىگە سىغدۇرالماي ئېگىز - پەس تىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ
كامىل گىرىغا بىر نەرسە دېگۈسى بولسىمۇ، ئەپلىكرەك بىر
باھانە تاپالمايۋاتاتتى. كامىل گىرى ئالىم دۇمبانى گەپتە كەلتۈ-
رۈۋالغىنىغا خۇشال بولۇپ، پىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. نىياز كال-
لەك كامىل گىرى بىلەن ئالىم دۇمبانىڭ مىجەزىنى ئوبدان
بىلەتتى. بۇنداق چاغدا سەللا دىققەت قىلمىسا ئۇ ئىككىسىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقاتتى، شۇڭا ئۇ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزى-
گە تارتتى:

— ھەي، بالىلار مەن سىلەرگە بىر گەپنى قىلىپ بېرەي،
جۇماخۇننىڭ ئاكىسى ئەلنىيازكام ھايات ۋاقتىدا بىزنى بايا كامىل
گېپىنى قىلغان ئاشۇ جىگدىلىككە ئوۋغا ئېلىپ چىقتى. ئوۋغا
چىققانلارنىڭ ئارىسىدا مەن، جۇماخۇن، يەنە بىر نەچچە ئاغىنى-
لەر بار ئىدى. ئەلنىيازكام ئۇستا مەرگەن بولسىمۇ ئۇ كۈنى
قولىغا قورال ئالماي، بىزنى جىگدىلىككە ئوۋغا قويۇپ بەردى.

قايسىمىز كۆپ ئۇۋ ئۇۋلىساق، شۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدىغان بولدى. بىز جىگدىلىك ئىچىگە تاراپ كەتتۇق، ئەلنىيازكام جىگدىلىككە كىرمەي بىزنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. بىز جىگدىلىكنىڭ ئىچىدە ئۇۋ قوغلاپ يۈرۈپ، ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن يېنىپ چىقىپ ئۇۋلىغانلىرىمىزنى ئەلنىيازكامغا تاپشۇرۇشقا باشلىدۇق. كۆپ ئۆتمەي جۇماخۇندىن باشقا باللارنىڭ ھەممىسى يېنىپ چىقتى. باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توشقان، قىرغاۋۇللارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بىز ئېلىۋالغان نان، چايلىرىمىز بىلەن قورساقنى ئەستەرلىگەچ جۇماخۇننى كۈتتۇق، جۇماخۇنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە چىقمىدى، ئەلنىيازكام جۇماخۇندىن ئەندىسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى. ئارىلىقتىن يەنە بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن جۇماخۇن مىلتىقىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە سالپىيىپ يېنىپ چىقتى. ئەلنىيازكام ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھوي، سەن قۇرۇق قول يېنىپ چىقىپسەنغۇ؟ بىز تېخى سېنى ئېيىقتىن بىرەرنى ئېتىۋالغان بولسا، كۆتۈرۈپ ئەكېلەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ دېسەك، قۇرۇق قول يېنىپ چىققىنىڭ نېمىسى، — باشقا باللارمۇ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدۇق.

— ماڭا ھېچ نەرسە ئۇچرىمىدى، ئۇچرىمىسا نېمىنى ئاتىمەن، — جۇماخۇن خاپا بولغاندەك غودۇرىدى.

ئاچچىقى كەلگەن ئەلنىيازكاممۇ جۇماخۇننى چاقچاقتا كەلتۈردى:

— ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئۆز يۇرتىدا قىز ئۇچرىمىغان ئادەمگە، جىگدىلىكتىن ئۇۋ ئۇچرامتى، — دۇكاندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— راست، راست، بۇ رەسمىي بولغان ئىش، — جۇماخۇنمۇ شۇنداق دېگىنىچە خىرىلداپ كۈلدى.

كەچ سائەت 11 دىن ئاشقان بولسىمۇ ئولتۇرۇش ئاياغلىشـ





دىغاندەك قىلمايتتى. بايىقى چاقچاقلىرىدىن كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان كامىل گىرى يەنە بىر بوتۇلكا ھاراقنى نېسىگە ئالدى. تۇراخۇن دۇكانچى كامىل گىرىگە ئاسانلىقچە نېسىگە ھاراق بەرمىسىمۇ بەزى خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا بېرىۋېرەتتى، پۇلنى كامىل گىرىدىن ئالالمىسىمۇ ئاكىسى ئادىل لېيەنجاڭدىن بىر ئامال قىلىپ ئېلىۋالاتتى.

— يەنە نېسى ئالغان ئوخشىمامسەن، — ئالىم دۇمبا كامىل گىرىدىن ئۆچ ئالماقچى بولغاندەك شۇنداق دەپ سورىدى. كامىل گىرىنىڭ بۇنىڭغا غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— نېسى بولسىمۇ ئاپتىمەنمۇ، — كامىل گىرى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى غەزەپ بىلەن چىشلەپ ئاچقاندىن كېيىن بولدۇقشىتىپ يېرىم سىركاي ھاراقنى قۇيۇپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، مۇنداق دېدى:

— ئەتىگەننىڭياقى ئىچىۋاتقىنىڭ قارا سۇنىڭ سۈيى ئەمەس، كامىل ئاكاڭنىڭ پۇلىغا كەلگەن ھاراق ئۇ، گەپ قىلمىسا ھەر قايسىڭ بىر بوتۇلكا ئېلىشمايسەن، ئەپ بەرسە تېخى گېپىڭ يوغانغۇ، ئەمدى ھاراق ئىچكىنىڭنى كۆرۈشۈپ باقاي، — كامىل گىرى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇراخۇن دۇكانچىغا قايتۇرۇپ بەردى:

— تۇراخۇنكا، ماۋۇ ھاراق ماڭا ھېساب، ئوبدانراق بىر يەرگە قويۇپ قويىڭە، كېيىن ئىچىمەن.

— ھوي بۈگۈن بىر ھاراق ئەپ قاپتىكەنسەن ئەجەب گېپىڭ يوغىناپ كېتىپتۇغۇ، — ئالىم دۇمبا يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىدى. بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇلار بىردەم ئۇنى - بۇنى دەپ گەپ تالاشقاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

## 21

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن مەلىكە سەتەڭنى تېخى ئۇنتۇپ قالمى-
غانسىلەر، ئېسىڭلاردا بولسا ئۇ ئابلەت شوپۇرنىڭ ماشىنىسى
بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. بىز ئۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
نىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويغانىدۇق. گەرچە بۇ
يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن خېلى بۇرۇن يۈز بەرگەن ئىش بولسىمۇ
ئۇنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنىمۇ ئۆز تەرتىپى بويىچە بايان قىلىشنى
مۇۋاپىق كۆردۇق. مەلىكە شۇ كۈنى بېكەتنىڭ ئالدىدىكى بىر
مېھمانخانىدا ياتتى. ئەتىسى بېكەتنىڭ ئالدىدىكى بىر مومايىنىڭ
بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، شەھەردە
چوڭ بولغان بولغاچقا ئانچە تەمتىرەپ كەتمىدى. ئۇ ئۆيلىرىنى
ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن بىرەر
سەيپۇڭخانىدىن ئىش تېپىپ ئىشلەش مەقسىتىدە كوچا ـ بازارلار-
دىكى سەيپۇڭخانىلارنى ئارىلىدى. ئارىلىقتا ئۇ نەچچە سەيپۇڭخانىدا
ئىشلىگەن بولسىمۇ، سەيپۇڭخانا خوجايىنلىرى بىر نەچچە ئاي
ئىشلىتىپلا تۈزۈك بىر نەرسە بەرمەي تۈرلۈك سەۋەبلەرنى كۆر-
سىتىپ ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. ئۇ بۈگۈن يەنە بىر سەيپۇڭ-
خانىدىن بوشىتىلدى، شۇڭا كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆي
ئىگىسى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن بۇرۇنلا ئورۇن
سېلىپ ياتماقچى بولدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۈرۈمچىدىمۇ جان باقما-
نىڭ ئانچە ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

مەلىكە يوتقانغا كىرىپ يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى ۋە بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە
ئويلىنىپ قالدى. ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە، ناھايىتى بىچارە ھېس
قىلدى. مەلىكە خۇددى بىر ئەسىر ياشىغاندەك كۆپلىگەن قىسمەت-





لەرگە دۇچار بولدى… ئۇ ئۆركەشنى، ئۆگەي دادىسىنى، ئەلنى-
ياز ۋە جۇماخۇنلارنى ئەسكە ئالدى. ھېلىقى شەھەردىكى كادىرمۇ
كۆز ئالدىدىن ھىجاراپ ئۆتتى. ئۇ ئۆركەشنى سېغىنىش بىلەن
ئەسكە ئالدى، ئۆركەش بىلەن بولغان شېرىن دەقىقىلەر ئۇنىڭ
قەلب خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ
ئۆركەشكە قېيدىغاندەك، ئۆزىچە ناز بىلەن «ئەسكى» دەپ تىللاپ
قويدى. ئۇ جۇماخۇننى ئەسكە ئالغاندا «سەت بۇقا» نېمە قىلىۋاتـ
قانكى، دەپ غۇدۇراپ قويدى.

— ئەلنىياز گەرچە دادامدەك ئادەم بولسىمۇ يامان ئەمەس
ئادەم ئىدى، — مەلىكە ئەلنىيازنى ئەسكە ئالغان چاغدا شۇنداق
ئويلىدى. — بىراق، ئۇنىڭ قىزىدىنمۇ كىچىك تۇرسام مېنى
نېمە دەپ خوتۇنلۇققا ئالغان بولغىيتتى ھالىغا باقماي، مەلىكە
«ھالىغا باقماي» دېگەن گەپنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ
بىلەلمەي ۋىلىلدە قىزاردى. ئۇ بۇرۇن يېتىۋالغان بىلەن خېلى
ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە ئەلنىيازنىڭ
ئۆيىدىن ئېلىۋالغان تۆمۈرساندۇقچاق كەلدى. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ
خىيالىغا ئەنە ئاشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئۇ بىر ئۆمۈر يەپ
ياتسىمۇ تۈگىمەيدىغان بايلىق باردەك تۇيۇلدى. نەچچە يىللاردىن
بېرى ئۇ ساندۇقنى ئېچىپ باقمىغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردى، چامادانىنى ئېچىپ،
تۆمۈر ساندۇقچاقنى ئالدى. ساندۇقچاققا سېلىنغان كىچىك قۇ-
لۇپنىڭ ئاچقۇچى يوق ئىدى. ساندۇقچاق خېلىلا ئېغىر تۇراتتى.
ئەگەر خەقلەر دېگەندەك بۇنىڭ ئىچىدىن بىر كاللەك ئالتۇن
چىقىپ قالسا، سەيپۇڭخانىلاردا ئىشلەشنىڭ نېمە ھاجىتى، ئۇ
چاغدا سەيپۇڭخانىدىن بىرنى ئېچىپ ئۆزۈم خوجايىن بولىمەن،
مەلىكەنىڭ كۆڭلىدىن ئاشۇ گەپ غىل ـ پاللا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ
ئەمدى ساندۇقچاقنى تېزرەك ئېچىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئۇ

قۇلۇپنى تولغاپ تارتىپ باقتى، ئۆزىدىكى ئۇششاق ئاچقۇچلاردىن نەچچىنى سىلىپ باقتى، بىراق قۇلۇپ ئېچىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇنى تېخىمۇ قىزىقتۇرۇپ ساندۇقچاقنىڭ ئىچىدىن مېتالغا ئوخشاش بىر نەرسىلەر شاراقشىۋاتاتتى. ھەي بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش بولۇپ قالسا ئاخىرى ئۇ ھويلىغا چىقىپ كۆمۈر چوقۇيدىغان بولقىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكە پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق تەر بولۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ساندۇقچاقنى ئاچمىغۇچە بولدى قىلمىدى. ئۇ ساندۇقچاقنى يەرگە قويۇپ بولقا بىلەن كۈچەپ تۆت - بەشنى ئۇرغاندىن كېيىنلا قۇلۇپ شالاققىدە سۇنۇپ يەرگە چۈشتى. دېمەك، ساندۇقچاق ئېچىلغانىدى. مەلىكەنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ، نەپەسلىرى ئىتتىكلىدى، چېكە تومۇرلىرى لىپىلدىدى. پېشانە، ماڭلايلىرى مۇزدەك تەرلەپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى، ئۇ ساندۇقچاقنى دەرھال ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ساندۇقچاقنىڭ ئىچىدە زادى نېمە باردۇر، مانا بۇ مەلىكەنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. «ئەي خۇدا ساندۇقچاقنىڭ ئىچىدىن بىر كاللەك ئالتۇن چىقىپ قالسىدى، ئۇ مېنىڭ تارتقان ئازابلىرىم، چەككەن جەبىر - جاپالىرىمنىڭ مۇكاپاتى بولۇپ قالاتتى» ، مەلىكە خۇداغا نالە قىلىپ تۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولۇپ قالىدىغان بولسا ئۇ چاغدا مەن... جىددىيلەشكەن مەلىكە باشقا خىياللارنى قىلالمىدى. ئۇنىڭ ساندۇقچاقنى تۇتقان قوللىرى تىترەۋاتاتتى، ئۇ ئاخىرى ساندۇقچاقنى ئاچتى، بىراق ساندۇقچاقنىڭ ئىچىدە نەدىمۇ بىر كاللەك ئالتۇن بولسۇن، ئۇنىڭدا قايسى زاماننىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان تۈرلۈك مېداللار تۇراتتى. مېداللارنىڭ بەزىلىرى داتلىشىپ كەتكەنىدى. مەلىكە مېداللارغا سىنچىلاپ قاراپ باقتى، سىرلىرى چۈشۈپ رەڭگىنى يوقاتقان بۇ





مېداللارنى ھەرگىزمۇ ئالتۇن دېگىلى بولمايتتى، شۇڭا ئۇنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. ئەمدى ئۇ قىزىل تاۋارغا ئورالغان تۆت چاسا بىر نەرسىنى ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن ئاچتى. قىزىل تاۋار ئىچىدىكىسى قوڭۇر تېرە تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر ئىدى. مەلىكەنىڭ ئۈمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىقتى. ئۇ ئەلنىيازنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى: «ھۇ، ئۆلمەيدىغان قېرى، كارغا كەلمەيدىغان بۇ بىر نېمىلىرىنى ساقلاپ گۆرىگە ئېلىپ كىرىپ كەتمەكچىمىكىنا، خەقلەر ئالتۇنى بار، ئالتۇنى بار دېسە راستىمىكىن دەپتىمەن، بولمىسا سەندەك قېرىغا چۈشۈپ قالغان مەلىكە يوق ئىدى... ئىسىت سەندەك قېرىغا تەگكۈچە... ساندۇقچاقنى ئاچقۇچە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن مەلىكە ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ ئوڭدا ياتتى. ئارىلىقتىن يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرى ئازراق ئارامغا چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ خاتىرە دەپتەرنى ئېسىگە ئالدى. ھە راست خاتىرىدە نېمە باردۇر؟ ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ خاتىرىنى ئاچتى. خاتىرىنىڭ 1 - بېتىگە «سەدىردىنوف سەۋىردىن، 1944 - يىلى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى. ئۇ بۇ ئىسىمنى بىلەتتى. بۇ نىياز كاللەكنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. سەۋىردىن مەلىكەنىڭ تاغىسى ئىدى.

— ھە، سەۋىردىن چوڭ دادامنىڭ ئەلنىياز قېرىغا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىسى شۇكەندە، ئۇ خاتىرىنى ۋاراقلىدى. خاتىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا، سەۋىردىننىڭ ئۆزى يازغان شېئىرلىرى ۋە قايسىدۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كۆچۈرۈلگەنىدى. خاتىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ سەۋىردىننىڭ تاقلاپ يازغان كۈندىلىك خاتىرىلىرى ئىدى، مەلىكە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا كىتاب ئوقۇشقا ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ سەۋىردىننىڭ خاتىرىسىگە قىزىقىپ قالدى، ئۇ شېئىرلارنى كېيىن ئوقىماقچى بولۇپ، سەۋىردىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

— مەن بۈگۈن يەنە ئامىنە بىلەن كۆرۈشەلمىدىم، ئۇ نىمشقا مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان بولغاندۇ، مەن بۈگۈن ئۇنىڭ مەھەللىسىنى بەش قېتىم ئايلاندىم. ھەر قېتىم بارغىنىمدا ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا تىكىلگىنىمچە ئىككى سائەتتىن ئوشۇق تۇردۇم، توۋا، بۈگۈن توپتوغرا ئون سائەت ۋاقتىمنى ئۇنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىمەن.

ھازىر تەتىل ۋاقتى بولغاچقا مەنمۇ مەكتەپكە بارمايۋاتاتتىم، مەھەللىمىز ئامىنەنىڭ مەھەللىسىدىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ، ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتىمەن. بىراق، ئامىنە تالاغا چىقمايۋاتىدۇ، ھەر قېتىم دەرۋازا ئېچىلغاندا يۈرىكىم ھاياجاندىن لەرزىگە كېلىپ، خۇددى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەيدۇ، بىراق چىققىنى ئامىنە ئەمەس، دادىسى، ئاپىسى ياكى باشقىلار بولىدۇ. مەن بەزىدە ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ خۇددى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىدەك ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرىمەن، ئەنە ئاشۇ تەرىقىدە قانچىلىك يول مېڭىۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاھ ئامىنە، مەن سېنى يەنە قاچانمۇ كۆرەرمەن.

* * *

بۈگۈن مەن يەنە ئامىنەنىڭ مەھەللىسىگە باردىم، ئامىنەگە بولغان سېغىنىشىم بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، ئامىنە سەن زادى نەدە؟ ئۆيىڭدە بارمۇيوقمۇ؟ ئەگەر سەن ئۆيىڭدە بار بولغان بولساڭ ئون ئىككى كۈننىڭياغى بىرەر قېتىم بولسىمۇ تالاغا چىققان بولاتتىڭ، قارىغاندا سەن ئۆيدە يوق، يىراقتىكى تۇغقانلىرىڭنىڭ ئۆيىگە كەتكەن ئوخشىمامسەن.





* * *

ئامىنە ئۆيىدە بار ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ دادىسى ئۇنى ئۆيىدىن چىقارمايۋېتىپتۇ، مەن بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭ بىر قوشنىسىدىن ئاڭلىدىم. ئامىنەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنى قاسىم شاڭيۇغا ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ. قاسىم شاڭيۇنىڭ ئەلچىلىرىگە ئامىنەنىڭ ئاتا - ئانىسى ماقۇللۇق جاۋابىنى بېرىپ بوپتۇ. ئاڭلىشىمچە ئامىنەنىڭ دادىسى ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرسىمۇ ئۆزىنى ئاددىي پۇقرالاردىن باي ھېسابلايدىغان، ھەقىقىي باي غوجاملارغا خۇشامەت قىلىدىغان ئادەم ئىكەن.

قاسىم شاڭيۇنى ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان، ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر خوتۇن يەڭگۈشلەپ تۇرىدىغان خوتۇنپەرەس ئادەم دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ ئامىنەنى قەيەرلەردە كۆرۈپ قالغان بولغىيدى.

* * *

ئامىنەنىڭ ھېلىقى قوشنىسى ماڭا يەنە بىر مۇنچە گەپلەرنى دەپ بەردى.

ئامىنەنىڭ دادىسى بىر كۈنى قاسىم شاڭيۇلارغا خۇشامەت قىلغاندەك ئۇنى يايى، پايلاقچىلىرى بىلەن قوشۇپ چاقىرتىپ، ئالاھىدە داستىخان راسلاپ مېھمان قىپتۇ. شۇ كۈنى ھويلىدا ئۆزىنى مېھمانلاردىن قاچۇرۇپ يۈرگەن ئامىنەنى قاسىم شاڭيۇ كۆرۈپ قاپتۇ. قىز - چوكانلارغا كەلگەندە كۆزى ئۆتكۈر قاسىم شاڭيۇ، ئامىنەنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قاپتۇمىش، شۇ كۈنكى ئولتۇرۇش بولۇپ بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنلا قاسىم شاڭيۇ نەق پۇل ۋە داستىخان راسلاپ ئامىنەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، پۇل ۋە داستىخانلارنى كۆرگەن ئامىنەنىڭ دادىسى خۇشاللى-

قىدىن خۇدنى يوقىتىپ، ئەلچىلەرگە خۇشامەت بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، قاسىم شاڭيۇ ئۇلارغا قىزنى ئەمرىمگە ئالغۇچە تالا – تۈزگە چىقارمايسىلەر، مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىسۇن، مەكتەپ دېگەن قىزلارنى زەھەرلەيدىغان ناپاك ماكان دەپتۇدەكمىش.

* * *

مەن ئامىنەنىڭ ھېلىقى قوشنىسى ئارقىلىق ئامىنەگە خەت كىرگۈزدۈم، خۇداغا شۈكرى مەن ئۇنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، خەت تۆۋەندىكىدەك يېزىلغانىدى:

«سۆيۈملۈك سەۋىردىن، سالامەتمۇسىز؟ ئاڭلىسام سىز مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تېپىپسىز، دادامنىڭ مىجەزىنى مەن سىزگە بۇرۇن دەپ بەرگەن، پۇل، بايلىق دېسە جېنىنى بېرىشتىنمۇ يانمايدۇ، ئۇنىڭ مېنى ئۆزىدىنمۇ نەچچە ياش چوڭ قاسىم شاڭيۇغا بېرىشتىكى مەقسىتىمۇ يەنە ئاشۇ پۇل، بايلىق ئۈچۈن، ئۇلار ھازىر مېنى خۇددى قەپەستىكى قۇشنى باققاندەك سولاپ بېقىۋاتىدۇ، ھەتتا ھويلىغا ئوبۇرنىغا چىقساممۇ نازارەت قىلىشىدۇ، دادامنى مەن سىزگە دەپ بەرگەن، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى يامان، مىجەزى چۇس ئادەم، ئاپام گەرچە ماڭا ھېسداشلىق قىلسىمۇ، دادامنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ گېپى ئۆتمەيدۇ، ئۇلار قاسىم شاڭيۇنىڭ ئەلچىلىرىگە جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن مېنىڭ مەسلىھەتىمنىمۇ ئېلىپ قويمىدى. ئاپام، بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن چاغدا ئىككى كېچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم، دادام مېنىڭ قوشۇلمايۋاتقانلىقىمنى بىلسىمۇ پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋاتىدۇ. مېنىڭ نالەم ۋە كۆز ياشلىرىمغا پىسەنت قىلىپ قويمايۋاتىدۇ. سەۋىردىن مېنى يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئاشۇ قاسىم شاڭيۇغا ياتلىق قىلماقچى، سەۋىردىن مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، ئوغۇل بالا





بولغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلىڭ!»

سىزنىڭ قەپەستىكى قوشىڭىز ئامىنە.

* * *

مەن يېقىندىن بېرى كۈندۈزى ئۇخلىۋېلىپ، كېچىسى ئامىنەنىڭ مەھەللىسىنى ئايلىنىپ ئۇنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلىدىغان بولدۇم، مانا بۈگۈن بىلەن ئۈچ كېچىنى ئامىنەنىڭ مەھەللىسىنى ئايلىنىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتىم. لېكىن، ئامىنەنى قانداق قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم، ھەي، ئامىنە سىزنى قۇتقۇزالمىسام، مېنى قانداقمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولسۇن.

* * *

مەن بۈگۈن ئامىنەنى ئېلىپ قاچقانىدىم، بىراق قاسىم شاڭيۇنىڭ پايلاقچىلىرى كەينىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ ئامىنەنى ئېلىپ كەتتى. مەن ھەرقانچە تىركەشكەن بولساممۇ، ئۇنى ئۆز پاناھىمغا ئالالمىدىم، ئون نەچچە غالچا بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا مادارىم يەتمىگەچكە، ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاران جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالدىم، قېچىپ كەتمىگەن بولسام «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان» ئۇ غالچىلار، مېنى ئۆلتۈرۈپ قويمىغان تەقدىردىمۇ، يېرىم جان قىلىپ قويغان بولاتتى.

* * *

ھازىر گومىنداڭ باندىتلىرى يۇرتىمىزنى ئاياغ – ئاستى قىلىشقا باشلىدى. بىزگە ئوخشاش ياشلار ئەسكەرلىككە ئۆزىنى

تىزىملىتىپ، گومىنداڭغا قارشى جەڭگە قاتنىشىۋېتىپتۇ، مانا بۈگۈن مەنمۇ ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىندىم، ئەمدى مەن جەڭگاھلاردا يۈرىدىغان بولدۇم، ئامىنە خاپا بولمىغىن، مەن سېنى قۇتقۇزالمىدىم، مەن سەن بىلەن خوشلىشىشقا ئامالسىز قالدىم. هازىر ئانا يۇرتنى قۇتقۇزۇش ھەممىدىن مۇھىم.

*   *   *

مانا بۈگۈن بىز تاغ ئىچىدە دۈشمەنگە قايتۇرما زەربە بېرىۋاتقىلى توپتوغرا ئون ئىككى كۈن بولدى. دۈشمەن تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ غايىب بولىدۇ، تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتسە، تۇرۇپ چېكىنىدۇ. ئۇرۇش نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئامىنەنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم، ئۇنىڭ تەقدىرى زادى قانداق بولغاندۇ؟ ئاخىرى ئاشۇ قاسىم شاڭيۇغا خوتۇن بولۇپ كەتكەنمىدۇ، مەن بۇ ئۇرۇشقا بىكارغا قاتناشمىدىم، ئەگەر بىز مۇشۇ ئۇرۇش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلىسەك يېڭى ھاكىمىيەتنى، يېڭى ھۆكۈمەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىكەنمىز، ئۇ چاغدا قاسىم شاڭيۇدەك مۇشتۇمزورلارنىڭ گېپى گەپ بولمايدۇ.

*   *   *

مەلىكەگە خاتىرىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇش خۇشياقمىغاندەك نەچچە بەتنى ۋاراقلىۋېتىپ يوقۇشقا باشلىدى:

— يۇرتىمىزدا ئۇرۇش جەريانىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەردىن ئۈگىنىش پائالىيىتى قانات يېيىشقا باشلىدى. جەڭ مەيدانلىرىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەر ھەققىدە تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىلدى. مەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئوقۇۋېتىپ بىر





قىز ئەسكەرنىڭ قەھرىمانلىقى تونۇشتۇرۇلغان بىر ۋاراقنى ئوقۇپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، تونۇشتۇرۇلغان قىزنىڭ ئىسمى ئامىنە ئىدى. توۋا بۇ مېنىڭ ئامىنەم شۇمۇ نېمە، مەن ۋاراقنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدىم...

مەلىكە خاتىرىدىن سەۋرىدىنىنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزى ئامىنەنىڭ قاسىم شاڭيۇغا تېگىشكە ئۇنىماي ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىملاتقانلىقى ۋە جەڭدە ھەمشىرە بولۇپ، ياردار بولغان ئىككى ئەسكەرنى قۇتقۇزۇش يولىدا قۇربان بولغانلىقىنى بىلدى...

مەلىكەنىڭ خاتىرىنىڭ ئارقا تەرەپلىرىنى ئوقۇغۇسى كەلمىدى، ئۇ ئۇخلىماقچى بولۇپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتقان بولسىمۇ يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ غېمى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق كۈن كەچۈرۈشتە قالغانىدى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ پەقەت ئۇخلىيالمىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇرۇپ خاتىرىدىكى شېئىرلاردىن بىرەرنى ئوقۇپ باقماقچى بولۇپ، ئالدى بىلەن شېئىرلارنىڭ ماۋزۇسىغا كۆز يۈگۈرتتى. شېئىرلارنىڭ ئارىسىدا «ئامىنە» دېگەن بىر شېئىر تۇراتتى. مەلىكە سەۋرىدىن چوڭ دادىسى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئامىنەگە قىزىقىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ خاتىرىدىكى شېئىرلارنى تاللاپ ئوقۇپ چىقتى. شېئىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇ ئامىنە ھەققىدىكى مۇھەببەت لىرىكىلىرى ئىدى.

ئايدالا تەنھامەن يارنى سېغىنىپ،
تولۇنئاي ھۆسنىگە باقتىم مۆڭلىنىپ،
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ تۈن قۇشلىرىمۇ
قىينايدۇ بىر ھەسرەت يۈرەكنى ئېزىپ.

يېنىمدا ئاقىدۇ بىر ئەزىم دەريا،
يارىمنىڭ ۋەسلىنى ئىزدەپ ماڭغاندەك.
تولۇنئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن باغلار،
كۆرىنەر سۆيگۈدىن ئوت بوپ يانغاندەك.

تېزرەك كەل يېنىمغا گۈزەل جانانىم،
تاڭلاردىن نۇر ئېلىپ كۈلسۇن ئىقبالىم.
سەن بولغاچ مەن ئۈچۈن گۈزەل بۇ دۇنيا،
سېنىڭسىز ياشاشقا يوقتۇر مادارىم.

مەلىكە بۇ شېئىرنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئويلىدى.

— توۋا، بۇرۇنقى ئاشۇ قىزلاردىمۇ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان، ئىشقى - پىراقىدا كۆيۈپ كۈل بولىدىغان ئىشلار بار ئىكەندۇقتە، — مەلىكە ئۆزىچە شۇنداق پىچىرلىدى، — سەۋىردىن چوڭ دادامنى شۇنچە سەممىي، ئاق كۆڭۈل ئادەم دېسەم، ئەسلىدە پاتىمە چوڭ ئاپامنى بىر ئۆمۈر ئالداپتىكەن - دە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئامىنە ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى پاتىمە چوڭ ئاپامدىن يوشۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىپتىكەن - دە، قاراڭلار، بۇ قىزلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆلگۈچە ساقلاپ يۈرگىنىنى... «سېنىڭسىز ياشاشقا يوقتۇر مادارىم» دەپ كەتكىنىنى ئەر خەق دېگەنمۇ يالغان ۋەدىلەرگە بەك ئۇستا...

مەلىكە بۈگۈن سائەت توققۇزلارغىچە ئۇخلىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىپ يەنە كوچىغا چىقىپ، سەيپۇڭخانىلاردىن ئىش ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ يەنە ئون نەچچە سەيپۇڭخانىغا كىرگەن بولسىمۇ، بىرەرسىمۇ ئۇنى ئىشلىتىدىغاندەك قىلمايتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى سەيپۇڭخانىدىن يېنىپ چىققاندا، ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ۋە بىچارە ھېس قىلدى. شۇنچە قايناق، شۇنچە ئادەم كۆپ بۇ شەھەردە ئۇنىڭ بىرەر تونۇشىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ قايناق، ئاۋات، ئادەم مىغىلداپ تۇرغان كوچىدا كېتىۋاتسىمۇ ئۆزىنى ئادەمزاتسىز باياۋاندا يۈرگەندەك ھېس قىلدى. مۈڭلىنىپ ناخشا ئېيتقۇسى، ھۆكۈرەپ يىغلىغۇسى كەلدى.

مەلىكە كوچا ئارىلاپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقاتتى. مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن شەھەردە بىرەر تونۇشۇڭ ئۇچراپ قالسا، خۇددى ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئاناڭ قايتا تىرىلىپ ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ قالغاندەك، نېمە قىلارىڭنى بىلمەي مەڭدەپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مەلىكە بىر نەچچە سېكۇنتلۇق مەڭدەش ۋە تېڭىرقاشتىن كېيىن تونۇپ قالغان ئادىمىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قاسىم... ، قاسىم مۇھەممەتكا!

مەلىكە تونۇپ قالغان بۇ ئادەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇش بولغان ھېلىقى ماشىنىچى قاسىم مۇھەممەت ئىدى. قاسىم مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى قىياپىتى ئاز - تولا ئۆزگەرگەنىدى. پۈتىغا تۇمشۇقى ئۇزۇن، پاشنىسى ئېگىز قوڭۇر شىبلىت، تار ئاق ئىشتان، قىپقىزىل بوغماق چاپان كىيىۋالغانىدى. قاپقارا بويالغان چېچى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇرغاچقا، كەينىدىن قارىماققا ئۇنى زامانىۋى چوكانلارغا ئوخشىتىپ تۇراتتى. ئىككى قولىدا ئىككىدىن تۆت ئۈزۈك يالىلداپتتى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىسكەتىگە كېلىپ ئاقىرىپ قالغان بولسىمۇ، تۇغۇپ قويۇقان ئايالاردەك سۈزۈلۈپ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىگە كۈلۈپ گەپ قىلىۋاتقان مەلىكەگە تونۇمىغاندەك، سۈزۈلۈپ تۇرۇپ قىيا باقتى. مەلىكەنى باشقا بىرسىگە گەپ قىلىۋاتامدىكىن دېگەندەك،

ئىككى تەرىپىگە، ئارقىسىغا قارىدى، بىراق ئەتراپتا باشقا ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ مەلىكەگە باشقىدىن سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ مانا ئەمدى مەلىكەنى تونۇپ قالدى.

— ۋايىيەي، سەن مەلىكەمۇ؟ توۋا قىلدىم مانىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى، نېمانداق بولۇپ قالدىڭ، ھەي، سەھرانىڭ بولۇمسىز خوتۇنلىرىغىلا ئوخشاپ قاپسەنغۇ، قايسى شاماللار ئۇچۇرتىپ يۇرۇيدۇ سېنى، — قاسىم مۇھەممەت مەلىكەگە قۇچاق ئاچتى، مەلىكەمۇ مۇساپىرلىقتىن غېرىبسىنىپ قالغان بولغاچقا، خۇددى ئەڭ مېھرىبان كىشىنى ئۇچراتقاندەك قاسىم مۇھەممەتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى…

## 22

گۇلشەنمۇ بويىغا يېتىپ قالدى، ئۇ كۈندىن - كۈنگە رەڭ ئېلىپ، قىزىل گۈلدەك چىرايلىق قىز بولدى. ئۇنىڭ نىياز كاللەكلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ خېلى زامانلار بولۇپ قالدى. ئۇ نىياز كاللەكنى ئۆز دادىسىدەك، گۈلنىسانى ئۆز ئانىسىدەكلا كۆرىدىغان بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى دادىسىدىنمۇ، ئانىسىدىنمۇ ئايرىلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ساراڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن دادىسى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى سىر پېتى قالدى. (بىز بۇ تەپسىلاتلارنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالدىن تاپشۇرۇپ بولغاندۇق) كېيىن روزىگۈلنى يۇرتىدىكى تۇغقانلىرى كېلىپ ئېلىپ كەتتى. گۇلشەنىنىمۇ ئەكەتمەكچى بولغانىدى گۇلشەن ئۇنىمىدى، شۇڭا ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا چوڭ دادام دەپ قارايدىغان نىياز كاللەككە قىز بولدى. بۇ جەھەتتە ئادىل لىيەنجاڭ، ئەيسا كاسسىرلارمۇ نىياز كاللەكنىڭ گۇلشەننى بېقىۋېلىشى ئۈچۈن بەزى





شەرت - شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى…

گۇلشەن تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇمىدى، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ ئۆتەلمىدى، ئەمدى ئۇ نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىدە تۇگىمەس ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. نىياز كاللەكنىڭ گۇلشەننى بېقىۋېلىشىدا باشقا مەقسىتىمۇ بار ئىدى، نىياز كاللەكنىڭ گۇلشەندىن چوڭراق ياۋاش بىر ئوغلى بار ئىدى. نىياز كاللەك گۇلشەننى ئاشۇ ئوغلىغا چېتىپ قويماقچى ئىدى. لېكىن نىياز كاللەكنىڭ ئوغلى گۇلشەننى ئۆز سىڭلىم دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى.

گۇلشەننىڭ قاپقارا بىلەكتەك ئىككى تال چېچى كاسىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. قان تېمىپ تۇرىدىغان قىپقىزىل مەڭزى، بەرگى قىياقتەك قاشلار ئاستىدىكى كۈلۈپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرى كىشىگە خۇددى ئاللىقانداقتۇر بىر تۈگىمەس ناخشىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك جىلۋىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چىققان ھەرقانداق كونا كىيىممۇ ئەڭ يېڭى مودا كىيىمدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى.

يېقىندىن بېرى گۇلشەنگە خەت يازىدىغان، تەلەپ قويىدىغان يىگىتلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ خەتلەر گۇلشەننىڭ قولىغا ھەر خىل يوللار بىلەن تېگەتتى. خەتلەرنىڭ بەزىلىرى بىر نەچچە كۇپلېت مۇھەببەت قوشىقى ئىدى، يەنە بەزى خەتلەرگە بىر جۈپ قۇشنىڭ ياكى بىر جۈپ يۈرەكنىڭ رەسىمى سىزىلىپ ئاستىغا «مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، تېز جاۋابىنى بېرىڭ!» دەپ يېزىپ قويۇلاتتى. يەنە بەزى خەتلەر ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان قەلب ئىزھارى ئىدى. گۇلشەن بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. گۇلشەن چوڭ بولغانسېرى نىياز كاللەكمۇ ئۇنى قاتتىق باشقۇرىدىغان، ھويلىدىن چىقارمايدىغان بول-

دى. ئۇنىڭ گۈلشەننى كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

گۈلشەنگە لېيەندىكى نۇرغۇن يىگىتلەر خەت يېزىپ، تەلەپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. بەزى چاغلاردا نىياز كاللەكنىڭ ئىشىك ئالدىدا يىگىتلەر مۇشتلىشىپ قالاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىچە گۈلشەننى تالاشقانلىرى ئىدى.

بىر كۈنى نىياز كاللەكنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئوغلى قەيسەر بىلەن ئەيسا كاسسىرنىڭ ئوغلى مۇرات مۇشتلىشىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا گۈلشەن بىر ئىش بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىققانىدى.

مەست بولۇپ قالغان قەيسەر مۇراتقا بىر نەچچە مۇشت ئاتقاندىن كېيىن سەت ۋارقىراشقا باشلىدى. قەيسەر لېيەنجاڭنىڭ ئوغلى بولغاچقىمىكىن ناھايىتى ھاكاۋۇر، يوغانچى ئادەم بولغانىدى.

— ھەي لاتا، بۇنىڭدىن كېيىن ماۋۇ مەھەللىگە كەلگۈچى بولما! سەن گۈينىڭ گۈلشەننى مارىلاپ كەلگەنلىكىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن، گۈلشەن بارغۇ ئاكاڭ قارىغاينىڭكى، — ئۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى. مۇرات ئۇنىڭغا گەپ قىلماي مىختەك تىكىلدى. قەيسەر مۇراتنىڭ جىم تۇرغانلىقىنى مەندىن قورقۇۋاتىدۇ دەپ بىلىپ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى...

— سەن ئۆزۈڭچە گۈلشەننى ھازىرمۇ قىز دەۋاتامسەن، ئۇنىڭ ھازىر قورسىقىدا تۆت ئايلىق بالا بار، ئۇ بالا بارغۇ مانا مېنىڭ بالام ...— بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان گۈلشەن چىداپ تۇرالمىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قەيسەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى:

— ھەي، ماز ئاغزىڭغا بىقىپ گەپ قىل جۇمۇ، سېنى مەن نەدە كۆرۈپتىمەن، گەپ قىلماي بەرسە كەچكىچە مۇشۇ مەھەللىگە كېلىۋېلىپ، مازلاشقىنىنى ئازدەپ، يەنە نېمە ئادەمنىڭ قوۋۇر-





غىسىنى ئېگىدۇ، — گۈلشەندىن دەككىسىنى يېگەن قەيسەر گۈلشەننى ئۇرماقچى بولۇپ، ئاغزىنى بۇزغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. گۈلشەن ئىتتىك ھويلىغا كىرىپ كەتتى. قانداق قىلىشىنى بىلەلمىگەن قەيسەر بىكاردىن بىكار مۇراتقا مۇشت ئاتتى. ئەمدى مۇراتنىڭ چىداپ تۇرغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ قوللىرىنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، تۇمشۇقىغا كاللا بىلەن بىرنى سالدى. بۇ زەربىدىن قەيسەر دومىلىغىنىچە ئېرىققا دۈم چۈشتى. بۇنى ھويلىدىن كۆرۈپ تۇرغان گۈلشەن ناھايىتى خۇشال بولدى. مۇرات ئېرىق ئىچىدە دومىلاپ يۈرگەن قەيسەرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنىدى:

— بىلىپ قوي، گۈلشەننى مەن ياخشى كۆرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا چېقىلغۇچى بولساڭ، ئېغىز - بۇرنۇڭنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن.

گۈلشەن شۇ كۈنى كەچتە خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى: «توۋا، مۇرات ئەسلىي مېنى ياخشى كۆرىدىكەن - دە، ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەمدىغاندۇ، مېنىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاپامنىڭ يۇرتىغا كەتمىگەنلىكىمنى ئۇ بىلگەن بولسا بەك ياخشى بولغان بولاتتى. ئۇ قەيسەرگە گۈلشەننى مەن ياخشى كۆرىمەن دەۋاتىدۇ، ئاشۇ گېپىنى نېمە ئۈچۈن ماڭا دېمەيدىغاندۇ؟ ئۇ زادى مېنى قانداق ياخشى كۆرىدىغاندۇ؟...

گۈلشەننىڭ كۆز ئالدىدىن مۇراتنىڭ گۈلشەنگە قىلغان ياخشىلىقلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

ئەنە سىنىپتا قەيسەر گۈلشەننى بوزەك قىلىۋاتقاندا مۇرات يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى.

ئەنە گۈلشەننىڭ «ماتېماتىكا» كىتابىنى ئېلىشقا پۇلى يەتمىگەندە مۇرات تۆلىۋەتتى.

ئەنە بەزى بالىلار گۈلشەننى ساراڭنىڭ قىزى دەپ مازاق

قىلىۋاتقاندا مۇرات ئۇ بالىلارنىڭ دەككىسىنى بەردى.

ئەنە مۇرات...

گۈلشەن مۇراتنىڭ ئۆزىگە ناھايىتى كۆپ ياخشىلىق قىلغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتاتتى. مۇرات ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىپتىكەن، بىر ھېسابتا گۈلشەن مۇراتنى خۇددى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ قالغانىكەن.

گۈلشەن كەچتە ياتقاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە مۇراتنى ئويلاپ ياتتى. ئۇ مۇراتنى ئەسلىگەن چاغدا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا بىر ئىللىق سېزىمنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ، ئۇنىڭغا بىر خىل ھۇزۇر ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدىكەن - دە، نېمىدەپ بۇرۇنراق گەپ قىلمىغان بولغىيدى، توۋا، بۈگۈن بىلىۋاتىمەن، ئەسلىي مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنمەنغۇ، ياخشى كۆرۈش، مۇھەببەت دېگەنلەر مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ، توۋا، مەن ئۇنى كېچە كۈندۈز ئويلايدىغان، ئۇنى خىيالىمدىن پەقەت نېرى قىلالمايدىغان بولدۇمغۇ... گۈلشەن خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرگەن ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى بىر گۈلزارلىقتا گۈلشەن خۇددى ئاققۇ قاناتلىرىدەك ئاق توي كىيىمى بىلەن لەرزان ئۇسسۇل ئوينىماقتا. ئۇ تۇرۇپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ پىرقىرىسا، تۇرۇپلا خۇددى ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئاسمانغا ئۆرلىگىدەك، ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكى ئاققۇ قانىتىغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك، ئۇ خۇددى كۆكتە پەرۋاز قىلماقچى بولغاندەك قاناتلىرىنى كېرىپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈۋاتقۇدەك، شۇ چاغدا شاھزادىلەردەك ياسانغان مۇرات يۈگۈرۈپ كېلىپ، گۈلشەننى قولتۇقلىۋالغۇدەك، مۇرات گۈلشەنگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— سىز ھەرگىز ئۇچۇپ كەتمەڭ، ئەگەر ئۇچۇپ كېتىش





توغرا كەلسە، ئىككىمىز تەڭ ئۇچىمىز.

— ئىككىمىزنىڭ بىللە ئۇچىدىغانلىقىنى پەقەت بىلمەي يۈرۈپتىمەن، مەن سىزنى مەن بىلەن بىللە ئۇچۇشنى خالىمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئەگەر مەن سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى بىلگەن بولسام...— گۈلشەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي تاتلىق كۈلۈمسىرەپتۇدەك.

— مەن سىزنى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرسەممۇ ۋاقتى كەلمىدى دەپ ئېغىز ئاچمىغانىدىم، مانا بۈگۈن تويىمىز بولدى. بىز مەڭگۈ بىرگە بولىدىغان بولدۇق، ئەمدى بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈلشەن ئىچ - ئىچىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىپتۇدەك.

— مۇرات... مەن سىزنى مۇرات ئاكا دەيمۇ ياكى، — گۈلشەن ھاياجانلانغىنىدىن گەپ قىلالماي، يىغلىۋېتىپتۇدەك...

— مەن سىزنىڭ ئاكىڭىز ئەمەس، مەن سىزنىڭ ...— شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ تويىغا كەلگەن لېيەندىكى ھەممە ئادەم، ئۇلارنى ئەيىبلەۋاتقۇدەك، ھوي قاراڭلار ئاۋۇ ھايۋانلارنى، ئاكا - سىڭىل تۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئىچپەش تارتىشىپ تۇرغىنىنى، توۋا، قاراڭلار، ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى خوتۇنلۇققا ئالغىنىنى...

— ئۆزىنىڭ ئاكىسىغا تەگكىنىنى ئاۋۇ يۈزى قېلىنىنىڭ.

— ئۇ دېگەن سېنىڭ سىڭلىڭ!!

— ئۇ دېگەن سېنىڭ ئاكاڭ!!!

... بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بۇ ئاۋازلار گۈلشەننى ئويغىتىۋەتتى. گۈلشەننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتاتتى، پۈتۈن بەدىنى تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ماڭلاي چاچلىرى ھۆل بولۇپ پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. گۈلشەن ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە چۈشىگە قانداق تەبىر بېرىشنى بىلەلمىدى... بىراق، بۇ چۈش ئۇنىڭغا ئاللىقانداقتۇر بىر شۇملۇقتىن بېشارەت

بېرىۋاتقاندەك ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

مۇرات نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن ئاخىرى گۈلشەن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار لېيەننى يانداپ ئاقىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قارىياغاچلىقتا كۆرۈشتى، ئاسماندا تولۇن ئاي نۇر چېچىپ تۇرسىمۇ، قارىياغاچلىق يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى. قۇچاق يەتمەيدىغان بۇ قارىياغاچلار ئاي نۇرىنى توسۇپ، بۇ يەرگە بىر خىل تىنچ قاراڭغۇلۇق ئاتا قىلغانىدى. بۇ يەر لېيەندىن ئانچە يىراق بولمىغاچقا، لېيەندىكى تۈرلۈك قىيا - چىيالار، ئىسقىرتىشلار، كىمنىڭدۇر سوزۇپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى، ئىتلارنىڭ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

مۇرات ئېغىر بېسىق، سالماق ئادەم بولغانىدى، ئۇ گۈلشەن بىلەن قارىياغاچلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى. مۇرات بىلەن گۈلشەنگە بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن چىققانلىقى ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا پېتىنالمىدى.

ئۇلار قاراڭغۇدا تېخىمۇ قارىيىپ كۆرۈنىدىغان يوغان قارىياغاچنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن مۇرات ئاسماندىكى ئايغا قارىدى. تولۇن ئاي ئۇنىڭغا تېخىمۇ يوغىناپ، پەسلەپ قالغاندەك، خۇددى بېشىدىلا پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق بىر پانۇستەك كۆرۈندى.

مۇرات ئايغا قاراپ تۇرغان چاغدا گۈلشەن يەرگە قاراپ ئاستىنقى لېۋىنى چىشلىگىنىچە پۇتى بىلەن يەرنى سىزىپ ئۈنسىز تۇراتتى. گۈلشەن ئۈچۈن ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، ئېغىر بىر نەرسە ئۈستىدىن بېسىپ نەپەس ئالدۇرمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مۇراتنىڭ ئۆزىگە قانداق ئېغىز ئاچىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئادەمدەك





ئەندىكىپ كەتتى. قورقۇنچلۇق سۈكۈتنى بۇزۇپ مۇرات ئاخىرى ئېغىز ئاچتى...

— گۈلشەن، بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسەك، نىياز چوڭ دادىڭىز چوقۇم سىزنى ئىزدەپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى...— ئۇ يانچۇقىدىن تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر قەغەزنى ئېلىپ گۈلشەنگە بەردى، — مانا ماۋۇ خەتنى ئوقۇپ ماڭا جاۋاب قايتۇرارسىز، قالغان گەپلەرنى شۇ چاغدا قىلايلى، گۈلشەن مۇراتنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ خۇددى ئۈركۈپ كەتكەن كېيىكتەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى...

گۈلشەن شۇ كۈنىمۇ نىياز كاللەكتىن بىر مۇنچە تىل ئاڭلىدى. گۈلشەن ئۆزىدىن «گۇناھ» ئۆتكەچكە بىر ئېغىزمۇ قارشىلىق بىلدۈرەلمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا مۇرات بەرگەن خەت بولغاچقا، نىياز چوڭ دادىسىنىڭ نېمە دېگەنلىكى قۇلىقىغا كىرمىدى. گۈلشەن مۇرات بەرگەن خەتنى كېچىچە باغرىغا بېسىپ ياتتى. ئۇ بۇ خەتتە قانداق گەپلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى ھەرخىل تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى.

ئەتىسى گۈلشەن ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغدىمۇ خەتنى ئېچىشقا پەقەت جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ خەتنى نەچچە ئېچىپ ئوقۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ قوللىرى تىترەپ، پەقەت ماجالى يەتمىدى. گۈلشەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاخىرى غەيرەتكە كەلدى - دە، خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى.

«سۆيۈملۈك گۈلشەن:

مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، سىز دېمىسىڭىزمۇ سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا نىيازكامنىڭ سىزنى ئۆزىگە كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتى بار ئوخشايدۇ، بۇ جەھەتتە ئۇلار سىزگە بىر نەرسە دېمىگەندۇ؟ ئەگەر سىز قوشۇلسىڭىز ئاتا - ئانامغا دەپ، قائىدە بويىچە نىيازكاملار-

نىڭ ئالدىغا ئادەم كىرگۈزۈپ قويالىمىكىن، بولمىسا ئىشىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تەسكە توختايدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا سىز ماڭا تېزرەك جاۋاب بېرىڭ…»

گۈلشەن خەتنىڭ ئاخىرىنى قانداق ئوقۇپ تۈگەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. گۈلشەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى گەپلەرلا يېتەرلىك ئىدى.

گۈلشەن ئۆيدە يالغۇز قالغان چېغىدىن پايدىلىنىپ مۇراتقا جاۋاب خەت يېزىشقا باشلىدى. نەچچە قېتىم يازغان بولسىمۇ، ئۆزىگە يارىماي يەنە قايتا يازدى، يەنە يىرتىۋەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇراتقا قانداق جاۋاب بېرىش ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنى خەت يۈزىدە ئىپادىلىيەلمەي قىينالدى. ئۇ ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىرى قىسقىلا قىلىپ تۆۋەندىكىدەك جاۋاب خەت يازدى.

«ھۆرمەتلىك مۇرات…»

ئۇ سۆيۈملۈك مۇرات دېمەكچى بولسىمۇ نېمە ئۈچۈنكى ئۇنداق يازسا ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويىدىغاندەك يۈزلىرى چىمىلداپ يەنە «ھۆرمەتلىك» دەپ يېزىشنى مۇۋاپىق كۆردى. خەتنىڭ ئاخىرى تۆۋەندىكىدەك يېزىلغانىدى:

«مەنمۇ ھاياتىمنى سىز بىلەن ئۆتكۈزۈشنى خالايمەن، مەن كىچىكىمدىنلا سىزنى ئاكامدەك، ھىمايىچىمدەك كۆرەتتىم، مەن قەلبىمگە سىزدىن باشقا ھېچكىمنى پاتقۇزالمايمەن، مەن سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە قوشۇلىمەن.»

گۈلشەن بايا يىرتىۋەتكەن خەتتە «جان دەپ قوشۇلىمەن» دەپ يېزىپ بولۇپ، يىرتىۋەتكەنىدى. گۈلشەننىڭ خېتىدە يەنە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار ئىدى:

«مەن سىزگە بىر گەپنى دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، ئەگەر سىز مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىزغا دېسىڭىز نىياز چوڭ دادامالارنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈپ قويسۇن،





بولمىسا نىياز چوڭ دادامالارنىڭ مەقسىتى سىز دېگەندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل لېيەنجاڭلارمۇ ئۆيگە نەچچە قېتىم ئادەم كىرگۈزۈپ بولدى، شۇڭا ئالدى بىلەن چوڭلارنىڭ خەۋەر تاپقىنى ياخشى، ئۇلارسىز بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى مۇمكىن».

مۇرات بىلەن گۈلشەن ھېلىقى قارىياغاچلىقتا يەنە بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشتى. ئۇلار بۇ كۆرۈشۈشلەردىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەردىشەپ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ سۆيگۈ تەقدىرى ھەققىدە پىكىرلەشتى. ئاخىرى مۇرات ئاتا ـ ئانىلىرىغا دەپ نىياز كاللەكلەرنىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزىدىغان بولدى.

مۇراتنىڭ نىياز كاللەكلەرنىڭ ئۆيىگە گۈلشەن ئۈچۈن ئادەم كىرگۈزۈش ھەققىدىكى خەۋىرىنى ئاڭلىغان پاتىگۈلنىڭ جان ـ پېنى چىقىپلا كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدىلا ۋاتىلداشقا باشلىدى:

— ئەقلىگە پوق يەيدىغاننىڭ، ئادەم تېپىلمىغاندەك تاپقان يېرىنى كۆرمەمدىغان، ئەمدى ئېشىپ ـ تېشىپ دادىسى داردا ئۆلۈپ، ئانىسى قويۇندا قالغانلارنىڭ قىزىنى كېلىن قىلامدىكەنمەن، ئىسست ئاش ـ نان بېرىپ باققىنىم، ئۇ شۇم ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىغاندۇ، ئەمدى ئاشۇ خەق بىزنىڭ خىلىمىزمىكەن بىز كىم، ئۇ خەق كىم… بولدى، بولدى، يېپىق قازان، يېپىق پېتى قالسۇن، بۇ ئىشتىن مەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى ئەمەس، ئەگەر راست ئاشۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، مەنمۇ سىرتماققا ئېسىلىپ ئۆلۈپ بېرىمەن، مېنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن توينى قىلسۇن، ئەگەر كۆزۈم ئوچۇقلا بولىدىكەن، مەن ئۇ ئەقلىسىزنى ھەرگىز مەقسىتىگە يەتكۈزمەيمەن.

ئەلچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ناسىر موزاي پاتىگۈلنىڭ سەل

پەسكويغا چۈشكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ مۇنداق دېدى:

— گۈلشەنمۇ ئەدەپلىك، چىرايلىق قىز بوپتۇ، نېمىلىكىم
بولسا ئالدىمىزدا چوڭ بولغان بالا، ئاتا - ئانىسىنىڭ خوۋلىقىنى
كۆرمەي كۆڭلى سۇنۇق چوڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمى-
غاندا سىلەرگە ماس كەلمەيدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، يېتىم-
نىڭ بېشىنى سىلاپ دادىسىنىڭ ئورنىدا دادا، ئانىسىنىڭ ئورنىدا
ئانا بولۇپ قويساڭلار ...— ناسىر موزاي ئەتىگەننىڭياقى خۇددى
تىلىنى چاينىۋالغان ئادەمدەك، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۈنسىز
ئولتۇرغان ئەيسا كاسسىرغا قارىدى. ئەمدى ئەيسا كاسسىرنىڭ
كۆزلىرى كۆزى ئوچۇق كەتكەن ئۆلۈكنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق
پارقىرىغىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئاغزى كاماردەك
ئېچىلىپ قالغانىدى.

— قېنى بالىنىڭ دادىسىنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقايلى...

بۇ گەپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ئەيسا
كاسسىر خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئەندىكىپ كەتكەن-
دىن كېيىن سۆزلىدى:

— بۇ، بۇ... پەقەت بولمايدۇ، بايا پاتىگۈل تازا ئوبدان گەپ
قىلدى... ئۇ خەق بىزنىڭ خىلىمىز ئەمەس، مەنمۇ قەتئىي قو-
شۇلمايمەن، ئاتا - بالىلىقتىن كەچسەم كېچىمەنكى، مۇراتنىڭ
گۈلشەن بىلەن...

ئەيسا كاسسىرنىڭ بۇ خىل ئىپادىسى پاتىگۈلنى تولىمۇ خۇ-
شال قىلىۋەتتى. ئۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە قارشى
چىقىپ ئوغلى مۇرات تەرەپتە تۇرۇۋېلىشىدىن ناھايىتى ئەنسىر-
گەنىدى. ئەيسا ئەقىللىق چوڭ بولغان ئوغلى مۇراتنىڭ گېپىنى
ئاسانلىقچە رەت قىلمايتتى.

ناسىر موزاي قاتارلىقلار خېلى كۆپ گەپ قىلىپمۇ ئەپلەشتۇ-
رەلمىگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ تازا قاملاشمايدىغانلىقىنى بى-





لىپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەيسا كاسسىرنى يوق ئىش ئۈچۈن تىللاپ ئارام بەرمەيدىغان
پاتىگۈل بۈگۈن ئۇنىڭغا مېھىر - شەپقەتلىرىنى ياغدۇرۇپ ئەركە-
لەپ كەتتى.

— ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭىز جېنىم، دېمىسىمۇ قۇداڭ-
لار كىممۇ دېسە، بىرسى داردا ئۆلگەن، بىرسى قۇيۇندا قالغان
ساراڭ دەپ يۈرەمدۇق، ئارپىسىنى خام ئورۇپتۇ ئۇ شۇم... سىز
گەپ قىلماڭ، ئۆزۈم جاجىسىنى بېرىمەن ئۇ مېتە قۇرتنىڭ.

ئەيسا كاسسىر شۇ كۈنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدى.
خۇددى قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك، چۆچۈپ ئورنى-
دىن تۇرۇپ كېتەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ھويلىغا چىقىپ تاماكا
چېكەتتى... ئۇنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ ئۆلۈم
جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىدەك روھى چىقىپ كېتىپ
پۇت - قولىدا جان قالمىغانىدى. ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا تۆۋەندى-
كىدەك مونولوگ دەۋر قىلىۋاتاتتى...

«خۇدايىم توۋا، نېمە ئىش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھەي، بۇ
قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، بۇ قانداق ۋەھىمە، بۇ مېنىڭ قىل-
غان - ئەتكەنلىرىمنىڭ جازاسىمىدۇ؟ قاراڭلار مېنىڭ پۇشتۇم-
دىن بولغان بۇ ئىككى مۇناپىقنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ
قالغىنىنى، قانداق قىلسام بولار، يا بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئۇقتۇرغى-
لى بولمىسا، خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى پاتىگۈل «بولىدۇ،
بالىلارنىڭ مەيلى» دەپ سالمىدى. ئەگەر ئاشۇنداق بولغان بولسا
مەن قانداق قىلاتتىم. ئەمدى مەن بۇ ئىشلارنى پاتىگۈلنىڭ ئۆزىگە
قويۇپ بېرەي، قارىغاندا مەن ئانچە كۈچەپ كەتمىسەممۇ بولغۇ-
دەك، ئۇنى ئانچە - مۇنچە كۈشكۈرۈتۈپ قويسام‌لا بۇ ئىشنى ئۇ
ئۆزى جايلايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ شۇمتەكلەرنى ۋاقتىدا بىر -
بىرىدىن يىراقلاشتۇرمىساق، پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا ئادەمنى گۇ-

ناھى كەبىرگە…

ئەتىسى چاي ۋاقتىدا ئەيسا كاسىر بىلەن پاتىگۈل بۇ ئىش ھەققىدە يەنە باشقىدىن سۆزلەشتى.

— بولمىسىغۇ، شۇنداق چىرايلىقمۇ چوڭ بوپتىكەن، ئۇ ھارىمى.

— ئاپىسىنى دورىغان گەپ …— ئاپلا، ئەيسا كاسىر ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. مۇشۇ گەپتىن كېيىن پاتىگۈل ئۇنىڭ بىرمۇنچە دەككىسىنى بەردى.

— ھە، ئاپىسىنى دورىغان دەپ ئەجەب ئاغزىڭىزدىن شۆلگەيىڭىزنى ئاققۇزىسىزغۇ، كونا ئوتلار قوزغىلىپ كېتىۋاتامدۇ، ئەمىسە ماۋۇ ھارام تامىقىڭىز سىزنى دوراپتىكەن - ھە، گەپ قىلمىسام ئاران تۇرۇسىز - دە، بۇ شۇم پېشانە ھارىمنى كېلىن قىلىۋالغىلى…

— بولدى، بولدى… كونا خامانىنى سورىغانىنىڭ پايدىسى يوق، باللارنى ئۆيلەيمىز دەۋاتساق يەنە نەدىكى قۇرۇق گەپنى قىلىپ، مەنمۇ دېدىمغۇ ئۇلارنى بۈگۈنلا بىر - بىرىگە يېقىن يولىمايدىغان قىلىۋېتىشىمىز كېرەك… بۇنىڭ ئوبدانراق ئامالىنى قىلساق بولاتتى.

پاتىگۈلنىڭ جۇدۇنى يوقاپ، بىردىنلا بوشاپ قالدى. چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرۈتۈپ، ئاق قۇشقاچتەك ۋىچىرلىدى:

— ۋاي، ۋۇي، سىز بۇ ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭە، قېنى مەن قانداق جۆندەيمەنكى، ئۇچۇ، ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قەيسەرگە تازا ماس كېلىدىكەن… قاراپ تۇرسۇن ئۇ يېتىم ئوغلاقنى كىمگە تۇتۇپ بېرىمەنكى…

مۇرات ئاتا - ئانىسىنىڭ گۈلشەن بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىغا قەتئىي قوشۇلمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئازابلان-





دى. ئاتا - ئانىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، كېچىلەرنى بىدار ئۆتكۈزدى… ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ گۈلشەن بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى تاپالمىدى.

نىياز كاللەك گۈلشەننى ھويلىدىن تالاغا چىقارمايدىغان بولدى. گۈلشەن مۇراتنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۆيگە مەھەللە كويدىكى ياشقا چوڭراق كىشىلەر كىرىپ قالسا، مۇراتلار كىرگۈزگەن ئەلچىلەر بولۇپ قالسىدى دەپ خۇدۇكسىرەيدىغان بولدى.

گۈلشەن ئەنە ئاشۇنداق ھويلىدىن سىرتقا چىقالماي، بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىگە ناسىر موزاي، يۇسۇپ پالكۆز قاتارلىق بىر نەچچە ئادەم سالامنىڭ يوغىنىنى قىلىپ كىردى. گۈلشەن خۇددى ئۈركىگەن كېيىكتەك ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، نىياز كاللەك بىلەن گۈلنىسالارنىڭ بۇ ئىشتىن ئاز - تولا خەۋىرى بار بولغاچقا ئانچىمۇ ھودۇقۇپ كەتمەي، ئۇلارنى تۆرگە باشلاپ داستىخان راسلىدى.

دۇئا ۋە تىنچلىق سوراشلاردىن كېيىن ناسىر موزاي گەپ باشلىدى. يۇسۇپ پالكۆز ئۇنىڭغا ماسلاشتى.

— ئاداش، نىياز ئالدىڭغا مۇشۇنداق قول باغلاپ كېلىپ قالدۇق، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپ…

يۇسۇپ پالكۆزنىڭ ئاغزى قىچىشتى، چاقچاق قىلغۇسى كەلدى. يۇسۇپ پالكۆز بىلەن ناسىر موزاي ھەرقانداق چاغدا ئىشنى چاقچاق بىلەن جۆندەشكە ئۇستا ئىدى.

— ئەلچىگە ئۆلۈم بولمىغان بىلەن ئوبدان سەمرىگەن موزاينىڭ توققۇز تونلۇقىنى خام يەيدىغان كاللەك جۇمۇ بۇ…

— كۆزۈڭ پارقىراپ تۇرغان بىلەن يەيدىغان يېرىنى كۆرمەيدىكەنسەن. — ناسىر موزايمۇ بوش كەلمىدى. گەپ ئەنە ئاشۇنداق چاقچاق بىلەن باشلىنىپ ھەقىقىي مەقسەتكە يۆتكەلدى.

— بولدى، بولدى، كۈلكە - چاقچاق شەيتاننىڭ ئىشى، ئىمان بىلەن باشلىنىدىغان بۇنداق چوڭ ئىشلارغا چاقچاق ئارىلاشتۇرماڭلار، باشقا گەپنى قويۇپ، مەقسەتنى ئوتتۇرىغا قويايلى،

— ياش چاغلىرىدا هاراق ئىچىپ، نەشە چېكىپ، كەيىپ - ساپانىڭ ھەممىلا كوچىسىدا يورغىلاپ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندىن كېيىن كەيىپتىن قول ئۈزۈپ، كەكە ساقال قويۇپ لىيەن مەسچىتىنىڭ مەزىنى بولىۋالغان ھەسەن ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ بېلىگە تەپتى.

ناسىر موزاي ھەسەن مەزىنگە ئالىيىپ قويغاندىن كېيىن ئەسلىي مەقسەتكە ئۆتتى.

— تونۇشمايدىغان ئادەملەر بولمىغاندىكىن چاقچاق قىلىپ قويدۇق، خاپا بولۇپ يۈرمەيدىغانسەن كاللەك.

— ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق، چاقچاق دېگەن كۆڭۈل ئوزۇقى، بۇ جاھاندا چاقچاقتىن باشقا يەنە نېمە خۇشاللىقىمىز بار ئىدى بىزنىڭ.

— ئاداش، — ناسىر موزاي ئەمدى كېسىپ - كېسىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — رەھمەتلىك جۇماخۇننىڭ قىزى ھازىر سىنىڭ قىزىڭ ھېسابىدا ئۆيىڭدە تۇرۇۋاتىدۇ، قىزمۇ چىرايلىق چوڭ بوپتۇ، شۇڭا ئوشۇق - تۆشۈك رەسمىيىتىنى قويۇپ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلساق، ئادىل لىيەنجاڭ ئۇ قىزنى كېلىن قىلىۋالماقچىكەن، شۇڭا بىزنى سىنىڭ ئالدىڭدىن بىر ئۆتۈپ قويۇشقا ئەۋەتكەنىدى.

نىياز كاللەك خۇددى چايناپ يۇتۇش ناھايىتى تەس بىر لوقمىنى ئاغزىغا سېلىۋالغاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالماي، ئاغزىنى كامارىدەك ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. نىياز كاللەك ئۇلارنى ئەيسا كاسىر كىرگۈزگەن ئەلچىمىكىن دەپ ئويلىغانىدى، بىراق بۇلار ئادىل لىيەنجاڭنىڭ گېپىنى چىقىرىۋا-





تىدۇ، «ئاللا توۋا، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى. يېقىنقى چاغلاردا ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ماڭا تۈرلۈك شاپائەتلەرنى ياغدۇرۇشى سەۋەبسىز ئەمەسكەن - دە، ئەمدى قانداق قىلسام بولار، گۈلشەننى مەن بىزنىڭ ماۋۇ تۇرغۇنجانغا ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتسام» مانا مۇشۇ خىيال نىياز كاللەكنىڭ كاللىسىدىن ناھايىتى تېزلىكتە ئۆتتى.

نىياز كاللەك تېزلىك بىلەن ھوشىنى يىغىپ، مېھمانلارغا چاي قۇيغان كىشى بولۇپ، ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىش ھەققىدە يەنە ئويلىنىۋالدى:

— ئەيسا ناسىرنىڭ ئەلچىلىرى بولغان بولسىغۇ، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى، بىراق بۇ ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئەلچىلىرىدىكەن ئەمەسمۇ، ئەگەر ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى چىقسام زىياننىڭ چوڭىنى تارتىمەن، تېخى يېقىندىلا ئۇ قارىسۇ بويىدىكى يۈز مو مۇنبەت يەرنى بوز يەرنىڭ ھېسابىدا بەرگەن، ئۇندىن باشقا ھەپتە بۇرۇن يۈز تۇياق قوينى ناسىر موزاينىڭ تالاشقىنىغا قارىماي ماڭا ئېلىپ بەرگەن تۇرسا… توختا، ھازىرچە بۇلارنى بىر ئامال قىلىپ چىرايلىق قايتۇرۇپ تۇراي…

— ھەي، كاللەك، جاۋاب بەرمەمسەن، ھېلىمۇ خۇدايىم ساڭا ئالتە ئوغۇل بەرگەن بىلەن قىز بەرمەپتىكەن، ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ قىزى بولۇپ قالسا ئىش بار ئىكەن - دە، ئەجەب بىر جاۋاب بەرمەي ناز قىلىپ كەتتىڭغۇ، — ناسىر موزاي چاقچاق ئارىلاش تاپا - تەنە قىلدى.

ناسىر موزاينىڭ گېپىدىن نىياز كاللەككە بىر ئەقىل كەلدى. ئۇ خۇددى ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىردىنلا ئىلھامى كېلىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:

— بۇ يەردىكى ھەممىڭلارغا ئايان، گۈلشەن بىزنىڭ ئالدى-

مىزدا چولڭ بولغان قىز، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، يېتىمنىڭ ئىگە-
سى خۇدايىم دەپ، بىزنىڭ ئۇنىڭغا خۇدا يولىدا ئاتىدارچىلىق
قىلىپ قويغان يېرىمىزلا بار، ئەگەر ئۆزىمىز بېقىپ چولڭ قىلغان
قىز بولسىغۇ، قىزنىڭ ئۇنىغان - ئۇنىمىغىنى بىلەن كارىمىز
بولماي ئادىل ليەنجاڭدەك ئادەمگە قوش قوللاپ تۇتۇپ بەرگەن
بولاتتۇق، قانداقلا بولمىسۇن گۈلشەن ئۆزىمىزنىڭ قىزى ئە-
مەس، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلاردا ئۇ بىزنىڭ گېپىمىزنى
ئاڭلايدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئىشتا گۈلشەننىڭ ئۆزىنىڭ
پىكرىنى ئېلىپ باقمىساق بولمايدۇ. شۇڭا، مەن ئالدى بىلەن
ئادىل ليەنجاڭنىڭ بىزنى چولڭ كۆرۈپ ئالدىمىزغا چىرايلىق ئادەم
كىرگۈزگىنىگە رەھمەت، ھەشقاللارىمنى ئېيتىمەن، شۇنىڭ ئۇ-
چۇن بولسىمۇ مەن سىلەرنى ئوبدان بىر مېھمان قىلاي…
گۈلشەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېقىپ مەن چوقۇم سىلەرگە جاۋابىنى
بېرىمەن.

ھەسەن مەزىن تاماقتىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ناسىر مو-
زاي، يۈسۈپ پالكۆز، نىياز كاللەكلەرنىڭ ئۆيىدە تۇن نىسبىغىچە
ئىچىشتى، پاراڭلاشتى، چاقچاقلاشتى، ناخشا ئېيتىشتى، ئۇلار
ئەللىك ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ئۆزلىرىنى ئويۇن تاماشادىن
تارتالمايۋاتاتتى.

گۈلشەن ئۆيگە كىرگەن ئەلچىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كىرگەن-
لىكىنى بىلىپ تۇردى. ئۇ مۇراتنىڭ ئەمەس، قەيسەرنىڭ ئۆزىگە
ئەلچى كىرگۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى. ئاغزىدىن
چىقىرالمىسىمۇ، ئىچىدە قەيسەرنى مىڭنى تىللىدى. ئۇ تۇ-
رۇپ - تۇرۇپلا مۇراتنىمۇ تىللىدى. ئۇ باشقا بىر ئىش بولۇپ
قالغانمىدۇ دەپ مۇراتتىن ئەنسىرىدى، ئۇ ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن
مۇراتتىن خەۋەر ئالماقچى بولغان بولسىمۇ مۇراتنىڭ پەقەت خەۋ-
رىنى ئالالمىدى. ئادىل ليەنجاڭ ئەمدى نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىگە





قايتا - قايتا ئادەم كىرگۈزدى. نىياز كاللەكمۇ تۈرلۈك
يالغان - ياۋىداقلىرى بىلەن ئەلچىلەرنى يولغا سېلىپ تۇردى.
ئەلچىلەرنىڭ ئوڭ - تەتۈر گەپلىرىنى ئاڭلاپ زېرىككەن ئادىل
ليەنجاڭ ئاخىرى نىياز كاللەكنى ئىشخانىسىگە چاقىرتىپ ئۇنىڭ
بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى.

ئادىل ليەنجاڭ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ ئەكەلدى:

— ھە، ئاۋۇ قارىسۇ بويىدىكى يەرگە نېمە تېراي دەيسەن؟

— بۇغداي باسايمىكىن، — نىياز كاللەك قىسقىلا جاۋاب
بەردى.

— بوز يەر بولغاندىكىن يەر ھەققى ۋە باشقا ھەقلەرنىغۇ
ئالمىساقمۇ بولىدۇ، بىراق سۇ ھەققىمۇ خېلى بىر نەرسە بولۇپ
قالدىغۇ دەيمەن.

نىياز كاللەكنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. «ئۇ بۇرۇن
سۇ ھەققىنىمۇ ئالمايمىز دەۋاتاتتى. ئەمدى…» نىياز كاللەكنىڭ
خىيالى تۈگىمەي تۇرۇپ ئادىل ليەنجاڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— ھە، بوپتۇ، قارىسۇنىڭ بويىدىكى يەر بولغاندىكىن سۇ
ھەققىنىمۇ بىر نەرسە قىلىۋېتەرمىز.

نىياز كاللەك ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىك تىن-
دى، لېكىن ئادىل ليەنجاڭنىڭ سوئالى تېخى تۈگىمىگەنىدى.

— ئۇرۇقلۇقنى قانداق قىلىدىغان بولدۇڭ؟

— ليەندە ئۇرۇقلۇق بولسا ئېلىپ تۇراي دېگەن.

— ليەندە تېخى ئۇرۇقلۇق يوققۇ دەيمەن.

بۇرۇن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ھەل قىلىپ بېرد-
مەن دېگەن ليەنجاڭنىڭ ئەمدى ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغاندەك بو-
لىۋالغانلىقى نىياز كاللەككە ئادىل ليەنجاڭنىڭ ئەسلى مەقسىتى-
نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. دېمەك، ئۇ «گۈلشەن-
نى ماڭا كېلىنلىككە بەرمىسەڭ، سېنىڭمۇ كۈنۈڭ تەس» دېگەننى

بىلدۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

— ھە، سەن بىلەن قۇدىلىشىدىغان ئىشىمىز قانداق بولىۋاتىدۇ؟ ئۇچۇقىنى دېگىنە، ئاڭلاپ باقاي.

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال نىياز كاللەكنى بىردىنلا ھودۇقتۇرۇۋەتتى.

— ھە، ئەمدى... گۈلشەنقىز، ئەمدى شۇ... ئەشۇ بالىدىن تېخى...

ئادىل لېنجاڭ نىياز كاللەكنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا لېنجاڭلىق ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ سۆزلىدى.

— بىلىپ قوي، سەن ھازىر گۈلشەننىڭ دادىسى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا گەپ ئۆتكۈزگىچىلىكىڭ بار، ھەر ھالدا سېنى ئادەم ئېتىپ ئالدىڭغا ئادەم كىرگۈزۈپ قويسام، ئەجەب غىدىڭ - غىدىڭ تۈگىمەي كەتتى، ئەمدى سەن گۈلشەنگە ئوبدان گەپ قىل، ئۇنىمايدىغان نېمە ھەققى بار ئىكەن ئۇ قانجۇقنىڭ، — ئادىل لېنجاڭنىڭ دوغىلاق يۈزى ئېسىلىپ، كۆكۈچ كۆزلىرى پارقىرىدى. دىقماق قوللىرى تۈگۈلۈپ، دورداي كالپۇكلىرى تىترىدى. نىياز كاللەككە ئايانكى، بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ گۈلشەننى چوقۇم گەپكە كىرگۈزىمەن دەپ قايتا - قايتا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادىل لېنجاڭدىن كېلىۋاتقان پايدا، مەنپەئەتلەر ئۈچۈن گۈلشەننى قۇربانلىق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

چىمەن ۋىت - ۋىت بىلەن خەلچەم قونچاقلار ئېرىق بويىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ غەيۋەت خۇمارىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى.

— ھەي، چوكانلار، سىلەر بىر گەپنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — چىمەن ۋىت - ۋىت مۇشۇ گەپ بىلەن ھەممە ئايالنى ئۆزىگە قاراتتى.





— ھە، نېمە گەپ دېمەمسەن، يوغان نەرسە بىلىدىغاندەك، ئەجەب ۋىتىلدىماي جىم تۇرۇۋالدىڭغۇ ماۋۇ، — خەلچەم قونچاق چىمەن ۋىت - ۋىتنى نوقىدى. باشقا چوكانلارمۇ يېڭى گەپ ئاڭلاش ئۈچۈن ئالدىرىشىپ «تېز بولە» دېيىشىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— مۇنداق گەپ، — دېدى چىمەن ۋىت - ۋىت خۇددى يېڭى نۇتۇقىنى باشلايدىغان ناتىقتەك ھاياجان بىلەن قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇپ، — ھەممىڭلارنىڭ ئېسىدە باردۇ، بىلمەمسىلەر؟ ماۋۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ روزىگۈل ساراڭ بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى.

— ھە، ھە، راست شۇنداق بىر گەپ تارقىلىپ، بېسىقىپ قالغانىدى.

— ھە، ھازىرقى ماۋۇ پاتىنىڭ ئوغلى مۇرات بارغۇ، ئاشۇ ساراڭنىڭ قىزى گۈلشەن بىلەن يۈرۈۋاتقۇدەك، توۋا قىلدىم توۋا، — چىمەن ۋىت - ۋىت ئىتتىك ياقىسىنى چىشلىدى.

— نېمىگە توۋا دەپ كەتتىڭ ئۇنچىۋالا، گېپىڭنىڭ تايىنى يوق، ئەجەب قىلىق چىقىرىپ كەتتىڭ، — بۈگۈن خەلچەم قونچاق يەنە نارازىلىق بىلدۈردى.

— ئۇ، ئىككىسى يۈرسە نېمە بوپتۇ؟

چىمەن ۋىت - ۋىت ئەتراپقا بويۇنداپ قارىۋېتىپ ئاۋازىنى سەل پەسلىتىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي، خالايىق ئۇلار ئاكا - سىڭىلكەن دەيمەن.

چوكانلار نېمە گەپ بۇ، دېيىشىپ غۇدۇرۇشۇپ كەتتى.

— گۈلشەنمۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ قىزىكەن، ئەمدىغۇ بىلىشكەنسەن.

— ھە، نېمە دەيدىغاندۇ توۋا، توۋا، شۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدۇق، ئۆسەك گەپمىكىن دەپتىكەنمىز، ئۇلار

بىلىشمەيدىغاندۇ، ھەقىچان، ئامال بولسا مۇراتقا بۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ قويساق بولغۇدەك، ھەي، چوكانلار بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويايلى، ساۋاب بولىدىغان ئىش جۇمۇ - بۇ.

راست دېگەندەك، بۇ چوكانلار قانداق ۋاستە ئىشلەتتىكىن، بۇ ئەھۋالدىن مۇرات بىلەن گۈلشەن خەۋەر تاپتى. ئۇلار باشتا بۇ گەپكە تازا ئىشەنمىدى، كېيىن بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇيۇق يولغا مېڭىپ قېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغاندەك بولدى. بۇ رەھىمسىز رېئاللىققا ئىشىنىشكە مەجبۇر بولغان مۇرات خۇددى تىلى كېسىۋېتىلگەن ئادەمدەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغان بولىۋالدى...

گۈلشەن ئۆيدىن چىقماي ئۇنسىز ياش تۆكتى. ئەمدى ئۇ قايتا - قايتا كىرىۋاتقان ئەلچىلەرگە باشقا گەپ تاپالماي قەيسەر بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولدى. گۈلشەننىڭ غايە - ئىستەكلىرى، سۆيگۈ ئارمانلىرى يوققا چىققانىدى. ئۇنىڭغا ئۆلۈم بىلەن ياشاشنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقتەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەمدى بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق تەقدىر - قىسمەتكە يۈزلىنىشكە تەييارلىنىپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ ئۆز - ئۆزىنى جازالىماقچى بولدى. قەيسەر بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى دەسلەپكى قەدەمدە جازالىماقچى بولغانلىقى ئىدى.

## 23

مەن يەنە بۆرە سىياقىدا پاراكەندە شەھەردە كېتىۋاتقۇدەكمەن. شەھەر كوچىلىرىدا تىقما - تىقماق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ماڭا قاراپمۇ قويمايۋاتقۇدەك، شۇ چاغدا ماڭا غايىبتىن مۇنداق بىر سادا كەپتۇدەك:

— ئۇلار سېنىڭ سىياقىڭنى كۆرەلمەيدۇ، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ كۆزى غاپىللىق تۇمانلىرى بىلەن خىرەلەشكەن، ئۇلارنىڭ كۆزىگە پۇل، ھوقۇق، مەنپەئەتتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا، سەن بۇ شەھەردە ئەركىن يۈرسەڭمۇ، ئۇلار ساڭا دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ، مەن بۇ غايىب سادانى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ كەتتىم، چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ بۆرە سىياقىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئەگەر بۇ شەھەردە مەن بۆرە سىياقىدا يۈرسەم، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قاتراپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر مېنى ئۆلتۈرۈپ ئوشۇقۇمنى تۇمار، تېرەمنى تۇماق قىلىشتىن يانمايدۇ.

مەن شەھەر كوچىلىرىدا قاتراپ يۈرگەن بۇ ئادەملەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالدىم.

— بۇ قايسى شەھەر بولغىيدى، مەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كېلىپ قالغاندىمەن مەن نېمەمنى يىتتۈرۈپ قويغاندىمەن. مەن يەنە نېمىدەپ بۆرە بولۇپ قالدىم؟ مەن كوچىنىڭ ئادەم شالاڭراق بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇۋېلىپ خېلى ئۇزۇن ئويلانغان بولساممۇ ئۆزۈمنىڭ سوئالىغا جاۋاب تاپالمىدىم.

مەن زادى كىم؟ توغرا، مەن زادى كىممۇ؟ مەن ئادەممۇ بۆرىمۇ؟ مەن خېلى كۆپ ئويلاپمۇ ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدىم، مەن خۇددى ئۆزۈمنى ئىزدەۋاتقاندەك، شەھەر كوچىلىرىدا يورغىلاپ يۈردۈم، گەرچە مەقسەتسىز يۈگۈرۈپ يۈرۈۋاتقان بولساممۇ، كاللامنىڭ ئاللىقانداقتۇر بىر يەرلىرىدە مەلۇم بىر مەقسەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن بۇ شەھەرنى تاشلاپ، شەھەر سىرتىدىكى ئورمانلىققا كىرىپ كەتمەكچى بولغان بولساممۇ، نېمىشقىكىن مېنىڭ بۇ شەھەردە قىلمىسام بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىشىم باردەك شەھەردىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. مەن بۇ شەھەردىن ئۆزۈمگە كېرەكلىك بىر نەرسىنى تېپىۋالىدىغاندەك قىلاتتىم. شۇڭا مەن بۇ شەھەر كوچىلىرىدا سوكۇلداپ يۈرۈۋەردىم.

مەن سوكۇلداپ يۈرۈپ چارچىدىم، تۇيۇقسىزلا قاتتىق ھۇۋ-
لىغۇم، ئىچىمگە پاتمايۋاتقان قانداقتۇر بىر ھەسرەتنى تۆكۈپ
توختىماي يىغلىغۇم كەلدى. مەن بۇ شەھەردىكى ئادەملەرگە قا-
راپ ھەيران قالدىم، ھەسرەتلەندىم. بۇ شەھەردىكى ئادەملەرنىڭ
چىراي ئىپادىلىرى ھەر خىل بولۇپ، خۇددى جەسەتنىڭ چىرايى-
دەك سوغۇق ۋە سۇرلۇك ئىدى. ئۇلارنىڭ قاياققا، نېمە ئۈچۈن
كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچە
ئالدىراش بولۇپ، بىر - بىرىگە سالام قىلمايتتى بىر - بىرىگە
ئۇدۇل كېلىپ قالسا مۆرىلىرى بىلەن ئۈرۈشتۈرۈپ ئۆتۈپ كې-
تەتتى. توۋا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە گەپ قىلغانلىقىنىمۇ ئاڭلى-
مىدىم، مەن ئۆزۈم ھەققىدىمۇ ئويلىنىپ قالدىم. مەن بۇ يەرگە
نېمىدەپ كەلگەندىمەن، بۇ قايسى شەھەر بولغىيدى. مەن خېلى
كۆپ ئويلانغاندىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەل-
گەنلىكىمنى بىلدىم. مەن بۇ يەرگە چىن تۆمۈرنى ئىزدەپ كەپتى-
مەن. ئۇنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلا خىلمۇخىل ئازاب - ئوقۇبەت-
لەرگە چىديالماي ئاھ ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش
مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئازاب دېڭىزىدا زارلىنىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارىم بولماي يۈرۈشكە يۈرىكىم چىدى-
مىدى. مەختۇمسۇلانى ئاكىسى چىن تۆمۈر قۇتقۇزالايتتى. ئۇ-
نىڭدا شۇنداق غەيرەت، جۈرئەت، جاسارەت، قۇدرەت ۋە باتۇرلۇق
بار ئىدى. بىراق، چىن تۆمۈر ئۆزىدە ئەنە شۇنداق خىسلەتلەرنى
يىتتۈرۈپ قويغاندەك بىردەم پەرىشتىلەر شەھىرىدە ھۇزۇر -
ھالاۋەت سۈرسە، بىردەم ھۇزۇر شەھىرىدە كەيىپ - ساپادىن
كۆلۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. ھە ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، مەن تېخى ئۇنى
يېقىندا ھۇزۇر شەھىرىگە ئىزدەپ بارغانىدىم. ئۇنىڭ پەرىشتىلەر
شەھىرىدىن قوغلىنىپ ھۇزۇر شەھىرىگە قانداق كېلىۋالغانلىقىنى
بىلەلمىدىم.





مەن چىن تۆمۈرنى ھۇزۇر شەھىرىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز
ئىزدەپ ئاخىرى ئۇنى سىرلىق كەيىپخانىدىن تاپقانىدىم. ئۇ،
سۇس ئاق تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ كەيىپخانىدا ئەتراپى
يۈلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان چىراغلار بىلەن بېزەلگەن ماماۋق تۆ-
شەكتە يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ بايىلا ئاللىقانداقتۇر
بىر چېكىملىكنى چېكىپ كەيىپلەنگەن بولغاچقا ئۆزىنى خۇددى
كۆكتە، ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا
ئىدى. بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىككى قىز (ئۇلارنىڭ قىز ياكى
جەننەتتىن چۈشكەن ھۆر - پەرىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بول-
مايتتى) ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇمشاق ئۇۋۇلاپ، تاتلىق سىلايت-
تى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى نەپىس، تولىمۇ نازاكەتلىك
بولۇپ، ئۇلار ئۆز ماھارەتلىرى ئارقىلىق چىن تۆمۈرنىڭ ۋۇجۇ-
دىغا چەكسىز بىر شېرىنلىكنى ماڭدۇرۇۋاتاتتى. بۇ شېرىن لەز-
زەتلەردىن تېنى يايراپ كېتىۋاتقان چىن تۆمۈر ئۆزىمۇ بىلمىگەن
ھالدا ۋاي - ۋايلاپ، خۇددى خۇلۇقلۇق خوتۇندەك يايرىغىنىچە
قاقشاپ كېتىۋاتاتتى:

— ۋاي، ۋاي، ياشاپ كېتىڭلار تاتلىق سىڭىللىرىم،
جەننەتنىڭ ھۆر پەرىلىرى دېگەن دەل سىلەر ئوخشىمامسىلەر،
مەن تۇرۇۋاتقان بۇ يەر جەننەت ئەمەستۇ.

قىزلارنىڭ بىرسى ۋىلىقلاپ نازلىنىپ كۈلدى:

— ھەي، سىز تېخى ئۆلمىگەنسىز، جەننەت دېگەنگە ئۆلگەن-
دىن كېيىن بارىسىز، بۇ يەر دېگەن ھۇزۇر شەھىرى، سىز بۇ
يەردە مانا مۇشۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرنى كۆرۈسىز، — قىزلار
ئەمدى ئۇۋۇلاپ سىلاشلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى
تالىشىپ تۇرۇپ سۆيۈپ، يالاشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ كۆزىگە
كۆرۈنمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرساممۇ، بۇ ئالامەتلەرگە قاراپ
تۇرۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە قارىۋالدىم، ھۇزۇر - ھالا-

ۋەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي خوتۇن كىشىدەك ئىڭراۋاتقان چىن تۆمۈرگە يەنە قاراشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ قىزلارنىڭ سۆيۈش، يالاشلىرىدىن مەست بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ خوتۇن كىشىنىڭكىدەك تولغىنىۋاتقان ئاشۇ ۋۇجۇدىدا ۋىجدان، باتۇرلۇق، ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس جاسارەت دېگەنلەر پۈتۈنلەي غايىب بولغانمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ تېتىقسىزلىقلىرىغا چىداپ تۇرالماي غەزەپلەنگەنلىكىمدىن ئاۋازىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتىم:

— چىن تۆمۈر! ھەي، چىن تۆمۈر باتۇر!!!

مەن ئاشۇ ۋارقىراش بىلەن تەڭ يىگىتلىك ھالىتىمگە كېلىپ قالدىم. مېنى كۆرگەن چىن تۆمۈر نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئالدىراپ - تېنەپ بىر ماموق ياپقۇ بىلەن بەدىنىنى يېپىۋالدى. ھېلىقى ئىككى قىز ۋارقىراپ، چۇرقىراشقىنىچە تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

چىن تۆمۈر مېنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ھالدا ئاچچىقىدىن تىترىكىپ ۋاتىلداپ كەتتى.

— ھە، يەنە سەنمۇ، سەن نېمىشقا مېنى ئارامىمغا قويمايسەن؟ نېمە دەپ دائىم مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالىسەن؟ سەن مېنىڭ پەرىشتىلەر شەھىرىدە كۆرۈۋاتقان راھەت - پاراغىتىمنىمۇ يوق قىلدىڭ، ئەمدى بۇ يەردە بىر ئوبدان ھوزۇر سۈرۈۋاتسام يەنە نېمە دەپ مېنىڭ كەينىمدە يۈرۈيسەن.

مەنمۇ ئىچ - ئىچىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان غەزەپلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن سۆزلىدىم:

— سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، مەن چىن تۆمۈر، چىن تۆمۈر باتۇر.

— سەن ئۆزۈڭنىڭ ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭنى، ئەسلى نېمە ئىش قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىڭنى





بىلىدىغانسەن.

— مەن نېمە قىپتىمەن؟ مەن راھەت - پاراغەت كۆرۈۋاتىمەن، راھەت - پاراغەت كۆرۈشمۇ گۇناھمۇ؟

— بىراق، سەن ئۆز سىڭلىڭ مەختۇمسۇلانىڭ قانداق ئازابلارغا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن، سىڭلىڭ ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتسا سېنىڭ راھەت - پاراغەت كۆرۈشۈڭ، سېنىڭ «چىن تۆمۈر» دېگەن ئىسمىڭگە ماس كېلەمدۇ؟

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟ ئۇمۇ ئوبدانراق بىر يىگىتكە تېگىپ، ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئالسا بولىدىغۇ، مەن ئۇنىڭغا قاچانغىچە ئىگىدارچىلىق قىلغۇدەكمەن. مەن قاچانغىچە ئاشۇ بەدبەشىرە يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ كۈن ئۆتكۈزگۈدەكمەن، ئۇ ئۆزىدىن كۆرسۇن، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ كۈلىنى كۆچۈرىدۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مۈشۈكنى «پەش» دەپ، توخۇنى «تاق» دەيدۇ. سەن زادى كىممۇ؟ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا كۆڭۈل بولىدىغان ئادەم، ئۇنى ئۆز ئەمرىڭگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەڭلا بولمامدۇ؟

مەن شۇ چاغدا بىرلا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭغا بۆرە سىياقىمنى كۆرسىتىپ قويغاندىن كېيىن يەنە يىگىتلىك ھالىتىمگە ياندىم...

چىن تۆمۈر مېنىڭ بۆرە سىياقىمنى كۆرۈپ، نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالدىمغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قارىغاندا سېنى مەختۇمسۇلا ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، مېنى مەختۇمسۇلا ئەۋەتمىدى، مەن سېنى ئۆزۈم ئىزدەپ كەلدىم، مەختۇمسۇلانىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتلەر، سەن يەر يۈزىدىن ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىۋېتەلمىگەن ئاشۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇز ۋە ئۇنىڭ پۇشتىلىرىدىن كېلىۋاتىدۇ. گەرچە مەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يوقىتىشنى نىيەت قىلغان بولسامۇ، سەنسىز ئۇنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئەگەر سەن

بولغان بولساڭ، ئۇنى چوقۇم يوقىتالايتتىڭ، سەن باتۇرلۇقىڭنى، ۋىجدانىڭنى يوقاتمىساڭ بولاتتى. سەنچە سىڭلىڭنىڭ مۇشۈكنى «پەش»، توخۇنى «تاق» دېگۈدەك ھوقۇقىمۇ يوقمۇ؟

مېنىڭ گەپلىرىم چىن تۆمۈرگە ئاز - تولا تەسىر قىلدىمىكىن، مەندىن مەختۇمسۇلانىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. جاۋاب ئورنىدا يېنىمدىكى خاتىرە ئەينەكنى ئۇنىڭغا بەردىم.

— بۇ قانداق ئەينەك؟ — دېدى، چىن تۆمۈر قولىغا ئالغان ئەينەككە ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراپ:

— ئۇ خاتىرە ئەينەك، ئۇنىڭغا مەختۇمسۇلانىڭ كەچۈرمىشلىرى خاتىرىلەنگەن.

ئەمدى چىن تۆمۈر ئەينەككە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ ئەينەكتىن ئۆز سىڭلىسىنى، سىڭلىسىنىڭ ئازابلىق نالىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

بوران ھۇۋلاۋاتقان باياۋاندا كىيىملىرى يىرتىلىپ پارە - پارە بولغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، يالاڭئاياغ مەختۇمسۇلا نالە قىلغىنىچە بىر يىقىلىپ، بىر ئۆرە بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ زار - زار يىغلىغىنىچە ئاكىسىنى چاقىرىۋاتاتتى.

— ئاكا، چىن تۆمۈر ئاكا! ! ! سەن نەدە؟ ! تېز قايتىپ كەل جېنىم ئاكا! — شۇ چاغدا مەختۇمسۇلا نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدى.

چىن تۆمۈر ئەينەككە قارىغىنىچە ۋارقىراپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇكام، ئورنىڭدىن تۇر، مانا مەن ماۋۇ يەردە، — شۇ چاغدا چىن تۆمۈرنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋىجدانى ۋە باتۇرلۇقى قايتىپ كەلگەندەك بولدى. ئۇنىڭ جىسمىدا چىن تۆمۈرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئاز - تولا بولسىمۇ نامايان بولدى. چىن تۆمۈر ئەينەككە قارىغىنىچە يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.





ئۇ ئەمدى خاتىرە ئەينەكتىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆردى:

مەختۇمسۇلا ئانىدىن تۇغما ھالدا ئۆينىڭ تۈرۈسىغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئادەمدىن بولغان ئوغلى، ئاجايىپ چوڭ بىر ئوكۇلسىمان نەرسىنى مەختۇمسۇلانىڭ بەدىنىگە تىقىپ، ئۇنىڭ قېنىنى شۈمۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر قەدەھكە قۇيۇپ، غاز بويۇن خۇمرىدىكى ئىسسىق بىر ھاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ھۇزۇر بىلەن ئىچىۋاتاتتى. بۇ چاغدىكى مەختۇمسۇلانىڭ نالىسىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن چىن تۆمۈر ھۆركىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئازاب بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.

— ھۇ، خۇنخور بەتبەخ، سىڭلىمدا سېنىڭ ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟ يالماۋۇز ئاناڭمۇ سىڭلىمنىڭ قېنىدىن ھۇزۇر ئېلىپ ياشاپ كەلگەنىدى، ئەمدى سەنمۇ… قېنى مېنىڭ مىسران قىلىچىم، قېنى مېنىڭ مىسران قىلىچىم…— ئۇ شۇنداق ۋارقىراۋاتقاندا ھېلىقى ناز - كەرەشمىلىكلەر يەنە كىردى. ئۇلار يوغان بىر غاڭزىغا ئاللىقانداقتۇر بىر چېكىملىكنى باسقاندىن كېيىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ، چىن تۆمۈرنىڭ ئېغىز - بۇرنىغا تەڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىراۋاتقان چىن تۆمۈر بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ، غاڭزىنى ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى خاتىرە ئەينەك يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئېلىۋالدىم. چىن تۆمۈرنىڭ شىردەك بەستلىك گەۋدىسى خۇددى يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ لاتىدەك بولۇپ قالدى. ئۇ غاڭزىنى نەچچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن، سىڭلىسىنى ئەمەس ھەتتا ئالدىدا چەكچىيىپ تۇرغان مېنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

مەن شۇ چاغدا ئۆزۈمنى يەنە بىر تاغ جىراسى ئىچىدە بۆرە سىياقىدا كۆرگەنىدىم، مەن تۈنۈگۈن ئۇنى ئەنە ئاشۇ ھۇزۇر

شەھىرىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم. قارىغاندا ئۇ ئۇ يەردىنمۇ سۈرگۈن قىلىنغاندەك قىلاتتى.

مەن ئۆزۈم قاتراپ يۈرگەن بۇ شەھەرنىڭ قانداق شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئادەملەر يىغىلىۋالغان چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ قالدىم. مەيدانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر سەينانىڭ يېنىدىكى موملارغا تۈرلۈك تۇغلار ئېسىلغان بولۇپ، تۇغلارغا تۈرلۈك نۇسخىدىكى خەتلەر يېزىپ قويۇلغانىدى. مەن لەپىلدەپ تۇرغان تۇغلاردىكى خەتلەرنى ئاران ئوقۇيالىدىم، تۇغدىكى خەتلەر مەنسەپ شەھىرى دېگەن خەت ئىكەن. شۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈم تۇرۇۋاتقان بۇ شەھەرنىڭ «مەنسەپ شەھىرى» ئىكەنلىكىنى بىلدىم. چىرايلىرىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق جەسەت چىراي بۇ ئادەملەر ھېلىقى سەھنىگە چىقىۋېلىپ سۆزلەۋاتقان سۈرلۈك، ساقاللىق ئادەمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا بومبا ساقالنىڭ گېپى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىردى.

— ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بىزنىڭ بۇ مەنسەپ شەھىرىمىزدە كىمنىڭ مەنسىپى بولسا شۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت كۆرىدۇ. كىمنىڭ تىرناقچىلىك مەنسىپى بولسا شۇنىڭ ئىشلىرى ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ قېتىم بىز شەھىرىمىزدىكى ئەڭ نوچى مەنسەپتىن بىر نەچچىنى بازارغا سالدۇق، بۇ مەنسەپكە ئېرىشىۋالغانلار ئۆمۈر بويى راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆتىدۇ، بىراق بۇ مەنسەپكە ئېرىشىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. بۈگۈن بازارغا سالىدىغان ئەڭ ئالىي مەنسەپ «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» نىڭ ئەمىرلىكى. بۇ قەسىرگە ئەمىر بولۇشنى خالايدىغانلار مانا مۇشۇ خالايىقنىڭ ئالدىدا نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىشى كېرەك. بۇ جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش، شۇڭا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دېيەلەيدىغانلار مەيدانغا چۈشسە بولىدۇ.





مەيدانغا يىغىلىۋالغان ھەممىلا ئادەمنىڭ «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» گە ئەمىر بولغۇسى بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەيدان قانلىق ئېلىشىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە بىرەرسىمۇ مەيدانغا چۈشەلمىدى. بۇ يەردىكىلەر مەيدانغا كىم چۈشىدىكىن دەپ تۇرغان چاغدا، مەيدانغا كېلىشكەن قامەتلىك بىر يىگىت چۈشتى. ئۇ مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن سەھنىدە ئولتۇرغانلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مېنىڭ ئىسمىم ھەسەن، مەن ئۆزۈمنى «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» نىڭ ئەمىرلىكىگە ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن، شەھەر باشلىقلىرىنىڭ ماڭا قويىدىغان تەلەپ ۋە شەرتلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى جان پىدالىق بىلەن ئورۇندايمەن.

كۆپچىلىك بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، تەۋرەنگىنىچە گوڭۇلدىشىپ كەتتى.

شۇ چاغدا ھېلىقى بومبا ساقال خالايىقنى تىنچلىنىشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر مەيدانغا سىلەر كۆرۈۋاتقان ھەسەن ئىسىملىك يىگىت چۈشۈپ بولدى. ئەگەر ھەسەنگە ئوخشاش «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» نىڭ ئەمىرى بولۇشنى خالايدىغانلار بولسا مەيدانغا چۈشسۇن، ئەگەر بەش مىنۇتقىچە بىرمۇ ئادەم مەيدانغا چۈشمىسە، بىز ھەسەننى «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» نىڭ ئەمىرى دەپ ئېلان قىلىمىز. شۇ چاغدا كۆپچىلىك يەنە بىر قېتىم تەۋرىدى. يەنە بىر قېتىم غۇدۇرىدى. ئارىلىقتىن ۋاقىت توشاي دېگەندە كىشىلەر ھەسەننى ئەمىر بولۇپ بولدى، دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرىنى ھەسەنگە بولغان تەنتەنە دېگەندىن كۆرە ھەسەت ۋە كۆرەلمەسلىكتىن ئىڭراۋاتىدۇ دېگەن تۈزۈك ئىدى. سەھنىدىكىلەرمۇ ھەسەننىڭ «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» گە ئەمىر بولغانلىقىنى جاكارلاشقا تەييارلاندى، بىراق شۇ چاغدا

ھەسەنگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يەنە بىر يىگىت مەيدانغا چۈشتى.

كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن يەنە قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن - سادالار كۆتۈرۈلۈپ، كۆپ ئۆتمەي بېسىقىپ قالدى. ھېلىقى يىگىت سەھنىدىكىلەرگە سالام قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مېنىڭ ئىسمىم ھۈسەن، مەنمۇ «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى»نىڭ ئەمىرى بولماقچى.

كۆپچىلىك بىر - بىرىگە ئوپمۇئوخشاش بۇ ئىككى يىگىتكە قاراپ ھەيران قېلىشتى. يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان بومبا ساقالمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ ھەسەن، قايسىسىنىڭ ھۈسەن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. شۇڭا، بومبا ساقال خۇددى قىزىقچى سېھىرگەردەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتكەندىن كېيىن ئۇلاردىن سورىدى:

— ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا نېمانچە ئوخشايسىلەر؟

— ئۇ مېنىڭ ئىنىم، بىز قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار.

— ئۇنداق بولسا ئىككىڭلار ئۆز ئارا چىقىشىۋالساڭلارمۇ بولىدىكەن، ئەگەر بىر مىنۇتقىچە پىكىردە بىرلىككە كېلىپ بولالمىساڭلار، سىلەرمۇ قانلىق ئېلىشىشتىن قۇتۇلالمايسىلەر.

— ياق، بىز بىر - بىرىمىزگە ئۆتۈنۈپ بېرەلمەيمىز، گەپنى ئاز قىلىپ بىزگە قىلىچ بېرىڭ! — بۇ ھۈسەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

— سەن كىچىك بولغاندىكىن، ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرسەڭ بولمامدۇ، — ھەسەن ھۈسەنگە يېلىنغاندەك قاراپ قويدى.

— نېمە؟ كىم سەندىن كىچىككەن، مەن سەن بىلەن بىر كۈندە بىر قورساقتىن تۇغۇلغان تۇرۇپ سەندىن قانداق كىچىك بولىمەن. سەن مەندىن بىرنەچچە سېكۇنت بۇرۇن تۇغۇلغانلىقىڭ





ئۈچۈن مەندىن چوڭ ھېسابلىنامسەن؟

— ئۇكام، بۇ ئىش ئۈچۈن بىر - بىرىمىزگە تىغ تەڭلەپ يۈرمەيلى، خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا سەت بولىدۇ، — ھەسەن يەنە يالۋۇردى. سورۇندىكىلەر قىزىق بىر تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قېتىشىپ قالغانىدى.

شۇ چاغدا بومبا ساقال ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى جاكارلاپ، ئۇلارنىڭ قولىغا بىردىن قىلىچنى تۇتقۇزدى.

— قېنى ئەمىسە قىلىچۋازلىقتا قايسىڭلار يەڭسەڭلار شۇ «ئالتۇن تەڭگە قەسىرى»گە ئەمىر بولىدۇ. — بومبا ساقالنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن كېيىن ھەسەن - ھۈسەن خۇددى خىرىس قىلىۋاتقان ئىككى يولۋاستەك بىر - بىرىگە ئېتىلدى. كىشىلەر ئارىسىدىن قىيا - چىيالار ۋە ھۇررا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ھەسەن - ھۈسەن ئاكا - ئۇكىلار قىلىچۋازلىقنى بىر ئۇستازدىن ئۆگەنگەچكە، گۇمپا جەھەتتە بىر - بىرىگە تەڭ كېلەلمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ئېلىشتى. سەھنىدىكىلەر ۋە مەيداندىكىلەر تۇرلۇك قىيا - چىيالىرى بىلەن ئۇلارغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئېلىشىشى ئىككى سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى يېڭەلمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تەردىن چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى، بىرسى سەللا بىخەستىلىك قىلسا يەنە بىرسى ئۇنى چاناپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى. ئۇلار توختىماي ئېلىشىۋاتقان بولسىمۇ بىر - بىرسىنى يېڭەلمىدى. شۇ چاغدا تاماشا كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز ئالاھىدە نامايان بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئالاقزادىلىكى چىقىپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا لېۋىنى، قوللىرىنى چىشلەيتتى. ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئەنسىز ۋارقىرايتتى.

مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بايىقى قىزدىنمۇ چىرايلىق يەنە بىر قىزدىمۇ ئەنە شۇ ھالەت تەكرارلىنىۋاتاتتى. ئۇ جىددىيلەش-

كەنلىكتىن قول ۋە لەۋلىرىنى كاسىلدىتىپ چىشلەپ قانىتىپ
بولغانىدى.

ھەسەن بىلەن ھۆسەن توختىماي ئېلىشىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ-
لارنىڭ ئېلىشىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى
كۆرۈۋاتقانلار بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئېلىشىش كەس-
كىنلەشكەنسېرى ھۆسەننىڭ كىچىكلىكى چېنىشقا باشلىدى. ئۇ
تۇرۇپ مۇدۇرۇپ كەتسە، تۇرۇپ تەمتىرەپ قالاتتى. ھەسەنگە
جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرماقچى بولسىمۇ تەڭ كېلەلمەي،
ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولاتتى. ھەسەن بارغانسېرى ئۈستۈن-
لۈكنى ئىگىلەۋاتقان بولسىمۇ ئۇنى ئاياپ، قىلىچنى ئۈستىلىق
بىلەن ئوينىتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ھۆسەن تۇيۇقسىز مۇدۇرەپ
يىقىلىپ چۈشتى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ قىيا - چىياسى پەلەك-
كە يەتتى. ھەسەن قىلىچنى ھۆسەننىڭ بوغۇزىغا تەڭلەپ بولۇپ
ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ھازىرلا كاللاڭنى ئالات-
تىم. ئەڭ ياخشىسى كۆزۈمدىن يوقال! — ھەسەن شۇنداق دېگەن-
دىن كېيىن ھۆسەن بىلەن كارى بولماي ئۆزىگە تەنتەنە قىلىۋاتقان-
لارغا قول پولاڭلىتىپ، ئۆز غەلىبىسىنى نامايان قىلغاندەك
بولدى. شۇ چاغدا ھۆسەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھۆسەنگە
كەينىنى قىلىپ تۇرغان ھەسەننىڭ سول بېقىنىغا قىلىچنى زەرب
بىلەن تىقىۋەتتى. تۇيۇقسىز زەربىدىن ھەسەننىڭ كۆزلىرى ئېتى-
لىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ، سەل ئېگىلىپ قالدى.
ھەسەن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھۆسەننىڭ ئۆزىگە قىلىچ تىقىۋەتكەنلى-
كىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز قاتتىق ۋارقىراپ ئوقتەك يۈگۈرگىنىچە
قولىدىكى قىلىچنى ئاكىسىغا قىلىچ تىقىۋالغانلىقىدىن خۇشال بو-
لۇپ، تېخى تەبەسسۇم قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھۆسەننىڭ سول
كۆكسىگە ئۇردى. ھۆسەن خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ۋارقى-





راپ نەق مەيداندا دۈم چۈشتى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ ھەسەننىڭ سول
بېقىنىدا ھۆسەن تىققان قىلىچ پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇ ئاشۇ
قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۆز قورسىقىغا زەرب بىلەن تىقىۋەت-
تى. كىشىلەر ئارىسىدىن قۇلاقنى يارغۇدەك ۋەھىملىك سادا
كۆتۈرۈلدى، ھەسەنمۇ ھۆسەننىڭ يېنىغا ئوڭدىسىغا چۈشۈپ جان
ئۈزدى، شۇ چاغدا بايىقى ئىككى قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ بىرسى
ھۆسەننىڭ، يەنە بىرسى ھەسەننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ ھۆڭ-
رەپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ ئىككى قىز ھەسەن بىلەن ھۆسەننىڭ
سۆيگەن قىزلىرى ئىدى.

مەيداندىكى كىشىلەر يەنە قانداق ئىش يۈز بېرەركىن دېگەن-
دەك ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. بومبا ساقال ھېچ ئىش بولمىغاندەك
ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا بىر نەچچە ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ھە-
سەن، ھۆسەنلەرنىڭ جەسەتلىرىنى يۆتكىگۈزۈۋەتتى. بومبا ساقال
خۇددى قىزىقارلىق سەھنە ئەسىرىنىڭ بىرىنچى پەردىسىنى تۈگە-
تىپ، ئىككىنچى پەردىسىنى باشلايدىغاندەك خاتىرجەم
سۆزلەۋاتاتتى:

— ھازىر ھەممىڭلار كۆردىڭلار، بايىقى ئاكا - ئۇكىلار
بىر - بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، بىراق ئۇلار «ئالتۇن
تەڭگە قەسىرى» مىزگە ئەمىر بولۇش تۇرماق، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى-
مۇ ساقلاپ قالالمىدى. شۇڭا، ئاراڭلاردا مۇشۇ «ئالتۇن تەڭگە
قەسىرى» گە ئەمىر بولۇشنى خالايدىغانلار بولسا يەنە مەيدانغا
چۈشسە بولىدۇ.

مەيداندا تىمتاسلىق ھۆكۈم سۈردى. ئۇلار بايىقى ۋەھىمى-
لىك ئاقىۋەتنى كۆرگەن بولغاچقا، بىرەرسىمۇ مەيدانغا چۈشۈشكە
جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
«ئالتۇن تەڭگە قەسىرى» گە ئەمىر بولغۇسى ئەمىرلىكتىن كېلى-
دىغان ھۇزۇر - ھالاۋەتنى سۈرگۈسى بولسىمۇ، بايىقىدەك ئاقى-

ۋەتلەرنى كۆرۈپ تۇرغاچقا، مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بومبا ساقال مەيداننى ئايلىنىپ تۇرۇپ، — قېنى قايسىڭلار مەيدانغا چۈشۈسىلەر، پۇرسەن غەنىيمەت! — دەپ توۋلاۋاتاتتى. شۇ چاغدا مەيدانغا بايىقى ھەسەن ـ ھۈسەنلەردىنمۇ قامەتلىك بىر ئادەم سۈر ۋە ھەيۋە بىلەن چۈشتى. كىشىلەر ئارىسىدا يەنە تۇرلۇك گوڭۇلداشلار ئەۋجىگە چىقتى، مەنمۇ ھەيران بولۇپ ئۇ ئادەمگە قارىدىم. ئۇ چىن تۆمۈر ئىدى.

چىن تۆمۈر باياتىندىن بېرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرگەندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ يەردىكى سايلامنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇشبۇ شەھەرنىڭ كاتتىلىرى، — ئۇ ئالدى بىلەن سەھنىدىكى شەھەر كاتتىلىرىغا سالام قىلىۋەتكەندىن كېيىن مەيداندىكىلەرگە سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، كۆپچىلىك مېنىڭ ئىسمىم چىن تۆمۈر، مېنى كىشىلەر چىن تۆمۈر باتۇر دېيىشىدۇ. مەن ئۆزۈمنى «ئالتۇن تەڭگە قەسرى» نىڭ ئەمىرلىكىگە ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئەگەر مەن بىلەن ئەمىرلىكنى تالاشقۇچىلار بولسا مانا مەن تەييار.

چىن تۆمۈر ھەقىقەتەن قامەتلىك ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭغا رىقابەتچى چىقىدىغاندەك قىلمايتتى. سەھنىدىكىلەر ھەيران بولۇپ قاراشتى. بولۇپمۇ ھېلىقى بومبا ساقال چىن تۆمۈرگە خېلى ئۇزۇنغىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن بىزنىڭ بۇ شەھەرلىك ئەمەستەك قىلىسەنغۇ.

چىن تۆمۈر ھودۇقماي تېزلا جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، مەن باشقا شەھەردىن كەلگەن.

— سەن راستىنلا «ئالتۇن تەڭگە قەسرى» گە ئەمىر





بولماقچىمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن مەن ئۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالايمەن.

— ئەگەر سەن، — دېدى بومباساقال گېلىنى قىرىپ قويۇپ كۆزىنى چىمچىقلىتىۋالغاندىن كېيىن، — «ئالتۇن تەڭگە قەسرى» گە ئەمىر بولماقچى بولساڭ، سەن بۇ شەھەرلىك بولمىغاچقا ساڭا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ، بۇ شەھەردىن ساڭا رىقابەتچى چىقمىغان تەقدىردىمۇ ساڭا قويۇلىدىغان يەنە بىر ئالاھىدە تەلەپ بار.

— قانداق تەلەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئورۇندايمەن، — چىن تۆمۈر كەسكىن جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا مەن خالايىققا يەنە بىر قېتىم جاكارلايمەن، مەيدانغا چۈشكەن بۇ چىن تۆمۈر ئاتلىق بىلەن «ئالتۇن تەڭگە قەسرى» نىڭ ئەمىرلىكىنى تالىشىدىغان ئوغۇل بالا بارمۇ! — بومبا ساقال بۇ گەپنى بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ خالايىقنىڭ ئىچىدىن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

— قارىغاندا ساڭا بۇ شەھەردە رىقابەتچى يوقتەك قىلىدۇ، ئۇنداق بولسا سەن ئاخىرقى تەلەپنى ئورۇندىشىڭ كېرەك.

— قېنى تەلەپنى تېزرەك ئوتتۇرىغا قويۇڭ، مەن ئۇ تەلەپنى ئورۇنداشقا تەييار. — چىن تۆمۈر سۈر، ھەيۋە كۆرسەتمەكچى بولۇپ، خۇددى قۇترىغان بۇقىدەك مەيداننى بىر ئايلىنىپ قويدى. ئۇ ئالتۇن تەڭگە قەسرىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان پۇل، بايلىق ۋە شان ـ شۆھرەتلىرىدىن خۇددىنى يوقىتىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا بومبا ساقالمۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ سۈرلۈك چىقىرىشقا تىرىشىپ، گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن چىن تۆمۈردىن سورىدى.

— سېنىڭ قېرىندىشىڭ بارمۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال چىن تۆمۈرنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى.

— بار، بىراق بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— سەن بۇ شەھەرلىك ئەمەسكەنسەن، شۇڭا ساڭا قويۇلىدىغان باشقا تەلەپ بار، — دېدىمغۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇ تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويمامسىز.

— سەن ئاشۇ قېرىندىشىڭنى مانا مۇشۇ خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈپ بېرىسەن.

چىن تۆمۈر تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆكۈچ يېشىل، قىزىل ۋە سۆسۈن نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ بىر نەچچە سېكۇنت تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سەل پەسكويغا چۈشۈپ مۇنداق دېدى:

— بىراق، مېنىڭ ئۇ قېرىندىشىم يىراقتا ئىدى.

— ئۇنداق بولسا بىز ساڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىمىز، ئەنە ئاشۇ قېرىندىشىڭدىن بىرنى ئەكېلىپ، مانا مۇشۇ خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرىسەن، بولامدۇ؟!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭ بەدەنلىرىم تىكەنلەشتى، بىراق چىن تۆمۈر ھېچ ئىش بولمىغاندەك پەرۋاسىز ھالدا جاۋاب بەردى.

— بولىدۇ، بەلكى مەن ئىككى كۈندىلا كېلىپ بولۇشۇم مۇمكىن.

— چىن تۆمۈر بايا بومبا ساقالدىن «ئالتۇن تەڭگە» قەسرىگە ئەمىر بولغانلار قانداق ئىمتىيازلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى.

مەن چىداپ تۇرالمىدىم، چىن تۆمۈرنى مەيلىگە قويۇپ بەرسەم سىڭلىسىنى ئەكېلىپ بۇلارنىڭ ئالدىدا پارە - پارە قىلىپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا مەن بىردىنلا كېلىشكەن يىگىت قىياپىتىگە كىردىم. مەيداندىكى كىشىلەر بۇ يەردىكى تاماشا تۇ-





گىدى دەپ ئويلاپ تارقاشماقچى بولۇشۋاتاتتى. چىن تۆمۈرمۇ ئۆزىگە رىقابەتچى چىقمىغانلىقىدىن پەخىرلەنگەندەك ئۆز يولىغا ماڭماقچى بولدى. مەن شۇ چاغدا قاتتىق ۋارقىرىدىم.

— چىن تۆمۈر! توختا، مانا مەن سەن بىلەن «ئالتۇن تەڭگە قەسرى»نىڭ ئەمىرلىكىنى تالىشىمەن!

چىن تۆمۈر چۆچۈپ مەن تەرەپكە قارىدى. تارقىلىۋاتقان كىشىلەرمۇ ماڭا ھەيران بولۇپ قارىغىنىچە يەنە ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كېلىپ يېڭى تاماشىنى كۆرمەكچى بولۇشتى. مەن ھازىر بۆرە سىياقىمدىن ئۆزگىرىپ چىن تۆمۈردىنمۇ قامەتلىك سۇمباتلىق بىر يىگىت قىياپىتىگە كىرگەنىدىم. چىن تۆمۈر ماڭا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە خېلى ئۇزۇن قارىغان بولسىمۇ تونۇيالمىدى. ھېلىقى بومبا ساقال ئىككىمىزنىڭ قولىغا بىردىن قىلىچنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

## 24

مەلىكە ئادەملەر مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بۇ كوچىدا قاسىم مۇھەممەتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ تۇرۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھۆڭرەپ، ئېسەدەپ يىغلىدى. قاسىم مۇھەممەتنىڭمۇ باغرى يۇمشاق بولغاچقا مەلىكە بىلەن تەڭ مىشىلداپ يىغلىغاچ مەلىكەنى بەزلىدى: — بولدى جېنىم، باشلىرىڭغا يەنە كۈلپەتلەر كەلگەن ئوخشىمامدۇ، ئۆزۈڭمىغۇ يوقاپلا كەتتىڭ، سەھرايى قىيامەتتە بىر قېرى ئادەمگە تېگىپتۇدەك دەپمۇ ئاڭلىدىم. خەقنىڭ ئاغزىدىكى گەپكىغۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ… ماڭە، ماڭە، مەن تاماق يېگىلى چىققان، مانا ماۋۇ ئالدىمىزدا ئوبدان بىر ئاشخانا بار، بىر نەرسە يەۋېلىپ قالغان گەپنى شۇ چاغدا…، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالامغۇ… مەنمۇ سېنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى

تۇتۇۋالالماي يىغلاپ سالدىم، — قاسىم مۇھەممەت يانچۇقىدىن چىرايلىق قاتلانغان ئاپئاق بىر ياغلىقنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە مەلىكەنىڭ كۆزلىرىنى ئېرتتى.

قاسىم مۇھەممەت مەلىكەنى دوقمۇشتىكى بىر ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ ئوبدان مېھمان قىلدى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئاشخانىدا چاي ئىچكەچ يەنە بىردەم پاراڭلاشتى.

— ھە، بۇ شەھەرگە قاچان كېلىپ قالغانتىڭ، نەدە تۇرۇۋاتىسەن، روھىڭ بەكلا سۇنۇققۇ سىنىڭ، — قاسىم مۇھەممەت تېخىچىلا مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان مەلىكەدىن سورىدى. مەلىكە ئالدىدىكى چايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلىدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن سەھرادىكى ھېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭكىگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆيىنى سەيپۇڭخانا قىلىپ ئېچىپ، بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم، كېيىن ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالغان بىر ئادەم بىلەن توي قىلدىم... ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمىغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ مۇشۇ شەھەرگە يېنىپ كەلگەنىدىم، بۇ شەھەردە يۈرگىنىمگىمۇ ھايت - ھۇيت دېگۈچە نەچچە يىل بولۇپ قاپتۇ، — مەلىكە ئارىلىقتىكى بەزى كەچۈرمىشلىرىنى قىسقارتىپلا دەپ بەردى. چۈنكى، ئۇ، بەزى تەپسىلاتلارنى قاسىم مۇھەممەتكە يېپىپدىن - يىڭنىسىغىچە دەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىغانىدى.

— نەلەردە يۈردۈڭ دەيمەن، بىر شەھەردە يۈرۈپ ئۇچراشمىغىنىمىزنى قارا، — قاسىم مۇھەممەت جىددىيلەشكەندەك شۇنداق دەپ سوراپ قويدى.

— نەدە يۈرەتتىم، يەنە شۇ سىز ئۆگەتكەن ھۈنەر ئەسقاتتى، سەيپۇڭخانىلاردا ئىشلەپ جېنىمنى جان ئېتىپ يۈردۈم...

ھازىر قايسى سەيپۇڭخانىدا ئىشلەۋاتىسەن؟ — قاسىم مۇ-





ھەممەت يەنە جىددىيلەشكەندەك سورىدى.

— ھەپتە بۇرۇن مەن ئىشلىگەن سەيپۇڭخانا بار بىنا چېقىلغاچقا بىكار بولۇپ قېلىپ، بۈگۈن ئىشلەيدىغان يەر ئىزدەپ چىققانىدىم.

— توۋا، ئەجەب ئوبدان چاغدا ئۇچراپسەن، بولدى، بولدى، ئەمدى سەن مېنىڭكى... مېنىڭ ھازىر سەيپۇڭخانامۇ بار، تىككۈچىلىك مەكتىپىممۇ بار، مانا ماڭا سەندەك ئادەم كېرەك...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەنىڭ كۆڭلىرى ياخشىلىنىپ كەتتى. ئۇ، قاسىم مۇھەممەتنىڭ تىككۈچىلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، سەيپۇڭخانىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالدى. قاسىم مۇھەممەت شەھەرنىڭ تازا قايناق يېرىگە بىر سەيپۇڭخانا ئاچقاندىن باشقا، بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر نەچچە ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ياتاقلىق تىككۈچىلىك مەكتىپى ئاچقانىدى. تېلېۋىزور ۋە رادىئودا كۈندە دېگۈدەك قاسىم مۇھەممەتنىڭ مەكتىپىنى ماختاپ ئېلان بېرىلىپ تۇرغاچقا، بۇ مەكتەپكە ھەرقايسى جايلاردىن كېلىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى. قاسىم مۇھەممەت ئىجارىگە ئالغان ئۆيلەرنىڭ بىر نەچچىسى ياتاق بولۇپ، يىراقتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ياتاتتى. مەلىكە قاسىم مۇھەممەتكە تۇرمۇش ۋە باشقا جەھەتلەردە ياردەم بەرگەندىن باشقا ئۇنىڭدىن دەرس ئۆتۈشنىمۇ ئۆگەندى. مەلىكە كۆپ ئۆتمەي مۇستەقىل دەرسمۇ ئۆتەلەيدىغان بولدى. بۇرۇنمۇ قاسىم مۇھەممەتكە ياردەملىشىپ دەرس ئۆتىدىغانلاردىن بىر نەچچىسى بولسىمۇ قاسىم مۇھەممەتنىڭ تازا دېگەن يېرىدىن چىقالمايۋاتاتتى. قاسىم مۇھەممەت مەكتەپ ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ياتىقى بىلەن قوشنا يەنە بىر ياتاقنى مەلىكەگە ئۆي قىلىپ بەردى. مەلىكە ھېلىقى بېكەتنىڭ يېنىدىكى ئۆيىدىن نەرسە - كېرەكلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. قاسىم مۇھەممەت خېلى كۆپ پۇل خەجلەپ، مەلىكەنىڭ

ئۆينى كاتتا مېھمانخانىلارنىڭ ئالاھىدە خانىسىدەك قىلىپ بېزەپ بەردى. مەلىكەنى مەخسۇس بازارغا ئېلىپ چىقىپ، شەھەردىكى ئەڭ مودا خېنىملارمۇ كىيەلمەيدىغان نوچى كىيىملەردىن ئېلىپ بەردى. بۇ كىيىملەرنى كىيگەن مەلىكەنىڭ سەتەڭلىكى قايتا تىرىلىپ، خۇددى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك نۇرلىنىپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئاياللارغا ئانچە سەپسالمايدىغان قاسىم مۇھەممەتنىڭمۇ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، شۇڭا ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي مەلىكەنى ئەركىلەتكىنىچە سۆزلەپ كەتتى:

— ھە، ئەمدى بىر مەلىكە سەتەڭگە ئوخشىدىڭ، قېرى ئادەمگە تەگدىم دەپ نېمانچە ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتكەنسەن ··· ئۆزۈڭمىغۇ تېگىڭدىن چىرايلىق نەرسە···

قاسىم مۇھەممەتنىڭ سەيپۇڭخانىسى ۋە مەكتەپتىن كىرىۋاتقان كىرىمى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ مەلىكەنى خۇددى ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ، پۇلنى ئايىماي خەجلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ تېخى تۇرۇپ - تۇرۇپلا پوخۇرلىقى تۇتۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مەلىكەگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئۇنىڭغا يۈرەك - باغرىنى تۆكۈپ سۆزلەپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئاز - تولا ئىچىۋالغان چاغلىرىدا مەلىكەنىڭ ياتىقىغا كىرىۋېلىپ، مۇڭ - دەردلىرىنى تۆكۈپ ئۆزۈنغىچە پاراڭ قىلاتتى. مەلىكە ئۆزىنى بۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈۋاتقان بۇ ئادەمنى ياخشى كۆرمىسىمۇ ھۆرمەتلەيتتى، شۇڭا قوللىرىنى تۇتۇپ ئويناپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقان قاسىم مۇھەممەتنى خۇددى ئۆزىنىڭ دوستى ياكى تۇغقىنىدەك كۆرۈپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچمايتتى. ئىچىۋالغان چاغدا قاسىم مۇھەممەتنىڭ سۆزلەشلىرىمۇ خۇددى سۆزمەن چوكانلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالاتتى.

— ۋايجان، ماۋۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىۋەتتىم. پۇلنىمۇ





تاپتىم، بانكىدا قانچىلىك پۇلۇم بارلىقىنى دېمىسەممۇ بىلىسەن··· ساڭا دەپ بەرگەنتىمغۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ساراڭ يەڭگەڭ بىلەن توي قىلغانىدىم، نەچچە يىل تاشلىۋېتىپ، يەنە بوپتۇ دەپ بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلسەم، بۇ شەھەرگە پەقەت ياراشمىدى قارا، ئۆزۈڭنى ئوڭشاپراق يۈر، مېنىڭ يۈزۈمگە سەت بولىدۇ دېسەم، گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس، پايتىمىسىنى تەتۈر ئوراپ يۈرگىنى يۈرگەن. خەقلەرگە ماۋۇ مېنىڭ خوتۇنۇم دەپ كۆرسىتىشكىمۇ نومۇس قىلىدىغان بولدۇم··· بىر كۈنى نەدىن ئاچچىقىم كەلدى، تالاق قىلىپ خېتىنى قولىغا بەردىم··· ئۇنىڭغىمۇ مانا ئۈچ يىل بولۇپتۇ، ئىككى قىزىم بار ئىدى. بالىنىمۇ ئۆزۈڭ ئال دەپ بويىنىغا ئارتىپ قويدۇم، بىراق پۇل - پۇچەكنىمۇ يەتكۈدەك بەردىم. ھازىرمۇ پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىۋاتىمەن، يېقىنغىچە يارىشىۋالايلى دەپ يالۋۇرۇپ تېلېفون ئۇرۇپ يۈرەتتى··· بىر كۈنى مەستچىلىكتە ئاغزىمنى بۇزۇپ بىر تىللاپتىكەنمەن، يوقالدىغۇ تاڭ، ئەركىشى ئەركىشىدەك بولمىسا بولمىغۇدەك ئايال كىشى ئايال كىشىدەك بولمىسا بولمايدىكەن ···— مەلىكە قاسىم مۇھەممەتنىڭ «ئەركىشى ئەركىشىدەك بولمىسا» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى كۈلكىدىن زورىغا بېسىۋالدى.

قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى، ئۈچ رومكا قېقىۋېلىپ مەلىكەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇۋالىدىغان چاغلىرى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۆزىنى راھەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە قىلىۋاتقان بۇ ئادەمنى مەلىكە ئۇستازىم دەپ ھۆرمەتلىگەچكە، ئۇنىڭ بەزى تېتىقسىز گەپلىرىگىمۇ بەرداشلىق بەردى.

بىر كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا مەلىكەنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى يېنىك چېكىلدى. مەلىكە چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىپ بولغان بولسىمۇ ئاللىقاندىقتۇر خىياللار بىلەن تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئىشىكنىڭ بوش چېكىلىشى يەنە تەكرارلاندى. مەلىكە ئورنىدىن

تۇرۇپ ئىشىك تۇۋىگە كەلگەندىن كېيىن سورىدى:

— كىم؟

— مەن ئىشىكنى ئېچىڭە، — بۇ قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەلىكە ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. قاسىم مۇھەممەتتىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى. چىرايىمۇ قىزىللىقتىن پارقىراپ كەتكەنىدى. مەلىكەنىڭ كالتە ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتە بىر نۇر چاقناپ كەتتى. چىرايىدا مەزلۇملارچە تەبەسسۇم يوقاپ، ئەركەكلەرچە ئاچكۆزلۈك نامايان بولدى. مەلىكە يۈگۈرگىنىچە كېلىپ كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. قاسىم مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ تۇرىدىغان ئاللىقانداقتۇر ھېسسىياتنىڭ بۈگۈن تىرىلىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. مەلىكەنىڭ ئاپئاق مۈرە بىلەكلىرى، ئىچ كۆڭلەكتىن يېرىم كۆرۈنۈپ تۇرغان تولغان تارتىملىق كۆكسى، ئاق ۋە ئۇزۇن پۇت - يوتىلىرى، ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان خۇشبۇي چوكانچە ھىد قاسىم مۇھەممەتنىڭ تەقەززالىقىنى قوزغاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا غەليان كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

— نېمانچە چىرايلىق نەرسە سەن، — قاسىم مۇھەممەت يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان مەلىكەنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— سىز مېنى بۈگۈن كۆرۈۋاتامدىغانسىز، بۇ كېچىدە نەدە ئىچىپ يۈرگەنسىز، — مەلىكە چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قاسىم مۇھەممەتكە لاپپىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن نازلىق تەبەسسۇم بىلەن يەرگە قارىدى.

— مەن ياتاقتا كەلگىلى خېلى بولدى، باياتىندىن بېرى ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم ئىچىپتىمەن، تۇيۇقسىزلا قىزلىرىمنى سېغىنىپ قالدىم. مەنمۇ چىداپ ئۆتۈۋاتقىنىم بىلەن بويتاقلىقنىڭ





ئازابى دوزاخنىڭ ئازابىدىن يامان ئىكەن، ئەكېلە قوللىرىڭنى بىردەم تۇتۇپ ئولتۇراي، ۋىيىەي، ۋىيىەي، قوللىرىڭ نېمانچە چىرايلىق سېنىڭ، — قاسىم مۇھەممەت ئۆزىنى بىلەلمىگەن ھالدا مەلىكەنىڭ قوللىرىغا چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى. مەلىكەنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى نېمىلىكىم بولسا بىر ئەركىشىدە، مەلىكەنىڭ تول يۈرۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولدى. ئۇ، مۇشۇ جەرياندا ئۆزىنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان بىر ئەرنىڭ چىقمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشقان بەزى ئەرلەر ئۇنى قونچاق ئورنىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار مەلىكە ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشنىلا ئىزدەيتتى. مەلىكەنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايتتى. بىراق، قاسىم مۇھەممەد ئۇنىڭغا تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان چاغلاردا ئەسقېتىپ كەلدى. شۇڭا ئۇنىڭدا قاسىم مۇھەممەدگە نىسبەتەن بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا مەلىكە... ئۆزىنىڭ ئاستا - ئاستا قاسىم مۇھەممەتنىڭ قۇچىقىغا باش قويۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. مەلىكەنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قاسىم مۇھەممەد مەلىكەنى باغرىغا باستى...

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي قاسىم مۇھەممەت مەلىكە بىلەن نىكاھلىنىۋالدى. ئۆزىنىڭ مەكتەپىدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ۋە سەيپۇڭخانىدىكىلەرگە بىر نەچچە شىرەلىك زىياپەتمۇ بەردى، سەيپۇڭخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىنادىن ئۈچ ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، مۇشۇ شەھەردىكى كاتتىلارنىڭ ئۆيلىرىدەك چىرايلىق بېزەۋالدى.

راھەتلىك تۇرمۇشتىن ئاقىرىپ، سۇزۇلۇپ كۈندىن كۈنگە چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتقان مەلىكە ئۆزىدە سالاپەت ۋە نازاكەت يېتىلدۈرگەن نەۋ جۇۋانغا ئايلانغانىدى. ئۇ بەزى چاغلاردا ساتىراشخانا، گىرىمخانىلاردا چىرايىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ

چاچلىرىنى ھەر خىل پاسوندا ياسىتاتتى. داڭلىق سودا ـ سارايـ
لارغا كىرىپ، ئەڭ مودا، ئەڭ قىممەت كىيىملەرنى ئېلىپ
ياراشتۇرۇپ كىيەتتى. شۇڭا، ئۇ بارغانسېرى گۈزەللىشىپ خۇدـ
دى ئون بەش، يىگىرمە ياش ياشىرىپ، توي قىلىش ئالدىدىكى
چىرايلىق قىزلارغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى.

يېقىندىن بېرى قاسىم مۇھەممەتنىڭ تىككۈچىلىك كۇرسى
بارغانسېرى روناق تېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۇ شەھەردىكى سىنىپـ
لىرىنى كۆپەيتىپلا قالماي، يېقىن ـ يىراقتىكى بەزى ۋىلاـ
يەت ـ ناھىيىلەردىمۇ تىككۈچىلىك سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئۆزىدە
ئوقۇغان بەزى ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ سەپلەپ، ئۆزى
يىراقتىن يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى.

ھازىر ئۆزىمۇ، مەلىكەمۇ كۆپ دەرس ئۆتمەيدىغان بولدى.
ئۇلار ئۇرۇمچىدىكى كۇرسلارغىمۇ ئۆزىدە ياخشىراق ئوقۇغان ئوـ
قۇغۇچىلارنى تاللاپ دەرس ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. مەكتەپ ۋە سەيپۇڭـ
خانىلارنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىغا تەبىئىي ھالدا مەلىكە
مەسئۇل بولىدىغان بولدى. ئەمدى قاسىم مۇھەممەت ئۇششاق ـ
چۈششەك چىقىملىرى ئۈچۈنمۇ مەلىكەدىن پۇل سورايدىغان بولـ
دى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا مەلىكەدىن تەپ تارتىدىغان، ئۇنىڭ سىزـ
غان سىزىقىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدى.

قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكە ئۆزلىرىنىڭ كۇرس ئېـ
چىش، سەيپۇڭخانىنى ماڭدۇرۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ روناق تاپـ
قۇزۇش ئۈچۈن، بازار باشقۇرۇش، باجخانا دېگەندەك مۇناسىۋەتـ
لىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەر ۋە خادىملىرىنى مېھمان قىلىپ تۇراتـ
تى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە راۋاجلىنىپ
كېتىۋاتاتتى. مەلىكە ئادەتتىكى چاغلاردا قاسىم مۇھەممەتنى ھاـ
راق ئىچكۈزمىسىمۇ، پەقەت ئاشۇنداق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ
ئادەملىرىنى زىياپەتكە چاقىرغان چاغلاردىلا، ئۇنىڭ ئاز ـ تولا





ھاراق ئىچىشىگە رۇخسەت قىلاتتى.

مانا بۈگۈن ئۇلار قاسىم مۇھەممەت تۇرۇشلۇق شەھەر رايوـ
نىدىكى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېڭىـ
دىن سايلانغان مۇئاۋىن باشلىقى غالىب ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە
خىزمەتدىشىنى مېھمان قىلىۋاتاتتى.

شەھەردىكى ئەڭ كاتتا رېستوراننىڭ ئازادە ئايرىمخانىسىغا
ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ زىياپەتكە قاسىم مۇھەممەتلەرنىڭ مەكتىپىـ
دە ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ چىرايلىقلىرىدىن تۆت ـ بەشى مەقسەتـ
لىك ھالدا تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇنداق سورۇنلارنىڭ ئالاھىدە
مېھمىنىغا ئايلىنىپ قالغان بۇ قىزلارغا مەلىكە مۇكاپات ھېسابىدا
نۇچى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى. گىرىمخانا، ساتىراشخانىلاردا
چاچلىرىنى ياسىتىپ، گىرىم قىلدۇرۇپ قوياتتى. ئاستا ـ ئاستا
بۇنداق سورۇنلارنىڭ ئېپى ـ جېپىنى ئېلىۋالغان بۇ قىزلارمۇ
سەيپۇڭخانا ۋە مەكتەپتىكى چارچاش، زېرىكىشنى يوقىتىش ئۈـ
چۈن ئۆزلىرىنى توختىماي تانسىغا تارتىدىغان بۇنداق ئادەملەرگە
قانداق ماسلىشىشنى ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇنداق سورۇنـ
لاردا ئەركەكلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇلارنىڭ مەست
بولۇپ قالغان چاغدىكى قوپال تەلەپلىرىنى قانداق رەت قىلىشنى
ئوبدان بىلەتتى. قىزىل ھاراقنى يالغان ئىچىپ، چايغا قانداق
ياندۇرۇۋېتىش، ئۇلارنىڭ قاملاشمىغان چاقچاقلىرىغا يالغان قاـ
قاقلاش، ئەرلەرنى نېمىلەرنى دەپ ماختىسا خۇش بولىدىغانلىقىـ
نى، بەك مەست بولۇپ كەتكەنلەرگە يەنە قانداق ۋاستە كېتىدىـ
غانلىقىنى مەلىكە ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇلارغا ئۆگەتكەنـ
دى. شۇڭا، بۇ قىزلار تۈرلۈك ئولتۇرۇش بەزمىلەردە ئەرلەرگە
قانداق ماسلىشىشنى ئوبدان بىلەتتى.

بۈگۈنكى سورۇندا باشتا قاسىم مۇھەممەت غالىبنىڭ ئىدارە
باشلىقى بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ بىر مۇنچە سۆزلىدى. بۇنداق

مۇناسىۋەتلەرنى كۆپ قىلىش جەريانىدا قاسىم مۇھەممەت مۇناسىۋەت گەپلىرىگە بەك ئۇستا بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ بۈگۈنمۇ قولىغا رومكىنى ئېلىۋېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلىدى.

— ئەمدى غالىبمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسىدەكلا بالىكەن، مەنمۇ مانا مۇشۇنداق بالىلار باشلىق بولۇپ قالسىكەن دەپ خۇدادىن تىلەپ يۈرەتتىم، خۇدايىم تىلىكىمگە يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ… يائاللا، ماۋ ھۆكۈمەتنىڭ ئەمدى كاللىسى ئىشلىگەن ئوخشايدۇ، بۇرۇن ساپ ئۆپكىسى تۈگەپ كانىيى قالغان قېرىلارنى باشلىق قىلىپ قوياتتى. مانا ئەمدى غالىبتەك سۇمباتلىق يىگىتلەرنى باشلىق قىپتۇ، قېنى ئۇكام رومكىنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، تۈنجى قەدەھنى ئىككىمىز بىر ئىچىۋېتەيلى، دېسەك گەپ تولا، ئۆزىڭىز بىلىۋېلىڭ، قالغان گەپلەر مۇشۇ رومكىنىڭ ئىچىدە. — غالىب رومكىنى قولىغا ئېلىپ كۈلۈپ تۇرۇپ قاسىم مۇھەممەت بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى…

قىزىل ھاراق قۇيۇلغان خرۇستالدەك يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق قەدەھنى قولىغا ئېلىۋالغان مەلىكەمۇ نازلىق جىلۋىسى، جەزبىلىك كۈلكىسىنى ئىشقا سېلىپ، بىر مۇنچە تەكەللۇپلارنى ياغدۇرۇۋەتتى. تۆت - بەش رومكا ئايلانغاندىن كېيىن سورۇن بارغانسېرى قىزىشقا باشلىدى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى قىزلار بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك باقاتتى. مۇلازىمەتچى قىز ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك ياڭراتقۇنى ياڭرىتىۋەتتى. ياڭراتقۇدىن دەسلەپتە چىققىنى شوخ ئۇسسۇل مۇزىكىسى ئىدى. تۆت - بەش رومكا ئىچىپ قىزىپ قالغان قاسىم مۇھەممەت ئولتۇرالماي، باشقىلارنىڭ تەكلىپىنىمۇ كۈتمەي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. مەلىكە خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى. قىزلار ئاغزىنى قوللىرىدا ئەتكىنىچە كۈلۈپ كەتتى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى قاسىم مۇھەم-





مەتنىڭ «شوخ جىلۋە»سىگە ھەيران قالغاندەك ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى. قاسىم مۇھەممەت قەدەملىرىنى ئۇششاق ئېلىپ، مۈرىلىرىنى ئوينىتاتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا كاسىلىرىنى يۇمۇرلۇق تولغاپمۇ قوياتتى. خۇمارلاشقان كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى. قاشلىرى تۇرۇپلا شوخ سەكرەيتتى، ئارىلىقلاردا تولغىنىش، باش ئېتىش، پىرقىراش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلماقچى بولاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇنداق قىلىق چىقارغاندا سورۇندىكىلەر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي پاراقلاپ كۈلەتتى. پەقەت مەلىكەلا كۈلۈۋاتقان قىزلارغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، يالغان تەبەسسۇم بىلەن چىداپ ئولتۇراتتى. قاسىم مۇھەممەت ئەنە ئاشۇنداق قىلىقلارنى چىقىرىپ يەنە بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن غالىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سىپايىلەرچە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتىپ تۇرۇۋالدى. غالىب ئۇسسۇل ئويناشنى تازا بىلمەيمەن دەپ ئۇسسۇلغا قوپماي تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، قاسىم مۇھەممەتمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ غالىبنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئۇسسۇل ئويناشنى توختاتماي تۇرۇپ، تېخىمۇ شوخ ھەرىكەتلەر بىلەن غالىبنى تارتىپ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز قالغان غالىب ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ بىر - ئىككىنى چۆرگىلەپ قويدى، ئاڭغىچە مۇزىكىمۇ تۈگىدى. ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى جىددىي ھەرىكەت ۋە ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى ھاياجان قاسىم مۇھەممەتنى ھاسىرىتىۋەتكەنىدى. قاسىم مۇھەممەت ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇنداق چاغدا ئۇ مەلىكە تەرەپكە قارىمايتتى. ئەگەر قاراپ قالسا ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان مەلىكە تۈرلۈك كۆز ئىشارەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغاتتى.

— ئۇسسۇلنى ئوبدان ئوينايدىكەنسىز جۇمۇ، مەنمۇ يامان ئەمەس ئوينايدىغاندەك قىلىۋاتاتتىم، سىزنىڭ ئوينىغىنىڭىزنى

كۆرۈپ، پۇت ـ قوللىرىم كالۋالىشىپلا كەتتىغۇ تاڭ، — غالىب شۇنداق دېگەندىن كېيىن باشقىلارمۇ قاسىم مۇھەممەتنىڭ ئۇسسۇلىنى ماختاپ غۇلغۇلا قىلىشتى. بۇنداق گەپلەر قاسىم مۇھەممەتنى خۇشال قىلىپ يايرىتىۋېتەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىككى رومكا ھاراقنىڭ بىرىنى غالىبقا تۇتۇپ ھاياجان بىلەن ئىچىۋەتتى. ئادەتتە ھاراق ئىچمەيۋاتقاچقا بۈگۈنكى تۆت ـ بەش رومكا ھاراق قاسىم مۇھەممەتكە ئوبدانلا تەسىر قىلدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ماختىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىرغۇ سەمىرىپ سەتلىشىپ كەتتىم، ياش چاغلىرىمدا بوي بەستىم 18 ياشلىق قىزلارنىڭكىدىنمۇ زىلۋا ئىدى. توي ـ مەشرەپلەردە ئۇسسۇل دېگەننى ئوينايدىغان بولسام، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم …— قاسىم مۇھەممەت مانا مۇشۇنداق گەپلەرنى پۇخادىن چىققۇچە قىلماقچى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ گەپلىرىگە چىداپ تۇرالمايۋاتقان مەلىكە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھەي ئۆزىڭىزنىڭلا گېپىنى قىلىپ ئولتۇرماي، ماۋۇ مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلمامسىز، بۇلار سىزنىڭ ئۇسسۇلىڭىزنى كۆرگىلى كەلمىگەندۇ، بۇلارمۇ تانسا ئوينىسۇن، سىڭلىم، لېنتىنى يۆتكىۋېتىڭە.

مەلىكەنىڭ جىملەشلىرىدىن كېيىن قاسىم مۇھەممەت سەل بېسىقىغا چۈشۈپ، مۇلازىمەتچى قىزغا دەپ لېنتىنى ئالماشتۇرغۇزدى.

شوخ تانسا مۇزىكىسى ياڭراشقا باشلىدى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى خۇددى شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغاندەكلا ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قىزلارنى تارتىپ تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. سورۇندا پەقەت قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەلا قالدى. مانا





مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەلىكە قاسىم مۇھەممەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا جېكىلىدى:

— ھاراقنى ئازراق ئىچىڭ جۇمۇ، ھېلىمۇ يۈزلىرىڭىز قىزىرىپ، مايمۇننىڭ كۆتىدەك بولۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ، يەنە نەچچە رومكا ئىچسىڭىز مەست بولۇپ قېلىپ ئادەمنى رەسۋا قىلىسىز، — قاسىم مۇھەممەتكە بۇ گەپ ھاركەلگەن بولسىمۇ، ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

بىر قېتىملىق تانسا تۈگەپ يەنە ھاراق ئىچىش داۋاملىشىۋاتقاندا سورۇنغا ئەللىك ياشلاردىكى سېمىز، دوغىلاق، سالاپەتلىك بىر ئەر كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئۇنىڭ تارتىنمايلا سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرگەنلىكىگە قاراپ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى. ئالدىراپ چاپان، قالپاقلىرىنى سالدۇرغۇزۇپ، تۆردىكى ئورۇندۇقنى بىكارلاپ ئولتۇرغۇزدى. باياتىندىن بېرى سۈر ھەيۋە بىلەن ئولتۇرغان غالىبمۇ خۇددى مۇلايىم مۇلازىمەتچىدەك چۆگۈننى قولىغا ئېلىۋېلىپ سىركايىغا چاي قۇيدى. ئۇ ئادەم سورۇنغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن سورۇندىكىلەرگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، مەغرۇرانە ھالدا سۆزلىدى:

— ھەي، بۈگۈن ئىدارىدىكى يىغىننىڭ كۆپلىكىنى دېمەيسىلەر، بۇ يىغىن دېگەننى ئاچمىساق تېخى بولمىغان، ئاچساق مانا مۇشۇنداق ئادەمگەرچىلىكلەردىن قېلىۋاتقان. ھەي، قانداق قىلىمىز، بىزنى كىم باشلىق بولسۇن دەپتىكەن. — ئۇ ئالدىدىكى تەخسىگە غالىب سېلىپ قويغان قوۋۇرغىلىق گۆشنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۇنى ھەدەپ تاماق يېيىشكە زورلىماقتا ئىدى. ئۇ ئادەم شاپىلدىتىپ، ماكاشلىتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە بىر نەرسە يېدى.

قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكە بۇ سالاپەتلىكنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي بىئارام بولماقتا ئىدى. مۇزىكا توختاپ، قالغانلار جىمىپ قالغان بولغاچقا سورۇندا بىر خىل سۈرلۈك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى.

— ھوي، ئەجەب جىم ئولتۇرۇپ كەتتىڭلارغۇ، — باياتىن بېرى باش كۆتۈرمەي يەپ ـ ئىچكەن سالاپەتلىكنىڭ ئەمدى قورسىقى تويغان بولسا كېرەك. تازىلىق قەغىزىدە قول ۋە ئېغىزلىرىنى سۈرتكەچ شۇنداق دەپ قويدى.

غالىب قولىدىكى بىر جۈپ قەدەھنىڭ بىرىنى ئۇ سالاپەتلىككە تۇتقاندىن كېيىن ئىنتايىن مۇھىم بىر گەپنى جاكارلايدىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ھاياجان ۋە خۇشامەت بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھازىر كىرگەن بۇ ئاكىمىزنى سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، — ئۇ قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەگە قاراپ قويدى، — بۇ ئاكىمىزنىڭ ئىسمى ئا جۇجاڭ، ھە راست ئابلىكىم جۇجاڭ، بىزنىڭ شەھەرلىك ئىدارىنىڭ باشلىقى (ئەسلىي مۇئاۋىن باشلىق، سالاپەتلىكنى مۇئاۋىن باشلىق دېسە تېرىكىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ھەممە ئادەم ئالدىدا مۇئاۋىننى قاتماي باشلىق دەيتتى)، بىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلغاندۇق. قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ كەپتۇ، — غالىب ئابلىكىم جۇجاڭنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەنىمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە تونۇشتۇرۇپ قويدى. قاسىم مۇھەممەت ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇ، ئۈنسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئەركىلىگەندەك بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن ئابلىكىم جۇجاڭغا باش لىڭشىتىپ قويدى. مەلىكەمۇ بايا ئىچكەن قىزىل ھاراقنىڭ تەپتى بىلەن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئابلىكىم جۇجاڭغا ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويدى. شۇ چاغدا ئابلىكىم جۇجاڭمۇ «تونۇشۇپ



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

قويايلى، تونۇشۇپ قويايلى» دېگىنىچە ھىجىيىپ باش لىڭشىتىۋاتاتتى.

ئارىلىقتا يەنە شوخ تانسا مۇزىكىلىرى قويۇلدى، غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى قىزلارنى توختاتماي تانسىغا تارتىپ، بەھۇزۇر ئويناشتى. ئابلىكىم جۇجاڭ، قاسىم مۇھەممەت، مەلىكىلا تانسا ئوينىماي نېمىنىدۇر خىيال قىلغاندەك ئولتۇراتتى. بۇنداق چاغدا تولا سۆزلەپ ھاياجىنىنى باسالمايدىغان قاسىم مۇھەممەتمۇ ئابلىكىم جۇجاڭدىن تارتىنىپ يەرگە ۋە تىرناقلىرىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. مەلىكە بىلەن ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ كۆزلىرى تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۇچرىشىپ قالاتتى. شۇ چاغدا مەلىكە ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداقتۇر غەلىتە بىر ئۇچقۇننىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

ئىككى قېتىم مۇزىكا تۈگەپ يەنە مۇزىكا باشلانغاندا ئابلىكىم جۇجاڭ قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەدىن سورىدى:

— سىلەر ئەجەب ئوينىمايسىلەرغۇ؟

— مەن ئۇقمايدىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ قىزچاقچۇ؟

ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ مەلىكەنى قىزچاق دېگەنلىكى مەلىكە ئۈچۈن تولىمۇ يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنى بىرەرسىنىڭ «قىزچاق» دەپ باقمىغىنىغا ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى.

— بۇ بەك ئۇستا، ئىككىڭلار ئويناڭلارچۇ، — قاسىم مۇھەممەت مەلىكەنى تۇمشۇقى بىلەن شەرەتلەپ قويدى. قاسىم مۇھەممەتتىن ھەزەر ئەيلەپ ئولتۇرغان ئابلىكىم جۇجاڭ ئۆزىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكەنى تانسىغا تارتتى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئابلىكىم جۇجاڭغا قول بەردى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ قىزلارغا چاپلىشىپ ھۇزۇر قىلىپ دېگۈدەك

ئويناۋاتاتتى. ئابلىكىم جوجاڭمۇ سىمىز، كېلەڭسىز بولغىنى
بىلەن تانسىنى يېنىك، چاققان ئوينايتتى. مەلىكەنىڭ يۇمشاق
قوللىرى قوللىرىغا تېگىشى بىلەن ئابلىكىم جوجاڭنىڭ بەدەنلىرى
خۇددى توك تەپكەندەك لەززەتلىك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ
مەلىكەنىڭ بەللىرىدە تۇرغان يۇڭلۇق قوللىرىمۇ يېڭى بىر ھۇ-
زۇردىن لەرزىگە كەلگەندەك بوش تىترەۋاتاتتى. ئابلىكىم جوجاڭ
مەلىكەنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە مەلىكەنىڭ بەللىرىنى
بارغانسېرى ئالدىغا تارتىپ، پىرقىراپ ئويناۋاقتا ئىدى. ئۇنىڭ
خۇمارلاشقان كۆزلىرى مەلىكەنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالغان
بولۇپ، تۇرۇپ - تۇرۇپلا لەۋلىرىنى يالاپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ
بۇ قىلىقى خۇددى قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئېسىل
نازۇ - نېمەتلەرنى كۆرگەن چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشايتتى. مەلى-
كەدىن كېلىۋاتقان خۇشبۇي ھىد خۇددى ئۆتكۈر بىھۇش دورىسى-
دەك ئابلىكىم جوجاڭنى خىيالىي لەززەت ئىچىدە ھوشسىزلاندۇر-
ماقتا ئىدى. چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن ئابلىكىم جوجاڭدىن ھا-
راق، تاماكا ۋە تەردىن شەكىللەنگەن چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق
گۇپۇلدەيتتى. ئابلىكىم جوجاڭ ئەمدى تانسىنى ئالدىرىماي ئويني-
غاچ مەلىكەدىن گەپ كوچىلاشقا باشلىدى:

— ئاتا - ئانىڭىز مۇشۇ شەھەردىمۇ يا...، ھە، قانچە ياشقا
كىردىڭىز، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ قېرى بىرسىگە تېگىۋالدىڭىزمۇ
نېمە؟

— كۆزىڭىزگە بەك كىچىك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشىمامدى-
مەن، مەنمۇ ھازىر قىرىق ياشقا كىرىپ قالدىم، — مەلىكە
ئابلىكىم جوجاڭنىڭ ئادەمنى يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ قاراشلىرىغا
بەرداشلىق بېرەلمەي، لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قارىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز، يىگىرمىنىڭ گېپىنى قىلامدىكىن
دېسەم، قىرىقتىن چۇشۇۋاتىسىزغۇ، ئۆزىڭىزنى بىزدىن قاچۇ-





رۇش ئۇچۇن شۇنداق دەۋاتىسىز - ھە، — ئابلىكىم جوجاڭ
مەلىكەنىڭ قوللىرىنى مەقسەتلىك مىجىقلاپ قويدى.

ئابلىكىم جوجاڭنىڭ گەپلىرىنى مۇبالىغە دېگىلى بولمايتتى.
مەلىكەنىڭ چىرايىدا بىرەر تال قورۇقمۇ يوق بولغاچقا گىرىم
قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نېپىز،
جىنەستىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى بوۋاقلارنىڭكىدەك ئوماق ۋە
تەبەسسۇملۇق ئىدى. ئۇنىڭ فىگۇرىسىمۇ ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ-
كىدەك ناھايىتى زىلۋا، تارتىملىق بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك بوغ-
ماق چاپىنى بىلەن پادىچىلار ئىشتىنى ئۇنىڭ كېلىشكەن فىگۇرى-
سىنى تېخىمۇ يارقىن نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپقارا
چاچلىرىنىڭ ئالدى تەرىپى سۇس، ئۇششاق بۇدۇر قىلىنىپ،
مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇرغان چېچى ئۆرۈلمەيلا بوغۇپ قويۇلغان
بولغاچقا، كىشىگە بىر خىل تەبىئىي ۋە ساددا گۈزەللىكنى نامايان
قىلاتتى. مەلىكە بۇنداق چاغلاردا كۆپ گەپ قىلماي تاتلىق -
تاتلىق تەبەسسۇم قىلىپ قويۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغانىدى.
سورۇندىكىلەر تانسا ئويناپ چارچاپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا
مۇزىكىنى توختىتىپ يەنە چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

ئابلىكىم جوجاڭ غالىب ھاراق قۇيۇۋاتقان رومكىنى بەك
كىچىككەن دەپ سىركايىغا يېرىم - يېرىم ھاراق قۇيۇپ ئىچكىلى
تۇرغانىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ غالىبنىڭ ئالدىدىكى رومكىنى ئۇنىڭ-
غا بېرىپ، سىركايىغا بۇلدۇقشىتىپ قۇيغاندىن كېيىن ھاراقنى
ئىچىپ، خۇددى سۇ ئىچىپ قانغان ئاتتەك سىلكىنىپ قويدى.
ئابلىكىم جوجاڭنىڭ بۇنداق چاغلاردا لەتىپە سۆزلەشكە خېلى
ئىشتىياقى بار ئىدى. غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئابلىكىم
جوجاڭنىڭ لەتىپە، چاقچاقلىرىنىڭ كۇلكىلىك ياكى كۇلكىلىك
ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، يالغاندىن قاقاقلاپ كۇلۇپ كې-
تىشەتتى. شۇڭا، ئابلىكىم جوجاڭ ھاياجانلىنىپ كەلسە - كەل-

مەس لەتىپە، چاقچاقلارنى خېلى ئۇزۇنغىچە سۆزلەيتتى. بۈگۈن ئابلىكىم جۇجاڭ مەلىكەنى كۆرۈپ تېخىمۇ شاشلىشىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ توختىماي ھاراق ئىچكۈسى، لەتىپە، چاقچاقلارنى ئۈزۈلدۈرمەي سۆزلىگۈسى كەلمەكتە ئىدى.

شۇ چاغدا غالىب ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، سورۇننى ئاياغلاشتۇرماقچى بولغاندەك مۇنداق دېدى:

— ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەتە يەنە ...— ئابلىكىم جۇجاڭ غالىبنى سىلكىشلىۋەتتى.

— ئەجەب ۋاقىتنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپسەنغۇ، بۈگۈن قانغۇدەك ئوينايمىز، ئەتىنىڭ گېپىنى ئەتە قىلىمىز، يامىنى كەلسە ھەممىڭگە ئەتە بىر كۈنلۈك رۇخسەت بېرىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭە، مەن تېخى سىزنى چارچاپ قالدىمىكىن دەپ، ئۇنداق بولسا تازا بىر ئوينايلى، — غالىب خۇشامەت بىلەن ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ ئالدىدىكى چاينى لىقلاپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا دېدى غالىب، ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ بۇنداق چاغدا نېمىگە خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، بايىقى گۇناھىنى يۇيماقچى بولغاندەك، — ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ بىر نەچچە لەتىپىسىنى ئاڭلىمادۇق. — سورۇندىكىلەر «ئاڭلايلى، ئاڭلايلى!» دېيىشىپ چاۋاك چېلىپ قويدى. قىزلارمۇ غالىب ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ توختىماي تانسىغا تارتىۋېرىشىدىن زېرىكىپ كەتكەن بولغاچقا، لەتىپە ئاڭلىغاچ دەم ئېلىۋالىدىغان بولدۇق دەپ خۇش بولۇپ رەسمىي چاۋاك چالغانىدى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ھاياجانلانغان ئابلىكىم جۇجاڭ گېلىنى قىرىۋەتكەندىن كېيىن ئاۋازىنى سەل يۇقىرى چىقىرىپ لەتىپە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆيىگە چالا مەست قايتىپ كەلگەن بىرسى خوتۇنىدىن سوراپتۇ:





— خوتۇن مەن سىرتلاردا ئاشنا تۇتۇپ قالغان بولسام توغرا چۈشىنەمتىڭ؟

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ئوغرى، ئەگەر ئاشۇنداق ئىشىڭنى سېزىپ قالىدىغان بولسام مەندىن ياخشىلىق كۆرمەن دەپ ئويلىما، — ئايالى غەزەپ بىلەن چالۋاقاپتۇ.

— ئەگەر مەن، — دەپتۇ ئېرى كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا كىرگەندىن كېيىن پۇشۇلداپ تۇرۇپ، — سەن ئېزىپ-تېزىپ شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ قالساڭمۇ توغرا چۈشىنەتتىم، چۈنكى ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە.

شۇ چاغدا ھېلىقى ئايال، — ئابلىكىم جۇجاڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزى خىرىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قاراپ توۋلاپتۇ:

— كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن چىقىۋېرىڭ، ئېرىم توغرا چۈشىنىدىكەن.

سورۇندا كۈلكىدىن قىقاس كۆتۈرۈلدى. مەلىكە ۋە قىزلارمۇ غالىب بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىغا ئەگىشىپ چۇرقىرىشىپ كۈلۈپ كەتتى. پەقەت قاسىم مۇھەممەتلا ئاللىقانداقتۇر مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان ئادەمدەك بۇرۇقتۇرۇم بولۇپ يالغان كۈلۈپ ئولتۇراتتى. باشقىلارنىڭ كۈلكىسىدىن تېخىمۇ ھاياجانلانغان ئابلىكىم جۇجاڭ لەتىپە سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ شۇ ئارىلىقتا يېرىم سىركاي ھاراق ئىچىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.

— بىر كۈنى بىر ئاداش ئۆزىچە خوتۇنىغا بىر تېپىشماقنى ئېيتىپ تاپقۇزماقچى بوپتۇ، ئۇ تېپىشماق مۇنداقكەندۇق.

مەن ئۈستىدە،
ئۇ ئاستىدا پىلتىڭلايدۇ،
يەمچۈكۈمنى يېسە ئېلىنار
تۇمشۇقىدىن،

شۇ چاغدا مەن خۇش بولىمەن،
ئۇ يىغلايدۇ.

شۇ چاغدا ھېلىقى ئاداش خوتۇنىغا تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى
تاپىماسمەن، دېگەندەك ھېجىيىپ قاراپتىكەن، خوتۇنى كاچىتىغا
بىرنى سېلىپ، قۇلىقىنىڭ تۇۋىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ. ئەس-
لىمي ئۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى «بېلىق تۇتۇش» ئىكەندۇق، خوتۇ-
نى ئۇنى باشقىچە چۈشىنىپ قېلىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا ئۇرغان
گەپكەن ئەمەسمۇ، يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئابلىكىم جوجاڭ يەنە
بىر نەچچە لەتىپە سۆزلىدى، ئۇ لەتىپىلەرنىڭ بەزىلىرى ئېغىزغا
ئالغۇسىز شۇنداق لاۋزا لەتىپىلەر بولسىمۇ باشقىلار خۇشامەت
يۈزىسىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ قويىدى. ئارىلىقتا قاسىم مۇھەم-
مەت ئابلىكىم جوجاڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر پەدە ئۇسسۇل
ئويناپ بەرگەندىن كېيىن يەنە ئازراق ئىچىلدى. بۇنداق چاغلاردا
قاسىم مۇھەممەتنى مەلىكە كونترول قىلىپ تۇرمىسا ھاراقنى
كۆپ ئىچىۋېلىپ، قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ قوياتتى، شۇڭا
مەلىكە ئۇنى داۋاملىق كونترول قىلىپ تۇراتتى. قاسىم مۇھەم-
مەت مەلىكەنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنسىمۇ، لېكىن ئىچ - ئى-
چىدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتەتتى.

شۇ كۈندىن كېيىن قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەنىڭ
مەكتەپ ۋە سەيپۇڭخانىسىنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كەت-
تى. بولۇپمۇ ئابلىكىم جوجاڭنىڭ مەلىكەنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى
ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ يۈرۈشتۈرۈۋەتتى. ئاشۇ ئولتۇرۇش
بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئابلىكىم جوجاڭ قاسىم مۇھەممەت
بىلەن مەلىكەنى ئالاھىدە ئىزدەپ كەلدى. بۇ چاغدا قاسىم
مۇھەممەت توپ مال سېتىش بازىرىغا رەخت ئەكەلگىلى
كەتكەنىدى.

مەلىكە ئابلىكىم جوجاڭنى ئايرىم ئىشخانىغا باشلىدى. ئاب-





لىكىم جوجاڭ قاسىم مۇھەممەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئازادىلىك ھېس
قىلدى.

— ھە، ئىشلىرىڭلار قانداقراق؟ — ئۇ مەلىكە ئالدىغا قوي-
غان پىيالىدىكى چاينى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن،
تاماكىدىن بىرنى ئاغزىغا قىستۇرۇپ سورىدى.

— سىزنىڭ ئاتىدارچىلىقىڭىزدا يامان ئەمەس.

— قاسىم مۇھەممەت بىر يەرگە كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— مالغا كەتكەن، سىزنىڭ كېلىدىغانلىرىدىن خەۋىرى
بولمىغاچقا...

— ھېچقىسى يوق، ئۇ بولمىسا سىز باركەنسىزغۇ، مېنىڭ،
ھازىر چۈش بولۇپ قالغىلى تۇردى. بىزنىڭ ئاۋۇ پىكاپ بىلەن
ئوبدانىراق بىر يەرگە بېرىپ تاماق يەپ كېلەيلى.

— مۇشۇ ئىشىك ئالدىدىمۇ ئوبدان ئاشخانا بار، بولمىسا
مۇشۇ يەردىلا يېمەمدۇق.

— بۇ يەردىكى ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىنى مەن بىلىمەن،
تاماقلىرى ئانچە ياخشى ئەمەس، مېنىڭ، مەن سىزنى نوچى بىر
ئاشپۇزۇلغا ئاپىرىپ مېھمان قىلىپ كېلەي.

— ۋاي، بىز سىلىنى مېھمان قىلماقتا يوق، بۇنداق قىلساق
قانداق بولار.

ئابلىكىم جوجاڭ مەلىكەنىڭ ئۇناش - ئۇنىماسلىقى بىلەن
كارى بولماي، ئۇنى ھە - ھۇ بىلەن پىكاپقا سېلىپ ئېلىپ
كەتتى.

شەھەر سىرتىدىكى ئىككى قەۋەتلىك بۇ ئاشخانا شەھەردىن
خېلىلا يىراق بولغىنىغا قارىماي ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئالدى-
راشچىلىقتا پۇتى يەرگە تەگمەي قالغان مۇلازىمەتچىلەر كىرىپ
چىقىۋاتقان خېرىدارلارغا «كېلىڭ» ، «خوش» دېيىشكىمۇ ۋاقىت
چىقىرالمايتتى. بىراق، ئۇلار ئابلىكىم جوجاڭنى كۆرۈپ باشقىچە

جانلىنىپ كەتتى. خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن دادىسىنى كۆرگەندەك ئۇنى خۇشامەت بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە باشلىدى. ئاڭغىچە ئاشخانا خوجايىنىمۇ ئارام ئېلىۋاتقان ئىچكى خانىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئابلىكىم جۇجاڭ بىلەن مەلىكەنى ئالاھىدە بېزەلگەن ئايرىمخانىغا باشلىدى. سېمىزلىكىدىن يۈز - قوللىرى پارقىراپ كەتكەن ئاشخانا خوجايىنى ئۆزىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ ئالدىدا نەچچە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئاشخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتتى.

ئايرىمخانىغا لۆم - لۆم كارىۋاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان خۇرۇم سافالار قويۇلغان بولۇپ، تام، دېرىزىلىرىگە ئېسىل رەختتىن پەردىلەر تارتىلغانىدى. ئايرىمخانىنىڭ ئىچى يېشىل، قىزىل چىراغلار بىلەن غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئاشخانا خوجايىنى بىر يەرنى بېسىۋىدى، ئۆينىڭ ئىچى لاپپىدە قىلىپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى.

— بۇ يەردە مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تائاملىرى بار، قەدىمىي ئۇسۇلدا پىشۇرۇلغان غاز، ئۆردەك، بېلىق كاۋاپلىرى، پاخلان گۆشىدىن قىلىنغان پۈتۈن ۋە زىخلىق كاۋاپلار، تونۇر گۆش قاتلىمىسى، قېرىنىغا تىقىپ پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشى، يەنە ئۆزگىچە تەم بىلەن پىشۇرۇلغان ئوغلاق، ياۋا توشقان، ئۈلا، قىرغاۋۇل، باچكا، كەپتەر، بۆدۈنە دېگەنلەرنىڭ كاۋاپلىرى تېپىلىدۇ. ھەممىسى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى يەيدىغان تاماقلار، بۇرۇنقى قېرىلىرىمىز نېمانداق سەكسەن ياشقا كىرگەندە ئون سەككىز ياشلىق قىزنى ئېلىپ، پاقلاندەك بالا تاپىدىكىن دېسەم، يەيدىغانلىرى نوچىكەن ئەمەسمۇ، ھازىرقى ياشلىرىمىز پىۋىنى ئۆلگۈدەك ئىچىپ، كەچكىچە سېرىق ئاش بىلەن ئاشلەڭپۇڭ يېگەچكە، كېچىسى خوتۇنلىرىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ.





ئابلىكىم جۇجاڭ ئالدىغا ئالاھىدە دەملەپ كەلتۈرۈلگەن دورىلىق چاينى گۆپۈلدىتىپ ئىچىپ تۇرۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ھاياجان بىلەن سۆزلىدى. ئاڭغىچە بايا ئۇ تىلغا ئالغان تائاملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلتۈرۈلدى. مەلىكە ئابلىكىم جۇجاڭدا باشقا يامان نىيەت ئويغىنىپ قالمىسىتى دەپ قورقۇمسىراپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بىردەم يەپ ئىچكەندىن كېيىن چىرايلىق كومزەكلەردە زەبىب، مۇسەللەس كەلتۈرۈلدى. باياتىن بېرى قارنى يېرىلغۇدەك يېگەن ئابلىكىم جۇجاڭ، قىپقىزىل ياغاچ تاۋاقتا زىبىب قۇيۇپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن مەلىكەگىمۇ زورلاپ ئىچكۈزمەكچى بولدى. بىراق، مەلىكە مەن بۇنداق نەرسىلەرنى ئىچىپ باقمىغان دەپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. ئابلىكىم جۇجاڭمۇ ئۇنىڭغا ئانچە زورلاپ كەتمىدى.

ئابلىكىم جۇجاڭ زەبىب، مۇسەللەسلەردىن يەنە بىر نەچچە تاۋاق ئىچكەندىن كېيىن ئۆپكىدەك قىزىرىپ، گېپى كۆپىيىپ قىلىق چىقارغىلى تۇردى. ئۇ مەلىكەگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆيىنى چىقارغىلى تۇردى.

— مەلىكە، سىز نېمانداق مەززىلىك پۇرايسىز، ھېلىقى كۈنىمۇ، سىز بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ، مەززىلىك پۇرىقىڭىزدىن شۇنداق ھۇزۇرلاندىم، — ئۇ مەلىكەنىڭ قولىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سىلاشقا باشلىدى. مەلىكە بۇنداق چاغدا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا باشقىچە ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولدى.

— ھە، بۇدا ئالغان ئەتىرىمنىڭ پۇرىقى يامان ئەمەسكەن.

— ئۇنى قانداقمۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى دېگىلى بولسۇن، بىزنىڭمۇ بىلگۈچىلىكىمىز بار. ئۇ دېگەن سىزدەك چىرايلىقلاردىن كېلىدىغان پۇراق، — مەلىكە يالغانلاردىن قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۇستىلىق بىلەن ناز قىلىپ قويدى.

— قۇۋلىقىنى، يائاللا، سىزنىڭ بۇ سەت بۇرۇنلىرىڭىز ئاياللارنىلا پۇراشقا يارىلىپتىكەن - دە، — مەلىكە ئەركىلىگەندەك ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ بۇرنىغا بوش نوقۇپ قويدى.

مەلىكەنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ، نازلىق جىلۋە قىلىشى ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ چاڭقىغان يەرلىرىنى چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە تاقىلدىتىۋەتتى. ئەمدى ئۇ ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا مەلىكەنىڭ بەل، يوتا ۋە كۆكسىلىرىگە قول سىلىشقا باشلىدى. خۇددى مەلىكەنى چايناپ يەۋېتىدىغاندەك ئۇنى قاماپ تۇرۇپ نەچچىنى سۆيۈۋالدى. مەلىكە ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويسا تېخى بولمايتتى. شۇڭا، مەلىكە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن تاكتىكا ئارقىلىق ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدى.

مەلىكە دائىم سەيپۇڭخانىسىدىكى قىزلارغا مۇنداق دەيتتى: «بەزى ئەرلەر ئۇستۇرا كاپقا، ئاياللار لاپقا، دېگەن گەپكە ئامراق، ئەمەلىيەتتە بۇ گەپ ئەرلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ تازا ماس كېلىدۇ».

بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ گېپى بويىچە ئىش كۆرمەكچى بولدى. مەلىكە ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ قىلىقلىرىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ يۈرمەي، خۇددى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغاندەك ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىنى سىلاپ، ئەركىلىتىپ قويدى. مەلىكەنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان ئابلىكىم جۇجاڭ خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك قۇتراپ مەلىكەگە تاشلانماقچى بولدى، لېكىن مەلىكە ئۇنى بەزلەپ تۇرۇپ ئاستا - ئاستا ئەيۋەشكە كەلتۈردى.

— سىز ھېچنەرسە كۆرمىگەن كىچىك بالا ئەمەسقۇ، ئالدىمىزدا داستىخان تۇرسا، بۇنداق قىلىشىپ كەتمەيلى، بۇ يا مېھمانخانا بولمىسا...





بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابلىكىم جۇجاڭ ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى، شۇڭا ئۇ سەل پەسكويغا چۈشۈپ، بوش ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— خاپا بولماڭ جۇمۇ، مەن ھېسسىياتىمنى باسالماي قاپتىمەن.

— سىزدە بار ھېسسىيات مەندىمۇ بار، — ئۆز تاكتىكىسىنىڭ تېزلا ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن خۇش بولغان مەلىكە ئابلىكىم جۇجاڭنى بەزلەپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— ۋاقىت دېگەن تېخى ئۇزۇنغۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، مۇنداق گەپلىرىڭىز بولسا، بىزمۇ ئالدىراپ قاسقانغا دۈم چۈشىدىغانلاردىن ئەمەس، — ھاياجانلانغان ئابلىكىم جۇجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغقا تولدۇرۇپ زەبىب قۇيغاندىن كېيىن، ئۆرە تۇرۇپلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

## 25

گۈلشەن ئاخىرى قەيسەر بىلەن توي قىلىدىغان بولدى، ئۇ ئارىلىقتا ئامالسىز قەيسەر بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشتى. مۇرات ئىچكىرىگە بېرىپ تىجارەت قىلىمەن دېگەن بىر گەپ بىلەن لېيەندىن يوقالدى. دېمىسىمۇ ئۇ گۈلشەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى مۇناسىۋەتنى بىلگەندىن كېيىن، لېيەندىكىلەرنىڭ يۈزىگە قارىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مۇراتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان گۈلشەن نەچچە كېچە يىغلاپ چىقتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىتە تەقدىرى ۋە كاج تەلىيىدىن يىغلاۋاتاتتى.

گۈلشەننىڭ تويى بولىدىغانغا بىر ھەپتە قالغاندا لېيەندە تو-

يۇقسىز مەلىكە سەتەڭنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى گەپ يەنە چىمەن ۋىت ـ ۋىت ۋە خەلچەم قونچاقلارنىڭ غەيۋەت تېمىسىغا ئايلاندى.

— ھەي خوتۇنلار، مەلىكە سەتەڭنى يەنە پەيدا بولۇپ قاپتۇ دەيدىغۇ، تۇۋا، قېرىماسىنىڭ دورىسىنى يەۋالغاندەك، كىچىك قىزلاردەكلا تۇرۇپتۇ دەيدىغۇ ئۇنى، — بۇ چىمەن ۋىت ـ ۋىتنىڭ ئاۋازى ئىدى:

— مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كۆردۈم، تۇۋا خۇدايىم، تونۇمايلا قاپتىمەن، ئۆزىمغۇ سەتەڭ نەرسىدى، ئەمدى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتىغۇ تاڭ، شەھەر دېگەنغۇ خوتۇن خەقكە ياغدەك ياقىدىغان ئوخشايدۇ، — بۇ خەلچەم قونچاق ئىدى.

— ۋاي، ۋۇي، سەن قونچاقنىڭ كۆزىڭىغۇ ئالۋاستىمۇ ئاي كۆرۈنىدۇ، گەپ قىلمىسا جەننەتنىڭ پەرىشتىسىدەكلا كۆرسەتكىلى تۇردۇڭغۇ ئۇنى. ئەسلىغۇ بىزدىنمۇ قېرى نەرسە ئۇ، — چىمەن ۋىت ـ ۋىت خەلچەم قونچاققا رەددىيە بەردى.

— يالغان بولسا كۆرۈپ باقە، ھازىر ئۇ سېنىڭ قىزىڭدەك تۇرىدۇ.

— ھەئە، ئۇ مېنىڭ نەۋرەم بولۇپ قالمىسۇن يەنە، سەن قېرى قونچاقىڭغۇ ھەممە ئادەم ئۆزۈڭدەك قېرى كۆرۈنىدۇ، ئۆزۈڭ قېرى بولغاندىكىن مەلىكە كۆزۈڭگە كىچىك كۆرۈنۈپ كەتكەندۇ، — چىمەن ۋىت ـ ۋىت يېشى چوڭايغانسېرى تەن قويۇپ سەمرىپ، ئىرغاڭلاپ ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا تەن بەرمەي، ئۆزىنى ياشتا چوڭ كۆرسىتىدىغان بىرەر ئېغىز گەپ چىقىپ قالسىلا جېدەل چىقىرىمەن دەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان خەلچەم قونچاق ئەمدى يەنە گەپ قىلسا ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ، ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمىدى.





تۇراخۇن دۇكانچىنىڭ دۇكىنىدىكى ئىچەرمەنلەر ئارىسىدىمۇ مەلىكە سەتەڭ ھەققىدە گەپ بولۇۋاتاتتى. ھازىر تۇراخۇننىڭ دۇكىنىدا كۆپ ئۆزگىرىش بولغانىدى. بۇرۇنقى سوقما تاملىق پاكار دۇكاننىڭ ئورنىدا خىش بىلەن كۆتۈرۈپ سېلىنغان، چاقچۇقلۇق، سۆلەتلىك بىر دۇكان قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. دۇكاننىڭ پوكەي ئىشكاپلىرىمۇ ئالىيۇمىن جازىلىق ئەينەكلىك ئىدى. دۇكاننىڭ ئىچىگە چىرايلىق سافا ۋە شىرەلەر قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، كونا ئىچەرمەنلەردىن ئالىم دۇمبا بىلەن كامىل گىرىلا قالغانىدى. ھازىر بۇ دۇكاننى كۆپ ھاللاردا تۇراخۇننىڭ ئوغلى نۇراخۇن ئاچاتتى.

ئالىم دۇمبا بىلەن كامىل گىرى ياش باللار بىلەن ئۇلپەت بولۇپ ئىچىۋېرەتتى. بۇگۈنمۇ بۇ دۇكاندا شۇنداق بىر سورۇن ھازىرلىنىپ، كامىل گىرى ساقىيلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ يەردىمۇ گەپ يەنە مەلىكە ھەققىدە كېتىپ باراتتى.

— مەلىكە سەتەڭ ئاشۇ چاغلاردا مانا ماڭا كۆيۈپ قالغان، ئالامەت چاغلىرىمىز ئىدى ئۇ، مەن مۇشۇ لىيەننىڭ ئەڭ نوچى كېلىشكەن يىگىتلىرىدىن ئىدىم. بىز ھازىرقىدەك بۇنداق بولۇمسىز كامىل گىرى ئەمەس ئىدۇق. ھەرقانداق يەرگە بارساق مانا مەن دېگەن سەتەڭنىڭ كۆزى مەندە ئىدى، — ئۇنىڭ گېپىنىڭ يالغانلىقىنى ئالىم دۇمبا بىلسىمۇ، بۇ يەردە ئولتۇرغان باشقا ياش باللار ئىشىنىپمۇ قالاتتى.

— ئۇ، بىز ھازىر گېپىنى قىلغان مەلىكەنىڭ 15 ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىغۇ دەيمەن، تۇيۇقسىز نىياز كاللەكنىڭ ئۆيىگە پەيدا بولۇپ قالدى. پاھ، پاھ بۇ گۈي خۇددى قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسى ئىدى. باللارنىڭ ھەممىسى نىياز كاللەكلەرنىڭ ھويلىسىنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان بولدى. ئالىم دۇمبامۇ مەستچىلىكتە نىياز كاللەكنىڭ ئىشىك ئالدىغا بېرىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن

نەچچە قېتىم تاياق يېگەنىدى.

هاراقنى تولا ئىچمۇېرىپ، يېشى چوڭايغانسېرى ياۋاشلىشىپ، مۆڭگەكلىشىپ قالغان ئالىم دۇمبا ئەمدى كامىل گىرى بىلەن ئانچە تاكاللاشمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ نېمە دېسەڭ دېمەمسەن، ئىش قىلىپ ماڭا هاراق بېرىپ تۇرساڭلا بولدى دېگەندەك هىجىيىپ ئولتۇراتتى.

— گېپىم راستمۇ يا، دۇمبا، — كامىل گىرى بىر رومكا هاراقنى بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ ئالىم دۇمباغا تەڭلىگەندىن كېيىن شۇنداق دەپ سورىدى. خېلىدىن بېرى ئۆزىگە هاراق كەلمەي تەشنا بولۇپ تۇرغان ئالىم دۇمبا: — شۇنداق، شۇنداق، — دېگىنىچە رومكىنى ئىتتىك قولىغا ئېلىپ، خوشمۇ دېمەي كۆتۈرۈۋەتتى. كامىل گىرى ئالىم دۇمبانىڭ قولىدىكى رومكىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن پو ئېتىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى يېرىم كېچىدە نەگە باردىم، — كامىل گىرى بېشىنى قاشلاپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋام قىلدى، — ئىش قىلىپ بىر يەرگە بېرىپ قولاق مىدىرلىغۇدەك ئىچىپ، تازا پەيزى بولغاندىكىن «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» نى ئېيتىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، شۇ كېچە كۈپكۈندۈزدەكلا هەممە يەر يوپيورۇقلا ئىدى. ئەنە شۇ «مەسلىھەت كۆۋرۈك» كە كەلگەندە ئالدىمدا پەرىشتىدەك بىر قىز تۇرىدۇ، مەن ئالدىمغا يا كەينىمگە مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم، مەستچىلىكتە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتامدۇ نېمە دەپ ئۆزۈمنى چىمداپمۇ باقتىم، چۈشۈم بولۇپ قالمىسۇن دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ئېچىپ باقتىم، قارىسام ئۇ پەرى يەنە ئالدىمدىلا تۇرىدۇ، مۇشۇ مەسلىھەت كۆۋرۈكى شەرتلىك دەۋاتقان، ئالدىمدا پەرىدەك تۇرغىنى جىن بولۇپ قالمىسۇن يەنە، مۇشۇ خىيال بىلەن تەڭ پېشانەمدىن پۇرىدە مۇزدەك تەر چىقتى. يۈرىكىم سىيلىپ نېمە قىلارىمـ





نى بىلەلمەي قالدىم. كۆلىسەڭغۇ دۇمبا، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ بۇ لىيەندە جىن دېگەن ساماندەك ئىدى. «لائىلاهە ئىللەللاھۇ» ، مەستچىلىكتە ئىمان ئېيتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قاپتىمەن، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭاي دەپمۇ پەقەتلا ماڭالمىدىم، پۇتۇم يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەكلا قىلاتتى. شۇ چاغدا هېلىقى جىن ئالدىمغا كېلىپ:

— كامىلكا، بۇ مەن، مەن سىزنى ساقلاۋاتقىلى نەچچە سائەت بولدى، — دېمەسمۇ، راست گەپنى قىلسام، قورققىنىمدىن جالاقلاپ تىترەپ تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قارا تەرگە چۈمۈلدۈم، قىز ئالدىمغىلا كېلىپ قالدى.

— ماڭا يېقىنلاشما، — مەن قورقۇپ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويغاچقا شۇنداق دەپ ۋارقىرىۋېتىپتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسىز، مەن مەلىكە، پىراقىڭىزدا كۆيۈپ ئۆلەي دېدىم، — دەپ ئەركىلەپ تۇرۇپ يۈز كۆزۈمگە شۇنداق تاتلىق سۆيۈپ كەتتىكى، بايىقى قورقۇنچلىرىم بىراقلا يوق بولۇپ كەتتى. بوپتۇلا جىن دېگەن مۇشۇنداق ئوبدان بولىدىغان بولسا، دەپ باغرىمغا بېسىپ شۇنداق سۆيۈپ كېتىپتىمەنكى ...— كامىل گىرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان گېپىنىڭ ئايىغى چىقماستىنلا سورۇندىكى باللار ئالىم دۇمبانىڭ باشچىلىقىدا پاراقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەلىكە سەتەڭنىڭ لىيەنگە كەلگەنلىكى راست ئىدى. مەلىكەنى نىياز كاللەك، تۇرنىسالارمۇ باشتا تونۇماي قالدى. دېمىسىمۇ مەلىكە رەسمىيلا تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ زىلۋالىشىپ، سۇزۇلۇپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى تونۇماق هەقىقەتەن تەس ئىدى. گۈلشەن ئۆزىنىڭ ئەلنىياز چوڭ دادىسىغا خوتۇن بولغان مەلىكەنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ چىرايلىق چوكان ئىكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنمەيـ

ۋاتاتتى. مەلىكە نىياز كاللىكلەر قانداق ئېچىشنىمۇ بىلمەيدىغان يوغان ئىككى چامىداندا لىققىدە سوۋغا - سالاملار ئېلىپ كەلگەندى. ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈلشەننىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالاھىدە شۇ توي ئۈچۈن كەلگەندى. مەلىكە نىياز كاللەك بىلەن تۇرنىسانى كۆرۈپ خۇددى ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەندەك ئۇلارغا ئېسىلىپ يىغلىدى. تۇرنىسامۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. بىر چەتتە قاراپ تۇرغان گۈلشەنمۇ نېمىشقىكىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ ياش تۆكتى. ئۇ مەلىكەنىڭ بۇنچىۋالا ياش، چىرايلىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى.

شۇ كۈنى نىياز كاللەكنىڭ ئۆيى بايرام شادلىقىغا چۆمدى. مەلىكە ئۇلار ئۈچۈن نۇرغۇن سوۋغا - سالام ئەكەلگەندىن باشقا سىلەر مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تۇغقانلىرىم، ئەينى چاغدا سىلەر ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان دەپ، بەش مىڭ سوم نەق پۇل قويۇپ قويدى. بۇ ئالتە ئوغلىنىڭ بىرەرسىنىمۇ تېخى ئۆيلىمىگەن نىياز كاللەكنى بەك خۇش قىلىۋەتتى. شۇ چاغدا مەلىكە نىياز كاللەكنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ چىرايلىق، تېخىمۇ لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى.

مەلىكەنىڭ ليەنگە كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغاندا مەلىكە ھەققىدىكى راست، يالغان پاراڭلار بېسىقىپ قالدى. مەلىكە كەلگەندىن بېرى گۈلشەن بىلەن بىر ئۆيدە يېتىۋاتاتتى. گۈلشەن دەسلەپكى كۈنلىرى مەلىكەدىن سەل تارتىنىپ كۆپ گەپ قىلماي، مەلىكەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ جىم ياتقانىدى. نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ئاستا - ئاستا خۇددى ئۆز ئاپىسىدەك كۆرۈپ قالدى. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ بىر ئۆيدە يېتىۋاتقىنىغا ھەپتە بولۇپ قالدى. مەلىكەمۇ تېخى ئانا بولۇش شەربىتىگە ئېرىشەلمىگەچكە، گۈلشەننىڭ شۇنداق چىرايلىق قىز بولغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. بۇ قىز قانداقلىكىم بولمىسا جۇماخۇننىڭ قى-





زى، جۇماخۇن بىلەن مەلىكەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنتۇلماس ھايات خاتىرىلىرى قېلىپ قالغان، شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە تىندۇرما بولۇپ كەتكەن ئانىلىق مېھرى بولدۇقلاپ كۆۋجەشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى يىتتۈرۈۋەتكەن قىزىنى تېپىۋالغان ئانىدەك گۈلشەننى ئەركىلىتىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى. گۈلشەن يېقىندىن بېرى ئانىسىنى سېغىنىپ قالغانىدى. ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەي ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ھەپتە بۇرۇن ئۇ تۇرنىسا بىلەن ئانىسى ھەققىدە پاراڭلاشقانىدى.

— ئاپامنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ قالغاندۇ؟ ئەگەر ئاپام ئاز - تولا ياخشى بولۇپ قالغان بولسا يۇرتتىكى تۇغقانلار بىلەن كېلىپ، تويۇمنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بەرگەن بولسا بولۇپتىكەن، — ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدىغان گۈلشەن شۇ كۈنى مۇڭلۇق ئاۋازدا شۇنداق دېگەنىدى.

— نىياز چوڭ دادىڭىز ئۇلۇشكۈن تۇغقانلارغا تېلېفون ئۇرۇپتىكەن، ئاپىڭىزنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، مەخسۇس بىر ئۆيگە سولاپ بېقىۋاتىمىز، يېقىن - يىراققا ئاپىرىش مۇمكىن ئەمەس دەپتۇ، — تۇرنىسا گۈلشەنگە شۇنداق دېگەنىدى. گۈلشەن ئۆزىنىڭ ئاپىسى بىلەن كەتمەي نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە قېپقالغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. «راست مەن بۇ يەردە نېمە دەپ قېپقالغان بولغىيدىم؟ مەن مۇراتنى، مۇرات ئاكامنى دەپ قالغانىكەنمەن - دە. توۋا، ماۋۇ خەقنىڭ تاپقان گېپىنى، مەن ئاشۇ ئەيسا كاسسىرنىڭ قىزىمۇ؟ ياق، ياق، ئاپام ھەرگىز ئۇنداق ئايال ئەمەس، خەق دېگەن نېمە گەپلەرنى تاپمايدۇ، ئەيسا كاسسىرمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئېسىل ئادەم تۇرسا، ئۇنداق پەسكەشلىكنى قىلامتى». گۈلشەن كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمىگەن چاغلاردا ئەنە شۇنداق خىياللارنى قىلاتتى. تۇرلۇك - تۇرلۇك توقۇنۇشلۇق مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالماي چارچاپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەت-

تى. كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى، غەملىرىنى كىمگىدۇر سۆزلەپ بېرىپ، ئىچىگە پاتماي قالغان ھەسرەت پىغانلىرىنى تۆكمەكچى بولاتتى ـ يۇ، لېكىن مۇۋاپىق ئادەم تاپالماي قىينىلىپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇ مەلىكە كەلگەندىن كېيىن خۇددى ئانىسى ساقىيىپ قايتىپ كەلگەندەك خۇشال بولدى. مەلىكەنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھرىبانلىقى ۋە كۆيۈنۈشىدىن شامدەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى قەلبىدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى مەلىكەگە تارتىنماي ئېيتىشنى نىيەت قىلدى، ئۇلار نىياز كاللەكنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە ئايرىم يېتىۋاتقان بولغاچقا، ئۇلارغا كەڭ كۇشادە سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى.

— ھەدە، سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى. دېسەم بولارمۇ؟ — گۈلشەن نېمىدىندۇر قورقۇۋاتقان ئادەمدەك بوش پىچىرلىدى.

— قانداق گېپىڭىز بولسا قىلىۋېرىڭ قىزىم، خالىسىڭىز سىز مېنى ھەدە دېمەي، ئاپا دېسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، — مەلىكە مەستلىكى كەلگەندەك گۈلشەننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

— مېنىڭ ياتلىق بولغۇم يوق ئىدى.

— نېمىشقا؟ — مەلىكە گۈلشەننىڭ نېمە ئۈچۈن غەمكىن يۈرىدىغانلىقىدا مەلۇم بىر سەۋەبى بارلىقىنى بىلگەندەك ئىتتىك سورىدى.

— مەن قەيسەرنى ياخشى كۆرمەيتتىم، — گۈلشەن خۇددى دۈرۈت ئوقۇۋاتقان ئادەمدەك مۈڭلۈق پىچىرلىدى.

— ئۇنداقتا باشقا ياخشى كۆرىدىغىنىڭىز بارمۇ؟

— بار ئىدى، بىراق، بىراق، مەن قىسمەتنىڭ بۇ غەلىتە چاقچاقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، — گۈلشەن بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە مەلىكەنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەلىكەگە مۇرات بىلەن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى يېپىدىن





يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. گۈلشەننىڭ بەزى قىسمەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مەلىكە گۈلشەننى باغرىغا باسقىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكتى.

— ئۇنداق بولسا مەن نىياز ئاكاملارغا دەي، بۇ تويىنى توختاتسۇن!

خېلى ئۇزۇنغىچە بۇقۇلداپ يىغلىغان مەلىكە مىشىلداپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— ياق، مەلىكە ئاپا، ئۇلارغا ھەرگىز بۇ گەپنى دېگۈچى بولماڭ، ئۇلار ئادىل لىيەنجاڭنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ، بۇ لىيەندە ئادىل لىيەنجاڭغا قارشى بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويغان ئادەممۇ ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىپ، بۇ تويىنى توختاتقان تەقدىردىمۇ نىياز چوڭ داداملارغا ياخشى كۈن يوق ···— بۇ گەپتىن كېيىن ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى.

بىر چاغدا مەلىكە تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى. تالا سۈتتەك ئايدىڭ بولغاچقا ئۆيىنى دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي شولىسى يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈلشەن مەلىكەنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بوش ئاۋازدا سورىدى.

— مەلىكە ئاپا، تالاغا چىقامسىز؟

— بولۇڭ قىزىم، سىزمۇ كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، مەن سىزنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىمەن، — گۈلشەن مەلىكەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە قەپەستەك تۇيۇلۇۋاتقان بۇ ئۆيدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن نەپەس ئېلىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا تېز ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ تېز ۋە چەبدەسلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا سەل ئەنسىرەپ قالدى. دالان ئۆيدە نىياز كاللەك بىلەن تۇرنىسا بار ئىدى. نىياز كاللەك-

نىڭ ئوغۇللىرى چايخانىنىڭ يېنىدىكى ئايرىم ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ياتاتتى. مەلىكە پۇل ۋە مۇھىم نەرسىلىرى بار قول سومكىسىنىلا ئېلىپ باشقا نەرسىلىرىنى ئالمىدى. ئۇلار دالان ئۆيگە چىققاندا سەگەك ياتىدىغان تۇرنىسا سورىدى:

— كىم؟

قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ دېگەندەك تۇرنىسانىڭ ئاۋازى مەلىكە بىلەن گۈلشەننى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلار يا ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى يا تالاغا چىقىپ كېتىشنى بىلەلمەي، بىر نەچچە سېكۇنت قاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا يەنە زېرەك گۈلشەن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ تېزلا جاۋاب بەردى:

— مەن، مەلىكە ئاپامنى تالاغا ئېلىپ چىقاي دېگەن.

— چىراغنى ياقساڭلارچۇ.

— بولدى، تالا ئايدىڭكەن.

مەلىكە بىلەن گۈلشەن لېيەندىن ناھايىتى تېزلا چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى ئورمانلىق بىلەن تاشيول تەرەپكە قاراپ ماڭدى، گۈلشەن لېيەندىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن لېيەن تەرەپكە قارىدى. ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ لېيەن ئۇنىڭ ئۈچۈن مېھرىبان بىر ئانىدەك بولۇپ تۇيۇلدى. مەلىكەمۇ گۈلشەننىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەچكە، ئۇنى لېيەننى قانغۇدەك كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك ئۇنىڭ يېنىدا جىمجىت تۇردى. لېيەن تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، كالا، قويلارنىڭ مۆرەپ، مەرەشلىرى، ئېشەكنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھاڭرىشى، قايسىدۇر بوۋاينىڭ قېقىلىپ يۆتىلىشى، ئويغىنىپ كەتكەن بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىشى ۋە يەنە ئاللىقانداقتۇر تاراق - تۇرۇقلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەنە قەيەردىندۇر چالا مەست بىر يىگىتنىڭ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئېيتقان ناخشىسىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.





ئامان بولسۇن ئامان بولسۇن،
دوستلارىم ئامان بولسۇن.
دوستلىرىمغا قەست قىلغان،
سارغايىپ سامان بولسۇن
.........................

ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ...

ناخشىمۇ شۇنداق مۇڭلۇق، شۇنداق تەبىئىي ئىدى. ناخشىنىڭ مۇڭى ئۇنىڭ قەلبىگە شېرىن ئەسلىمىلەرنى سېلىپ ئۆتتى. شۇڭا، گۈلشەننىڭ كۆز ئالدىدىن ئاتا - ئانىسى، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى مۇرات، قەيسەر ۋە لېيەندىكى بارلىق ئادەملەر بىر - بىرلەپ ئۆتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نىياز چوڭ دادىسى بىلەن تۇرنىسا چوڭ ئاپىسى كەلگەن چاغدا خۇددى گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغان ئادەمدەك لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قارىدى. نېمىشقىدۇر، ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلەپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— گۈلشەن، تېزرەك بولۇڭا، ئۇلار يەنە قوغلاپ كېلىپ قالمىسۇن، — مۇشۇ گەپتىن كېيىن گۈلشەن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— بوپتۇ، يىغلىۋېلىڭ، يىغىمۇ بەزىدە ئادەمگە، تەسەللى ۋە مەدەت بولۇپ قالىدۇ، — مەلىكەمۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا شۇنداق دېدى. گۈلشەننىڭ يىغىسى تۈن شامىلىدا شىلدىرلاپ تۇرغان قوناقلىقلارغا ۋە بىر خىل پەدىدە ناخشا ئېيتىپ تۇرغاندەك مۇڭلۇق شارقىراۋاتقان ئۆستەڭگە سىڭىپ، تەبىئەت بىلەن بىر گەۋ-

ده، بىر تەن بولۇپ كەتتى...

مەلىكە بىلەن گۈلشەننىڭ بىر كېچىدە يوقاپ كەتكەنلىكى لېيەندىكى غەيۋەتخورلارنىڭ يەنە بىر يېڭى تېمىسىغا ئايلاندى. تۇراخۇن دۇكانچىنىڭ دۇكىنىدا ئەتىگەندىلا بىر بوتۇلكىنى تىكلەۋالغان كامىل گىرى ئۆزىنىڭ بالىلىرىدەك ئۆلپەتلىرىگە يەنە پو ئاتقىلى تۇرغانىدى.

— ماۋۇ، ئاكامنىڭ ئوغلى دېگەن بەڭۋاش بارغۇ، كارامەت كاللىسى ئىشلىمەيدىغان بىر نەرسە بولدى.

— ئوغۇل بالا دېگەن تاغىسىنى دورايدۇ، سېنى دورىغان گەپ، — هازىر دۇكانغا كىرىپ موخوركا ئوراپ ئولتۇرغان ئالىم دۇمبا كامىل گىرىنىڭ چىشىغا تەگمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— قاچان كىرىۋالدى ماۋۇ دۇمبا، بۈگۈن ساڭا جان كىرىپ قاپتىغۇ، ئالدىنقى كۈنى كۆتۈرەلمىگەندىن كېيىن ئىچمە دېسەم ئۇنىماي، ئىچىۋېلىپ، خوتۇنىدىن تازا تاياق يەپتۇ بۇ دۇمبا، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، تولا ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقۇچە، خوتۇنۇڭنىڭ پايپىقىنى يۇيە، — كامىل گىرىنىڭ هارىقىنى ئىچىپ تاماكىسىنى چېكىپ كۆنۈپ قالغان بۇ باللار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. كامىل گىرى قولىدىكى سىركايىغا يېرىم هاراقنى قۇيغاندىن كېيىن گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قىينىلىپ تۇرۇپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە يېرىم سىركاي هاراقنى قۇيۇپ، ئالىم دۇمباغا هاراق بەرمەيمەن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان نىياز كاللەكنىڭ چوڭ ئوغلى تۇرغانغا تەڭلىدى.

— ئالە مانى كىچىك كاللەك، گۈلشەننى بىردەم مۇرانتقا، بىردەم قەيسەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگۈچە، ئۆزۈڭ خوتۇن قىلساڭ بولىدۇ، سەنمىغۇ داداڭدىنمۇ ئۆتە كالىنىڭ توققۇز تونلۇقىدەك





بىر نەرسە بوپسەن، — گەپنى ئاز قىلغان بىلەن هاراقنى كۆپ ئىچىدىغان تۇرغان كاللەك كامىل گىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا كۆنۈك بولغاچقا هىجىيىپ قويۇپ، سىركايىنى قولىغا ئېلىپ ئۈن - تىنسىز كۆتۈرۈۋەتتى.

— هە، راست، مەن نېمە گەپ قىلىۋاتاتتىم، توغرا، قەيسەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتىم. ئۇ سەل بوشاڭراق بالا بولۇپ قالدى، بولمىسا گۈلشەندەك قىز بالا دېگەننى ...— ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قەستەن يۇتۇۋېتىپ ئاغزىنى چاكىلداتتى، — بىز ياش چاغلىرىمىزدا ئاشۇ مەلىكە سەتەڭنى بولغىنىغا تويغۇزۇۋەتكەن ئوغۇل بالا ئىدۇق، — كامىل گىرى ئالدىدا تۇرغان بىر رومكا هاراقنىڭ كىمگە كەلگەنلىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، خۇددى شەربەت ئىچكەن ئادەمدەك ئاغزىنى تامشىتتى.

— بۇدا مەلىكە ماڭا گۈلشەننى ئۆزۈم ئەكېتىمەن، ئاڭلىسام ئاكاڭ ئۇنى كېلىن قىلماقچى بوپتۇدەك، ئاكاڭ بىلەنغۇ كارىم يوق، بىراق سېنى ئويلاپ قالدىم، لەقىمىڭ گىرى بولغان بىلەن ئوغۇل بالىچىلىقىڭ كۈچلۈك نەرسە، مەن كېسىپ ئېيتالايمەن، بۇ لېيەندىن ئەمدى سەندەك ئوغۇل بالا چىقمايدۇ، شۇڭا سەندىن مەسلىھەت سوراي دەپ قالدى، نېمىگە مەسلىھەت سورىماقچى ئىدىڭ، دېدىمەن ئۇنى سىلكىشلەپ، ئۇنى شۇنداق سەت سىلكىشلەپ تۇرساممۇ ماڭا يېپىشىپ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر؟ — گۈلشەننىڭ ئاكاڭنىڭ ئوغلىغا كۆڭلى يوقكەن، شۇڭا ئۇنى ئەكېتەي دەيمەن، — كامىل گىرىنىڭ بۇ قىپقىزىل يالغان گېپىدىن كۈلكىسى قىستاپ كەتكەن دۇكاندىكىلەر پاراقلاپ كۈلدى. كامىل گىرىمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ خېلى ئۇزۇنغىچە قېقىلىپ كەتكۈچە كۈلدى.

ئادىل لېيەنجاڭ نىياز كاللەكنى ئىشخانىسىغا ئەكىرىۋېلىپ

سوراقلاۋاتقىلى بىر سائەتتىن ئاشقانىدى.

— سەن تاغدەك بىر ئەر تۇرۇپ، ئۆيىڭدە ياتقان ئىككى قانجۇقنىڭ ئۆيىڭدىن قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟

— مەن ئۇلارنى ئوبۇرنىغا چىققان چېغى دەپتىمەن.

— خوتۇنىڭنى خەق ئېلىپ چىقىپ كەتسىمۇ تۇيماي ياتىدىغان ئوخشىمامسەن. بولدى، سەن بىلەن باشقا گەپلەرنى قىلىشقۇم يوق···.

شۇ چاغدا كېرىم «ساقچى» ئىككى يىگىتنى باشلاپ كىردى. كېرىم «ساقچى» نىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ساقچى كىيىمى مەينەتلىشىپ رەڭگىنى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ هازىرمۇ ئۆزىنى ھەقىقىي ساقچىدەك ھېسابلايتتى. ئۇ لىيەندىن چىقىدىغان ئاچالدىكى مەخسۇس سېلىنغان كىچىك ئۆيىدە خۇددى ھوشيار قاراۋۇلدەك لىيەندىكىلەرنىڭ دېھقانچىلىقتىن چىققان مەھسۇلاتلارنى لىيەننىڭ رۇخسىتىسىز سىرتقا سېتىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئادىل لىيەنجاڭ گېپىنى توختىتىۋالدى. ئۇ نىياز كاللەككە سەن تالاغا چىقىپ تۇر، دېگەندەك ئىشارەت قىلغانىدى. تۇگۇلۇپ قالغان نىياز كاللەك سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— تاشيول، ھەتتا يۇقىرى بازاردىكى بېكەتكىچە بېرىپ كەلدۇق، قارىغاندا ئۇلار خېلى بۇرۇن قېچىپ بولغان ئوخشايدۇ.

— ئاخشام سەن ئاچالدىن ئادەم ئۆتكەنلىكىنى كۆرمىگەنمۇ، قارىغاندا ئۇ كۆزەتخانا سېنىڭ ئارامگاھىڭغا ئايلىنىپ قالغان ئوخشىمامدۇ، خورەكنى دۆڭدەك تارتىپ تازا ئۇخلاپسەن دېگىنە.

— ئۇخلىمىغان، ئۇلار ئاۋۇ قوناقلىق تەرەپتىن قاچقان ئوخشايدۇ، — كېرىم ساقچى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ئازاب بىلەن گەدىنىنى قاشلىدى. ئۇ كۆپ يىلدىن بېرى لىيەنجاڭنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يېرىدىن چىقالىغاندا خۇشال بولۇپ، دېگەن





يېرىدىن چىقالمىغاندا ئازابلىنىدىغانغا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

— بولدى، ئەمدى ئىزدىگۈچى بولماڭلار، چىقىپ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى قىلىڭلار، — ئادىل لىيەنجاڭنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن كېرىم ساقچى خۇددى جەڭدىن يېڭىلىپ كېلىپ، گېنېرالدىن ئازار يېگەن جەڭچىدەك سالپايغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تالادا تۇرغان نىياز كاللەك يەنە ئادىل لىيەنجاڭنىڭ يېنىغا كىردى.

— سەن بىلەن قىلىشىدىغان باشقا گەپ يوق، سەن ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە بىز كىرگۈزگەن داستىخانلارنى قايتۇرۇپ بەر، بولدىلا، ئۇ ئىگىسى يوق قانجۇقنى كېلىن قىلمىغىنىمغا مەنمۇ خۇشال، — ئادىل لىيەنجاڭ شىرەنى چەككىنىچە بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە راست، سەن تەرگەن ئاۋۇ قارىسۇ بويىدىكى يۈز مو يەرنى بوز يەر ھېسابىدا ئېلىۋالغانمىدىڭ؟

— مەن ئېلىۋالمىغان ئۆزۈڭلار بەرگەنتىڭلارغۇ، — نىياز كاللەكنىڭ قانداقتۇر بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتتى.

— ھە، ئاشۇ خاتا بولۇپ قاپتۇ، ئوتتۇز يىلدىن بېرى تېرىلىپ كېلىۋاتقان بىرىنچى دەرىجىلىك يەر قانداقمۇ بوز يەر بولسۇن، بىزنىڭ ھۆكۈمەتنى ئالدايدىغان ھېچقانداق ھەققىمىز يوق، — ئادىل لىيەنجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ شىرەنى شاپىلاقلاپ قويدى. سەن ھېلىقى ئەيسا كاسىرنىڭ يېنىغا كىرىپ ھېسابىتىڭنى توغرىلىۋەت···

— ھە راست، قولۇڭدىكى ھېلىقى قويلارنى ناسىر مۇزاي باقىدىغان بولدى، بۇنى مېنى قىلدىمىكىن دەپ قالما، بۇ تۇەنبۇنىڭ قارارى، ناسىر موزاي قويلارنى سەندىن ئۆزى تاپشۇرۇۋالىدۇ، — شۇ چاغدا ئىشخانىغا ناسىر موزاي سۆزلىگىنىچە كىرىپ

كەتتى.

— ھەي، ماۋۇ خەقنىڭ باشقا ئادەم تاپالمىغاندەك نىياز كاللەك بىر ئوبدان بېقىۋاتقان قويلارنى ماڭا يۆكلەپ قويغىنىنى قارىمامدىغان، ئۇ كاللەك ھېچيەردە يوققۇ، ئۆستەڭگە چۈشۈپ داڭگالدەك ئېرىپ كەتمىگەندۇ.

ناسىر موزاي ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ياندا تۇگۇلۇپ ئولتۇرغان نىياز كاللەكنى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، ماۋۇ كاللەك بۇ يەردىكەنغۇ، نېمانداق تۇگۇلۇپ قالدى بۇ، مەلىكە سەتەڭ ئۆيىڭنى بۇلاپ مېڭىپتۇ دەۋاتاتتى، ئەرزگە كەلمىگەنسەن، يائاللا، ئەينى چاغدا ئەلنىيازكامنىڭ كاللەك - كاللەك ئالتۇنلىرىنى بۇلاپ قاچقان سەتەڭ، سەن كاللەكنى ئوڭدا قويماي قالامدۇ، ھەي كاللەك، ھەي كاللەك سەنمىغۇ، سەتەڭنى كۆرسەڭ پەيزىڭنى چىقىرىدىغان نەرسە، — ناسىر موزاي گەپنىڭ ئايغىنى چاقچاققا ئايلاندۇرۇپ خىرىلداپ كۈلدى. باشقا چاغلاردا بولغان بولسا نىياز كاللەكمۇ بوش كەلمەي چاقچاقتىن بىر نەچچىنى كەلتۈرگەن بولاتتى. بىراق، بۈگۈن كەيپىياتى ياخشى بولمىغاچقا ناسىر موزايغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ماڭە، قويلارنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەي.

— ماقۇل لېيەنجاڭ مەن قويلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جايلاشتۇرۇۋېتىپ كېلەي، — ناسىر موزاي شۇنداق دېگەندىن كېيىن نىياز كاللەكنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

— يائاللا، ئەرز قىلىپ يۈرۈپ، ئۆزۈڭ باقالمىغان قويلىرىڭنى ماڭا ئارتىپ قويۇپسەن - ھە، كۆتۈرە ئۇنداق نەرسەڭنى دېمەكچى ئىدىم، ماۋۇ ئادىل لېيەنجاڭ دېگەن ئاداش بۇ تۆەننىڭ بۇيرۇقى دەپ تۇرۇۋالدى… بوپتۇلا ھۆكۈمەتمۇ بىر نەرسىنى





ئويلىغاندۇ دەپ…

ناسىر موزاينىڭ بۇ يالغان - ياۋىداق گەپلىرى نىياز كاللەكنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بۇ لېيەندە ئاشۇ قويلارنى ھۆددىگە ئېلىشقا ئېرىشىشمۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. ئازراق جاپاسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭدىن كىرىدىغان يۇڭ، تۆل قىپقىزىل پايدا ئىدى. ناسىر موزاي بۇ قويلارنى ئامالسىز ئېلىۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتقان بىلەن مۇشۇ قويلارنى نىياز كاللەككە بېرىشتىن بۇرۇن ئادىل لېيەنجاڭغا خۇشامەت قىلىپ نەچچە قېتىم ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگەنىدى. بىراق، ئادىل لېيەنجاڭنىڭ گۈلشەننى كېلىن قىلىۋېلىش نىيىتى بولغاچقا ناسىر موزاينىڭ خۇشامەتلىك مۆرەشلىرى بىلەن كارى بولماي، نىياز كاللەككە بېرىۋەتكەنىدى. گۈلشەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى نىياز كاللەكتىن كۆرۈۋاتقان ئادىل لېيەنجاڭ نىياز كاللەككە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ھەممىنى ياندۇرۇۋالماقچى بولۇپ، بۈگۈنلا ئىشنى باشلىغانىدى. شۇڭا، گۈلشەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ناسىر موزايغا پايدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىدا ئاشۇنداق قاقشاپ قويغان بىلەن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، قىن - قىنىغا پاتمايۋاتاتتى.

نىياز كاللەك قويلارنى ناسىر موزايغا بېرىۋەتكەندىن كېيىن، يۈز مو يەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەيسا كاسسىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئەيسا كاسسىر نىياز كاللەكنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۆزى چېكىدىغان چەت ئەل تاماكىسىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا بەردى. ئەيسا كاسسىرنىڭ بۇنچىۋالا ئىلتىپات قىلىپ كېتىشىگە ھەيران قالغان نىياز كاللەك گەپمۇ قىلماي تاماكىنى قاتتىق شورىغىنىچە ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ھەي كاللەك، بەزى ئىشلاردا كالىلاڭ ئوبدان ئىشلەپ

قويدۇ جۇمۇ سىنىڭ، گۈلشەنلەرنى قاچۇرۇۋەتكىنىڭ ناھايىتى ئوبدان بولۇپتۇ، گۈلشەندەك ئەقىللىق، چىرايلىق قىزنى قاراپ تۇرۇپ قەيسەر دېگەن ئاشۇ ئاقىنانچى ھارامزادىگە تۇتقۇزۇپ قويغان بولساق، قىزىلگۈلنى تۇڭگۇز قوتىنىغا تاشلاپ بەرگەن بولاتتۇق. قەيسەر دېگەن بۇ گۇينىڭ بالىسى ئىلگىرى كېيىن بىر ئالىنقاپ بوپتۇ...

ئەيسا كاسسىرنىڭ نېمە مەقسەتتە سۆزلەۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرالمايۋاتقان نىياز كاللەك، ئەيسا كاسسىر مېنى گەپكە سېلىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى.

— ياق، ياق، سىلەر خاتا ئويلاپ قاپسىلەر، گۈلشەننى مەن قاچۇرۇۋەتمىدىم، ئۇنى مەلىكە ئېلىپ قېچىپتۇ، تون كېچىدە بولغان ئىش تۇرسا مەندىمۇ نېمە ئامال...

ئەيسا كاسسىر بۇ كاللەك ئادىل ليەنجاڭدىن قورقۇپ شۇنداق دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— ھە، بۇ يەرگە بىرەر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭ يا؟

— ئادىل ليەنجاڭ بايا ئاۋۇ قارىسۇ بويىدىكى يۈز مو يەر ئەسلىي بوز يەر ئەمەستى، ساڭا بوز يەر ھېسابىدا خاتا يېزىلىپ قاپتۇ، شۇڭا ئەيسا كاسسىرنىڭ يېنىغا كىرىپ ۋاقتىدا ھېسابىنى قىلىۋەت، دەيدىغۇ...— نىياز كاللەك شۇنداق دېگەندىن كېيىن بىچارىلەرچە شۇمشەرەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەيسا كاسسىرمۇ ئالدىدىكى شىرەنى چەككىنىچە بوش ئىسقىرتىپ بىردەم ئولتۇردى. نىياز كاللەك ئەيسا كاسسىرنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەلمەي تاماكىنى قاتتىق شورىۋېتىپ يەنە يۆتىلىپ كەتتى.

— بۇ يەر ھەققىدىكى ھېسابىڭنى قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، سەن بۇ ھەقتە ھەرقانداق گەپنى قىلماي، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىياز كاللەك بەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئەيسا كاسسىرنىڭ بەزى ئىشلاردا ئادىل ليەنجاڭ-





دىنمۇ ھوقۇقى چوڭ ئىدى. ئەگەر ئۇ قىلىمەنلا دېسە، بۇنچىلىك ئىشنى ئادىل ليەنجاڭغا بىلدۈرمەيمۇ بىر تەرەپ قىلىۋېتەتتى. بىراق، ئەيسا كاسسىرنىڭ «ئۆزۈم بىلىپ بىر تەرەپ قىلىمەن» دېگەن گېپى سەل مۇجمەل بولۇپ قالغاچقا نىياز كاللەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەيسا كاسسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇشامەت بىلەن سورىدى:

— ئەمىسە قالغان ئىشنى ئۆزىڭىز توغرىلىۋېتىدىغان ئوخشىمامسىز؟

ئەيسا كاسسىر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، نىياز كاللەكنى ئەركىلەتكەندەك سىلكىشلىدى:

— گەپنى ئاز قىلىپ چىقىپ ئىشىڭنى قىلمامسەن.

— ماقۇل، ماقۇل، رەھمەت، رەھمەت، دېگىنىچە نىياز كاللەك دوڭغاقلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇمي مىننەتدارلىق كۈلكىسى جۇلالىنىدى.

ئەيسا كاسسىرنىڭ نىياز كاللەك بىلەن ئانچە خۇشى بولمىسىمۇ، بۇ قېتىم گۈلشەننى نىياز كاللەك قاچۇرۇۋەتتى دەپ ئۇنىڭدىن ناھايىتى خۇش بولغانىدى. چۈنكى، ئەيسا كاسسىر گۈلشەننىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، بىراق بۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەڭگۈلۈك مەخپىيەتلىك ئىدى. ئۇ گۈلشەننى كۆرسىلا كۆز ئالدىغا روزىگۈل كېلىۋالاتتى. گۈلشەنمۇ ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى چىرايى روزىگۈلنىڭ جۇماخۇن بىلەن توي قىلىپ كەلگەن چاغلىرىغا بەك ئوخشايتتى. ئەيسا كاسسىر يېشى چوڭىيىپ ئۆزىنى توختاتقانسېرى ھاياتىدىكى ئاشۇ كەچۈرمىشلەرنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولاتتى. بىراق، گۈلشەننىڭ بۇ ليەندە مەۋجۇت بولۇشى ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىدا پەيدا قىلىپ، ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ئازابقا دۇچار قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۈلشەننى كۆرسىلا

قەلبىدىن ئاتلىق مېھرى ئوت ئۇستىگە ياغ سەپكەندەك يالقۇنجاپ
كېتەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن يۇرەك باغرىنى تۆكۈپ بەرگۈسى، ئۇ-
نىڭ بېشىنى سىلاپ، دەرد ـ ئازابلىرىنى يەڭگىللىتىپ، ئاتىدار-
چىلىق قىلغۇسى كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭ شارائىتى بۇنىڭغا يار
بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئايالى پاتىگۇلمۇ ئەيسا كاسىسىرنىڭ ئەينى
چاغلاردا روزىگۇل بىلەن ئىچىپەش تارتىشىپ يۇرگەن چاغلىرىدىكى
ئىشلارنى چىمەن ۋىت ـ ۋىت، خەلچەم قونچاقلارنىڭ تاپا ـ
تەنىلىرىدىن ئاز ـ تولا بىر نەرسىلەرنى سېزىپ قالغان بولغاچقا،
تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا جۇدۇنى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا: «ھەي روزى-
خان ساراڭنىڭ يۇندىسىنى ئىچكەن خاپاڭ كاللا» دەپ تىللايدىغان
بولىۋالغانىدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا گۇلشەنگە مېھرىبانلىق
يەتكۇزۇش مۇشكۇل ئىش ئىدى. بولۇپمۇ گۇلشەننىڭ ئادىل ليەن-
جاڭغا كېلىن بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى گەپ چىققاندىن بېرى،
ئۇ تېخىمۇ ئېغىر ئازابقا قالغانىدى. گۇلشەننى داۋاملىق كۆرۈپ
تۇرۇش ئۇنىڭ كونا چاراھەتلىرىنى قوزغاپ، يېڭى جاراھەتلەرنى
پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قەيسەردەك ئالىقاپ گۇلشەنگە
ئازار بېرىپ قالسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلەت-
تى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن، ئۇ گۇلشەنگە ئاتىدارچىلىق
قىلغان ھەمدە بۇ قېتىم گۇلشەننى قاچۇرۇۋەتكەن نىياز كاللەك
ئۇچۇن چوقۇم بىر ياخشىلىق قىلمىسا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ،
نىياز كاللەك بىلەن ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلىشمايلا، ئۇنىڭ
يۇز مو يېرىنى بوز يەر ھېسابىدا ماڭدۇرۇۋېتىشنى كۆڭلىگە
پۈكتى. نىياز كاللەككە ئېنىق دەي دېسە ئىچكەن، چەككەن
يەرلىرىدە قالايمىقان سۆزلەپ قالمىسۇن دەپ ئاشۇنچىلىكلا پۇرد-
تىپ قويدى.

نىياز كاللەك ئەيسا كاسىسىرنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى
چۈشىنىپ بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ، ئەيسا كاسىر بىلەن





گۇلشەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئاز ـ
تولا ئاڭلىغانىدى. نىياز كاللەك يېقىنقى يىللاردىن بېرى خۇشى
تۇتسا ئانچە ـ مۇنچە نەشە چېكىپ قويغان بىلەن ھاراق ئىچمەيۋا-
تاتتى. بىراق، تۇنۇگۇن ۋە بۇگۇن يۇز بېرىۋاتقان ئىشلار تۇرۇپلا
ئۇنىڭ ھاراق خۇمارىنى تۇتقۇزدى. «نەشە چېكەيمۇ يا» نىياز
كاللەك پىچىرلىدى. «ياق، نەشە چېكىش قانۇنغا خىلاپ ئىش
دېيىشتىغۇ، ھېلىقى چاغدىمۇ نەشە چەككەنلىكىم ئۇچۇن ھۆكۈ-
مەتتىن بىرمۇنچە تەنقىد ئاڭلىدىم، بولدى، ھاراق ئىچەيچۇ،
ھاراق دېگەننى ھۆكۈمەت ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى سېتىۋاتى-
دىغۇ» . ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا تۇراخۇن دۇكانچىنىڭ دۇكى-
نى تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

تۇراخۇن دۇكانچىنىڭ دۇكىنىدا كامىل گىرى، ئالىم دۇم-
بالارنىڭ باشچىلىقىدىكى سورۇن يەنە داۋاملىشىۋاتاتتى. نىياز
كاللەكنىڭ ئوغلى تۇرغانمۇ بۇگۇن ئۇلارغا قوشۇلۇپ تازا ئىچتى.
لېكىن، ئۇ شۇنچە كۆپ ئىچسىمۇ مەست بولىدىغاندەك قىلمايت-
تى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتنى ھاراق باسالمايۋاتاتتى، چۇنكى
ئۇ گۇلشەنگە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىگەن بىلەن ئۇنى
ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى كۇندە كۆرۈپ تۇرۇشمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن
بىر خىل ھۇزۇر ئىدى. شۇڭا، ئۇ گۇلشەننىڭ قېچىپ كەتكەنلى-
كى ئۇچۇن ھەم خۇش بولدى، ھەم ئازابلاندى. گۇلشەننىڭ
قەيسەرگە تەگمەي قېچىپ كەتكەنلىكى ئۇنى خۇش قىلسا، ئەمدى
گۇلشەننى كۆرەلمەيدىغانلىقى ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ كامىل گى-
رىنىڭ چاقچاقلىرىغا يالغان كۇلۇپ، ھاراق بىلەن ئۆز ئازابلىرىغا
تەسەللى بېرىۋاتاتتى. كامىل گىرى مەلىكە سەتەڭ ھەققىدە يەنە
يالغان ھېكايە سۆزلەۋاتقان چاغدا نىياز كاللەك تۇيۇقسىز كىرىپ
كەلدى. دادىسىنى كۆرگەن تۇرغان كاللەك غىپپىدە يوقالدى.
ئۇزۇندىن بېرى نىياز كاللەك بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلالماي،

ئۇنى سېغىنىپ قالغان كامىل گىرى ئۇنىڭ بۈگۈن بۇ دۇكانغا كىرىپ قالغانلىقىنى تاسادىپىي ھېس قىلدى. بۇرۇنقى چاغلاردا بولغان بولسا «ئۆزى ھاراق ئالماي خەقنىڭكىنىلا ئىچىدۇ بۇ نىياز كاللەك» دەپ ئۇنى چەتكە قاقىدىغان كامىل گىرى مانا ئەمدى خۇددى ئەزىز بىر مېھمىنى كەلگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئالاھىدە خەيرخاھلىق قىلىپ كەتتى.

— كېلە، كېلە كاللەك، ياللا سېنىڭمۇ دۇكانغا كىرىدىغان چاغلىرىڭ بولىدىكەن - ھە، مەكە، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، بىزمۇ سېنى سېغىنىپ قالدۇق، — كامىل گىرىنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن نىياز كاللەك كامىل گىرىلار بىلەن ئولتۇرغان ياش باللاردىن سەل قورۇنغاندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. ئالىم دۇمبامۇ نىياز كاللەكنىڭ يەنە ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغاندەك ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشتى. كامىل گىرى سىركايىغا تولدۇرۇپ دېگۈدەك ھاراق قۇيۇپ نىياز كاللەككە تۇتتى.

— ياق، ياق، مەن ھاراق ئىچمەيمەن، بىردەم پاراڭلىشاي دەپ كىرىشىم، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەرغۇ، مەن بۇ نەرسىنى تاشلىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپ ئۆششاق باللار بىلەن ئولتۇرساڭلار، تۇرغانمۇ ئىچكەنمۇ نېمە؟

تۇرغاننىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نىياز كاللەك شۇنداق دەپ قويدى.

— ئەنسىرىمىگىنە، ئەمدى ئۇ كاللىكىڭ كىرمەيدۇ، ھاراق ئىچمەيمەن دەپ كەتكىنىنى، ھاراق ئىچمەي خام نەشىنى چېكىۋېرىپ ساراڭ بولۇپ قالما يەنە، ئالە مانى، سەن بىز ئىچمىگەن ئادەم بولمىغاندىكىن، — كامىل گىرىنىڭ زورلاشلىرى نىياز كاللەككە ياغدەك ياقتى. شۇڭا، ئۇنىڭ قولىدىكى سىركايىنى يالغان تارتىنىپ قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خۇددى چاڭقىغان ئات





سۇ ئىچكەندەك گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى...

## 26

مەختۇمسۇلا ئاكىسى چىن تۆمۈرنى كۈتۈۋاتقىنىغا زادى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ توغراقلىق ئارىسىدىكى مۇشۇ يېگانە ئۆيدە خۇددى پايانسىز دېڭىزدا تەنھا قالغان قېيىقتا لەيلەپ يۈرگەندەك ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. «ئاكام چوقۇم كېلىدۇ» دېگەن ئۈمىد ئۇنى قەيسەرلىك بىلەن ياشاشقا ئۈندەيتتى. پەقەت چىن تۆمۈرنىڭ مىسران قىلىچى بىلەن كاپ - كاپ كۈچۈكلا ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. ھېلىقى ئانا - بالا يالماۋۇزلارنىڭ غايىب بولۇپ كەتكىنىگىمۇ ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى. مەختۇمسۇلا ئۆگزىگە چىقىپ، يىراق - يىراقلارغا قارايتتى، بىراق چىن تۆمۈر كەلمەيۋاتاتتى. مەختۇمسۇلا ئاكىسى كەلمىگەنمېرى ئۇنىڭ مىسران قىلىچىغا ۋە كاپ - كاپ كۈچۈكىگە قاراپ قوياتتى. چىن تۆمۈرنىڭ كاپ - كاپ كۈچۈكى ئەمەلىيەتتە قېرى ئىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوۋغا چىقمىغىنىغا، دالا - تۈزلەردە يۈگۈرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان بولغاچقا، ياۋاشلاپ خۇددى قېرى قويغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ تام تۈۋىدە خورۇلداپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغانىدى. چىن تۆمۈرنىڭ مىسران قىلىچىمۇ ئەسلىدىكى سۇر - ھەيۋىسى يوقالغان كىرەكسىز تۆمۈردەك سوغۇق نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەختۇمسۇلامۇ پەقەت ئاكىسى ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەك ئاكىسى كەتكەن تەرەپكە سائەت - سائەتلەپ قاراپ ئولتۇراتتى. چىن تۆمۈر زادى نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆز سىڭلىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ ياكى بىرەر خەۋپكە ئۇچراپ قالغانمىدۇ؟

ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئاكىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇر-

غان مەختۇمسۇلا ئاكىسى بىلەن ئۈنسىز مۈگدىشاتتى.

— ئاكا، سەن زادى نەگە كەتتىڭ؟ مەن سېنى ساقلاۋاتقىلى بەك ئۇزۇن ۋاقىت بولدىغۇ، مەن ئۈچۈن سەن بولمىساڭ بولمايدىكەن، سېنىڭ قەيسەرلىكىڭ، سېنىڭ باتۇرلۇقىڭ، سېنىڭ ھىمايەڭ بولمىسا مەن ياشىيالمايدىكەنمەن. سەن مېنىڭ قېرىندىشىم، يۆلەنچۈكۈم ئىدىڭ، يالماۋۇزلار مېنىڭ قانلىرىمنى شوراپ تۈگەتكىلى تۇردى. سەن بار چاغدا ھېچكىم مېنى بوزەك قىلالمايتتى. يالماۋۇزلار يېقىندىن بېرى يوقاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھامان بىر كۈنى يەنە پەيدا بولىدۇ، ئۇلار مېنى يەنە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، ۋۇجۇدۇمدىكى ھايات شەربىتىنى شورايدۇ. ئاكا، مەن سەن ئۈچۈن يىغلاپ كۆز قارىچۇقۇم ئېرىپ كەتكىلى تۇردى. تېزرەك كەلگىن، مېنى بۇ چېكى يوق تەنھالىق ۋە ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرغىن، ماڭا ئاكىلىق مېھرىڭ بىلەن يېڭى ھاياتلىق يولىنى كۆرسەتكىن… مەختۇمسۇلانىڭ ئىچىدە دېگەن بۇ گەپلىرى بەزىدە تېشىغا چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغدا تام تۈۋىدە خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقان «كاپ - كاپ كۇچۇك» جانسىز قاۋاپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قاۋىشىدىن مەختۇمسۇلاغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى مەختۇمسۇلانىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كېتىپ قاۋىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى…

مەختۇمسۇلا تۇرۇپ - تۇرۇپلا چىن تۆمۈرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن چېغىدىكى ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىنى ۋە ئاكىسى كەتكەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلەيتتى.

— سىڭلىم، مەن بۇ قېتىم سىرتلاردا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قېلىشىم، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن. ئەگەر مەن ۋاقتىدا كېلەلمەي قالسام ھەرگىز يىراققا بارغۇچى بولما، ھەرگىز ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، كۈلنى





كۆچۈرۈپ قويغۇچى بولمىغىن، توخۇنى «تاخ»، مۈشۈكنى «پەش» دېمىگىن… مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتمەيلا ماقۇل دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. چىن تۆمۈر شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ «كاپ - كاپ كۇچۇكى» مىسران قىلىچىنى چىشلىگىنىچە قايتىپ كەلدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مەختۇمسۇلانىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشتى. «ئاكام بىر نەرسە بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ياق، ئاكام ھەرگىز…، ئاكام ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ». ئۇ ئاكىسىنىڭ بۇ ئالەمدىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇ ئاكىسىنى ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن كۈتتى، ئۇ كۈتۈپ - كۈتۈپ زېرىكتى. ئۇ ئاكىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان چاغنى ۋە ئاكىسىنىڭ شۇ چاغدا دېگەن گەپلىرىنى قايتا - قايتا ئەسلىدى. «ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ قويمىغىن»، مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ بۇ سۆزىگە ئانچە دىققەت قىلماپتىكەندۇق. ئەمدى ئۇ ئاكىسىنىڭ مۇشۇ گېپى ھەققىدە قايتا - قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. «راست، ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالسا نېمە بولار؟ توخۇنى ‹تاخ›، مۈشۈكنى ‹پەش›، دېسەمچۇ؟ ئاكام شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاي، بولمىسا ئاكام شۇنداق دەپ تاپىلامتى». مەختۇمسۇلا خېلى ئۇزۇنغىچە ئاكىسىنىڭ گېپى بويىچە ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي يۈردى. كېيىن ئاكىسى كەلمەيۋەرگەندىن كېيىن ئۆزىچە ئاكىسىغا نازارى بولۇپ قالدى. ئاكام نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ، ئۇ چوقۇم ئويۇن - تاماشىنىڭ كەينىگە كىرىپ يىراقلارغا كېتىپتۇ، مېنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قايتىپ كەلمەمتى… بولمىسا كاپ - كاپ كۇچۇك ئىككىمىزنىڭ ئۇنى ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئاكا، سەن چوقۇم ۋاقتىدا قايتىپ كەلگىن» دەپ قايتا - قايتا تاپىلىغان تۇرسام

نېمە ئۈچۈن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدۇ، ئۇنداق بولغاندىكىن،
مەنمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايچۇ، ئەمدى ئوچاقـنىڭ ئوتىنى
ئۆچۈرۈۋېتەي...

مەختۇمسۇلا ئەنە ئاشۇنداق نىيەتكە كېلىپ ئوچاقنىڭ ئوتىنى
قەستەن ئۆچۈرۈپ قويدى.

ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالغاندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا ئۆ-
زىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلدى. ئۆيدە ئوت
تۇتاشتۇرىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى. چاي قاينىتىش، تاماق
ئېتىش ئۈچۈن ئوت بولمىسا قانداق قىلىدۇ، ئۇ شۇ چاغدىلا
ئاكىسىنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكىگە پۇشايمان يېدى. ئۇ تۈرلۈك
ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ ئوتنى پەقەت تۇتاشتۇرالمىدى.
ئۇ نەچچە كۈنگىچە سوغۇق سۇ بىلەن قاتتىق نان يېيىشكە مەجبۇر
بولدى. ئەنە ئاشۇنداق كۈنلەردە ئۇ ئاكىسىنى تېخىمۇ سېغىندى.
بىر كۈنى ئۇ، ئۆگزىگە چىقىپ ئاكىسىنىڭ كېلىپ قېلىشىنى
كۈتۈپ ئولتۇرغاندا، تۇغراقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئاران - ئاران
كۆرۈنۈۋاتقان بارخانلار ئارىسىدىن سۇس كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى
كۆرۈپ قالدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئوتنىڭ قەدرىگە تازا يەتكەن
مەختۇمسۇلا ئۆگزىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، «كاپ - كاپ كۆ-
چۈك» نىمۇ ئەگەشتۈرمەي، ئاشۇ ئىس كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە قا-
راپ يۈگۈردى...

ئۆز ئۆيىدىن ئانچە يىراققا بېرىپ باقمىغان مەختۇمسۇلا
ئۈچۈن قەدىمىي توغراقلىقلار ئىچىدە يۈگۈرۈپ مېڭىش تولىمۇ
تەسكە توختىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا يىقىلغان، تولۇق يىقىلىپ
بولالماي سىڭايان بولغىنىچە تۇرۇپ قالغان ھەيۋەتلىك توغراقلار
خۇددى قورقۇنچلۇق توساقتەك ئۇنىڭ ئالدىنى توسايتتى. قەدى-
مىيلىكى ۋە يوغانلىقىدىن غەلىتە قىياپەتكە كىرىپ قالغان قاغجا-
رىغان توغراقلار كىشىگە خۇددى قورقۇنچلۇق مەخلۇقلارنى ئەس-





لىتەتتى. يەنە بەزى يەرلەردە ئالتۇن ياپراقلىرىنى شىلدىرلىتىپ
تۇرغان قاتار - قاتار ياش توغراقلار ۋە ئاشۇ توغراقلار ئارىسىدىكى
ئالىلىقاندىقتۇر جانىۋارلارنىڭ مېڭىشىدىن ھاسىل بولغان يوللار
كىشىگە ئادەملەر ياشايدىغان كۆڭۈللۈك مەھەللىنى ئەسلىتەتتى.
تۇرۇپ - تۇرۇپلا غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ پالاقشىپ ئۇچقان
چۆل قۇشلىرى مەختۇمسۇلانى چۆچۈتىۋېتەتتى. ئاكىسىدىن ئايرى-
لىپ تەنھا قالغان مەختۇمسۇلا يېقىندىن بېرى ئادەملەرنى ناھايىتى
سېغىنىدىغان، ئۇلارغا تەشنا بولىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ
ھازىر ئالدىنى توسۇۋاتقان تۈرلۈك توساقلار بىلەن كارى بولماي،
توختىماي يۈگۈرۈۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب ئوت ئىزدەش ئۈچۈندەكلا
قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مەختۇمسۇلانىڭ ئادەملەرنى كۆرۈش
خۇمارى ئۇنى ئاشۇ ئىس چىققان تەرەپكە يۈگۈرتۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ
نەزىرىدە ئىس چىققان يەردە ئوت بار، ئوت بار يەردە ئادەم بار
ئىدى. ئارىلىقتا مەختۇمسۇلا ئېزىقىپ قالدى. ئۇ بىر توغراققا
پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپ-
تىن كېلىپ، قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ھەممە
تەرەپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، يىقىلغان، سىڭايان
بولغان توغراقلار بىلەن قاپلانغانىدى. بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپ
بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. قېرى توغراقلارنىڭ يىلتىزىدىن ئۈ-
نۈپ چىققان نوتا تاللىرى يىقىلغان توغراقلارنىڭ ھاياتىنى داۋام-
لاشتۇرماقچى بولغاندەك كۆكىرىپ ياشناپ تۇراتتى. يىقىلغىلى
مىڭ يىللار بولغان توغراقلارنىڭ يان بېقىنلىرىدىن كۆكلەپ چىق-
قان نوتىلار ھاياتلىق ھەققىدىكى يېڭى ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندەك
قىلاتتى. مەختۇمسۇلا بۇرۇن ئانچە دىققەت قىلمىغان بۇ مەنزىرى-
لەرگە سىنچىلاپ قاراپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى.
ئۇ يىقىلغان ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى
بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاسمانغا قارىدى.

ئاسماندا ئېزىپ ـ تېزىپ قالغان بىرەر پارچە بۇلۇتمۇ يوق ئىدى. زەڭگەر شىشىدەك سۈزۈك تۇرغان ئاسماندا قۇياش مەختۇمسۇلانىڭ ئىشلىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەختۇمسۇلا قايسى تەرەپكە مېڭىشنى جەزم قىلالماي يەنە بىر نەچچە سېكۇنت تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەرىزى بويىچە مېڭىۋەردى. مەختۇمسۇلا توغراقلىق ئىچىدە قانچىلىك ۋاقىت ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تەردىن چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتتى. ئىس، ئوت، ئادەم، مەختۇمسۇلانىڭ قەلبىدە مانا مۇشۇ ئۈچ سۆز يالقۇنجايتتى، ئۇنى توختىماي مېڭىشقا ئۈندەيتتى. مەختۇمسۇلا يەنە قانچىلىك ۋاقىت ماڭدىكىن، بىر چاغدا ئۇ پايانسىز توغراقلىقتىن چىقىپ كىچىككىنە بىر يېشىللىققا چىقىپ قالدى. يېشىللىقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سانسىز قۇم بارخانلىرىنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. ئاشۇ قۇم بارخانلىرى كىشىگە خۇددى چېكى يوق ۋەھىمىلىك قەبرىستانلىقنى ئەسلىتەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان مەختۇمسۇلا يېشىللىق بىلەن قۇم بارخانلىرى تۇتىشىدىغان جايدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆينى تېخىچە كۆرمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئاشۇ ئۆينى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئوت! مەن ئاخىرى ئوتنى تاپتىم.

ئەنە ئاشۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن كۆكۈچكە مايىل ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. مەختۇمسۇلا ئاخىرى ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ خۇددى ئامراق مومىسىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن شوخ بالىدەك ھېلىقى ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى، ئۇ ئادەم كۆرۈش خۇشاللىقىدا ئۆيگە يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەتكەنمۇ بولاتتى. لېكىن، يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىشىكنى چەكتى، لېكىن ئۆي ئىچىدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. شۇڭا، مەختۇمسۇلا ئىشىكنى تېخىمۇ چىڭ چەكتى شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن:





— كىرىڭ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز مەختۇمسۇلا ئۈچۈن شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلدى. ئۇ ھاياجان بىلەن ئۆيگە قەدەم تاشلىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — مەختۇمسۇلا بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولغاچقا ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۆيدە يىپ ئېشىپ ئولتۇرغان بىر موماي مەختۇمسۇلانىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى، — نەدىن كەلدىڭ قىزىم، كېلە يۇقىرى ئۆتكىن، — موماي كۆز ئالدىدا شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك مەختۇمسۇلانىڭ بېشىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە سەپسېلىپ چىقتى. مەختۇمسۇلا تارتىنمايلا سوپىغا چىقىپ، مومىينىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ موماي بىلەن تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن موماي ئالدىغا قويغان ئېرىمچىك، قاتلىما، توقاچلارغا ئېغىز تەگكەچ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— مەن مۇشۇ توغراقلىقنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە ئولتۇرىمەن، ئۆيۈمدە ئوت ئۆچۈپ قالغاچقا، مۇشۇ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ ئوت ئىزدەپ كەلگەنىدىم، بۇ يەرنى تېپىپ بولغۇچە توغراقلىق ئىچىدە نەچچە قېتىم ئېزىپ قېلىپ ئۈمىدىمنى ئۈزگەنىدىم، بىراق ئاخىرى بۇ يەرنى ئىزدەپ تاپالىدىم. مەختۇمسۇلا ناھايىتى چاڭقاپ ئېچىرقاپ كەتكەن بولغاچقا موماي داستىخانغا قويغان تاۋاقتىكى سۇنى گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ، ئېرىمچىك، قاتلىمىلارنى تارتىنماي يېدى.

— قورسىقىڭ بەك ئېچىپ كېتىپتۇ ـ دە قىزىم، تويغۇدەك يېگىن. بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىپ ئەتە كەتكىن، ھازىرمۇ كۈن ئولتۇرغىلى تۇردى. ئۆيىڭگە ئەتە ئەتىگەندە كەتسەڭمۇ بولىدۇ، — موماي مەختۇمسۇلانىڭ ئۇششاق قىلىپ قىرىق تال ئۆرۈلگەن چىرايلىق چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ قويدى.

بۇ خىل ئانىلارچە مېھرىبانلىقتا چەكسىز ئىنتىزار بولغان مەختۇمسۇلا شۇررىدە ئېرىپ بىر تامچە سۇغا ئايلانغىلى تاسلا قالدى، بىراق ئۇ ئۆيىگە كەتمىسە زادى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاكىسى چىن تۆمۈر بۈگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئاكام ئۆيگە كېلىپ بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر ئۇ ئۆيگە كېلىپ بولغان بولسا ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن، ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى ئەندىكىپ كەتكەن مەختۇمسۇلانىڭ پېشانىسىدىن پىژژىدە سوغۇق تەر چىقتى. ئۇ خۇددى بىرسى قوغلاۋاتقان ئادەمدەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىرىغىلى تۇردى.

— موما، ماڭا ئوت بەرگەن بولسىڭىز، مەن تېزرەك ئۆيگە كېتىۋالاي، بۈگۈن مەن تېزرەك ئۆيگە كېتىۋالمىسام بولمايدۇ، — مەختۇمسۇلانىڭ راستتىنلا ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرگەن موماي بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى:

— بوپتۇ، قىزىم، مەن ساڭا ئوت ئەپ بېرەي.

موماي گەپ قىلغاچ قىپقىزىل بىر چوغنى ئىدىش تاۋاقتا كۈل بىلەن كۆمۈپ، تاۋاقنىڭ تۇتقۇچىنى ئاۋايلاپ مەختۇمسۇلاغا تۇتقۇزدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن بىر يۇلغۇن چىۋىقنى ئەكېلىپ مەختۇمسۇلاغا مۇنداق دېدى:

— قىزىم، تالاغا چىقىپ توغراقلىق ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن مۇشۇ يۇلغۇن چىۋىققا مىنىپ، كۆزىڭنى يۇمۇپ تۇرۇپ، مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قوي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئىشىك ئالدىڭدا كۆرىسەن.

موماي مەختۇمسۇلانى ئۇزىتىپ قويدى. مەختۇمسۇلا توغراقلىق ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن يۇلغۇن چىۋىققا مىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى:

— يۇلغۇن چىۋىقىم، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوي!





شۇ چاغدا يۇلغۇن چىۋىق خۇددى بىر سېھىرلىك ئۇچاقتەك ئۇنى ئېلىپ ئاسماندا ئۇچۇشقا باشلىدى. غۇيۇلدىغان، غۇرقىرىغان سادالاردىن كېيىن مەختۇمسۇلا بىر يەرگە چۈشكەندەك بولدى. مومايىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە مەختۇمسۇلا كۆزىنى ئاچتى، ئۇ ھەيران قالدى، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. مەختۇمسۇلانىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن تېخىمۇ يېتىمسىراپ قالغان «كاپ - كاپ كۈچۈك» ئۇنى كۆرۈپ خۇش بولغاندەك بۆلەكچە قاۋاپ كەتتى. مەختۇمسۇلا شۇ چاغدىلا ئۆزى مىنىپ كەلگەن يۇلغۇن چىۋىقنىڭ غايىب بولغانلىقىدىن ھەيران قالدى…

مەختۇمسۇلاغا ئوت بەرگەن موماي مەختۇمسۇلا كەتكەندىن كېيىن قىممەتلىك بىر نەرسىنى تېپىۋېلىپ يەنە يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك قولى ئىشقا بارماي خىيال بىلەن ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇھ تارتاتتى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇم بارخانلىرى تەرەپتىن ھۇۋۇلدىغان، گۈرۈلدىگەن، تاراقلىغان، ئۇشقۇرتقان ئاۋازلار ئاڭلاندى، كەينىدىنلا قۇيۇن ۋە بوران كۆتۈرۈلدى. موماي ئۆيىنىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى ئېتىپ قۇم لامپىنى يېقىپ قويدى. شۇ چاغدا ئۆيگە يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئارتىۋالغان بىر يىگىت كىردى، ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپا بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ چىرايىدىن بىر يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى سەزگەن موماي تەمتىرەپ قالغان ئادەمدەك نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. يىگىت ئۇستىدىكى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ تېرىسىنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا پىرقىرىتىپ تاشلىغاندىن كېيىن قاداقتۇر بىر نەرسىنىڭ تىۋشىنى تىڭشاۋاتقان ئادەمدەك ئۆي ئىچىنى سەزگۈرلۈك بىلەن پۇراشقا، تىڭشاشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتكەن موماي دەرھال سەزگۈرلەشتى. ئامال قىلمىسا «يىگىت» مەختۇمسۇلانىڭ بۇ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشى

مۇمكىن ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن سوئال سوراپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇرىدى:

— چىرايلىرى خاپا كۆرۈنىدۇ، بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — مومايىنىڭ بۇ سوئالى ئۈنۈم بەردى. يىگىت ھەسرەتلەنگەندەك كۆزلىرىدىن غەلىتە كۆكۈچ نۇر چاچرىتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— ئانامنى، پەرىلەر شەھىرىدىكىلەر تۇتۇپ كەتتى. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالمىدىم. ئۇلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا ئانامنى زەنجىر بىلەن باغلاپ، چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كەتتى، — ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇ غەلىتە خەۋەردىن موماي ناھايىتى خۇشال بولغان بولسىمۇ، يىگىتنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئەنسىرىگەن قىياپەتتە سورىدى:

— نېمە دەيدىغانلا، نەدىكى پەرىلەركەن ئۇ، نېمە قىلغانغا تۇتىدىكەن؟

— ئاڭلىسام، پەرىلەر ئۇ ئالەمدىكى گۈزەللەرمىش، ئۇلار بۇ ئالەمدىكى قىزلار بىلەن ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئۇ ئالەمدە تۇرۇپ، بۇ ئالەمدىكى قىزلارنىڭ ئازابىغا چىدىماسمىش، قارىغاندا مۇشۇ ئالەمدىكى قىزلار ئۇلارغا ئاپامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان ئوخشايدۇ. پەرىلەر زىلۋا، چىرايلىق، ئاجىز قىزلارغا ئوخشىغان بىلەن ئۇلارنىڭ سېھرىي كۈچ - قۇدرىتىگە ئاناممۇ، مەنمۇ تەڭ كېلەلمىدۇق··· پەرىلەر ئەسلىي مېنىمۇ تۇتۇپ كەتمەكچى ئىدى، بىراق ئانام مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى. تۇۋا، ئۇلارنىڭ سېھرىي كارامىتى نېمە دېگەن كۈچلۈك··· قاراپ تۇرسۇن ئەمدى مەن ئانامنى پەرىلەرگە چېقىشتۇرغان بۇ ئالەمدىكى قىزلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ، ئىلىكىنى شورىمايدىغان بولسام ···— شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆكۈچ نۇر چاقناپ غەلىتە بىرئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇنىڭ مۈرىسىنىڭ





ئۈستىدە بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يەتتە ئەركەكنىڭ بېشى پەيدا بولۇپ، ئۆينىڭ ئىشىك تۈڭلۈكلىرىگە بويۇن سوزۇپ سۈرلۈك ئەلەڭلىگەندىن كېيىن يەنە غايىب بولدى.

سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ يىگىت يەتتە باشلىق يالماۋۇز جادۇگەر مومايىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ يەنە يىگىت ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىنى بىردەم پۇراپ بىر چەتتە قورقۇمسىراپ تۇرغان مومايدىن سورىدى:

— راست گەپ قىلە، بۇ ئۆيدىن باشقا بىر ئادەمزاتنىڭ ھىدى كېلىدىغۇ، بۇ ئۆيگە كىم كەلدى دەيمەن، — موماي يالغان سۆزلىگەننىڭ پايدىسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە راست گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ماۋۇ توغراقلىقتا ئولتۇرىدىغان بىر قىز ئوت سوراپ كەپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا ئوت بەرگەنىدىم.

— قىز؟ ! — قىز دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يالماۋۇز يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتتى، — ئۇ قىز قايسى يەردە ئولتۇرىدىكەن.

— قايسى يەردە ئولتۇرىدىغىنىنى بىلمىدىم، مۇشۇ توغراقلىقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىمەن دېدىغۇ، — موماي ھودۇقۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

شۇ چاغدا يالماۋۇز يىگىت ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇلغان يۇلغۇن چىۋىقتا سەپسېلىپ قاراپ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدى.

قارىغاندا ئۇ قىزنى بۇ يۇلغۇن چىۋىق ئاپىرىپ قويۇپ كەپتۇ - دە، بۇمۇ ئوبدان بوپتۇ. ئۇ قىزنىڭ نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى مۇشۇ يۇلغۇن چىۋىق ماڭا دەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇلغۇن چىۋىق يالماۋۇز يىگىتنى مەختۇمسۇلانىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان، ئۇ مەختۇمسۇلانى بوزەك قىلىپ، ئون - ئون بەش كۈندە بىر كېلىپ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شوراپ نەپسىنى قاندۇرىد-

غان بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئىككى ئايدىن ئاشتى، يالماۋۇز
يىگىت كەلمىدى، مەختۇمسۇلانىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى
ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. مەختۇمسۇلانى ھەيران
قالدۇرۇۋاتقىنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىشىك ئالدىدىكى ياش توغ-
راقنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر تۇلۇم بۇغا سۈتى ئىدى.
ئەنە ئاشۇ سۈتنى ئىچىپ مەختۇمسۇلانىڭ چىرايىغا بارغانسېرى
قىزىللىق يۈگۈرۈپ ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. مەختۇمسۇلا بۇ بىر
تۇلۇم بۇغا سۈتىنىڭ نېمە ئۈچۈن پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ھەمدە
يالماۋۇز يىگىتنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى-
نىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئەسلي بۇنىڭ تۈۋەندىكىدەك
ئالاھىدە سەۋەبى بار ئىدى.

مۇشۇ پايانسىز توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر بۇغىلار يۇر-
تى بار ئىدى. بۇغىلار يۇرتى توغراقلىقنىڭ ئوت ـ چۆپلەر بولۇق
ئۆسكەن، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، رەڭگا-
رەڭ چۆل گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇشبۇي ھىد چېچىپ
تۇرىدىغان، تۈرلۈك قۇشلارنىڭ ئوخشىمىغان تىلدىكى ياڭراق
ناۋاسى ياڭراپ تۇرىدىغان گۈزەل ماكان ئىدى. بۇ يەردىكى بۇغى-
لار شاھ بۇغىنىڭ ھىمايىسىدە ئىناق ۋە شاد ـ خۇرام ياشايتتى.
بىراق، ئۇلارنىڭ بۇ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارماپتۇ، بىر كۈنى
يېرىم كېچىدە بۇغىلار يۇرتىنى ۋەھىمىلىك ساراسىمە قاپلاپتۇ.
چۈنكى، بەتبەشىرە بىر قارا ئېيىق بۇغىلار يۇرتىغا بېسىپ كې-
رىپ، ھەر كۈنى بىر بۇغىنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئېلىپ قاچىدى-
غان بوپتۇ.

ھەر كۈنى تەكرارلىنىۋاتقان بۇ ۋەھىمە بۇغىلار يۇرتىنى
ساراسىمىگە ساپتۇ. بۇغىلار ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر قېرىندىشىدىن
ئايرىلىپ قېلىش تولىمۇ ئازاب بوپتۇ. ھېلىقى بەتبەشىرە قارا
ئېيىقنىڭ قانداق چاغدا كېلىدىغانلىقى تازا ئېنىق بولمىغاچقا،





بۇغىلار ئۆز ماكانىدا ئەركىن يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھ
بۇغا قارا ئېيىققا قانداق تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە بۇغىلار يۇرتىدى-
كى ئاق ساقاللار بىلەن نەچچە قېتىم مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى تاپالماپتۇ. شۇ-
ڭا، قارا ئېيىق كۈندە بىر بۇغىنىڭ قارنىنى يېرىپ ئېلىپ
قېچىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ، بۇغىلار يۇرتىنى ۋەھىمە ۋە
يىغا ـ زارە قاپلىغان ئاشۇ كۈنلەردە بۇغىلار يۇرتىغا چىن تۆمۈر
كېلىپ قاپتۇ، شاھ بۇغا بىلەن بۇرۇندىنلا دوستانە ئۆتۈپ كېلى-
ۋاتقان چىن تۆمۈر بۇغىلار يۇرتىغا كېلىپ، بۇ يەردە بۇرۇنقى
شاد ـ خۇراملىقنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەي ھەيران قاپتۇ، بۇغى-
لار خۇددى بىر نەرسىدىن قورقۇپ، ھەزەر ئەيلەپ تۇرغاندەك
بىكاردىن ـ بىكار بىر ـ بىرىدىن يىراقلىشىپ، ئۈركۈپ، پىتى-
راپ يۈرگۈدەك. چىن تۆمۈرنى دائىم قىزغىن قارشى ئېلىپ
ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان بۇغىلار قورقۇپ قېچىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ
قويماپتۇ، بۇغىلار يۇرتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش چىن تۆمۈرنى
ھەيرانۇھەس قىپتۇ، بۇ ئالامەتلەردىن قانداقتۇر بىر يامانلىقنى
سەزگەن چىن تۆمۈر شاھ بۇغىنىڭ خاس خانىسىغا قەدەم تەشرىپ
قىلماقچى بوپتۇ، لېكىن ئىشىك ئالدىدا قاتارلىشىپ پوستتا تۇ-
رۇۋاتقان ئەركەك بۇغىلار چىن تۆمۈرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت
قىلماپتۇ. چىن تۆمۈر شاھ بۇغا بىلەن كۆرۈشمىسە قەتئىي بول-
مايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلىپى شاھ بۇغىغا
يەتكۈزۈلۈپتۇ، چىن تۆمۈرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان
شاھ بۇغا ئۇنى دەرھال ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ئۆزىنىڭ يېنىغا
كىرگۈزۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايمەن
دەۋاتقان شاھ بۇغىنىڭ چىن تۆمۈرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۇنى
دەرھال كىرگۈزۈشكە پەرمان قىلغانلىقى ھەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ
ئىشىك ئالدىغا چىققانلىقى باشقا بۇغىلارنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ،

چىن تۆمۈر شاھ بۇغىنىڭ خاس خانىسىغا كىرگەندىن كېيىن شاھ بۇغا بىلەن قىزغىن سالاملىشىپتۇ، چىن تۆمۈر ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن چىرايلىق بېزەلگەن بىر ئولتۇرغۇدا ئولتۇرۇپتۇ، سەزگۈر چىن تۆمۈر شاھ بۇغىنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىش ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋاپتۇ.

— يۇرتۇڭلاردا بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ، قارىسام ھەممىلا يەردە بىر خىل تەشۋىش ئەگىپ يۈرگەندەك قىلىدىغۇ، — چىن تۆمۈر ئۇھ تارتىپ ئولتۇرغان شاھ بۇغىدىن سوراپتۇ.

— ھەي، بېشىمىزغا تەشۋىش ئەمەس، تۈگەتكۈسىز بالايىئاپەت كەلدى. مانا بۈگۈن توپتوغرا قىرىق كۈن بولدى. شەرقتىكى قاقاس تاغ تەرەپتىن بىر قارا ئېيىق كېلىپ كۈندە بىر قېرىندىشىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتىدۇ. مەن شاھ تۇرۇپ، بۇنىڭ ئامالىنى قىلالمايۋاتىمەن، ئۇنىڭغا بىر نەچچە قېتىم قارشى تۇرغان بولساقمۇ تەڭ كېلەلمىدۇق، ئاخىرى ئۇنىڭ كۈندە بىر قېرىندىشىمىزنى نابۇت قىلىشىغا مەجبۇرىي چىداپ تۇرۇۋاتىمىز.

— قارا ئېيىق؟ ! — چىن تۆمۈر «قارا ئېيىق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يېنىدىكى مىسران قىلىچىنى يېرىم سۇغۇرۇپ، يەنە قېنىغا ساپتۇ.

— شۇنداق، مەن ئۇنداق زور، ئۇنداق كۈچتۈڭگۈر ئېيىقنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەسكەن، — شاھ بۇغىنىڭ ئاۋازى يىغلاۋاتقاندەك تولىمۇ مۇڭلۇق چىقىپتۇ.

— ئەجەب ياخشى گەپ بولدىغۇ، نەچچە يىلدىن بېرى مەن ئىزدەپ يۈرگەن، ئانامنى ئېلىپ قاچقان، دادامنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھېلىقى ۋەھشىي قارا ئېيىق شۇ بولسا كېرەك. مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۇنى كۈندە ئىزدەۋاتىمەن. بۈگۈنمۇ مەن ئاشۇ قارا ئېيىقنى ئىزدەپ چىققانىدىم، ئۇ قاچانلىقتا كېلىدۇ؟





— غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي قالغان چىن تۆمۈر ئورنىدىن نەچچە قېتىم چاچراپ تۇرۇپ نەچچە قېتىم ئولتۇرۇپتۇ.

— ئۇنىڭ كېلىدىغىنىغا يەنە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بار، ئۇ يىرتقۇچ ئېيىق دادىڭىزنىڭ جېنىغا قانداق زامىن بولغانىدى؟ — شاھ بۇغا چىن تۆمۈرنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دەپ سوراپتۇ. قارا ئېيىقنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئاتا-ئانىسى ئېسىگە كەلگەن چىن تۆمۈر كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى ھېكايىنى بايان قىلدى.

ئەسلىي دادام بىلەن ئاپام ئاشۇ قارا ئېيىق ياشايدىغان قاقاسلىق تاغنىڭ نېرىسىدىكى «كۆك ئۆستەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىكەن، ئاپام ئاشۇ مەھەللىدىكى بىر باينىڭ قىزى، دادام نامرات ئۇۋچىنىڭ ئوغلى ئىكەندۇق. دادام دائىم دادىسى بىلەن بىللە تاغمۇتاغ، چۆلمۇچۆل يۈرۈپ ئۇۋچىلىق، مەرگەنلىك ۋە پالۋانلىق جەھەتتە نۇرغۇن تەلىم ئېلىپ، قاملاشقان، قامەتلىك، سۇمباتلىق يىگىت بوپتۇ. ئاپاممۇ ئەدەپلىك، چىرايلىق قىز ئىكەن. دادام بىلەن ئاپام بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بىراق ئاپامنىڭ دادىسى: «قىزىمنى مەن ئۇنداق گادايلارغا بەرمەيمەن» دەپ ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قەتئىي قوشۇلماپتۇ، ئاپامنى نەزەربەند قىلىپ تالاغا چىققىلىمۇ قويماپتۇ، لېكىن بۇ ئاپام بىلەن دادامنىڭ مۇھەببىتىنى سۇسلاشتۇرالماپتۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر كۈنى يېرىم كېچىدە مەھەللىدىن قېچىپ، ھازىر مەختۇمسۇلا ئىككىمىز ياشاۋاتقان ئاشۇ توغراقلىققا كېلىپ ماكانلاشقانىكەن. دادام قاۋۇل ۋە ئىشچان بولغاچقا ھازىرقى ئۆيىمىزنى سېلىپ، ئۇۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، سىڭلىم ئىككىمىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانىكەن. مەنمۇ دادامدىن دادىسىدىن ئۆگەنگەندەك ئۇۋ-

چىلىق، مەرگەنلىك، پالۋانلىقلارنى ئۆگەندىم، كۆپ قېتىم ئادەملەر بار مەھەللىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىپ، ئەل ئاغزىدا باتۇر ئاتالدىم، — چىن تۆمۈرنىڭ ھېكايىسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقان شاھ بۇغا چىن تۆمۈردىن تۇيۇقسىز سورىدى:

— ھە، راست، سىز قاچاندىن بېرى باتۇر ئاتىلىپ قالغان؟

— مەن دادامدىن پالۋانلىقنىڭ تۈرلۈك ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ قېنىمغا پاتماي يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن «كۆك ئۆستەڭ» مەھەللىسىدە ناھايىتى كۈچتۈڭگۈر بىر پالۋان چىقىپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇ كۆرەڭلەپ ھەممە ئادەمنى بوزەك قىلغىلى تۇرۇپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. «كۆك ئۆستەڭ» ئاتا - ئانامنىڭ يۇرتى بولغاچقا، ئۇ پالۋاننىڭ ئاتا - ئانامنىڭ يۇرتداشلىرىنى بوزەك قىلغىنىنى ئاڭلاپ پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم. بىر كۈنى «كۆك ئۆستەڭ» مەھەللىسىگە باردىم. مەن بارغاندا بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆۋرۈك بېشىغا يىغىلىۋېلىپ، ھېلىقى پالۋاننىڭ ماھارىتىنى كۆرۈۋاتقانىكەن، ئۇ ئۆزى بىلەن تۇتۇشۇپ باقماقچى بولغان بىر نەچچە ياش پالۋاننى يىقىتقاندىن كېيىن، دۇ بارمۇ دېگەندەك يىرتقۇچلارچە پىرقىراپ يۈرگەنىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ھەر تەرەپكە پىتىراۋاتقانىكەن، مەن ئۇ پالۋاننى كۆرۈپ سەل قورقۇپ قالدىم. دېمىسىمۇ ئۇ، خۇددى بۇقىدەك بەستلىك ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ مەيدە، قورساقلىرىنى قاپقارا تۈك قاپلىغان بولۇپ، كىشىگە خۇددى ئۆرە مېڭىۋاتقان ئېيىقنى ئەسلىتەتتى، شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىش نىيىتىمدىن يېنىپ قالغاندەكمۇ بولدۇم. بىراق، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن سۈر - ھەيۋە قىلىشى، ئۆزىنى تەڭداشسىز چاغلاپ، باشقىلارنى بوزەك قىلىشلىرى مېنىڭ غەزىپىم-





نى قوزغىدى. قېنىم ۋاراقشىپ قايناپ ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. ئۇ بايا ئۆزى يانپاشقا ئېلىپ ئاتقانلىقىدىن يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كېتىپ، ئورنىدىن تۇرالمايۋاتقان ئىككى ياش پالۋاننى مازاق قىلغاندەك قوڭلىرىغا تېپىپ، ئېڭەكلىرىگە دەسسەۋاتاتتى. غۇرۇرلۇق ياش پالۋانلار ئۈچۈن بۇ ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق ئازاب ئىدى. ھېلىقى پالۋاندا ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ ھېسداشلىق قىلىش، ئىچ ئاغرىتىش باردەك قىلمايتتى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇلارنى مازاق قىلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە ئاغزىنى كالچايتىپ خېلى ئۇزۇنغىچە كۈلگەندىن كېيىن خالايىققا قاراپ ۋارقىرىدى:

— قېنى ئاراڭلاردا ماۋۇ ئىككىسىگە ئوخشاش مات بولۇشنى خالايدىغانلار يەنە بارمۇ؟!

خالايىق ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىدىن قورققاندەك نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىگە دۇ چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ توختىماي ۋارقىراۋاتاتتى. مەن دەرغەزەپكە كېلىپ نېمە قىلارىمنى بىلەلمەيۋاتقان بولسامۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ مەيدانغا چۈشتۈم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مانا مەن بار؟ — مەن سالام بىلەن ئوڭ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ مەيدانغا چۈشتۈم.

ھېلىقى پالۋان ۋارقىراپ جار سېلىشتىن توختاپ، مېنىڭ مەيدانغا چۈشكەنلىكىمگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك، تېڭىرقاپ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، چوقامدىن پۇتۇمنىڭ ئۇچىغىچە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىن مەنسىتمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. مېنىڭ سورۇنغا چۈشكەنلىكىم خالايىقنى باشقىدىن جانلاندۇردى. ئۇلار ماڭا نەدىن كەلگەن يىگىتتۇ بۇ دېگەندەك ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. پالۋان يەنە بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇ مېنى بىر يولىلا بىر تەرەپ قىلىۋەتمەكچى بولغاندەك ماڭا غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. مەنمۇ

ئۇنىڭ پوتىسىغا ئېسىلىپ ئۇنى يىقىتىش ئۇچۇن تىركەشتىم، ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى تىركىشىش، ئېلىشىش باشلانغاندىن كېيىن خالايىقنىڭ ھەممىسى ماڭا مەدەت بېرىپ توۋلاشقا باشلىدى، بىراق بۇ پالۋان مەن ئويلىغاندىنمۇ كۈچلۈك ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە قېتىم تۇتۇشۇپ بېقىپلا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىمنى بىلدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ چېلىشىش قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ مېنى خالايىق ئالدىدا مات قىلىپ، ئۆزىدىن قورقىدىغان قىلماقچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن جان - جەھلىم بىلەن ئېلىشتىم. بىراق، ئېلىشىش ئۇزارغانسېرى مېنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىشۋەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن پالۋان تېرىكىپ، تىركىشىپ نەرە سېلىپ ۋارقىراپ تەلۋىلىك قىلىشقا باشلىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇ بېقىنلىرىمغا مۇشتلاپ، مەيدىلىرىمگە تىزلاۋاتاتتى. مەن يەنە دىققەت قىلمىسام، ئۇ چوقۇم ماڭا يەنە باشقا «گۇمپا»لىرىنى ئىشلىتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا مەن ئۇنى بىر نەچچە قېتىم يامپاشقا ئېلىپ ئاتقان بولسامۇ، ئۇ چاققانلىق بىلەن دەست تۇرۇۋېلىپ يېقىلمىدى. ئەمدى ئاستا - ئاستا ئۇ ھۇجۇمدىن مۇداپىئەگە ئۆتۈۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ قائىدىگە خىلاپ ھالدا مۇشتلاش، تىزلاشلىرى كۆپىيىپ باراتتى. خالايىق ئارىسىدا ئۇنىڭغا نارازىلىق، ماڭا باركاللا سادالىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. مەن ئېلىشىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئاجىزلىقىنى بىلىۋالدىم، ئېلىشىش ئۇزارغانسېرى ئۇ ھاسىراپ قارا تەرگە چۆمۈپ ھەرىكەتلىرى كالامپايلىشىپ، ياۋاشلاپ قېلىۋاتاتتى. بىراق، ئۇنىڭ قائىدىدىن چىقىپ مۇشتلاش، تىزلاشلىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئارىلىقتا مەيدەمگە قاتتىق تىزلىۋەتتى. نەپسىم بوغۇلۇپ تىنالماي قالدىم،





كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ بېشىم پىرقىرىغاندەك بولدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن پالۋان تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ مېنى يامپاشقا ئېلىپ ئاتماقچى بولدى. مەنمۇ ئەمدى قائىدىگە رىئايە قىلمەن دەپ ئولتۇرسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ كاللا ئېتىش ماھارىتىم ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، پەلۋاننى ئاياپ ئولتۇرماي كۈچەپ كاللا ئۇردۇم، پالۋان خۇددى ئوق يىلتىزى ئۈزۈلۈپ تاشلانغان دەرەختەك ئاغزى، بۇرنى قان بولۇپ يەرگە يىقىلدى. خالايىقنىڭ ئارىسىدىن باركاللا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. يىگىتلەر مېنى كۆتۈرۈۋېلىپ «باتۇر، ھەقىقىي باتۇر، بىزنىڭ باتۇرىمىز!» دەپ توۋلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن باتۇر ئاتىلىپ قالغانىدىم. چىن تۆمۈرنىڭ سۆزىنى زەن سېلىپ ئاڭلىغان شاھ بۇغا چىن تۆمۈرگە مۇنداق دېدى:

— مەن گېپىڭىزنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىپتىمەن، مەن ئەسلىمى سىزدىن ئۇ قارا ئېيىق ئاتا - ئانىڭىزغا قانداق زىيانكەشلىك قىلغان دەپ سورىماقچى ئىدىم.

— ئۇ چاغدا مەن كىچىك بولغاچقا، يىرتقۇچ ئېيىق دادامنى ئۆلتۈرۈپ ئاپامنى تىرىك پېتى ئېلىپ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىگەنىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ...— چىن تۆمۈر سۆزلەۋاتقان چاغدا سىرتتا بۇغىلارنىڭ ۋەھىمىلىك ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، چىن تۆمۈر يۈگۈرگىنىچە سىرتقا چىقىپتۇ، چۈنكى ھېلىقى قارا ئېيىق بېسىپ كەلگەنىكەن. چىن تۆمۈر قارا ئېيىققا بىر قاراپلا ئۇنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىسىنى ئېلىپ قاچقان ئېيىقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قاپتۇ - دە، ئېيىق بىلەن جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىپ، مىسران قىلىچى بىلەن ئېيىقنىڭ قارنىنى يېرىۋېتىپتۇ. بۇغىلار خۇشاللىقىدىن تەنتەنە قىلىشىپتۇ. بۇغىلار يۇرتىغا كەلگەن بىر ئاپەت يوقىتىلغاچقا يۇرتىنىڭ تىنچ، خۇشال - خۇرام

ھالىتى ئەسلىگە كەپتۇ. شۇڭا، ئۇلار چىن تۆمۈر ئۇچۇن مەڭگۈ ياخشىلىق قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

شاھ بۇغا يىقىندىن بىرى چىن تۆمۈرنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى، سىڭلىسىنىڭ يالغۇز قىلىپ، يالماۋۇز يىگىتنىڭ ئازابىغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يالماۋۇز يىگىتنىڭ يۇلغۇن چىۋىقىنى ئىلىۋىلىپ، ئۇنى مەختۇمسۇلانىڭ يىنىغا بارالمايدىغان قىلىپ قويغاندىن كىيىن، مەختۇمسۇلانىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇچۇن كۈندە بىر تۇلۇم سۈت ئاپىرىپ بىرىۋاتقانىكەن.

## 27

گۈلشەننىڭ قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەنىڭ سەيپۇڭلۇق مەكتىپىدە تىككۈچىلىك ۋە كىسىمچىلىكنى ئۆگىنىۋاتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. گۈلشەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ھەممە دەرسلەردە ئەلاچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسىم سىزىشقا ناھايىتى ھەۋەس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ تىككۈچىلىككە ئائىت بىلىملەرنى تىز ئىگىلەپ، مەلىكە بىلەن قاسىم مۇھەممەت يىتىشەلمەي قالغان چاغلاردا يىڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتىدىغان بولدى. ئۇ باشتا كەلگەندە بىر ھەپتىگىچە قاسىم مۇھەممەتلەرنىڭ ئۆيىدە تۇردى. كىيىن مەلىكە ئۇنى سەيپۇڭخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلارنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

گۈلشەننى تۇنجى قىتىم كۆرگەندە ئۇنىڭ ھۆسنى جامالىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھەيران قالغان قاسىم مۇھەممەتنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى.

— ۋىييەي، قىزىل گۈلدەك چىرايلىق بۇ سەتەڭنى نەدىن تىپىپ كەلدىڭ.

— مىنىڭ سەھرادىكى كىچىك ئاپامنىڭ قىزى، — مەلىكە





قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ۋىييەي، ۋىييەي سىلەرنىڭ پۇشتۇڭلارغۇ زادى چىرايلىق، — قاسىم مۇھەممەت مەلىكەگە مەستلىكى كەلگەندەك ئۇنىڭ ئىڭىكىنى تۇتۇپ ئەركىلىتىپ قويدى. مەلىكە ئۇنىڭ قولىنى بوش سىلكىدى:

— ئىشىڭىزنى قىلىڭە، ئۆزىڭىزچە قىز - چوكانلارغا كۆز تاشلايدىغان بولۇپ قاپسىز - ھە.

— ۋاي، ۋۇي، نىمە دەيدىغانسەن، قىزىمدەك نەرسىلەرگە كۆز تاشلاپ مەن بىر ھايۋان ئەمەس، ئىش قىلىپ ئابلىكىم جۇجاڭ، غالىب جۇجاڭ دىگەندەكلەرگە كۆرسەتمىسەك بولغۇدەك ئۇنى··· چىرايلىقراق قىزلارنى كۆرسە خام يەيدىغاندەك قىلىدىكەنغۇ - تاڭ، ئۇ خەق.

مۇشۇ سۆھبەتتىن كىيىن مەلىكە گۈلشەننى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. گۈلشەننى ياتىقى بىر ئەر بار ئۆيدە يىتىپ قوپۇپ يۈرسە تازا قاملاشمايدۇ، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ گۈلشەننى قىزلار ياتىقىغا يۆتكىۋەتتى. گۈلشەنمۇ قىزلار ياتىقىغا ئورۇنلاشقاندىن كىيىن ئازادىلىككە چىقىپ قالغاندەك بولدى. ياتاقتا گۈلشەندىن باشقا يەنە بەش قىز بار ئىدى. بۇ قىزلار خۇددى سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئۇسسۇلچى قىزلىرىدەك بىر - بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياشقا ئەڭ چوڭلىرىمۇ 22 ياشقا كىرگەنىدى. قىزلار مەلىكەنىڭ سەيپۇڭخانىسىدا ئىشلەيتتى. مەلىكەنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك كۆرۈپ ھۆرمەتلەيتتى. ئۇلار كىيىم كىيىش، تىكىش جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، مەلىكەنىڭ سەيپۇڭخانىسىنىڭ روناق تىپىشىدا تۈرتكىلىك رول ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ياراشتۇرۇپ كىيىۋالغان رەڭگارەڭ كىيىملىرى ئۇلارنىڭ كېلىشكەن بەدەن - فىگۇرىسىغا شۇنداق ماس كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىشقا ماڭغان،

ئىشتىن چۈشكەن چاغدا تىزىلىپ ماڭسا كوچىدىكىلەر ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالاتتى. گۈلشەننىڭ ئۇلارغا قوشۇلۇشى خۇددى گۈل ئۈستىگە گۈل چېكىلگەندەك بولدى. گۈلشەنمۇ بۇ چىرايلىق قىزلار بىلەن ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ قالدى. ئۇلاردىن كىيىم تىكىش، كېسىشكە ئائىت تۈرلۈك ھۈنەرلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگەندى. گۈلشەن بۇ قىزلار بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن خۇددى ئاق كۆڭۈل پەرىشتىلەر ئارىسىغا كىرىپ قالغاندەك شادلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئۇلارنىڭ خۇشخۇي ۋە جۇشقۇنلۇقى، ھۈنەر ۋە خىزمەتكە بولغان ئەستايىدىللىقى، بوش ۋاقتى بولسىلا تۈرلۈك كىتابلارنى ئوقۇيدىغانلىقى، تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ئۆگىنىدىغانلىقى گۈلشەنگە يېڭى بىر ئۈمىد چىرىغى يېقىپ بەردى. مەلىكە گۈلشەننى قىزلار ياتىقىغا ئېلىپ كىرگەندە ئۇنى يەنە: «كىچىك ئاپامنىڭ قىزى، بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ئىسمى گۈلشەن ئوبدان دوست بولۇپ ئۆتۈڭلار» دەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ ياتاقتىكى بەش قىزنىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قىزىقچىلىق بىلەن بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى.

— مانا ماۋۇ، كۈلمىسىمۇ كۈلۈپ تۇرىدىغان قىزنىڭ ئىسمى لالە، لەقىمى كېپىنەك، سەيپۇڭخانىمىزنىڭ ماھىر لايىھىلىگۈچىسى، ئۇ دۇنيادا يوق پاسونلارنى بىردەمدە بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى بەزىدە «كەشپىياتچى كېپىنەك» دەپمۇ قويىمىز، — خۇددى گۈلشەننى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان ھۆرمەت قاراۋۇلىدەك قاتار بولۇپ ئۆرە تۇرغان قىزلار پىخىلدىشىپ كۈلۈشتى. گۈلشەن ھازىر مەلىكە تونۇشتۇرغان لالەگە كۈلۈپ قارىدى. لالەمۇ ئۇنىڭغا تەبەسسۇم ئارىلاش باش لىڭشىتىپ قويدى. لالەنىڭ يۈزى كىچىك دومىلاق بولۇپ، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. سۇس لەۋ سۇرۇخ سۇرۇلگەن





جىنەستىدەك لەۋلىرى ئارىسىدىن ئاپئاق ئۈنچىدەك چىشلىرى بىر خىل پاكلىقنىڭ نامايەندىسىدەك پارقىراپ تۇراتتى. قىياقتەك قاشلىرى، ئۇزۇن، قويۇق كىرپىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كۈلۈپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بەل، پۇت، يوتا، بىلەك، بويۇن، مۈرە قاتارلىقلار بىر - بىرى بىلەن شۇنداق تەبىئىي ماسلاشقانكى، كىشىگە خۇددى نەپىس بىر سەنئەت ئەسىرىنى ئەسلىتەتتى.

— مانا ماۋۇ قىزنىڭ ئىسمى شەھىدە، لەقىمى قارا مۇنچاق، — قىزلار پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، شەھىدەمۇ قىزلارغا قوشۇلۇپ كۈلدى. گۈلشەن چىرايىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان شەھىدەگە قاراپ كۈلدى. شەھىدەنىڭ چىرايى قارىغا مايىل بولۇپ، كۆز، قاش، كىرپىك ۋە چاچلىرى تېخىمۇ قارا بولۇپ، كىشىگە گۈزەل ھىندى قىزلىرىنى ئەسلىتەتتى. گۈلشەنگە شەھىدەنىڭ مېھرى تېخىمۇ ئىسسىق تۇيۇلدى. قىزلار شەھىدەگە چاقچاق قىلىشقا باشلىدى.

— بۇنىڭغا يېقىن كەلمەڭ، بويىقى چىقىدۇ.

— قازانغا يولۇقساڭ قارىسى دېگەن شۇ.

گۈلشەن ئوچۇق - يورۇق، خۇش چاقچاق قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن قەدىناس دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى. شۇڭا، ئۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋېلىشنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بىردىنلا ئىلھامىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا قوشۇلدى.

— قارا كۆيدۈرەر، قارىنىڭ مېھرى ئىسسىق دېگەن گەپنى تازا بىلمەيدىكەنسىزلەر - ھە، — گۈلشەننىڭ بىلىپ، بىلمەي شەھىدەگە يان بېسىپ گەپ قىلىشى شەھىدەنى خۇش قىلىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەجەپ ئوبدان گەپ قىلدىڭىز دېگەندەك گۈلشەنگە كۈلۈپ تۇرۇپ تاتلىققىنە جىلمايدى. گۈلشەننىڭ سۆزىدىن كې-

يىن قىزلار ئالتۇن قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن ۋىلىقلاپ كۈلۈشتى.

— بولدى، بولدى، چاقچاقلىرىڭلارنى كېيىن قىلىڭلار، سەن جىنلار بار يەردىغۇ، گەپنىمۇ گەپكە قولاشتۇرغىلى بولمايدۇ، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇشمامسەن، ھەرقايسىڭنى بىر - بىرىڭ بىلەن بىر تونۇشتۇرۇۋالاي، — مەلىكە شۇنداق دېگەندىن كېيىن قىزلار ئازراق بېسىقىغا چۈشتى.

— مانا ماۋۇ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغاننىڭ ئىسمى تولۇنئاي، بىزنىڭ داڭلىق ئۇسسۇلچىمىز.

— دىسكوچىمىز دەڭە، — لالە كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ ئارىلىدى، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىمۇ دىسكوغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان نەرسە، ئۇ ئۆزى ئالتۇن تاۋاقتەك بولغان بىلەن كېچىسى پارقىراپ كۈندۈزى يوقاپ كېتىدۇ، — قىزلار يەنە كۈلۈشتى.

مەلىكە قالغان ئىككى قىزنىمۇ گۈلشەنگە تونۇشتۇردى. ئۇ ئىككى قىزمۇ بىر - بىرسىدىن چىرايلىق بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمى يۇلتۇز، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى قۇندۇز ئىدى. بۇ ئىككى قىزمۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش فىگۇرلىق ۋە چىرايلىق ئىدى.

گۈلشەن قىزلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. ئۇلار كۈندۈزى سەيپۇڭخانىدا، كېچىسى تىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىدا بىللە بولاتتى. يەنە بەزى چاغلاردا قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەنىڭ تىككۈچىلىك مەكتىپىدە ئۇلارنىڭ دەرس ئۆتۈشىگە ياردەملىشەتتى. قاسىم مۇھەممەت بىلەن مەلىكەنىڭ ئىشلىرى بارغانسېرى روناق تېپىپ كېتىۋاتقاچقا ئۇلار لايىھەلەش، تىكىش، سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان بىر كارخانا ئېچىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتاتتى. قاسىم مۇھەممەتمۇ مەلىكەنىڭ يېتەكلىشى، يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇش بولۇپ مەلىكە نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان بولۇپ





قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ھاراقنى تاشلاپ، ئۆز ئىشىنى ئەستايىدىل قىلماقتا ئىدى. قاسىم مۇھەممەتنىڭ كىيىم لايىھەلەش ۋە كىيىم پىچىش، تىكىشتە تەبىئىي تالانتى بار ئىدى. مەلىكە قاسىم مۇھەممەتنىڭ تۈرلۈك ھۈنەر ماھارەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە بوش ۋاقىتلىرىدا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە كىيىم لايىھەلەشكە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى قانداق قىلغاندا زامانغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. مەلىكە ئۆگەنگەنسېرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى زامانغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. مەلىكە بىلەن قاسىم مۇھەممەت سەيپۇڭخانا ۋە تىككۈچىلىك مەكتىپىدىن ئۆزلۈكسىز كىرىۋاتقان كىرىم بىلەن مەلۇم مەبلەغكىمۇ ئىگە بولدى. شۇڭا، ئۇلار كىيىم - كېچەك ساھەسىدە يۈرۈشلۈك ئۈنىۋېرسال بىر كارخانىنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا ئىزدەنمەكتە ئىدى. يېقىندىن بۇيان مەلىكەنىڭ كېچىلىرىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەلىكەنى قانداق قىلغاندا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىم - كېچەك كارخانىسىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولار؟ قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنى مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرگىلى بولار؟ دېگەندەك سوئاللار ئارام تاپتۇرمايتتى. ئۇ يېقىندا ئىككى قېتىم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى قەدىمىي يۇرتلارنى ئايلىنىپ، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، ئىستېمالدىن قېلىش ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. بالىلار، ياشلار، ياشانغانلار كىيىدىغان ئەنئەنىۋى كىيىملەر ھەمدە ئايالچە ۋە ئەرەنچە ئەنئەنىۋى كىيىملەرنىڭ ھازىرمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگىلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەق-

قىدە خاتىرە قالدۇردى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شاھ، ۋەزىر ۋە باشقا ئەمىرلەرنىڭ كىيىم نۇسخىلىرىغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقتى. ئۇ بۇ كېيىملەرنى ئەينىگە سادىق بولغان ھالدا بارلىققا كەلتۈرۈپ، تارىخ ۋە سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ماختىنىشىغا سازاۋەر بولدى. ئىستېمالدىن قالغان يەنە قايسى كىيىملەرنى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرغاندا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە قىسقا - قىسقا مۇلاھىزىلەرنى خاتىرىسىگە يازدى. بۇ قىسقا مۇلاھىزىلىرى ھەققىدە قاسىم مۇھەممەت بىلەن ئورتاقلاشتى. كىيىم لايىھىلەش جەھەتتە تەبىئىي تالانتقا ئىگە گۈلشەن، لالەلەر بىلەن بۇ ھەقتە نەچچە قېتىم پاراڭلاشتى. تولۇنئاي قاتارلىق قىزلارنىمۇ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندىدى. ئۆزى كىيىم - كېچەك تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللارنى توختىماي ئۆگەندى. ئۆزىنىڭ نىشانى بويىچە كىتاب ئوقۇش، خاتىرە يېزىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەلىكە نېمە ئۈچۈن بىردىنلا ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇنچىۋالا قىزىقىپ قالدى؟

ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغانىدى. مەلىكە تىككۈچىلىك مەكتىپىدىكى باللاغا دەرس ئۆتۈش جەريانىدا بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىزگە تىكىش، پىچىشنى ئۆگىتىشتىن بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز، دېگەن تەلىپىگە ئاساسەن مەلۇم ئالىي مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت دەرسلەرنى ئۆتىدىغان پروفېسسورىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. پروفېسسور مەلىكەنىڭ تەكلىپىنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەنە ئاشۇ پروفېسسورنىڭ تۆۋەندىكى سۆز-



ياتلىق بولالمىغان قىزلار

لىرى مەلىكەنىڭ ئىچىگە ئوت سېلىپ قويغانىدى:

«سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلىۋېتىپتۇ. بۇ مەكتىپىڭلار جەمئىيىتىمىزدە ئىشسىز يۈرگەن ياشلارغا ئىش تېپىپ بېرىپلا قالماي، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. لېكىن، مەكتىپىڭلاردا كىيىملەرنى قانداق تىكىش، قانداق پىچىش ھەققىدىلا دەرس ئۆتۈپ قويساڭلار بولمايدۇ، مېنىڭچە بۇ مەكتەپتە ئىنسانلارنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيەت تەرەققىياتى، دۇنيادىكى تۈرلۈك كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، كىيىم لايىھىلەش، مودا كۆرسىتىش سەنئىتى، گۈزەللىك تەربىيىسى، ئومۇمىي ئېستېتىكا جەھەتلەردىمۇ تەربىيە بېرىش كېرەك. كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سىلەر مۇشۇ جەھەتتىمۇ ئىزدىنىپ باققان بولساڭلار.» پروفېسسور مەلىكەلەرنىڭ مەكتىپىدە بىر نەچچە قېتىم دەرس ئۆتۈپ بەرگەندىن كېيىن، مەلىكەگە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بەزى ماتېرىياللارنى بەرگەنىدى. مەلىكە ئاشۇ ماتېرىياللارنى كېچىلىرى ئۇخلىماي دېگۈدەك ئوقۇدى ۋە خاتىرە قالدۇردى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكەنىڭ ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى يېڭى مەنە، يېڭى قىممەتكە ئىگە بولىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئەسلىدە ئۇ قاسىم مۇھەممەتكە ياخشىراق كۈن كۆرسەملا بولدى دەپ تەگكەنىدى. ئۇ بۇ ھاياتنى ئوبدان يەپ، ياخشى كىيىپ، جاپا تارتماي ئۆتسىلا بولىدىغۇ دەپ قارىغانىدى. لېكىن، ئۇ ھېلىقى پروفېسسور بىلەن كۆرۈشۈپ، كۆپلەپ كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى ھايات ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە باشقىدىن ئويلاندى. ئۆزىنىڭ بىكاردىن - بىكار مەنىسىز ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتى ئۈچۈن ئۆكۈندى. ئەمدى ئۇنىڭ

...چۇن ھەربىر مىنۇت، ھەربىر سېكۇنت ئىنتايىن قىممەتلىك ...لۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن شۇنى چۈشەندىكى، ئىنسان بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەن، قولىدىن كېلىشىچە قىممەت يارىتىش كېرەك. ھېچقانداق قىممەت ياراتماي يەپ - ئىچىپ ئۆتۈش ھايۋانلارغا خاس، مەن چوقۇم ئەمدى ھەقىقىي ئىنساندەك ياشايمەن، ھاياتىمدا بىكار ئۆتۈپ كەتكەن چاغلاردا قىلالمىغان ئىشلارنى تولۇقلاپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، مەلىكە ئۆزىگە ئۆزى ئەنە ئاشۇنداق ۋەدە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئارزۇ - ئارمانلىرى يولىدا تىرىشىپ ئىزدىنىشكە باشلىدى.

گۈلشەن، لالەلەر بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ يۈرۈپ، ئۇلار بىلەن خۇددى ئاچا - سىڭىللاردەك بولۇپ قالدى. شۇنداق چىرايلىق قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە جەم بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتلىرى گۈلشەنگە سىر ئىدى.

بىر كۈنى گۈلشەن كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسىدىن ياتاققا سەل كەچرەك قايتتى. ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى چىرايلىق ياسىنىپ، خۇددى بىر يەرگە ماڭىدىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى. گۈلشەن ياتاققا كىرىشى بىلەنلا قىزلار خۇشال بولۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— كەلدى، كەلدى!

— يائاللا ھەجەپ بىر تەستە كەلدىڭ بۈگۈن، يولۇڭغا قاراپ كۆزىمىز تېشىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، — قىزلار بىكاردىن - بىكارلا پاراقلاپ، چۇرقىرىشىپ كۈلۈشتى.

— بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى يەڭگۈشلەڭ، بۈگۈن لالەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىمىز، — نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغان گۈلشەنگە يېڭى مودىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ، ياسىنىپ چىرايلىق بولۇپ كىرگەن مەلىكە شۇن-





داق دېدى. گۈلشەن شۇ چاغدىلا ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياخشى گەپكەنغۇ، نېمىشقا ماڭا بۇرۇنراق دەپ قويمايسىلەر.

گۈلشەن قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىردەمدە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ بولدى.

— ئالامەت پەيزىڭ بار نەرسە جۇمۇ سەن، ماۋۇ كىيىملەرنى كىيىپ پەرىشتىگىلا ئايلاندىڭغۇ، ئوغۇل بالا بولسام سېنى ئۆزۈملا ئالاركەنمەن، — قىزلارنىڭ چاقچاقچىسى يۇلتۇز گۈلشەننى قۇچاقلىۋېلىپ، بىرنى سۆيۈۋالغاندىن كېيىن شۇنداق دەپ چاقچاق قىلدى.

— بولدى، بولدى، چاقچاقنى قويۇپ، تېزرەك ماڭايلى، خەق بىزنى ساقلاپ قالدى، — مەلىكە سەل خاپا بولۇپ قالغاندەك شۇنداق دەپ قويدى. مەلىكەنىڭ چىرايلىق فىگۇرىسى ۋە قاملاشتۇرۇپ قىلغان گىرىمى، چاچ پاسونلىرى ئۇنى بۇ قىزلار بىلەن تەڭتۇشتەكلا كۆرسەتتى.

مەلىكە بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە ئابلىكىم جۇجاڭ، غالىب جۇجاڭ ۋە ئۇلارنىڭ بىر نەچچە خىزمەتداشلىرىنىمۇ چاقىرىپ قويغانىدى. گۈلدەك ياسانغان مەلىكە باشچىلىقىدىكى قىزلار سورۇنغا كىرىشى بىلەنلا ئابلىكىم جۇجاڭ قاتارلىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، قىزلارنى قارشى ئالدى. ئابلىكىم جۇجاڭ مەلىكەگە قاراپ خۇددى ئۇنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئاغزىنى ئېچىپ قالدى. ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ روھىي كەيپىياتىنى سېزىپ قالغان زېرەك غالىب جۇجاڭ دەرھال ئابلىكىم جۇجاڭغا سىگنال بەردى:

— ھە، جۇجاڭ، مېھمانلارمۇ كېلىپ بولدى… ۋۇي، قاسىم مۇھەممەتكامۇ كەلمەپتىغۇ…

— ئۇنىڭ ئازراق ئىشى چىقىپ قېلىپ، — ئابلىكىم جۇ-

جاڭنىڭ تېخىچىلا ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئوڭشايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان مەلىكە خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى.

— يائاللا، ئۆزىڭىزدىنمۇ چىرايلىق بۇ قىزلارنى نەدىن تېپىۋالغان بولغىيتىڭىز، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى دېگەن باشقا گەپكەن جۇمۇ، — ئابلىكىم جوجاڭ ھەربىر قىزغا بىر قېتىم قاراپ چىققاندىن كېيىن ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چاڭقاپ كەتكەن ئادەمنىڭ مېۋىلىرى مەي بولۇپ پىشقان باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشىتىشقا بولاتتى.

ئابلىكىم جوجاڭنىڭ شەھەرلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىغا يىگىرمە نەچچە يىل بولغانىدى، لېكىن ئۇ ھازىرقى مۇشۇ ھوقۇقىدىن يۇقىرىراق ھوقۇقنى تەمە قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ھازىرقى مۇشۇ ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئىدى. ئۇنىڭغا بۇ ھوقۇقمۇ خوتۇنىنىڭ يۇقىرىدا ھوقۇقى بار بىر تۇغقىنىنىڭ ئىلتىپاتىدىن تېگىپ قالغانىدى. ئەسلىدە ئۇ بازار باشقۇرغۇچىلارغا ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان ۋاقىتلىق خادىم ئىدى. خوتۇنىنىڭ ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ ئىككى ئېغىز گېپى بىلەن دەسلەپتە رەسمىيلىشىۋالدى. بىر - ئىككى يىلغا قالمايلا مۇئاۋىن سوجاڭ، رايونلۇق ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق، ئاخىرىدا مۇشۇ شەھەرلىك ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق بولىۋالغانىدى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئادەتتىكى خىزمەت تەرتىپىنىمۇ تۈزۈك ئۇقمايدىغان بۇ ئادەم نېمانداق تېز ئۆسىدىغاندۇ، دەپ ھەيران قېلىشتى. ئاز - تولا ھوقۇق تەمەسىدە يۈرگەن ئىدارىدىكىلەر باشتا ئابلىكىمنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەندەك ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، كۆزگە ئىلماي يۈردى. دەسلەپتە ئۆزىگە تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ ھوقۇق-





لاردىن خۇدىنى يوقىتىپ قويغان ئابلىكىم ئەسلىدىكى ھېجايغاق، مۇلايىم، ياۋاش قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي يۈردى. بىراق، ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەن خۇشامەتچىلىرىنىڭ كۆپىيىشى، چېقىمچىلىق بىلەن جان بېقىۋاتقانلارنىڭ ئۇنىڭغا تۈرلۈك ھىيلە - نەيرەڭلەرنى ئۆگىتىشى، تۈرلۈك ئىمتىيازلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشى ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. دەسلەپتە ئۇ دائىملا ھېجىيىپ تۇرىدىغان چىرايىدىكى كۈلكىنى يوقاتتى. كېيىن بىرەر قېتىممۇ تۈرۈلۈپ باقمىغان قاپىقىنى تۈرۈشكە كۆندۈردى. خۇشامەت بىلەن ئىگىلىپ تۇرىدىغان بېلىنى تۈزلەپ يۈرۈش ئۈچۈنمۇ خېلى جاپا چەكتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئاسمانغا قاراپ غادىيىپ مېڭىشقىمۇ كۆنۈپ قالدى. مانا ھازىر ئۇ ھەقىقىي باشلىقلارغا خاس سالاپەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈردى. ئۇ، ئۆزىدىن دەرىجىسى ئازراقلا يۇقىرى باشلىقلارنى كۆرسە دەرھال بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ، ئېگىلگىنىچە ھېجىياتتى. ئۇ گەرچە مۇئاۋىن باشلىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھوقۇقتىن كېلىدىغان ھۇزۇر، لەززەت، پايدا - مەنپەئەتلەر ئۇنى باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇرۇنلا پېنسىيىگە چىقىۋالغان ئايالىمۇ بۇرۇن ئارىلىشىدىغان دوستلىرى بىلەن ئارىلاشمايدىغان، باشقىلار ھاجەت ۋە خۇشامەت بىلەن قىچقارغان ئولتۇرۇش، زىياپەتلەردە غادىيىپ ئولتۇرۇپ ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئابلىكىمگىمۇ ھازىرقى مۇشۇ سالاپەتنى، ھوقۇق تۇتقان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئايالى ئۆگەتكەنىدى.

— ۋاي، ۋۇي، ئاشۇ، بەز يەيدىغان قاسساپقىمۇ نېمە دەپ سالام قىلىپ يۈرۈسىز دەيمەن، سىزدىكى ئاشۇ ھوقۇق مەندە بولىدىغان بولسا، ئەتراپىڭىزدىكى ئاشۇ ئاقىنانچىلارنى كۆچۈكنىڭ ئورنىدا ئەركىلىتىۋېتەتتىم. سىزگىغۇ ھوقۇق ياراشمايدۇ، يۇ-

سۈپكام بولمىغان بولسىغۇ، جېنىڭىزنىمۇ باقالماي يۈرەتتىڭىز دەپ غوتۇلدايتتى. ئۇ خوتۇنى گەپ قىلماي قاپىقىنى تۈرۈپ قويسىمۇ، قورقىنىدىن پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتەتتى. بىراق، راھەت - پاراغەتتىن تەن قويۇپ سەمرىپ، كۈندىن - كۈنگە كېلەڭسىزلىشىپ، سەتلىشىپ كېتىۋاتقان خوتۇنى ئابلىكىمنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ چىرايلىقراق قىز - چوكانلارنى كۆرسە كىچىك تىلى لىكىلداپ خۇدىنى يوقىتىپ قوياتتى. چىرايلىق قىز - چوكانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئاز - تولا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراي دېسە خوتۇنىدىن قورقۇپ ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. غالىب ئۇنىڭ بۇنداق مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنى مۇشۇنداق مەخپىي خانىلەرگە باشلاپ كېلىپ، تۈرلۈك ئويۇن - تاماشىلار بىلەن كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ غالىبنى رايونلۇق ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە كۈچ چىقارغانىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك مەخپىي ئويۇنلىرى غالىبسىز بولمايتتى...

بۈگۈن لالە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ شادلىقتىن ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ تەكتىدىن خۇددى سىرلىق ئالۋۇندەك بىر مۇڭ بالقىيتتى. ئۇ ھازىر ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقان دوستلىرى ۋە بۇ يەردىكى ئەرلەرگە زورلاپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان بولسىمۇ نېمىشقىكىن ھۆكرەپ يىغلىغۇسىلا كېلەتتى. بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ مەقسەتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن يىگىرمە بىر تال شام سانجىلغان تورت كەلتۈرۈلدى. «تۇغۇلغان كۈن» مۇزىكىسى چېلىنىپ، چىراغ ئۆچۈرۈلدى. 21 تال شامدىن سۈس يورۇپ تۇرغان رېستوران كىشىگە سىرلىق تۇيۇلاتتى. سورۇندىكىلەر بوش چاۋاك چالغىنىچە مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ «تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك» دەپ ئۇنلەۋاتاتتى... لالە شامنى ئىككى قېتىم پۈۋلەپ ئاران ئۆچۈردى.





چىراغ ياندى، ھەممەيلەن ۋارقىرىشىپ، چۇرقىرىشىپ چاۋاك چېلىپ دېگەندەك لالەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەشتى. قىزلار ئۇنىڭ پېشانە ۋە مەڭزىلىرىگە تورت قايمىقىنى سۈركەپ قويدى. قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان لالە قىزىقچى پەرىشتىلەرگە ئوخشاپ قالدى. لالە گەرچە كۈلۈۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلىغىنىچە مەڭزىدە توختاپ قالدى. چىراغ نۇرىدا مەرۋايىتتەك پارقىراۋاتقان ئاشۇ ئىككى تامچە ياش بىزگە لالەنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

لالە چېگرا ئېغىزىغا يېقىن بىر ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا چوڭلارنىڭ ئۆزىنى «بۇ قىز نېمانچە چىرايلىق» ، «ئەجەپ چىرايلىق قىزكىنا بۇ» ، «ۋاي بۇ قىز نېمانچە ئوماق» دېگەن سۆزلىرىنى تولا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ قويۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ تولىمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلدى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بەزى قىز دوستلىرى ئۇنى ئاغزىدا ماختىسىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆرەلمەيتتى. ئۇ، ئۆزىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ ئۆزىگە ئۆزىنىڭ مەستلىكى كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ، ئاددىي - ساددا كىيىملەرنىمۇ ياراشتۇرۇپ كىيىشنى بىلەتتى.

لالە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بىر بەختسىزلىك يۈز بەردى. لالەنىڭ دادىسى قىشمۇ - ياز ئالما ساتىدىغان باققال ئىدى. ئانىسى كىنوخانا ئالدىدا ئۆپكە - ھېسىپ ساتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇماي چىقىۋالغان بولسىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم قەدىر ئەھۋال ئۆتەتتى. بىراق، چېگرا ئېغىزىدىكى سودا - سېتىقنىڭ قىزىپ

كېتىشى، لالەلەرنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ چېگرا ئېغىزىغا چى-
قىپ يۇرۇپ بىردىنلا باي بولۇپ كېتىشى لالەلەرنىڭ ئائىلىسى
ئۇچۇن ۋەھىمىلىك سايە تاشلاشقا باشلىدى. لالەنىڭ دادىسىنىڭ
ئىسمى قاھار، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئاينىسا ئىدى. چوڭ ئاكىسى-
نىڭ ئىسمى ئەنۋەر، كىچىك ئاكىسىنىڭ ئىسمى ئەسقەر ئىدى.
چېگرا ئېغىزىغا چىقىپلا ئۇزۇن ئۆتمەي باي بولۇپ كېتىۋاتقانلار-
نى كۆرگەن قاھارنىڭ ئەمدى باققالچىلىق دۇكىنىدا ئولتۇرغۇسى
كەلمەي قالدى.

قاھار بىر كۈنى ئاينىساغا مەسلىھەت سالدى:

— مەنمۇ چېگرا ئېغىزىغا چىقىپ باقايمىكىن دەيمەن. خو-
تۇن كىشىدەك كىچىككىنە دۇكانغا سولىنىپ ئولتۇرۇۋەرگەن
بىلەن قاملاشمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزدىمۇ تىرىك جان بولغاندى-
كىن خەق تاپقان پۇلنى تاپارمىز، ئەگەر مەن ئوبدانىراق پۇل
تېپىۋېلىپ قالسام، سەنمۇ ئۇچەي، قېرىنىنىڭ پوقىنى تازىلايمەن
دەپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتىڭ...

ئاينىسامۇ قاھارنىڭ گېپىنى توغرا تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن
قاھار دۇكىنىنى يىغىشتۇرۇپ چېگرا ئېغىزىغا چىقتى. قاھار
تۇنجى كۈنىلا چېگرا ئېغىزىدىكى قايناق بازارنى كۆرۈپ نېمە
ئۇچۇن بۇرۇنراق بۇ يەرگە چىقمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇنى
مەھەللىدىكى بىز نەچچە ئاغىنىلىرى بىللە ئېلىپ چىققانىدى.
ئاغىنىلىرى ئۇنى بازارغا كىرمەي تۇرۇپلا سودىسى ناھايىتى يۈرۈ-
شۈۋاتقان بىرئاشخانىغا ئېلىپ كىرىپ، پېتىر مانتا، پاقلان گۆ-
شى بىلەن مېھمان قىلدى.

قاھارنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا ماختىنىپ بەردى.

— كۆردىڭمۇ، بىز كۈندە ئەتىگەندە مانا مۇشۇنداق نوچى
تاماقلار بىلەن ناشتا قىلىمىز، بەزىدە چۈشتە ئالدىراشچىلىقتا
تاماق يېيەلمەيمۇ قالىمىز. بىراق، كۈندە كەچتە كاتتا بىر زىيا-





پەت ئۆتكۈزۈۋالمىساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، مەن بۇ بازارغا
كەلگەنىنىڭياقى ئۆيدىن تاماق يەپ باقمىدىم، نەچچە قېتىم دېسەم
ئاشۇ پاخ - پاخ دۇكىنىڭغا سولىنىپ، سېسىق ئالمىڭنى سېتىپ
ئولتۇردۇڭ، سەنغۇ خوتۇنىڭنىڭ توكۇر لەغمىنىگە كۆنۈپ قالغان
نەرسە...

شۇ كۈنى كەچتە ئاغىنىلىرى قاھارنىڭ شەرىپىگە ئالاھىدە
ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىدىغان بولدى. ئولتۇرۇش باشلىنىشتىن
بۇرۇن قاھارنىڭ ئاغىنىلىرى بىر - بىرسىدىن سوراشتى.

— رەڭلىك ئولتۇرامدۇق، رەڭسىزمۇ؟

— رەڭسىزمۇ ئولتۇرامدۇ، ھېلىقىلارغا چاقىرغۇ قىلە،
قاھارمۇ بىر رەڭنىڭ پەيزىنى كۆرۈپ باقسۇن.

ئولتۇرۇشلارنىڭمۇ رەڭلىك، رەڭسىزلىرى بارلىقىغا ھەيران
قالغان ساددا قاھار ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تازا بىلەلمەي
ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. قاھار رەڭلىك
ئولتۇرۇش دېگەننىڭ مەنىسىنى شۇ كۈنى چۈشەندى. ئولتۇرۇشقا
قاھارنىڭ قىزلىرى بىلەن تەڭدىمەت بەش، ئالتە قىزمۇ كەلگەنى-
دى. قىزلار بۇنداق ئولتۇرۇشلارغا تولا قاتنىشىپ موللا بولۇپ
كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلاردا قىزلارغا خاس ھايا، نازاكەت دېگەن-
لەر نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. شۇنداق زىلۋا، چىرايلىق
بولغىنىغا قارىماي تولىمۇ قىلىقسىز ئىدى.

— ئاداش، — دېدى قاھارنىڭ بىر ئاغىنىسى، — رەڭلىك
ئولتۇرۇش دېگەننىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن، مانا مۇشۇ
تومۇچۇقلار بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ رەڭدار گۈللىرى، ئۇلار
بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزغا رەڭ ئاتا قىلىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئولتۇ-
رۇشلارنى رەڭلىك ئولتۇرۇش دەپ قويىمىز.

— ۋايجان، — دېدى قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشقا چوڭراق
ئايپاشا ئىسىملىك قىز قولىدىكى قىزىل ھاراق قۇيۇلغان رومكى-

نى كۆتۈرگىنىچە قاھارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ
يىگىتنى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دەپ قالماڭلار، كېلىڭە، قاھار-
كا دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا بىر رومكىدىن ئىچىۋېتەيلى، —
ئايپاشانىڭ نازلىق كۈلۈپ، يۇمشاق سۆركۈلۈشىدىن خۇدىنى يو-
قاتقان قاھار قولىدىكى هاراقنى هاياجان بىلەن ئىچىۋەتتى.

— ھۆيت خېنىم، — دېدى قىزلاردىن بىرسى ئايپاشاغا ئىما
قىلىپ تۇرۇپ، — قاھاركامنى كۆرە، كۆرمەي تۇرۇپ بىزنىڭ
يىگىت دېگىلى تۇردۇڭغۇ، كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدىمۇ نېمە، —
سورۇندىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— يائاللا، كۆنلىكىڭ تۇتۇۋاتامدۇ، ئۆزۈڭنىڭ يېنىڭدا بول-
غاندىكىن تولا خەقنىڭكىگە كۆز سالماي قىسىپ بىر ئولتۇرە،
قاھاركامنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقە، قاھاركا سىز كىمنىڭكى؟

— ئايپاشامۇ بوش كەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا گەپ قىلغان قىز
دائىم ئۇنىڭ رىزقىغا قول سالاتتى. نەچچە رومكا ئىچىپ قىزىپ
قالغان قاھار ئايپاشانىڭ ئەركىلەشلىرىدىن تېخىمۇ مەست بولۇپ
تېزلا جاۋاب بەردى:

— سىزنىڭكى، سىزنىڭكى...

شۇ كۈنى ئولتۇرۇش ناھايىتى قىزىپ كەتتى. نەچچە يىلدىن
بېرى دۇكانغا سولىنىپ قەپەستىكى قۇشتەك كۈن ئۆتكۈزگەن
قاھار ئايپاشانىڭ نازلىق زورلاشلىرى بىلەن ھاراقنى خېلىلا ئى-
چىپ قويدى. ئۇ، ھۇزۇر - ھالاۋەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى
ئەمدى بىلىۋاتقاندەك خۇشاللىقىدىن قىلمايدىغان قىلىقلارنى قى-
لىپ كەتتى. سورۇنغا چۈشۈۋېلىپ قىلىق چىقىرىپ ئۇسسۇل
ئويناپ، ئاغىنىلىرى بىلەن قىزلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى. توختىماي
قىزىق گەپلەرنى قىلىپ سورۇننىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. شۇ كۈنى
ئۇلار ئۆيىگە يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى ئۆز
ئالدىغا ئىش - ئوقەت قىلمىغان بولسىمۇ ئاغىنىلىرى «چاي





پۇلى» دەپ بەرگەن پۇل بەشيۈز كويغا يەتكەنىدى...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ قاھارنىڭ چېگرا ئېغىزىدىكى كۆ-
ڭۈللۈك كۈنلىرى باشلاندى. ئۇ ئۇزۇن يىل باققالچىلىق قىلىپ
سودا - سېتىقنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلىۋالغان بولغاچقا، چېگرا
ئېغىزىدىكى سودا - سېتىقنىڭ ئېپىنىمۇ تېزلا بىلىۋالدى. ئۇ،
ئاغىنىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر ئەزەربەيجانلىق سودى-
گەرنىڭ ۋاستىچىسى بولىۋالدى، باشتا ئەزەربەيجانلىق سودىگەر-
نىڭ گېپىنى ئانچە چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ئارىلىشىش جەريانىدا
ئۇنىڭ سودىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە گېپىنى چۈشىنەلەيدىغان بول-
دى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ چېگرا ئېغىزىدىكى سودىسى
كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىڭ كويلاپ
كىرىم قىلىدىغان كۈنلىرىمۇ بار ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى بۇ
چېگرا ئېغىزىغا باشلاپ چىققان ھېلىقى ئاغىنىلىرىنىمۇ ئانچە
كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدىغان بولدى، پۇل ھەممىنى ئۆزگەرتىۋاتات-
تى. ھېلىقى ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالدا خۇشامەت قىلى-
دىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تېخى بىر قېتىملىق سودىدا ئون
مىڭ كوي پايدا ئېلىپ، ئۇنى چاي پۇلى ھېسابىدا ئەل - ئاغىنى-
لىرىگە بۆلۈپ بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ چاپانچى،
خۇشامەتچىلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ئۇ، ئۆيدىن تاماق يېمەيدىغان، ئۆيگە خالىسا كېلىپ، خالىسا
كەلمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆيدىن تاماق يەپ باقمىغىنىغىمۇ
ئۇزۇن بولدى، ئۇ پۇلنى تاپقانسېرى پۇل ئۇنىڭ كۆزىگە قىممەت-
سىز رەڭلىك قەغەزدەك بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولدى. شۇڭا، تاپقان
پۇلىنى ئەتراپىغا ئۆزلۈكىدىن ئولۇشۇپ قالغان چاپانچى - خۇشا-
مەتچىلىرىگە سۇدەك خەجلەيدىغان بولدى. بىراق، ئۇ ئايىنىساغا
ئانچە - مۇنچە تۇرمۇش پۇلى بېرىپ قويغاندىن باشقا پۇل بەرمەيت-
تى. لالەنىڭ چوڭ ئاكىسى ئەنۋەر دائىم چېگرا ئېغىزىغا چىقىۋې-

لىپ، قاھارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا قاھار خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەنۋەرنى چاقىرىپ قولىغا تۇتاملاپ ـ تۇتاملاپ پۇلنى تۇتقۇزۇپ، — ماڭە سەن بۇ يەردە يۈرمەي ئويۇنىڭنى ئوينا، — دەپ كەتكۈزۈۋېتەتتى. دادىسىنىڭ بۇ ئوبدان قىلىقىغا كۆنۈپ قالغان ئەنۋەر يانچۇقىدا پۇلى تۈگەپ قالغان چاغدا دادىسىنى ئىزدەپ تېپىپ بىر تۇتام پۇلنى ئالاتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى دۆڭدەك ئويناۋېرەتتى.

قاھار پۇل تېپىپ ئابرۇيلۇق بايۋەتچىگە ئايلانغاندىن كېيىن ئايپاشا دائىم قاھارنى قوغلاپلا يۈرىدىغان بولدى، بىراق قاھار ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك بەك ۋاي دەپ كەتمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان قىز ـ چوكانلىرى كۆپەيمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئايپاشا ئىزدەپ كەلسە ۋاي دەپ قويۇپ، كەلمىسە كارى بولمايتتى. شۇڭا ئايپاشامۇ قاھارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتاتتى···

قاھارنىڭ ئەڭ يېقىن خۇشامەتچىسى غەيرەت بۈگۈن ئۇنىڭ شەرىپىگە ئالاھىدە زىياپەت بەردى. زىياپەتكە قىزلار قاتارىدا ئايپاشامۇ قاتناشقانىدى. شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتا قاھارنىڭ خۇشامەتچىلىرى ئۇنىڭغا «بايۋەتچە» دېگەن لەقەمنى ئىنئام قىلدى. قاھار بۇ لەقەمنى كۆرەڭلىگەن ھالدا قوبۇل قىلدى. ئايپاشامۇ ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ، قاھارغا يېپىشىپ ئەركىلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولاتتى. ھاراق ئىچىپ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قاھار ئولتۇرۇش تېخى تۈگىمەيلا ئايپاشانى ئېلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى···

كېيىن قاھار تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، لالەنىڭ ئاپىسىنى قويۇۋېتىپ، ئايپاشانى ئالدى. سوت لالەنىڭ ئىككى ئاكىسىنى ئاپىسىغا، لالەنى قاھارغا بۇيرۇپ بەردى. لالە-





نىڭ چوڭ ئاكىسى كەچكىچە ھاراق ئىچىپ بىكارچىلىقتا لاغايلاپ يۈرەتتى. كىچىك ئاكىسى بىلەن ئاپىسى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئۆپكە ـ ھېسىپچىلىق قىلدى. لالە گەرچە دادىسى ئايپاشا ئۈچۈن سالدۇرغان كاتتا قورۇ ـ جايدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئايپاشانىڭ تۈرلۈك تاپا ـ تەنە، تىللاپ ـ دۆشكەلەشلىرىدىن جاق تويۇپ كەتكەنىدى··· شۇنداقتىمۇ دادىسىنى دەپ لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر ئىدى.

لالەنىڭ دادىسى ئۈرۈمچىگە كەتكەن چاغلار ئىدى. بىر كۈنى لالە ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەچرەك قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئايپاشانىڭ بىر بۇرۇتلۇق بىلەن ئېغىز، بۇرۇن يالىشىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ رەسۋاچىلىقنى كۆرگەن لالە ئاچچىق ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى···

ئايپاشا ئۆزىنىڭ بۇ رەسۋاچىلىقىنى قاھارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن قاھار ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىشىگىلا ئۆزى قىلغان ئىشنى لالەگە دۆڭگەپ قويدى.

— يائاللا، ئەجەب بىر تەستە كەلدىڭىز، ماۋۇ ئۆيدە نېمە ئىشنىڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز، گەپ قىلمىسا لالە كىچىك، لالە كىچىك دەپ بۆشۈككە بۆلەپ قويغىلى تاس قالىسىز، بىر كۈنى ماۋۇ ئىشىك ئالدىدىكى ئاشخانىدىن تاماق يەپ سەل كەچ قاپتىكەنمەن، سىزدىنمۇ قېرى بىر بۇرۇتلۇقنى ئۆيگە ئەكىرىۋاپتۇ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالسىمۇ كاشكى، تووۋا، ئۇ ھاياسىزلارنىڭ تۆپىسىگىلا چۈشۈپ قاپتىمەن.

ئايپاشا بۇ گەپلەرنى لالەنىڭ ئاكىسى ئەنۋەرگىمۇ دەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن لالەنى قاھار تىللاپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا ئاكىسى ئەنۋەر تىللاپ چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن لالە رەسمىيلا كوچىدا قالدى···

— لالە قوپۇڭ، ئىككىمىز تانسا ئوينايلى، — ئابلىكىم

غالىبلار بىلەن بىللە كەلگەن ئاق يۈزلۈك، بۇدۇر چاچلىق يىگىت لالەنى تانسىغا تارتتى. خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالغان لالە يىگىت بايىقى گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تانسا ئوينىدى. باشقا قىزلارمۇ باشقىلار بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. ئابلىكىم جۇجاڭمۇ مەلىكەگە يېپىشقىنىچە يالۋۇرغاندەك بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى. لالەنى تانسىغا تارتقان يىگىتمۇ بىر نەچچە رومكا قېقىۋالغان بولغاچقا، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ لالەنى خۇشامەت بىلەن ماختاشقا باشلىدى.

— سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز، مەن بۇ ئۆمرۈمدە سىزدەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — يىگىتنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بولسىمۇ، لالە ئەرلەرنىڭ بۇنداق مەقسەتلىك ماختاشلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەي، مەلىكە ئۆگەتكەن ھۈنەر - تاكتىكىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇستىلىق بىلەن تاقابىل تۇردى.

— تەقى - تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا، يۈرگەن قىزىڭىز پەرىشتىلەرنىڭ ئۆزىغۇ دەيمەن، بىزدەكلەرنى نەزەر كۆزىڭىزگىمۇ ئىلمايدىغان ئوخشايسىز، — بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلۈپ قويدى ھەمدە لالەنىڭ قوللىرىغا چاپلىشى鞣 كەتكەن قوللىرىنى سەل بوشىتىپ:

— بۇنى سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەدەپلىك، كېلىشكەن يىگىتلىكىڭىزدىن بىلدىم. ئەدەپلىك دېگەن سۆز يىگىتنى رەسمىيلا ئەدەپلىك قىلىپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل شەھۋەت نۇرى يېلىنجايتتى.

بۈگۈن ئابلىكىم جۇجاڭ ئوبدانلا مەست بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ھەدېسە مەلىكەگە يېپىشاتتى. تانسا ئوينىسا ئۇنى مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالاتتى. بىر مۇزىكا تۈگەپ يەنە بىر مۇزىكا باشلىنىش





ئارىلىقىدىمۇ مەلىكەنى قويۇپ بەرمەي مەيدىسىگە چىڭ باسقىنىچە تۇرۇۋالاتتى. غالىب جۇجاڭ قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆزى تانسا ئويناۋاتقان قىزلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى.

ئولتۇرۇش تۈگەپ باشقىلار تارقاپ كەتكەن بولسىمۇ ئابلىكىم جۇجاڭ ئايرىم دېيىدىغان گېپىم بار دەپ مەلىكەنى ئېلىپ قالدى. مەلىكەمۇ ھازىر ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدا كۆپ ياردىمى تەگكەن بۇ ئادەمنىڭ گېپىنى ئاسان رەت قىلالمايتتى. شۇڭا، قىزلارنى سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار دەپ ئابلىكىم جۇجاڭ بىلەن بىللە قالدى. ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ ئايرىم خاس ئىشرەتخانىسىغا ئايلىنىپ قالغىلى تۇرغان بۇ رېستوراننىڭ خوجايىنى ئابلىكىم جۇجاڭغا كارىۋات ۋە سافاسى بار ئايرىمخانىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار ئايرىمخانىغا كىرگەندىن كېيىن مۇلازىمەتچى قىز ئىشىكنى ئېتىۋەتتى. مەلىكەنى ئايرىمخانىغا ئېلىپ كىرىۋالغان ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ خۇشاللىقىدىن يۈرەكلىرى تېپىچەكلەپ كەتتى. ئابلىكىم جۇجاڭ مەلىكەنى رەسمىيلا ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. گەرچە ئابلىكىم جۇجاڭ ئارىلىشىۋاتقان 18 — 20 ياشلاردىكى قىزلار كۆپ بولسىمۇ، ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ نەزىرىدە ئۇ قىزلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى تولۇق غورىدەك چىشىنى قاماپ قوياتتى. ئۇلار بىلەن مۇڭداشقىلى، سىرداشقىلى، ھېسسىيات ئالماشتۇرغىلى بولمايتتى. ئۇلارنى پەقەت جانسىز گۈلنى پۇرىغاندەك پۇراشقىلا بولاتتى. مەلىكە ئابلىكىم جۇجاڭ ئۈچۈن پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە، مەي بولۇپ پىشقان مېۋىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن مەلىكەنىڭ سەيپۇڭخانا، تىككۈچىلىك مەكتىپىنى ئېچىش جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى پىرىنسىپسىز ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. ئۇ ئاياللاردىن كېلىدىغان بىر

خىل مېھرىبانلىقتا، ناز - كەرەشمەگە تەشنا ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى كىچىك چېغىدىلا تۈگەپ كەتكەن، ئايالى بولسا تولىمۇ بېشەم، قوپال ۋە سەت ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەر مەلىكەنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشكەندەك تۇيۇلاتتى... ئۇنىڭ مەلىكەنىڭ ئىشقى پىراقىدا كۆيۈپ، مۇشۇنداق پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرەلمەيۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئايرىمخانىغا كىرىپلا مەلىكەنى قۇچاقلاپ، ئاچ بۆرىدەك سۆيمەكچى بولدى. بىراق، مەلىكە ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئابلىكىم جۇجاڭنى يالغان پەپىلەپ، ئالداپ - سالداپ يۈرۈپ، بېسىقىشقا چۈشۈردى. ئابلىكىم جۇجاڭ مەست بولۇپ قالغان بولغاچقا، مەلىكەگە خۇددى ياش يىگىتلەردەك قەلب ئىزھار قىلدى. ئارىلىقتا تېخى ياش تۆكۈپ يىغلىدى. خوتۇنىنى قويۇپ بېرىپ مەلىكەنى ئالىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ بىرمۇنچە سۆزلىدى. مەلىكەمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۇستىلىق بىلەن ماسلىشىپ، يەنە ھاراق ئىچەيلى دەپ مۇلازىمەتچىلەرگە بىر بوتۇلكا ھاراق ئەكىرگۈزدى. ھاراقنى ئۆزى يالغان ئىچىپ ئابلىكىم جۇجاڭغا سىركايغا توشقۇزۇپ قۇيۇپ بەردى. مەلىكەنىڭ ئالدىدا خۇدىنى يوقاتقان ئابلىكىم جۇجاڭمۇ ھاراقنى يانماي ئىچىۋەردى - دە مەست بولۇپ خۇدىنى بىلمەي يېتىپ قالدى. مانا ئەمدى ئۇ رەسمىي خورەك تارتىشقا باشلىدى. مەلىكە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى...

## 28

مەن مەيدانغا چۈشۈشۈم بىلەن مەيداندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ھەيران بولۇپ قاراشتى. «ئالتۇن تەڭگە قەسرى»نىڭ ئەمىرلىكلىكىنى تالاشتۇرۇپ ھۇزۇر سۈرۈۋاتقان بومبا ساقالمۇ سەھنىدىن چۈشۈپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ ماڭا





بىردەم سىنچىلاپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن خۇددى مەندىن گۇمانلانغاندەك گەپ سوراشقا باشلىدى.

— قارىغاندا سەن بۇ يۇرتلۇق ئەمەس ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق، مەن بۇ يۇرتتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچى.

— سەن قانداقسىگە «ئالتۇن تەڭگە قەسرى»گە ئەمىر بولۇشنى ئويلاپ قالدىڭ؟

— مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلانمىدىم، — دېدىم مەن، — مەن پەقەت ئالدىمدىكى ئازراق ھوقۇق، نەپ ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن يانمايدىغان مۇشۇ ئادەمنى مات قىلىشنىلا ئويلىدىم، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىن تۆمۈر دەرغەزەپكە كەلدى. ئۇ قىلىچنى قولىغا ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا دېۋەيلەپ كەلدى. بومبا ساقال بىزنىڭ ئېلىشىشىمىزغا رۇخسەت قىلدى.

بىز ئېلىشىشقا باشلىدۇق، مەن چىن تۆمۈرنى ھە دېگەندىلا مەغلۇپ قىلىشقا كۆزۈم يەتسىمۇ بۇ يەرگە يىغىلغانلارغا ئۆزۈمنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە قەستەن ئېلىشىشنى ئۇزارتتىم. چىن تۆمۈرنى ئۇمىدلەندۈرۈش مەقسىتىدە يېڭىلىپ قېلىۋاتقان ھالەتكە كىرىۋېلىپ چېكىنىپ بەردىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاش پىشىم ئېلىشقاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا دەرغەزەپكە كەلدىم، دېمىسىمۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەركەكلىكىنى يوقىتىپ، رەزىللەشكەن بۇنداق مەخلۇقنى يەر يۈزىدىن يوقىتىش كېرەك. مەن بىرلا نەرە تارتىپ چىن تۆمۈرنى پۈتلاپ يىقىتىپ قىلىچىمنى ئېگىز كۆتەردىم، چىن تۆمۈرمۇ قورققىنىدىن خوتۇن كىشىدەك ۋارقىرىۋەتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ چۇرقىرىشىپ كەتتى. لېكىن، مەن چىن تۆمۈرنى ئۆلتۈرمىدىم. چۈنكى، ئۇ مەختۇمسۇلاغا كېرەك، ئۇنىڭ ئۆلگەن باتۇرلۇقى ۋە ئەركەكلىكى بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى تىرىلىپ قېلىشى مۇمكىن... شۇڭا، مەن قولۇمدىكى قىلىچنى تاشلاپ، بىردىنلا بۆرە سىياقىغا كىر-

دىم. مېنىڭ بۆرە سىياقىغا كىرگەنلىكىمنى كۆرگەن كىشىلەر ۋەھىمىلىك چۇرقىراپ ھەر تەرەپكە پاتپاراق بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. مەن كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشىنەلمەي تامدەك تاتارغىنىچە ئوڭدا ياتقان چىن تۆمۈرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم.

«نومۇس قىل، چىن تۆمۈر!»

× × ×

مەختۇمسۇلانىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر تۇلۇم بۇغا سۈتىدىن باشقا تۈرلۈك يېمەكلىكلەر بىلەن كېرەكلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كۈنلىرى خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقان بولسىمۇ ئاكىسى قايتىپ كەلمىگەن بولغاچقا بۇ يەردە تەنھا ياشاش ئۇنىڭغا ئازابلىق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بىچارىلىقىدىن ھەسرەتلەندى. ئۆزىگە چوغ بەرگەن ھېلىقى مومايىنىڭ ئۆيىنى نەچچە قېتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئىزدەپ تاپالمىغاننى ئازدەپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تاپالمىغىلىمۇ تاس قالدى. مەختۇمسۇلا چىن تۆمۈرنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزدى. ئۇ ئەمدى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۇرتى «كۆك ئۆستەڭ»گە بېرىپ ئادەملەر بىلەن بىللە ياشىماقچى بولدى. بىراق، ئۇ «كۆك ئۆستەڭ»نىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇ يەرنىڭ زادى قايسى يەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ مىسران قىلىچىنى ئېلىپ، ئۆيگە كاپ ـ كاپ كۈچۈكىنى قالدۇرۇپ، «كۆك ئۆستەڭ» تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

مەختۇمسۇلانىڭ قەلبىدىكى ئىنسانلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت، يېگانىلىق، بىچارىلىقتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى ئۇنى





توختىماي ئالغا بېسىشقا ئۈندەيتتى. بىراق، ئۇ كۈن ئولتۇرۇپ غەرب شەپىقى قىزارغىچىمۇ ئادەملەر بار بىرەر مەھەللىنىمۇ ئۇچرىتالمىدى. بۇ بارخانلىق قىزغۇچ شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇققا چۆمكىلىشكە باشلىغانىدى. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن مەختۇمسۇلا قېرى بىر توغراقنىڭ ئالدىدىكى بارخاننىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ «كۆك ئۆستەڭ»نى بۈگۈن تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن بارخان ئۈستىدە تۈنىمەكچى بولدى. ئۇ قاپاقتىكى سۈنى قېنىپ ئىچكەندىن كېيىن سەپەر تالقانلىرى بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلىدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ھاردۇق يەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ بارخاندا يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە ياتقاندەك ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى...

تۇمانلىق قارا تاغ ئۈستىدە ئېيىقسىمان قاناتلىق مەخلۇقلار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلار قورقۇنچلۇق چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئۈنلىگىنىچە بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى خۇددى قىيامەتنىڭ ۋەھىمىسىدەك ناھايىتى سۈرلۈك ئىدى. مەختۇمسۇلانىڭ قورقىنىدىن يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋەھىملىك پەرۋازىغا ھەيران بولغىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئەسلىدە كېپىنەكتەك پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قاناتلىق قىزلارنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلىماقتا ئىدى. ئەنە ئۇ مەخلۇق بىر قاناتلىق قىزنى خۇددى لاچىن كەپتەرنى سوققاندەك قانىتى بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، چىرقىراتقىنىچە يالماپ يۇتۇۋەتتى. قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئۈستىدىكى بۇ ۋەھىملىك مەنزىرە ئۆڭكۈرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئاسمانغا قاراپ تۇرغان مەختۇمسۇلانى ئاچچىق چىرقىرىتىۋەتتى. بىر چاغدا ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ قاناتلىق قىزلاردەك قاناتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى، قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئاسمىنىدا ھېلىقى مەخلۇقنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ جان ـ جەھلى بىلەن قېچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىراق،

ئۇ قانچە قانات قاقسىمۇ يۇقىرى ئۆرلىمەي تۆۋەن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. كۆپ ئۆتمەي ھېلىقى مەخلۇق مەختۇمسۇلانى قانىتى بىلەن ئۇرۇپ، يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك ئۆتكۈر چىشلىرى مەختۇمسۇلانى چايناپ پۇركۇشكە باشلىدى. بەدەنلىرىنىڭ چاينىلىپ، پۇركىلىۋاتقانلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەختۇمسۇلا ئاچچىق چىرقىرىۋەتتى...

... مەختۇمسۇلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئويغانغاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ بايىقى چۈشى ئاسمانغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئالدى بىلەن ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا تولۇن ئاي ئالتۇن تاۋاقتەك نۇرلىنىپ تۇراتتى. سانسىزلىغان يۇلتۇزلار تىنماي جىمىرلاپ مەختۇمسۇلانىڭ چەكسىز تەنھالىقتىن لەختە - لەختە بولغان يۈرىكىگە مەدەت، تەسەللى بېرەتتى. ئاي نۇرىغا پۈركەنگەن پايانسىز توغراقلىق مەختۇمسۇلاغا ھايات ھەققىدىكى قەدىمىي بىر ناخشىنى ئۈنسىز ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. توغراقلارنىڭ سارغايغان ياپراقلىرى سانسىز ئالتۇن تەڭگىلەردەك جىلۋىلىنىپ شۇۋىرلايتتى. ئۇ شەرقىي ئۇپۇققا قارىدى، ئاسمان جىيەكلىرىنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغىنىغا قارىغاندا تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ سەپەردە بارخان ئۈستىدە تۈنەپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. مەختۇمسۇلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستىۋېشىنى قېقىشتۇرۇپ، قاپاقتىكى سۇ بىلەن يۈز - كۆزىنى يۇيغاندىن كېيىن سەپەر تالقىنى بىلەن ناشتا قىلدى. ئۇپۇق ئاقارغان بىلەن ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇق تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى. مەختۇمسۇلا قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي مەڭدىگىنىچە تۇرۇپ قالدى. تەنھالىق، ھارغىنلىق، بىچارىلىك ئۇنى ئازابلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل پىغان ئۆرلەپ، پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى يىغا چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ ھۆڭرەپ يىغلىغۇسى، توختىماي ياش تۆك-





كۈسى كەلدى، ئۇ تەنھالىق ۋە بىچارىلىكتىن قەلبىدە پەيدا بولغان ھەسرەتلىرىنى پاك قەلبىگە پاتقۇزالمايۋاتاتتى. ئۇپۇقنىڭ ئاقىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەسرەت - پىغانلىرىمۇ پارتلاشقا باشلىدى: «ئاكا، سەن زادى نەدە، مەندەك بىر بىچارە سىڭلىڭنىڭ مۇشەققەت چۆلىدە تەنھالىق ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتامدىغانسەن، سەن نېمىشقا ئەسلىڭنى ۋە ئۆزۈڭنى يىتتۈرۈپ قويغانسەن، سېنىڭ يىگىتلەرگە خاس پاراسىتىڭ، باتۇرلارغا خاس جاسارىتىڭ نەگە كەتتى. سەن ئۆزۈڭنىڭ چىن تۆمۈر باتۇرلۇقىڭنى يوقىتىپ قويغان ئوخشايسەن... — يىگىتلەر، يىگىتلەر! سىلەر زادى نەدە؟ ! ! مەختۇمسۇلانىڭ ئاخىرقى سۆزى خۇددى ئانا بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدەك تولىمۇ سوزۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ سۇبھى قاراڭغۇلۇقىدا خۇددى بۆرىنىڭ كۆزىدەك نۇرلىنىپ ياندى... شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرلۇق بىر شار پەيدا بولدى. مەختۇمسۇلا ئالدىدىكى قېرى توغراقنىڭ يېنىدا جىمىرلاپ، جىلۋىلىنىپ تۇرغان شارسىمان نۇرغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئەتراپ ئاشۇ نۇر بىلەن ئايدىڭ يورۇپ كەتكەنىدى. ئارىلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئاشۇ شارسىمان نۇرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاق سەللە، ئاق پەرىجىلىك، ئاق ساقاللىق ئاق بوۋاي پەيدا بولدى. بوۋاينىڭ چىرايىدىن ئاتىلارغا خاس مېھرىبانلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قىزىم.

ئادەملەرگە بولغان چەكسىز سېغىنىش ئىلكىدە مەست بولۇشقا باشلىغان مەختۇمسۇلا بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋايغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاتا! — مەختۇمسۇلانىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— قىزىم، سەن مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما، لېكىن مەن

سىنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەن، سىنىڭ ئىسمىڭ مەختۇمسۇلا شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ئاتا، — مەختۇمسۇلا پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى.

— مەن سىنىڭ توغرا نىيەت بىلەن سەپەر قىلغانلىقىڭنى بىلىمەن، مەن توغرا نىيەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە داۋاملىق ياردەم قىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئاتا، ماڭا ياردەم قىلىڭ، ئاكام چىن تۆمۈرنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلەمسىز، — مەختۇمسۇلا جىددىيلەشكەن هالدا سورىدى.

— قىزىم، ئاكاڭنى ئىزدىشىڭنىڭ هاجىتى يوق، ئۇ ئۆزىنىڭ روهىنى يوقاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ روهىنى تاپقان هامان سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سىز ماڭا ئاتا ـ ئانامنىڭ يۇرتى «كۆك ئۆستەڭ»نى تېپىپ بېرىڭ!

— «كۆك ئۆستەڭ»گە بارمىغىن قىزىم، ئۇ يەردىكى چىرايلىق قىزلارنىڭ هەممىسىنى ئىپىق دىۋىلەر بۇلاپ قېچىپ، خار قىلماقتا. ئاناڭمۇ ئەنە ئاشۇ ئىپىق دىۋىلەر ماكانىدا خارلىنىپ ۋە زارلىنىپ ياشاپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ ئەما بولۇپ قالدى. ئاناڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن چىرايلىق قىزلار ئاشۇ ئىپىق، دىۋىلەرنىڭ ئازابىنى تارتماقتا. شۇڭا، سەن ئاناڭنى ۋە ئاشۇ ئازاب چېكىۋاتقان قىزلارنى ئىپىق دىۋىلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇشىڭ كېرەك.

— ئانام تېخى هاياتمۇ؟ جېنىم ئانا! …— مەختۇمسۇلانىڭ يۈرىكى شىددەت بىلەن سىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. بىراق، مەن ئاشۇ يىرتقۇچ ئىپىق دىۋىلەرگە قانداق تەڭ كېلەلەيمەن؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلمىغىن قىزىم، مەن ساڭا مەدەتكار





بولىمەن، يېنىمغا كەل! — مەختۇمسۇلا بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋاي قوينىدىن جۇلالىنىپ تۇرغان بىر قاشتېشى تۇمارنى ئېلىپ، قىزنىڭ بوينىغا ئاسقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قىزىم، مانا مۇشۇ تۇمار ساڭا مەدەت بېرىدۇ، بۇنىڭغا ئاتىلارنىڭ تىلىكى، ئانىلارنىڭ مېهرىبانلىقى مۇجەسسەملەشكەن، ئۇ ساڭا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىپلا قالماي، سېنى تۈرلۈك خېيىم ـ خەتەرلەردىن ساقلايدۇ. سەن غەربكە قاراپ مېڭىۋەر، يول ئۈستىدە ساڭا بەزى مۈشكۈلاتلار ئۇچرايدۇ، سەن ئەنە ئاشۇ مۈشكۈلاتلاردىن قورقماي ئالغا ئىلگىرىلىسەڭلا مەقسەت ـ مۇددىئالىرىڭغا يېتىپ ئاناڭنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيسەن، «كۆك ئۆستەڭ»دىن تۇتۇپ كېتىلىپ، ئىپىق، دىۋىلەرنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقان قىزلارنى ئاسارەتتىن قۇتقۇلدۇرالايسەن.

— رەهمەت ئاتا، مەن بۇ يولدا ئۇچرىغان هەرقانداق مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيمەن، ئانامنى ۋە ئاشۇ قىزلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا بۇ ئەرزىمەس جېنىمدىن ئايرىلساممۇ مەيلى.

— ئۇنداق بولسا قىزىم، غەربكە قاراپ يولغا چىق! تۇمارنى يېنىڭدىن ئايرىما، ئۇ ساڭا مەدەتكار بولىدۇ، — بوۋاي شۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز غايىب بولدى. مەختۇمسۇلا كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى خېلى ۋاقىتقىچە بىلەلمىدى. ئۇ باشتا چۈش كۆرگەن ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىقلىق تۇرغان قاشتېشى تۇمار بايا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايتتى. مەختۇمسۇلانى هەممىدىن بەك خۇشال قىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ هايات ئىكەنلىكى ئىدى. شۇڭا، ئۇ غەرب تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ يول ئالدى.

مەختۇمسۇلا توغراقلىق ۋە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئۇششاق هايۋانلار مېڭىپ پەيدا قىلغان چىغىر يوللار بىلەن غەرب

تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا بويىنىدىكى قاشتېشى تۇمارنى تۇتۇپ قوياتتى. ئۇ ئەنە ئاشۇ تۇماردىن ئۆزىگە ئىشەنچ ۋە مەدەت ئالماقتا ئىدى.

مەختۇمسۇلا ئانىسىنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئالغا قاراپ كېتىپ بارماقتا، توغراقلار ئۇششاقلاپ، بارخانلار ئازىيىشقا باشلىدى. گەرچە ئۇ توختىماي مېڭىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈرلۈك خىياللار كۆۋەجەيتتى.

— توۋا، ئانام تېخى ھاياتكەن - دە، ئانام زادى قانداقراق ئايال بولغىيدى، ئۇ ئېيىق دىۋىلەرنىڭ قولىدا قانداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىۋاتقاندۇ - ھە. بايىقى بوۋاي ئادەمزاتمىدۇ، جىن ئالۋاستىمىدۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى راست بولسا ماڭا قايسى مۇشكۇلاتلار ئۇچرايدىغاندۇ، دادامنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئانامنى بۇلاپ قاچقان ئېيىق دىۋىلەر بىلەن قانداقمۇ تەڭ كېلەلەرمەن. «كۆك ئۆستەڭ» دىن بۇلاپ كېتىلىۋاتقان قىزلارمۇ ئانام كۆرگەن قىسمەتلەرنى كۆرۈۋاتقانمىدۇ، ئېيىق دىۋىلەرمۇ ئاشۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئەۋلادلىرىمىدۇ - يا، ئۇلارمۇ قىزلارنىڭ قېنىنى شوراپ ئازابلامدىغاندۇ؟ ماڭا قاچانلىققىمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىت يولۇقار، مېنىڭ قەلبىم ۋىجدانلىق، قەيسەر يىگىتكە تەشنا، بىراق ماڭا بىرەر ئۆلەرمەن يىگىتمۇ ئۇچرىمايۋاتىدۇ، يىگىتلەر سىلەر نەگە كەتتىڭلار؟! راست گەپنى قىلسام، سىلەرسىز ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە لازىمى. مەنمۇ دائىم ئۆزۈمنى قايسىدۇر بىر يەردە ۋىجدانلىق، قەيسەر بىر يىگىت كۈتۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلىمەن. ھامان ئاشۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ، توي - تەنتەنىسى ئىچىدە ۋىسال پەيزىنى سۈرۈپ، گۈزەل مەنزىللەرنى قۇچاقلايدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن، ئەنە ئاشۇ غايىۋانە يىگىت مېنىڭ ئۈمىد چىرىغىم، قەلبىمدە ئاشۇ يىگىت نۇرلىنىپ تۇرغاچقا مەن ئادەم چىدىغۇسىز تەنھالىققا، ئازاب -





ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا، كۆپ باشلىق يالماۋۇزلار مېنىڭ قېنىمنى شوراپ تۈگىتەلمىدى. مەن ۋىجدانلىق، قەيسەر يىگىتلەرنىڭ تېخى تۈگەپ كەتمىگەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ئەنە ئاشۇ يىگىتلەر بولغاچقىلا ماڭا ۋە مۇشۇ يۇرۇق ئالەمدىكى بارلىق قىزلارغا ھايات تېخىمۇ گۈزەل ۋە پاساھەتلىكتۇر، بىراق يىگىتلەر، ۋىجدانلىق، قەيسەر يىگىتلەر سىلەر زادى قەيەردە… خىيال بىلەن كېتىۋاتقان مەختۇمسۇلا ئالدىنى توسۇپ تۇرغان دەرەختەك ئېگىز ئۆسكەن جىغان - تىكەتلىك ئالدىدا توختاپ قالدى. بۇ يەردىكى جىغانلار خۇددى كۆك تېرەكتەك ئېگىز بولۇپ، ئۇنىڭ تىكەنلىرى ئاللىقانداقتۇر قورقۇنچلۇق ھايۋانلارنىڭ چىشلىرىدەك كۆرۈنەتتى. ناھايىتى قويۇق ئۆسكەن بۇ جىغانلىقلاردىن يول تېپىپ مېڭىش ھەقىقەتەن مۇشكۇل ئىدى، شۇڭا ئۇ جىغانلىق ئالدىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بوۋاي ئېيتقان مۇشكۇلاتلارنىڭ بىرسى مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، جىغانلىقنى قايرىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىمەكچى بولغانىدى. جىغانلارغا جان كىرىپ قالغاندەك پىلنىڭ چىشىدەك يوغان تىكەنلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىنى ئىتتىرىۋەتتى. مەختۇمسۇلامۇ قانداقسىگە ئۆزىنىڭ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق. جىغانلىق يەنە شۇ پېتى تۇراتتى. توۋا، بايا مەيدەمدىن ئىتتىرىۋەتكەن زادى نېمىدۇر، ئەمدى ئۇ بويىنىدىكى قاشتېشى تۇمارنى چىڭ تۇتقىنىچە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. جىغانلار خۇددى تۇيلىشىۋالغان ئادەملەر مەلۇم بىر ھۆرمەت ئىگىسىگە يول بوشىتىپ بەرگەندەك تۇيۇقسىز ئورنىدىن قوزغىلىپ مەختۇمسۇلاغا يول بەردى، شۇڭا مەختۇمسۇلا تۇمارنى چىڭ تۇتقىنىچە ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇ تۇمارنىڭ خاسىيىتى بىلەن جىغانلىقنىڭ قاپ بېلىدىن يول ئېچىپ

ئىلگىرىلىدى.

مەختۇمسۇلا خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن قورقۇنچلۇق جىغانلىقتىن چىقىپ، گۈل - چېچەكلەر بىلەن پۈركەنگەن گۈزەل بىر يايلاققا چىقىپ قالدى. جىغانلىقتىكى ۋەھىمىلىك بۇرۇقتۇرمىلىقتىن بىزار بولغان مەختۇمسۇلا بۇ گۈزەل يايلاققا قاراپ ناھايىتى راھەتلەندى. شۇڭا، ئۇ قاپاقتىكى سۇيىدىن قانغۇدەك ئىچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن يېشىل مەخمەلدەك رەڭلىنىپ تۇرغان چىملىق ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسمانمۇ خۇددى مۇشۇ يايلاقتەك يېشىل ۋە زەڭگەر بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئاسمان بىلەن يايلاق بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ھەممىلا يەر يايلاق ياكى ئاسماندەك كۆرۈنەتتى. يايلاقنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك چەشمە، بۇلاقلار بۇلدۇقلايتتى. رەڭگارەڭ ئېچىلغان ياۋا گۈللەر ئۇستىدە گۈللەردىنمۇ گۈزەل كېپىنەكلەر پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى. مەختۇمسۇلا ۋەھىمىلىك جىغانلىقتىن چىقىپ بۇنداق گۈزەل يايلاققا كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ خۇددى مۇشكۇل سەپەردىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك خېلى ئۇزۇنغىچە راھەتلىنىپ ياتتى. ئۇ بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزدەك بۇلاق سۈيى بىلەن سەپەر تالقىنىدا قورسىقىنى ئەستەرلىدى. قاپىقىنى بۇلاق سۈيى بىلەن تولدۇردى. مەختۇمسۇلا سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ، يولغا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا بىر توپ ئاق توشقان تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. توشقانلار خۇددى ئۆز ئانىسىنى كۆرگەن بالىلاردەك مەختۇمسۇلاغا ئۆزىنى ئاتتى، بەزىلىرى مەختۇمسۇلانىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. بۇ ئەھۋال مەختۇمسۇلانى تەمتىرىتىپ قويدى. توۋا بۇ توشقانلار مەندىن قاچماقتا يوق، نېمە دەپ ماڭا يېپىشىدىغاندۇ، مەختۇمسۇلا ئەنە شۇنداق خىيال قىلىپ بولغۇچە توشقانلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا





يۈگۈرۈپ كەلگىنى خۇددى ئۇماق قىزلاردەك چۈچۈك تىل بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەدە، ھەدە، مەختۇمسۇلا ھەدە، بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بىزنى بىر ئېيىق دىۋە قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر سىز بىزنى قۇتقۇزۇۋالمىسىڭىز، ئۇ بىزنىڭ جېنىمىزغا زامىن بولىدۇ.

— توۋا، سىلەر خۇددى قىزلاردەك گەپ قىلىۋاتىسىلەرغۇ، سىلەرگە زادى نېمە بولدى. ئالدىرىماي گەپ قىلىڭلار. قورقۇپ كەتكەنلىكتىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سىلىۋاتقان توشقانلار مەختۇمسۇلاغا يېپىشقىنىچە خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدى. شۇ چاغدا مەختۇمسۇلانىڭ ئالدىدا بېشى ئېيىققا، بەدىنى ئادەمگە ئوخشايدىغان كالىدەك بەستلىك بىر نەچچە مەخلۇق پەيدا بولدى. غەزەپ بىلەن مەختۇمسۇلا تەرەپكە كېلىۋاتقان ھېلىقى مەخلۇقلار مەختۇمسۇلانىڭ مەيدىسىدە نۇرلىنىپ تۇرغان تۇمارنى كۆرۈپ، سەل قورققاندەك بولۇپ، ئورنىدا تۇرۇپ قېلىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مەختۇمسۇلاغا تەھدىت سالغاندەك ۋارقىرىدى:

— ھەي، مەختۇمسۇلا، بىز ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز، ئاۋۇ توشقانلارنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆز يولۇڭغا ماڭ، ئەگەر ئۇلارنى قوغدىماقچى بولساڭ بىزدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

— ھەدە، ھەدە، ھەرگىز ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭ، بىزنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز، ئۇلار بىزنى يەنە ئاشۇ قارا ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كېتىدۇ. بىز سىزنىڭ بىر يۇرتلۇقلىرىڭىز، قېرىندىشىڭىز، سىزنىڭ بويىنىڭىزدىكى تۇمار سىزنى ئۇلاردىن قۇدرەتلىك قىلالايدۇ. سىز بىزنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، — توشقانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مەختۇمسۇلا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن ئېيىق دىۋىلەرگە مۇنداق دېدى:

— بۇ توشقانلارنى بۈگۈن بىر كۈن ماڭا بېرىپ تۇرۇڭلار، ئۇلارنى مەن سىلەرگە ئەتە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — مەختۇمسۇلانىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئېيىق دىۋىلەر نارازى بولۇپ بىردەم غودۇرىغاندىن كېيىن، مەختۇمسۇلانىڭ بوينىدىكى تۇمارغا خۇدۇكسىرەپ قاراپ مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن، بىز ئەتە دەل مۇشۇ چاغدا كېلىمىز، ئۇ توشقانلارنىڭ بىرىنىمۇ كەم قىلماي بىزگە تاپشۇرىسەن، — شۇ گەپتىن كېيىن ئېيىق دىۋىلەر تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. ھېلىقى مەخلۇقلار غايىب بولۇشى بىلەن تەڭ توشقانلار چىرايلىق بەش قىزغا ئايلىنىپ، خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ سەكرىشىپ، مەختۇمسۇلانى سۆيۈپ كەتتى. مەختۇمسۇلا كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مەختۇمسۇلا بىر ئىشىنە، بىر ئىشەنمەي قىزلاردىن سورىدى:

— تۇۋا، سىلەر ئىنسانمۇ، جىن - ئالۋاستىمۇ؟ سىلەر مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسىلەر؟

— بىزمۇ ئەسلىي «كۆك ئۆستەڭ»لىك، بىزنى ئېيىق دىۋىلەر بۇلاپ كېلىپ ئازابلىغان، ئېيىق دىۋىلەر يۇرتىدا يەنە نۇرغۇن قىزلار بار، ئۇلارمۇ «كۆك ئۆستەڭ»لىك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مايمۇنغا، قۇرت - قوڭغۇز، كېپىنەكلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. سىزنىڭ ئانىڭىزمۇ كېچىسى ئادەم سۈرىتىدە، كۈندۈزى قاراڭغۇ غاردا شەپەرەڭ سىياقىدا مۇشەققەت چەكمەكتە. ئۇ دائىم بىزگە سىز بىلەن ئاكىڭىز چىن تۆمۈرنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەتتى. بىزنى «نۇرلۇق ئاق بوۋاي» ئاشۇ ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ قاچۇرۇۋەتكەن. ئۇ بىزگە مەشرىق تامان مېڭىۋېرىڭلار، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا چوقۇم مەختۇمسۇلا ئىسىملىك بىر قىز ئۇچرايدۇ، سىلەر ئۇ قىزنىڭ بوينىدىكى تۇمارنىڭ





خاسىيىتى بىلەن ئەسلىڭلارغا كېلىسىلەر، دېگەنىدى.

— ھە، ئەسلىي گەپ مۇنداقكەن - دە، — قىزلارنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەن مەختۇمسۇلا خۇشال بولۇپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيدى، شۇڭا ئۇ قىزلار بىلەن كۆڭۈل قويۇپ پاراڭلاشتى.

— بايا سىلەرنى قوغلاپ كەلگەن غەيرىي مەخلۇقلارچۇ؟

— ئېيىق دىۋىلەر دېگەن رەزىل مەخلۇقلار ئەنە ئاشۇلار، بىز نۇرلۇق ئاق بوۋاينىڭ ياردىمىدە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار بىزنىڭ كەينىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ. سىزنىڭ بوينىڭىزدىكى مۇشۇ تۇمار بولمىغان بولسا ئۇلار بىزنى ساق قويمايتتى.

— ھە راست، ئانامنىڭ كۆزىنىڭ كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقى راستمۇ؟

مەختۇمسۇلانىڭ تۇيۇقسىز سورىغان بۇ سوئالىنى ئاڭلىغان قىزلار بىر - بىرىگە قارىغىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەختۇمسۇلانىڭ ئالدىغا ئەڭ ئالدى بىلەن يۈگۈرۈپ كەلگەن قىز تەمبۇرنىڭكىدەك مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— بەتبەشىرە ئېيىق دىۋىلەر، ئانىڭىزنى كۈندۈزى شەپەرەڭگە ئايلاندۇرۇپ قاراڭغۇ غارغا سولاپ قويىدىكەن، كۈندۈزى گەرچە ئانىڭىز ئادەم سىياقىغا كەلسىمۇ، بىراق كۆزىنى كۆرمەيدىغان قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئانىڭىزنى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنە شۇنداق سېھىرلەپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بىر ھېسابتا شۇنداق سېھىرلەپ قويغىنىمۇ بوپتۇ. بولمىسا ئۇنى بىز بىلەن كۆرۈشتۈرمەيتتى. ئېيىق دىۋىلەر ئانىڭىزنىڭ كۆزىنى ئەما قىلىۋەتكەندىن كېيىنلا قېچىپ كېتەلمەيدۇ دەپ خاتىرجەم بولۇپ، كۈندۈزى بىز بىلەن بىللە يۇرۇشكە رۇخسەت قىلغانىدى.

— ئانامنى قۇتقۇزغىلى بولارمۇ؟ ئېيىق دىۋىلەر ئانامنى نېمە

دەپ قويۇپ بەرمەيدىغاندۇ؟

— ئاكىڭىز چىن تۆمۈر ئۇلارنىڭ بىر كاتتىۋېشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇڭا، ئۇلار ئانىڭىزنى ھەممىدىن بەك ئازابلاۋاتىدۇ. ئاكىڭىز قېنى؟ ئۇلار ئاكىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ قورققىنىدىن تىترەپ كېتىدۇ.

— ئاكامنىڭ نەگە كەتكەنلىكى ماڭىمۇ نامەلۇم، راست گەپنى قىلسام ھازىر ئاكامدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىز بىر ئامال قىلساق بولاتتى. سىلەرنىڭ ئۇبدانراق بىر ئامالىڭلار يوقمۇ؟

ئۆزلىرىنىڭ جېنىنىمۇ تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە ئاران قۇتقۇزغان بۇ قىزلار تىرناقلىرىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قارىدى. مەختۇمسۇلامۇ قىزلارنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولغاندەك، تۆۋەنكى لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— قانداق قىلساق بولاركىن، — دېدى قىزلاردىن بىرسى ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن، — كېچىسى بارساق ئانىڭىز قاراڭغۇ غاردا شەپەرەڭ سىياقىدا غار تورۇسلىرىغا ئېسىلغىنىچە ئۇخلاۋاتقان بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنى سانسىزلىغان شەپەرەڭلەردىن پەرقلەندۈرۈپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. كۈندۈزى بارساق ئۇ ئەسلىي سىياقىغا يېنىپ سىرتقا چىقسىمۇ، ئېيىق دىۋىلەر بىزنى تۇتۇۋالسا يەنە يامان ئاقىۋەتكە قالىمىز.

— ئېيىق دىۋىلەر يۇرتىغا بېرىش شۇنچىۋالا مۈشكۈلمۇ؟ — مەختۇمسۇلا ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا سورىدى.

— ئۇنداق بولسا بىز، ئېيىق دىۋىلەر يۇرتىغا كېچىسى بېرىپ مۆۋاپىق بىر يەرگە مۆكۈۋالايلى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ئانىڭىز غاردىن چىقىدۇ، شۇ چاغدا بىز ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتساق، قالغان ئامالنى ئانىڭىز بىزگە





ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن.

— ئەقلىڭلارغا بارىكاللا، شۇنداق قىلايلى، ھازىرمۇ كەچ بولۇشقا ئاز قالدى. بىز بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يولغا چىقايلى...

— كاپ - كاپ كۆچۈكنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ قاۋاشلىرى مەختۇمسۇلانى ئويغىتىۋەتتى. مەختۇمسۇلا ئويغىنىپ ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدە كۆردى. ئۇ، بايىقى ئىشلارنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى پەقەت بىلەلمىدى. ئويغانغاندىن كېيىنمۇ قوپقۇسى كەلمەي خېلى ئۇزۇنغىچە ئېزىلىپ ياتتى. «نۇرلۇق ئاق بوۋاي»، «توشقانغا ئايلانغان قىزلار»، «ئېيىق دىۋىلەر»، «شەپەرەڭگە ئايلانغان ئانا»، «قاشتېشى تۇمار» بۇلارنىڭ ھەممىسى مەختۇمسۇلانىڭ ئوڭىمىدۇ، چۈشىمىدۇ؟ مەختۇمسۇلامۇ بۇنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ، ئەسنەپ تۇرۇپ تالاغا چىقتى، قۇياش ئاغامچا بويى كۆتۈرۈلۈپ بولغانىدى. كاپ - كاپ كۈچۈك مەختۇمسۇلا بەرگەن يېمەكلىكلەرنى يەپ جىمىقىپ قالدى. ئىشىك ئالدىدىكى توغراقنىڭ شېخىغا يەنە بىر تۇلۇم بوغا سۈتى ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئىشىك ئالدىغا يەنە كېرەكلىك نەرسىلەر قويۇپ قويۇلغانىدى. مەختۇمسۇلا بۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ ئەكېلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى پەقەت بىلەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن كۈندۈزى ئوبدان ئۇخلاپ، بۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ ئەكېلىپ قويىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەچتە ئۇخلىماسلىقنى نىيەت قىلغانىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەختۇمسۇلا يەنە ئۇخلىدى. كۈندۈزى قېنىپ ئۇخلىۋالغان مەختۇمسۇلا بۈگۈن كېچە ئۇخلىماي، ئۆزىگە بوغا سۈتى ئەكېلىپ بەرگۈچىنىڭ زادى كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. شۇ كۈنى كېچە سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى. مەختۇمسۇلا ئۆگزىگە چىقىپ ھېلىقى بىر تۇلۇم سۈت ئېسىپ قويۇلىدىغان توغراققا قارىغىنىچە مۆكۈپ ئولتۇر-

دى. كېچە شۇنداق ئاستا ئۆتەتتى. توغراق ياپراقلىرىنىڭ شىۋىرلاشلىرى چۆچەكچى مومايىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى ئەسلىتەتتى. تۈن قۇشلىرىنىڭ نىمدىنىدۇر چۆچۈپ ئەنسىز ئۈنلەشلىرى مۈگدەشكە باشلىغان مەختۇمسۇلانى سەگەكلەشتۈرۈۋەتتى. توغراقلىقتىن كېلىۋاتقان تۈرلۈك سادالار كىشىگە تۈگىمەس بىر كۈيدەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەختۇمسۇلاغا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئارىلىقتا بىر نەچچە قېتىم مۈگدەپمۇ قالدى. تاڭغا يېقىن مەختۇمسۇلانىڭ ئىشىك ئالدىدا ئايپاق ئاتقا مىنگەن كېلىشكەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلىق نۇرى، يىگىتلىك غۇرۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەمدىلا خەت تارتقان بۇرۇتلىرى، قاپقارا قېشى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، چاققان چەبدەسلىكى، كېلىشكەن بوي - بەستى مەختۇمسۇلانى خۇددى ئوق تەگكەن كېيىكتەك ھوشسىزلاندۇردى. يىگىت قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداق تېز غايىب بولدى...

مەختۇمسۇلانىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى يىگىتنى كۈتىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ يىگىتنى بىر قېتىم كۆرگەندىن باشقا پەقەت كۆرەلمىدى. ھېلىقى توغراق شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر تۇلۇم سۈتنىڭ قانداق چاغدا ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى مەختۇمسۇلا پەقەت بىلەلمىدى. ئەمدى مەختۇمسۇلانىڭ كۈنلىرى يىگىتنى ساقلاش، يەنە ساقلاش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. كېچىلىرى بىدارلىق، كۈندۈزلىرى ئىنتىزارلىق مەختۇمسۇلانى قىينايتتى.

بىر كۈنى يىگىت ئۆزى كېلىدىغان مۇددەتتىن بۇرۇن يېرىم كېچىدە پەيدا بولدى. مەختۇمسۇلانىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن سېلىشقا باشلىدى. ئۇ يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئىستىكىدە ئوت ئاتەش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن دىدارلى-





شىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا پەقەت بولمايتتى، شۇڭا يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك يىگىت، سىز نېمە ۋەجىدىن ماڭا ياخشىلىق قىلىۋاتىسىز؟ مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلسەم بولامدۇ؟ — مەختۇمسۇلانىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى تۇلۇمنى توغراق شېخىغا ئېسىۋاتقان يىگىتنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان مەختۇمسۇلاغا سالام ياندۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— قانداق ئەھۋالىڭىز سىڭلىم، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئېيتسام بولمايدۇ، سىز بىزنىڭ شەپقەتچىمىز چىن تۆمۈرنىڭ سىڭلىسى ئىكەنسىز، بىز ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن جاۋاب ياندۇرۇش مەقسىتىدە مۇشۇ ئىشنى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىۋاتىمىز.

— سىز نەدىن كەلدىڭىز، مېنى تەنھالىق ۋە يېگانىلىك قىيناپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر مەن يەنە بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم مېنى غەم - ھەسرەت لەشكەرلىرى ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدىغاندەك ئوخشايدۇ. مەن پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدىم، خۇش بولاي، مېنى ئېلىپ كەتسىڭىز، سىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلىپ ئۆتسەم رازى ئىدىم.

مەختۇمسۇلانىڭ ھېلىقى يىگىتكە يېلىنىپ تۇرۇپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى خۇددى مۇڭلۇق مۇزىكىدەك كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزەتتى.

يىگىت نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي، ئۈنسىز بىر نەچچە دەقىقىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— ھەرگىز خاپا بولماڭ سىڭلىم، مەن سىزنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟! — مەختۇمسۇلا بايىقىدىكىدىنمۇ مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ياندۇرۇپ سورىدى.

— بۇنى ھازىرچە سورىماڭ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىلىپ قالىسىز، بۇنى سىزگە ئېيتالمايۋاتقانلىقىمنىڭ بىر سەۋەبى بار دەپ چۈشەنسىڭىزلا بولدى.

— بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى دەيسىزغۇ، مەن يەنە قاچانغىچە بۇ تەنھالىق، يېگانىلىك ئىچىدە ياشايمەن؟ ئاكام چىن تۆمۈر زادى نەگە كەتتى؟!!

— ئاكىڭىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىزمۇ بىلەلمەيۋاتىمىز، ئۇ ھامان قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتا تۆرەلگەن چاغدا، ئۇ چوقۇم سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز مېنى ئېلىپ كەتسىڭىز نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— مەن بۇ ھەقتە سىزگە باشقا گەپ قىلىشقا ئامالسىزمەن،

— يىگىتنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، ئەدەپلىك گەپ - سۆزلىرى مەختۇمسۇلانىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ئوتلىرىنى تېخىمۇ يالقۇنجىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى يالماۋۇزنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزۇپ، بۈگۈنكىدەك زېرىكىشلىك بولسىمۇ تىنچ كۈنگە ئېرىشتۈرگەن كىشى مۇشۇ يىگىت دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇنىڭ يىگىتنىڭ كۆكسىگە باش قويۇپ ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كەلدى. ئەمدى ئۇ ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ يىگىتنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. بىراق، يىگىت بىلەن ئات بىردىنلا غايىب بولدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىككى بۇغا پەيدا بولۇپ توغراقلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ چاپقىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ چاغدا شەرقىي ئۇپۇق ئاقىرىپ بېلىق كۆكسىدەك يالتىراشقا باشلىغانىدى...





... مەختۇمسۇلا قىزلار بىلەن بىللە ئېيىق دىۋىلەر يۇرتىغا ئانىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنىلا بىلەتتى. بۈگۈن كېچە ئىنتايىن قاراڭغۇ بولۇپ، ئاسماندا ئاي ۋە يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېيىق دىۋىلەر ماكانىغا كېلىپ مەختۇمسۇلانىڭ ئانىسى شەپەرەڭ ھالىتىدە كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان غارنىڭ ئالدىدىكى جىغانلىق چاتقاللار ئارىسىغا يوشۇرۇندى.

سۈبھى نۇرى ئېيىق دىۋىلەر ماكانىنى يورۇتۇشقا باشلىغاندا، جىغانلىق چاتقاللار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىزلار ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن قاراۋۇل ئېيىق دىۋىلەر سەپ بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇلارنى كۆرۈپ مەختۇمسۇلا بەك قورقۇپ كەتتى. ئېيىق دىۋىلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق بەتبەشىرە ئىدى. مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلار نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت تۇرۇشتى. ئەتراپى قاپقارا تاش تاغ بىلەن ئورالغان بۇ جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قاپقارا سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىرانىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن تاش غارلار بار ئىدى. بۇ غارلار ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئېيىق دىۋىلەر ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. «كۆك ئۆستەڭ» دىن بۇلاپ كېلىنگەن قىزلارنىڭ قايسى غارلارغا سولاپ قويۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئېيىق دىۋىلەر پادىشاھى ئەنە ئاشۇ غارلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ غاردا تۇراتتى. ئۇ كۆپ ۋاقىتنى مۇشۇ غاردا كەيپ - ساپا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئادەمزاتتىن بولغان چىرايلىق قىزلارنىڭ ئۇسسۇل ئوينىشىدىن ھۇزۇر ئېلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئانىدىن تۇغما ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشى

ئۇنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ ئۇنى يايرىتىۋېتەتتى. شۇڭا، ئۇ يۇرت - يۇرتلاردىن تۇتۇپ كەلگەن قىزلارنى ئاشۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە يېرىم يالىڭاچ ۋە يالىڭاچ ھالەتتە ئۇسسۇل ئوينىتىپ ھۇزۇر ئالاتتى. ئەگەر قايسى قىز ئۇسسۇل ئويناشقا ئۇنىمىسا ئۇنى تۈرلۈك ھايۋانلارغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. مەختۇمسۇلاغا ئۇچراپ قالغان قىزلارمۇ ئېيىق دىۋىنىڭ سېھىرلىشىدىن توشقانغا ئايلانغانىدى. بۈگۈن ئېيىق دىۋە پادىشاھنىڭ غەزىپى قوزغىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان پايلاقچىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئېيىق دىۋە پادىشاھى ئەتراپىتىكى پايلاقچىلىرىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراۋاتاتتى:

— سەن نان قېپىلار نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن، ماڭا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان قىزلارنى نېمىشقا تۇتۇپ كېلىشمەيسەن، تۇنۇگۈن ھېلىقى توشقانغا بەند قىلىنغان قىزلارنىمۇ تۇتۇپ كېلىشمەپسەن، مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ ئۆلەي دەۋاتىمەن، ھەر قايسىڭ نېمانداق مېنىڭ غېمىمنى قىلىشمايدىغانسەن، ئەگەر بۈگۈن يەنە يېڭى قىزلاردىن تۇتۇپ كېلىشمەيدىغان بولساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۆرىمەن دەپ خام خىيال قىلىشما، — بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئېيىق دىۋىلەر قىز تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ كېتىشتى. ئېيىق دىۋە پادىشاھى بىر نەچچە پايلاقچىلىرى بىلەنلا قالدى. قىز تۇتۇشقا ماڭغان ئېيىق دىۋىلەر قارا جىلغىدىن غايىب بولغاندىن كېيىن مەختۇمسۇلا قىزلار بىلەن چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقىپ، غاردىن مۇڭلۇق ئىڭرىغىنىچە تىمىسقىلاپ يۈرگەن مەختۇمسۇلانىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى. مەختۇمسۇلانىڭ يۈرىكى ئانىسىنى تونۇدى. مەختۇمسۇلانىڭ ئانىسىمۇ مەختۇمسۇلانىڭ ھىدىنى ئالغاندەك قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى. مەختۇمسۇلا ئانىسىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ





تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئانا!!

— قىزىم!!!

ئانا - بالا قۇچاقلاشقىنىچە خېلى ئۇزۇنغىچە كۆز يېشى قىلىشتى، قىزلار ئېيىق دىۋىلەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى تېز مېڭىشقا ئالدىراتتى. شۇڭا، مەختۇمسۇلا ئانىسىنى يېتىلەپ قىزلار بىلەن بىللە قاراتاش جىلغىسىدىن چىقىپ ھېلىقى گۈزەل يايلاققا كەلدى. ئۇلار يايلاقتىكى بىر بۇلاقنىڭ بويىدا سۇ ئىچىپ ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغاندا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. باشتا بىر توپ ياۋا كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشكەندىن كېيىن چىرايلىق قىزلارغا ئۆزگەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆردەك، غاز، قىرغاۋۇل، بۆكەن، ئارقارلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن قىزلار مۇشۇ بۇلاق بويىدا ئەسلىگە كەلدى. بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى «كۆك ئۆستەڭ» دىن تۇتۇپ كېتىلگەن قىزلار بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشتى.

— ئانا، مېنى تونۇۋاتامسىز، كۆزىڭىزگە زادى نېمە بولدى؟

— مەختۇمسۇلا يىغلاپ تۇرۇپ ئانىسىدىن سورىدى.

— يۈرىكىم تونۇيدۇ قىزىم، ئاكاڭ قېنى؟ ئاكاڭدىن ئايرىلىپ قانداق ياشىغانسەن قىزىم، ئاشۇ ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ئازابى مېنى ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىدى، مەن ئۇ ئېيىق دىۋىلەرنىڭ سېھىر - جادۇسىدىن تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىدىم. كەچتە يەنە شەپەرەڭگە ئايلىنىپ كېتىشىم مۇمكىن. شۇ چاغدا مەختۇمسۇلانىڭ بوينىدىكى تۇماردىن سادا چىقتى.

— سىز سېھىر - جادۇدىن قۇتۇلدىڭىز، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ قايتا ئېچىڭ! — بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلار ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراشتى. ئاۋاز «نۇرلۇق ئاق بوۋاي» نىڭ

ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئۇلار ئاۋازىنىڭ مەختۇمسۇلانىڭ بوينىدىكى تۇماردىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ جىمىپ قېلىشتى. مەختۇمسۇلانىڭ ئانىسى كۆزىنى يۇمۇپ يەنە ئاچقانىدى، ئالدىدىكى قىزلارنى ۋە مەختۇمسۇلانى كۆردى. قۇياش بۇ خەيرلىكلەرگە تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئانىنىڭ قەلبى خۇشاللىقتىن لەرزىگە كەلدى. شۇڭا، ئۇ مەختۇمسۇلانى باغرىغا باسقىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى…

## 29

مەلىكە گۈلشەن بىلەن شەھىدەنى مەكتەپنىڭ ۋە سەيپۇڭخانىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ، لالە قاتارلىق تۆت قىزنى ئېلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى. ئۇلار بىلەن قاسىم مۇھەممەتمۇ بىللە ماڭدى. بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى گۈلشەن بىلەن شەھىدەگە قالدى. ئۇلار ئامالسىز ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر ئۆگىنىش كۇرسلىرىغىمۇ بارماي مەلىكە تاپشۇرغان ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلار كۈندە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى بىر نەچچە سائەت ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ مەلىكەنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۆگىنىش قىلاتتى. گۈلشەن كومپيۇتېرنى ئېچىپ تۈرلۈك كىيىم نۇسخىلىرىنى لايىھىلەيتتى. تۈرلۈك رەسىملەرنى سىزاتتى. گۈلشەن كومپيۇتېر كۇرسىدا ئۈچ ئاي ئوقۇغاندىن كېيىن كومپيۇتېردا رەسىم سىزىش ۋە تۈرلۈك كىيىم نۇسخىلىرىنى لايىھىلەشكە بەك قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ لايىھىلىگەن كىيىم نۇسخىلىرى سىناق قىلىپ تىكىلىپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ مەلىكە ئۈچۈن ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىۋاتاتتى. ئۇ مەلىكەنىڭ يول كۆرسىتىشى، لالەنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن





قابىلىيىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزى لايىھىلىگەن بەزى يېڭى پاسوندىكى كىيىملەرنى ئۆزى تىكىپ كىيىۋالاتتى. بۇ كىيىملەر گۈلشەننى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتەتتى. بۇنى كۆرگەن لالە قاتارلىق قىزلار بىزمۇ گۈلشەن لايىھىلىگەن پاسوندا كىيىمىز دەپ گۈلشەننىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش قىلىپ تىكتۈرۈپ كىيەتتى. ئۇلار كەچ كۇرسلارغا ماڭغاندا ياكى باشقا ئىش بىلەن كوچا بازارلارغا چىققاندا قاتار بولۇشۇپ، قولتۇقلىشىپ ماڭسا كىشىلەر بولۇپمۇ قىزلار ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشاتتى - دە، بۇ كىيىملەر كۆپ ئۆتمەيلا بازارغا يۈزلىنەتتى. گۈلشەن بوش ۋاقتى بولسىلا كومپيۇتېرغا يېپىشاتتى. كومپيۇتېردىكى كىيىم - كېچەكلەرگە ئائىت تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ۋە كىيىم نۇسخىلىرىنى كۆرەتتى. تېلېۋىزور كۆرسىمۇ كىيىم مودىسى كۆرسىتىشكە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىلارنى تاللاپ كۆرەتتى. گۈلشەن ئۆزىنىڭ بۇ يېڭى يولىدىن يېڭى مەنە، يېڭى قىممەت تاپقاندەك چىن قەلبىدىن شادلىناتتى. ئۇ، مەلىكەنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. تۈرۈپ - تۈرۈپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇياش كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان نۇرلۇق بىر ئۇپۇق نامايان بولغاندەك بولاتتى.

بۈگۈن شەنبە كۈنى بولغاچقا، گۈلشەن بىلەن شەھىدە ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق ياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە مەلىكەنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر كەلگەن بولغاچقا، ئەتىگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. گۈلشەن بىلەن شەھىدە بىر كارىۋاتتا ياتتى. گۈلشەن ئادەتتە قىزلارنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە پەقەت سورىمايتتى. بىراق، شەھىدەنىڭ نېمە ئۈچۈنكى بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە گۈلشەنگە سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى. ئالدىنقى كۈنى گۈلشەنمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە شەھىدەگە سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— ئاداش، — دېدى شەھىدە گۈلشەننىڭ يېنىدا يېتىپ بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن.

— نېمە دەيسەن، جىمىپ كەتسەڭ ئۇخلاپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، — گۈلشەن شەھىدەنىڭ ئاداش دەپ تۇۋلىغىنىغا يارىشا شۇنداق دەپ قويدى. شەھىدە يەنە بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن سۆزلىدى:

— ئالدىنقى كۈنى سەنمۇ ماڭا سەرگۈزەشتىلىرىڭنى سۆزلەپ بەردىڭ، بۈگۈن مەنمۇ سۆزلەپ بەرسەم بولامدۇ؟

— ھېلىمۇ سۆزلەپ بەرمىدىڭ، سۆزلەپ بىرە، — دېدى گۈلشەن خۇشال بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن شەھىدە سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— يۇرتۇمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ئاشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىدىم، دادام مەلۇم ئىدارىنىڭ ئاشپىزى، ئاپام ئۆي ئايالى ئىدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدىلا ئۆزۈمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلغانىدىم. چىرايلىق بولغانلىقىمدىنمىكىن ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا يېقىنچىلىق قىلاتتى. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. شۇ چاغدا ئىچكىرى ئۆلكىدىكى كاتتا بىر شەھەرنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە سەنئەت جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار چىرايلىق قىزلارنى قوبۇل قىلىدىكەن دېگەن گەپ چىقتى. مەكتەپ مۇدىرىمۇ بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان قىزلارنى مەكتەپنىڭ يىغىن زالىغا يىغىپ يىغىن ئاچتى. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېنىدا ئىچكىرى ئۆلكىدىن ئادەم قوبۇل قىلىشقا كەلگەن ئىككى خادىممۇ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ناھايىتى ئورۇق بولۇپ، بەللىرى خوتۇن كىشىنىڭكىدەك ئەۋرىشىم بولغاننى ئاز دەپ، پۇتلىرى چوكىدەك ئىنچىكە ئىدى. يۈز تېرىلىرى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ





تۇرغاچقا، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئىسكىلىتقىلا ئوخشايتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ھىجىيىپ ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەكتەپ مۇدىرى ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

— بۇ سىلەر ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت، بۇنداق قىممەتلىك پۇرسەت دائىم كېلىۋەرمەيدۇ، مانا بۇ ئولتۇرغان ئىككى مېھمان مەخسۇس ئاشۇ ئىش ئۈچۈن كەلگەن، ئۇلار بۇ ئىشتا بىزنىڭ شەھىرىمىزگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىۋاتىدۇ. بولمىسا بۇلار شۇنچىۋالا كاتتا شەھەرلەردىن كېلىپ، بىزنىڭ بۇ سەھرادىن پەرقى يوق ئالىقانچىلىك شەھەردىن ئارتىس قوبۇل قىلىمىز دەپ يۈرەمدۇ، بايا ئۆمەكنىڭ ئەھۋالىنى، ئۇ يەرنىڭ شەرت - شارائىتىنى، قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ ئالاھىدە خىزمەت شارائىتى ۋە تەمىناتىنى بەھرىمەن بولغاندىن باشقا ئايدا يۇقىرى مائاش ئالىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم، ساۋاقداشلار بۇ بىر پۇرسەت، مۇنداقچە ئېيتقاندا بەخت قۇشى، ئەنە ئاشۇ بەخت قۇشىنىڭ كىمنىڭ بېشىغا قونىدىغانلىقى تېخى مەلۇم ئەمەس. ئاشۇ بەخت قۇشى ئاراڭلاردىكى كىمنىڭ بېشىغا قونسا مەيلى، ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىزنىڭ مەكتەپنىڭ شان - شەرىپى ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ شەرتىمۇ بەك يۇقىرىكەن، بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ئارتىس تاللاش باشلىنىدۇ. ئورنى شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا، شۇڭا ئۆزۈڭلارنى سىناپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن، — مەكتەپ مۇدىرىنىڭ شۇ سۆزىدىن كېيىن مەن ئاتا - ئانامغا ئەھۋالنى ئېيتتىم، ئانام يىراق شەھەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئانچە قوشۇلمىدى، بىراق دادام قىزىقىپلا قالدى:

— مەكتەپ مۇدىرى شۇنداق دېگەن بولسا ئۆزۈڭنى بىر سىناپ باق قىزىم، نېمە دېگەن ياخشى شارائىت، نېمە دېگەن يۇقىرى مائاش ئۇ، بۇ يىل سەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن تەقدىردى-

مۇ يىلىغا نەچچە مىڭ كويدىن پۇل تۆلەپ تۆت، بەش يىل
ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ ساڭا لايى-
قىدا بىر خىزمەتنىڭ تېپىلىشى تەس بولۇپ قالدى، ئەگەر مۇشۇ
باھانىدا ئاشۇ خىزمەتكە ئېرىشىپ قالساڭ، بىز ئۈچۈنمۇ ياخشى،
ئاپاڭنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەرسەڭ سېنى تالاغا چىقارماي ئۆيگە
سولاپ باققۇسى بار ...— دادامنىڭ شۇ سۆزىدىن كېيىن مەن
شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە بېرىپ ھېلىقى ئۇرۇق ئادەملەر
ئارتىس تاللاۋاتقان زالغا كىردىم. مەن كىچىكىمدىنلا ناخشا ئېيى-
تىشقا، ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق ئىدىم. «ئارتىس» تاللاۋاتقان-
لارنىڭ ئارىسىدا شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكتىكى بىر نەچچە ئار-
تىس ۋە مەدەنىيەت يۇرتىدىكى يەنە بىر نەچچە كەسپىي خادىم بار
ئىدى. بىز بۇ يەردە سىناقتىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن يېرىم ۋە پۈتۈن
چۈشكەن رەسىمىمىزدىن ئىككى پارچە تاپشۇرغانىدۇق. يەنە بىر
پارچە جەدۋەلنىمۇ خەنزۇچە تولدۇرغانىدۇق، ئارتىس تاللىغۇچى-
لار تونۇگۈن بىز تاپشۇرغان رەسىم ۋە جەدۋەلگە ئاساسەن ئىسىم-
لىرىمىزنى رەتكە تۇرغۇزۇۋالغانىكەن، كىمنىڭ ئىسمى چىقسا شۇ
ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى
كۆرسىتەتتى. ئۇلار ئارتىس قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىغا 16
ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان قىزلارنى قوبۇل قىلىمىز دېگەن
بولغاچقا، زال ئىچىگە بىر - بىرىدىن چىرايلىق خېلى كۆپ قىز
يىغىلىۋالغانىدى. بۇنچىۋالا كۆپ قىزنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈمنىڭ
تاللىنىپ قېلىشىغا ئانچە ئىشەنمىسەممۇ يەنىلا قاتنىشىپ بېقىش
نىيىتىگە كەلگەنىدىم. ئۇ يەردىكى شۇنچە كۆپ چىرايلىق قىزنى
كۆرۈپ تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندىم.
بوپتۇلا، بۇ يەردە تاللانماي قالسام، يەنە بەرىبىر ئالىي
مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان بولغاندىكىن، دەپ ئۆزۈمگە تەسەل-
لى بەردىم. ئارىلىقتا بىر نەچچە قىز ماھارەت كۆرسەتكەندىن





كېيىن مېنىڭ ئىسمىم ئوقۇلدى. مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمى-
گەندەك بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم، ئىسمىم يەنە بىر قېتىم
بايىقىدىن يۇقىرىراق ئاۋازدا ئوقۇلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چۈ-
شۈپ كۆپچىلىككە سالام قىلىپ، ئۆزۈم ئېلىپ كەلگەن ئۈنئالغۇ
لېنتىسىنى ئۇلارغا بەردىم. ئۇنىڭدا ھىندىستان ئۇسسۇل مۇزىكى-
سى بار ئىدى. مەن ئەنە ئاشۇ مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، ئۇس-
سۇل ئويناپ بەردىم. قىزلارمۇ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى. ھېلىقى
ئىككى ئورۇقمۇ بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇلدىشىپ،
كالچاراپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇسسۇلدىن كېيىن مەن يەنە بىر
ناخشا ئېيتتىم. ئەنە شۇ ئىش ئۆتۈپ ئىككى كۈندىن كېيىن
پۈتۈن شەھەردىن مەن بىلەن تولۇنئاي ئىككىمىزنىڭ قوبۇل قى-
لىنغانلىقىمىز ئۇقتۇرۇلدى.
بىز بىر ھەپتە تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە
يولغا چىقتۇق. ئۇلار بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن كاتتا
بىر مېھمانخانىغا چۈشتۇق. بۇ يەرگە باشقا ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر-
دىن قوبۇل قىلىنغان يەنە ئون نەچچە قىز يىغىلىپ بولغانىكەن،
ھېلىقى ئىككى ئورۇق، بىزنى ئۈرۈمچىدىكى كاتتا سودا سارايلى-
رىغا ئەكىرىپ بىزگە ئەڭ قىممەت، ئەڭ ئېسىل كىيىملەردىن
ئېلىپ بەردى. بىز يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ تېخىمۇ چىرايلىق
بولۇپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرقى لالە، يۇلتۇز، قۇن-
دۇز، تولۇنئايلارمۇ بار ئىدى. ئۈرۈمچىدە تۇرىدىغان ۋاقتىمىز
توشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىككى ئورۇقنىڭ يول باشلىشى
بىلەن پويىزغا چىقىپ دېڭىز بويىدىكى ئاشۇ كاتتا شەھەرگە
قاراپ يول ئالدۇق...
بىز ئاشۇ كاتتا شەھەرگە بارغاندىن كېيىن شەھەردىن بىر
يۈز يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر گۈزەل ئارامگاھقا
ئورۇنلاشتۇق. ئارامگاھنىڭ ئەتراپى بىز بۇ يەرلەردە كۆرەلمەيدى-

غان دەرەخ ـ ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىز كۆرگەن
مېۋىلىك دەرەخلەردىن پەقەت شاپتۇللا بار ئىكەن. تەقى ـ تۇرقى
سېغىزخانغا ۋە قارىغۇجىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سېرىق، يېشىل،
قىزىل رەڭدىكى رەڭگارەڭ قۇشلار ئۆركىمەي ئادەملەرنىڭ ئاياغ-
لىرىدا ئۈچۈپ ۋە سەكرىشىپ يۈرەتتى. ئارامگاھنىڭ شەرقىي
تەرىپىدىن خۇددى سۈزۈك ئاسماندەك زەڭگەر رەڭدە تاۋلىنىپ
تۇرغان دېڭىزنىڭ پايانىغا كۆز يەتمەيتتى. ئارامگاھنىڭ يەنە بىر
تەرىپىدە يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرى
يىراقلارغا سوزۇلۇپ، ئاق تۇمان ئىچىدە خۇددى رىۋايەتلەردىكى
ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ ماكانىنى ئەسلىتەتتى. بۇ يەر شەھەرنىڭ
سۈرەن ـ شاۋقۇنلىرىدىن خالىي بولۇپ، بۇ ئارامگاھنىڭ ئەتراپى-
دا مۇشۇنداق ئارامگاھتىن ۋە يېغىن ئېچىش مەركىزىدىن بىر
نەچچىسى بار ئىكەن. بۇ يەرگە شەھەردىن ئاندا ـ ساندا تاكسى
كېلىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاپتوبۇس قاتنىمايتتى. ئۇ
يەرگە ئارام ئالغىلى كەلگەن جۈڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك سەيياھ-
لار ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ مەخسۇس ماشىنىلىرىدا كېلەتتى.
بىز ئۆمرىمىزدە ئۇنداق گۈزەل جاينى كۆرۈپ باقمىغاچقا خۇددى
جەننەتكە كېلىپ قالغاندەك خۇشال بولدۇق. ھېلىقى ئىككى
ئورۇق بىزنى بۇ ئارامگاھنىڭ مەسئۇللىرىغا تاپشۇرۇپ غايىب
بولدى. بىز بۇ ئارامگاھنىڭ پار مۇنچىسىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ
تارانغاندىن كېيىن، ھەر بىرىمىز بىردىن ئىككى ئېغىزلىق ھەممە
نەرسىسى تەل ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق. بىراق، ئۇ يەرنىڭ
تېلېفونلىرىنى ئۇزۇن يولغا ئۇرغىلى بولمايدىكەن، بىز ئۆيىمىز-
گە تېلېفون ئۇرىمىز دېگەن بولساقمۇ ئۇلار: «بۇ يەردىن ھازىرچە
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغىلى بولمايدۇ، ھەممىڭلارنىڭ ئائى-
لىسىگە بىز ۋاكالىتەن تېلېفون ئۇرۇۋەتتۇق، سىلەر خاتىرجەم
بولۇڭلار، يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ





ياتىقىدىن يۇرتۇڭلارغا تېلېفون ئۇرالايسىلەر» دەپ ئاغزىمىزنى
تۇۋاقلىدى. بىز بىر ھەپتە دەم ئالغاندىن كېيىن بۇ ئارامگاھنىڭ
كۆڭۈل ئېچىش زالىدا ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغان
ھەمدە ئەللىك، ئاتمىش ياشتىن ئاشقان چەت ئەللىك ئەر مېھمان-
لار بىلەن تانسا ئوينايدىغان بولدۇق، بىز ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ
ھېلىقى «سەنئەت ئۆمەك» دېگەن نەرسىسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلى-
كىنى بىلدۇق، بىز تېشىمىزغا چىقىرالمىغان بىلەن چەت ئەللىك
ئەر مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش بىزنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىمىز
ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدۇق. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىز-
لار بىر ـ بىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇق. مەن زېرى-
كىپ قالغان چاغلىرىمدا تولۇنئاينىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇنىڭ بى-
لەن پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراتتىم. كېيىنچە تولۇن-
ئاي ۋە باشقا قىزلار بىلەن پەقەتلا كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم،
مېنى دائىم دېگۈدەك بىر ئايال نازارەت قىلىپ تۇرىدىغان بولىۋال-
دى. مەن ياتاقتىن چىقسامىلا ئۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ «بىر
يەرگە چىقماي تۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار»،
«باشلىق سىزنى بىر يەرگە چىقماي ئارام ئېلىپ تۇرسۇن، مۇھىم
ۋەزىپىسى بار» دېگەن دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا
يەنە ئاشۇ ئايال «بولۇڭ، تېز بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ،
مېھمانلارغا ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىكەنسىز» دەپ مېنى ئېلىپ
چىقىپ، خەنزۇچە ياكى ئۇيغۇرچىنى پەقەتلا بىلمەيدىغان ساپسې-
رىق ياكى قاپقارا چەت ئەللىكلەرنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ قوياتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى مېنى ئايرىم خانىغا ئەكىرىپ
ئامېرىكا دوللىرىدىن بىر نەچچىنى قاتلاپ مەيدەمگە سېلىپ قو-
يۇپ، قوللىرىمنى تۇتۇپ، ئېڭىكىمنى ئەركىلىتەتتى. كۆكسۈم-
گە، بەل ۋە يامپاشلىرىمغا قول تەگكۈزەتتى. مەن دەسلەپتە
ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا ناھايىتى غەزىپىم كەلدى. ئۇلارنى

سەت سىلكىشلەپ، بەرگەن پۇللىرىنى يۈزىگە ئېتىپ چىقىپ كەتكەنىدىم، مەن ئاشۇنداق قارشىلىق بىلدۈرۈۋەرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئايال مېنى سەتلەپ، دۆشكەلەپ كەتتى:

— قىزىقكەنسىزغۇ، ھەر ئايدا ئېلىۋاتقان كاللەك - كاللەك پۇللار، بۇ يەردە سۈرۈۋاتقان ھۇزۇر - ھالاۋەتلەر سىزنىڭ بۇ يەردە ئوڭدا يېتىپ ئۇخلاپ بەرگىنىڭىزگە، قاش كۆزىڭىزنى ئوينىتىپ ناز قىلىپ بەرگىنىڭىزگە كەلمەيدۇ. ئۇلار ئاز - تولا كۆڭۈل ئاچىمىز دېمىسە، شۇنداق كاتتا دۆلەتلەردىن بۇ يەرگە بىكارغا كەلمەيدۇ - دە...

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مەن تولۇنئايلار بىلەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئالاقە قىلالمىدىم. ھېلىقى ئايال مەخسۇس مېنىڭ كۆزىتىمدەك ئەتراپىمنى ئايلىنىپلا يۈرىدىغان بولدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا سەتلەپ، سىلكىشلەپ غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان گەپلەرنىمۇ قىلىدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان تۆۋەندىكىدەك گەپلەرنى قىلدى:

— ۋاي، ۋۇي، ئەجەپ بىر نازلىنىپ كەتتىڭىز، قۇم باياۋاننىڭ ئارىسىدىكى ئاشۇ يۇرتىڭىزدا بولغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدىن ئوتتۇز ياش چوڭ ئەرگە تېگىپ، قېرى خوتۇنغا ئايلىنىپ بولاتتىڭىز، سىلەرنىڭ دائىم بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، گىياھ ئۈنمەس چۆل - باياۋان يۇرتۇڭلارنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسىز، ئاشۇنداق چۆلدەرەپ قالغان يۇرتتىنمۇ سىلەردەك چىرايلىق قىزلارنىڭ چىققىنىغا ھەيرانمەن، گەپ قىلمىسام نېمە يوغانچىلىق سىزگە.

— شۇ چاغدا مېنىڭ چىداپ تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى، قولۇمغا چىققان نەرسىنى ئۇنىڭغا ئېتىپ، ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللاپ، ياتاقتىن قوغلاپ چىقاردىم... شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ياتاقتىن چىقماي يېتىۋالدىم. ھېلىقى ئايال بىر نەچچە قېتىم «مۇھىم





ئىش چىقىپ قالدى تېز بولۇڭ، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ!» دەپ مېنى ھېلىقىدەك يەرلەرگە ئېلىپ چىقماقچى بولغان بولسىمۇ، مېنى ئېلىپ چىقالماي كوتۇلدىغىنىچە چىقىپ كەتتى... بىراق، ئۇلار ماڭا بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. مەن قىزلار بىلەن كۆرۈشمەن دەپ نەچچە قېتىم غەۋغا كۆتۈرگەن بولساممۇ كۆرۈشتۈرمىدى، ئۇلار مېنى رەسمىيلا نەزەربەند قىلىۋالغانىدى. باشقا قىزلارنىڭمۇ مەن ئۇچرىغان قىسمەتكە دۇچار بولىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدۇم. شۇڭا، مەن دادام بەرگەن دەستىسى نەقىشلىك كىچىك پىچاقنى سومكامدىن ئېلىپ، ياستۇقۇمنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدۇم. ئۇلار بۇ يالغۇز ياتاقتا مېنى ھەر نېمە قىلسا قىلالايتتى. كۆڭلۈم بېشىمغا كېلىدىغان بىر شۇملۇقنى سېزىپ تۇراتتى، مەن يەنە بىر ھەپتە ياتاقتىن چىقماي ياتتىم. ھېلىقى ئايال ئۈچ ۋاق تامىقىمنى ئەكىرىپ بېرەتتى. ئۇ، ئەمدى مېنىڭ غەۋغالىرىم بىلەنمۇ كارى بولماي سوئاللىرىمغا جاۋاب بەرمەي «گاچا» بولىۋالغانىدى. مەن نەچچە قېتىم مېنى چىقىرىۋېتىڭلار، مەن يۇرتۇمغا كېتىمەن، دەپ جېدەل قىلغان بولساممۇ پايدىسى بولمىدى. شۇ چاغلاردا مەن كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم. تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن ئۆكۈندۈم، ئاتا - ئانام، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىم، ساۋاقداشلىرىم بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇيقۇسىزلىق، بىدارلىق مېنى ئۆز - ئۆزۈم بىلەن سۆزلىشىدىغان قىلىپ قويدى: «توۋا مەن مۇشۇ كۈنلەرنى كۆرىمەن دەپ بۇ يەرگە كەلگەنمىدىم، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىم، غايە - ئىستەكلىرىمنى مۇشۇ كاتتا شەھەر يەپ كېتەرمۇ»، تۇرۇپ - تۇرۇپلا مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىغا چىققاندا ماڭا تەلەپ قويغان ھېلىقى يىگىت ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى.

— قايسى يىگىت؟ ھە، پەيزىڭ بار، قېنى ھېكايەڭنى سۆزلەۋەرگىن، — باياتىدىن بېرى شەھىدەنىڭ ھېكايىسىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان گۈلشەن ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا شۇنداق دەپ سورىدى. يىگىتنىڭ گېپى چىقىش بىلەنلا يۈزى ئوت بولۇپ يانغان شەھىدە خىجىل بولغاندەك مۇنداق دېدى:

— بولدى، بۈگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلەپ بېرەي، كەچ بولۇپ كېتىپتۇ، ئاخىرىنى ئەتە سۆزلەپ بېرەي.

— يائاللا، يىگىتنىڭ گېپىنى چىقىرىپلا گەپ قىلىشقىمۇ ماجالىڭ قالمايۋاتىدۇ - ھە، تېخى سائەت ئونمۇ بولماپتىغۇ، ماڭە تالاغا چىقىپ كىرىۋالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەپ بەرگىن، ھېكايەڭنىڭ ئاخىرىنى سۆزلەپ بەرمىسەڭ مەن سېنى ئۇخلاتمايمەن، — گۈلشەننىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن ئۇلار تالاغا چىقىپ كىرىپ، يەنە ئورۇنلىرىدا يېتىشتى. شەھىدە يەنە بىردەم ناز قىلغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئىدرىس بولۇپ، بويى سەل ۋىجىكرەك بولغان بىلەن ئاق كۆڭۈل، خۇشچاقچاق، ئەدەپلىك ئىدى. مەكتەپتە، مەكتەپكە بېرىپ - كېلىدىغان يولدا دائىم ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالاتتىم، ئۇنىڭ ماڭا ئۇنسىز تىكىلگىنى تىكىلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاشۇنداق قاراشلىرىغا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋېرىپتىكەنمەن. بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ ئۆزۈم يالغۇز ئۆيگە كېتىۋاتسام ئۇ تۇيۇقسىزلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قولۇمغا تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان بىر خەتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ غايىب بولدى. مەن خەتنى خۇددى چوغنى تۇتۇۋالغان ئادەمدەك قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قولۇمدىن قولۇمغا يۆتكەپ يول ياقىسىغا تاشلىۋەتتىم. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بۇ ئىشىمنىڭ تازا قامالاشمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كەينىمگە يېنىپ ھېلىقى خەتنى ئېلىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. مەن ئۆيگە كەلگەن





چاغدا تەرلەپ قىزىرىپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئاپام مېنى كۆرۈپ، — قىزىم نېمە بولدۇڭ، ئەجەپ ھاسىراپ كېتىپسەنغۇ، — دېگەندى. مەن ئاپامنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي دەرس ئۆگىنىدىغان ئۆيۈمگە كىرىپ، بىردەم يېتىۋالغاندىن كېيىن تۇمارچە قاتلانغان خەتنى ئاستا ئاچتىم، خەتكە ئىدرىس ئۆزىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ھەققىدە خېلى قامالاشتۇرۇپ بىرمۇنچە گەپلەرنى يازغاندىن كېيىن «قەلب ئىزھارى» دېگەن ماۋزۇدا ئالتە كۇپلېتلىق بىر شېئىرنى يېزىپتۇ. بۇ شېئىرنى ئۇ قايسىدۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن تېرىپ - تۆشەپ قۇراشتۇرغاندەك قىلاتتى. كېيىن مەن ئىدرىسنىڭ ئۇنداق خەتلىرىدىن يەنە نەچچە پارچە تاپشۇرۇپ ئالغان بولساممۇ ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرمىدىم، ئۇنى ياراتمىدىممۇ ياكى تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ ئويلىدىممۇ ئىشقىلىپ ئىدرىسنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرغانىدىم... ۋاي، ۋۇي، — دېدى شەھىدە يىغلامسىرىغاندەك كۈلۈپ قويۇپ، ئاغزىمنى تاتىلاپ قويساڭ قىلىۋاتقان گېپىمنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتكىنىمنى قىزىق بوپتۇغۇ، — دەپ كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى.

— ياتاقتىن چىقماي يېتىۋالغىنىمغا ئون كۈندىن ئاشقان چاغقۇ دەيمەن، بىر كۈنى يېرىم كېچىدىن ئاشقان بولسىمۇ تۇرلۇك خىياللارغا بەند بولۇپ پەقەت ئۇخلىيالمايۋاتاتتىم. شۇ چاغدا مەن تۇيۇقسىز ئىشىك شىرىقلىغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتىم، ئىشىك يەنە بىردەم شىرىقلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئايال ئۆڭكى قاپقارا، چىشلىرى ئاپئاق پاقىراپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىق بىر ئەرنى ياتاققا باشلاپ قويۇپ ئۆزى يوقالدى. مەن نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ھېلىقى زەڭگى كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، مەن ئاڭلاپمۇ باقمىغان بىر خىل تىلدا كالدىرلىغىلى تۇردى. مېنىڭ غەزىپىم كېلىپ تۇرغاچقا ئۇيغۇرچە

تىللىدىم.

— ھەي، زەڭگى كۆزۈمدىن يوقال! بۇ يېرىم كېچىدە ياتقىمغا نېمە دەپ كىردىڭ دەيمەن، — ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ ھېچ نەرسىنى بىلەلمىگەندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن خەنزۇچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— سىز ھىندى قىزى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سىزنى ھىندى قىزى دېگەنىدى، شۇڭا، سىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ياتاي دېگەنىدىم. قارىغاندا سىز··· جۇڭگولۇقكەنسىز ـ دە، نەلىك بولسىڭىز بولىۋېرىڭ، مەن بىلەن بىر ئاخشام بىللە بولسىڭىز مەن سىزگە جىق پۇل بېرىمەن، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر كاللەك ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىپ ماڭا تەڭلىدى ھەمدە ماڭا ھاياسىزلارچە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. مەن دەرھال ياستۇقۇمنىڭ ئاستىدىكى پىچاقنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭغا خەنزۇچە ۋارقىرىدىم:

— يوقال، ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقالمىساڭ، ئالدىڭدا ئۆلۈپ بېرىمەن، — مەن پىچاقنى ھازىرلا سۇرۇۋېتىدىغاندەك بوغۇزۇمغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدىم. مېنىڭ پەيلىمنىڭ يامانلىقىنى كۆرگەن ئۇ زەڭگى كەينىگە چېكىنگىنىچە غەلىتە كالدىرلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

مەن يەنە بىر ھەپتە ياتاقتىن چىقماي ياتتىم، ئارىلىقتا ھېلىقى ئايالنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئايال ئالماشتى. قارىغاندا باشتىكى ئايال مېنىڭ تىللاپ ئاۋارە قىلىشىمدىن قورققان بولسا كېرەك. بىر كۈنى ھېلىقى ئايال كىرىپ:

— دوستلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدىڭىز، كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ، — دېدى. مەن قولىقىمغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلىقىنى قايتۇرۇپ سورىدىم. ئۇ گېپىنى يەنە





شۇنداق تەكرارلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئۇ مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ بولغۇچە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ چامادانىمغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. مەن بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بىزنى باشقا يەرگە يۆتكەيدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. نېمىلا بولسۇن دوستلىرىمنى كۆرىدىغانلىقىمدىن خۇشال ئىدىم. مېنى ھېلىقى ئايال لىفت بىلەن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى چوڭ زالغا ئېلىپ چۈشتى. مەن ئۇ يەردە تولۇنئاي، لالە قاتارلىق قىزلارنى كۆرۈپ خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن قېرىنداشلىرىمنى كۆرگەندەك خۇشال بولدۇم، يۈرىكىمنىڭ سېلىشى ئىتتىكلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. تولۇنئايغا ئېسىلغىنىمچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىدىم، ئۇمۇ يىغلىدى. باشقا قىزلار بىلەنمۇ بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلىشىپ ئېسەدەپ يىغلاشتۇق. بۇ يەردە پەقەت تۆت قىزلا تۇراتتى، باشقا قىزلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە ماجالىممۇ يوق ئىدى. قىزلارنىڭ كۆزىدىكى مۇڭ ۋە ھەسرەت ماڭا ھەممىنى دەپ بەرگەنىدى. تولۇنئاينىڭ بىچارىلارچە پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر ھەسرەت كۆۋەجەيتتى.

بىز يەنە قانداق شۇم قىسمەتكە يولۇقارمىز دېگەندەك زالدىكى سافادا ئۈنسىز ئولتۇراتتۇق. ئىككى نازارەتچى ئايال پوستا تۇرغاندەك ئىككى تەرىپىمىزدە بۇتتەك قاراپ تۇراتتى. تولۇنئاي قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ چىڭ ـ چىڭ مۇجۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ قولىدىن قولۇمغا ئۆتۈۋاتقان ھارارەتتىن قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقنىڭ تەپتىنى سېزەتتىم. ئارىلىقتىن ئون ـ ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ئىككى ئاۋاققا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر بەترەڭ يۈز ئاۋاق تالادىن ئالدىراپ كىرىپ، ھېلىقى ئىككى ئايال بىلەن كۇسۇلدىشىپ بىر

نەرسىلەرنى دېگەندىن كېيىن بىزنى باشلاپ تالاغا ئېلىپ چىقتى.
ئۇلار بىزنى مېڭىڭلار، مېڭىڭلار دەپ ئالدىرىتىپ ئەينىكىدىن
ئىچىنى كۆرگىلى بولمايدىغان مىنىبۇسقا ئېلىپ چىقتى. ھېلىقى
ئاۋاق نازارەتچى ئايالىلارغا بىر نەرسىلەرنى دەپ خوشلىشىپ،
مىنىبۇسنىڭ ئىشىكىنى ياپتى. مىنىبۇستا باشقا ئادەم يوق ئى-
دى، مىنىبۇسنى ئاۋاق ئۆزى ھەيدىدى. ئەمدى بىز ئۇيغۇرچە
سۆزلىشۋەردۇق.

— قىزلار ياخشى تۇرامسىلەر، بۇلار بىزنى يەنە نەگە ئاپىرى-
دىغاندۇ؟ — مەن يەنە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقەت قى-
لىپ تۇرالماي شۇنداق دەپ سورىدىم.

— قىزلار، بىز قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋېتىپتۇق، — دېدى
تولۇنئاي غەزەپلەنگەن ھالدا چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، —
ئەمدى بىز بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن ۋاقتىدا ئويغانمىساق، ئازابلىق
دوزاخقا چۈشۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن، نەچچە ۋاقىتتىنبۇياقى كۆر-
گەن كۈنۈڭلار ئۆزۈڭلارغا ئايان، بۇ بىر پۇرسەت، بەشىمىز تەڭ
ھەرىكەتكە كەلسەك، مۇشۇ يول ئۈستىدە قۇتۇلۇپ قالىمىز، مەن
ئازراق سېزىپ قالدىم، بۇلار بىزنى چەت ئەللىكلەرگە سېتىۋەت-
مەكچى بوپتۇ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى لالە، — ۋاقىتنى چىڭ تۇتاي-
لى، بولمىسا بۇلارنىڭ بىر نەچچە ئادىمى كېلىپ مىنىبۇسقا
چىقىپ، بىزنى باشقۇرغىلى تۇرسا، ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قې-
چىپ قۇتۇلالمايمىز، شۇ چاغدا ھېلىقى ئاۋاق مىنىبۇسنىڭ سۇر-
ئىتىنى ئاستىلىتىپ بىزگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— پاراڭلاشماي، جىم ئولتۇرۇش!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى لالە غىڭشىپ ناخشا ئېيتقان
قىياپەتتە ھەممىمىز ناخشا ئېيتقان قىياپەتتە پاراڭلىشايلى.

— مېنىڭ سومكامدا بىر پىچاق بار، — دېدىمەن، غىڭ-





شىپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق بولسا پىچاقنى ماڭا بەر، — لالە شۇنداق دەپ
غىڭشىغىنىچە قولىنى ماڭا سۇندى، مەن سومكامدىن پىچاقنى
ئېلىپ، پەم بىلەن ئۇنىڭغا بەردىم، لالە پىچاقنى قولىغا ئالغاندىن
كېيىن يەنە ناخشا ئاھاڭىدا مۇنداق دېدى:

— ھازىردىن باشلاپ ھەممىڭلار ماڭا ماسلىشىڭلار، ئەگەر
قورقۇنچاقلىق قىلىپ بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك چوقۇم تېخى-
مۇ يامان قىسمەتكە ئۇچرايمىز. مىنىبۇس بۇك - باراقسانلىق
ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان دېڭىز بويىدىكى ئادەمسىز يولدا ئۇچ-
قاندەك كېتىۋاتاتتى. بۇ يولدا ئاپتوموبىل، پىكاپلارمۇ ئاندا -
ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى. لالە ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بەرگەن
پىچاقنى كەينىگە قىلغىنىچە شوپۇر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شوپۇر
نېمە بولىۋاتقانلىقىنى بايقاپ بولغۇچە لالە ئۇنىڭ كېكىردىكىگە
پىچاقنى تەڭلەپ بولدى:

— ماشىنىنى توختات، بولمىسا پىچاقنى كانىيىڭغا
تىقىۋېتىمەن!

— لالەنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغىنىدىن ۋە كانىيىدا يالتى-
راپ تۇرغان پىچاقتىن قورقۇپ كەتكەن ئاۋاق ماشىنىنى ئىتتىك
تورمۇزلاپ توختاتتى.

— بولۇڭلار، بۇنى ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىغا باغلىۋېتىڭلار! —
لالەنىڭ شۇ سۆزىدىن كېيىن، قۇندۇزئاي بىلەن ئۆزۈمنىڭ چاپان-
لىرىمنى يىرتىپ ئارقان قىلىپ، ئاۋاقنى ئورۇندۇققا پۇختىلاپ
باغلىدۇق. ئاڭغىچە قۇندۇز بىلەن يۇلتۇزمۇ ھەممىمىزنىڭ قول
ياغلىقلىرىنى يىغىپ ئاۋاقنىڭ ئاغزىغا تىقتى. ئاۋاقنىڭ قورققى-
نىدىن كۆزلىرىنىڭ قارىسى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك
چەكچىيىپ كەتتى. لالە ئۆزىنىڭ پادىچىلار چاپىنىنى پىچاق بە-
لەن تىلىپ ئاۋاقنى تېخىمۇ پۇختىلاپ باغلىۋەتكەندىن كېيىن

ئۇنىڭ يان تېلېفونى ۋە يانچۇقلىرىدىكى پۇل - پۇچەكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، قىزلارنى مىنىبۇستىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. بىز مىنىبۇستىن چۈشۈپ يول ياقىسىدىكى ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق ...— شەھىدەنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. بۇ يېرىم كېچە بولغان چاغ بولغاچقا شەھىدە تۇيۇقسىز گەپتىن توختىدى. گۈلشەن چۆچۈپ كەتتى. ئىشىك يەنە چېكىلدى، گۈلشەن ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى.

— كىم؟

— مەن... مەن دېگەن...، — بۇ بىر مەستنىڭ ئاۋازى ئىدى. شەھىدەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ۋارقىرىدى:

— مەن دېگەن كىم؟ يېرىم كېچىدە نېمە بار بۇ يەردە؟

— مەن، مەن ئابلىكىم جۇجاڭ... سىلەرگە... بىر گېپىم مەلىكە بارمۇ، مەن، مەن ...— ئۇلار بۇ ئاۋازنىڭ راستىنلا ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئېغىر مەست بولۇپ كەتكەن ئابلىكىم جۇجاڭ سەنتۈرۈلگىنىچە ياتاققا كىردى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ سېسىق ھاراق، تەر ۋە تاماكىنىڭ پۇرىقىمۇ بىللە كىردى. ئۇ دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقى كەينىگە تارتىپ ئەلەڭ - سەلەڭ قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كىشىگە خۇددى كاللىسىدىن ئازغان ساراڭلارنى ئەسلىتەتتى. گۈلشەن بىلەن شەھىدە نېمىشقىمۇ ئىشىكنى ئاچقاندىمىز دېگەندەك ئىككى بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ تۇراتتى. ئابلىكىم جۇجاڭ قىزلارغا ئەلەڭلەپ يەنە بىر قېتىم قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاغىل - تاغىل سۆزلەشكە باشلىدى.

— جېنىم سىڭىللىرىم، سىلەر مېنى مەست بولۇپ قالدىمىكىن دېمەڭلار، مەن مەست ئەمەس... مېڭىڭلار مەن سىلەرنى بازارغا ئېلىپ چىقىپ ئوينىتىپ كىرەي، مەن تېخى پېنسىيىگە





چىقمىدىم... مەن ھازىرمۇ جۇجاڭ... سىلەر مېنى ئەمدى جۇجاڭ ئەمەس دەپ كۆزگە ئىلمايۋاتامسىلەر، مەلىكە ھەدەڭلارغا دەڭلار مەن تېخى پېنسىيىگە... مەلىكە ھەدەڭلار نەگە كەتتى... نېمانداق كەلمەيدۇ... بولدى، ھەدەڭلار بولمىسا سىلەر بولساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ... مەن سىلەرنى قانغۇدەك ئوينىتاي، سىلەرگە مەن پۇل بېرەي، مانا پۇل دېگەن ...— ئۇ كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ھېچنەرسە تاپالماي، ئىشتان، چاپانلىرىنىڭ ھەممە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، ئۆرۈپ - چۆرۈۋەتتى.

— ۋوي، يانچۇقتىكى پۇللارنى ئۇ گۇيلار سوقۇپ كېتىپتۇ - دە، ھەي ...— ئۇ يەنە يانچۇقىنى ئاختۇردى، — يان تېلېفونىممۇ يوق تۇرىدىغۇ... ئۇ گۇيلار تېلېفونىمنىمۇ جايلاپتۇ - دە، قاراپ تۇرۇش سەن گۇيلارنى مەن ھازىر تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولسام، پۇل دېگەن قانچىلىك نەرسە ئىدى، ماڭا كاللەك - كاللەك پۇل بېرىدىغانلار كۆپ... مەن دېگەن ئا جۇجاڭ ...— ئابلىكىم جۇجاڭ ئىشىك تەرەپكە دەلدەڭشىپ مېڭىپ، پالاقلاپ سېمونت يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. گۈلشەن بىلەن شەھىدە ئۇنى يۆلەپ قويماقچى بولغان بولسىمۇ نېمىشقىكىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالمىدى. ئابلىكىم جۇجاڭ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تىرىكىشىپ باققان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالماي نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇڭشىغىنىچە ئورنىدا يېتىپ قالدى. ئۇ ئەمدى خۇددى جەڭدە ئوق تېگىپ يىقىلغان جەڭچىدەك پۇت - قوللىرىنى ئۇزۇن سوزغىنىچە يېتىپ قالدى - دە، كالتە - كالتە خورەك تارتىشقا باشلىدى. گۈلشەن ئەدىيالدىن بىرنى قاتلاپ ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى.

— بەك مەست بولۇپ كېتىپتۇ، بولدى، مۇشۇنداق يېتىۋەرسۇن، ئۇ ھازىر خۇدىنى بىلىدىغاندەك قىلمايدۇ، ماڭە بىزمۇ ئورنىمىزدا يېتىۋېرەيلى، چىراغنى ئۆچۈرمەيلى، قارىغاندا جو-

جاڭ مەستچىلىكتە بۇلاڭچىلارغا ئۇچرىغان ئوخشايدۇ. گۈلشەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن شەھىدە بىلەن بىللە كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئابلىكىم جۇجاڭ خورەك ئارىلاش جۆيلۈپ چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دەۋاتاتتى:

— مەن تېخى... ئاتمىشقا كىرمىگەن... ئاشۇ گۈيلار خاتا يېزىپ قويۇپتۇ، مەن... مەن ... پېنسىيىگە چىقمايمەن... مەن دېگەن جۇجاڭ، جۇجاڭ دېگەن پېنسىيىگە چىقمايدۇ، ياق، ... ياق، مەن پېنسىيىگە چىقسام، مېنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدۇ، ئەتراپىمدا ئادەم تۇرماق ئىتمۇ قالمايدۇ، ياق، ياق، مەن پېنسىيىگە چىقمايمەن ...— ئابلىكىم جۇجاڭ يەنە بىردەم غوتۇلدىغاندىن كېيىن ئاغزىنى خۇددى شاپاق يەۋاتقان كالىدەك شالاپشىتىپ بوش ۋە جانسىز خورەك تارتىشقا باشلىدى. گۈلشەن بىلەن شەھىدەنىڭ بۈگۈن كېچە ئۇخلىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇڭا، گۈلشەن شەھىدەنى بوش نوقۇپ قويۇپ مۇنداق دېدى: — ئەمدى بەربىر ئۇخلىيالمايمىز، ھېكايەڭنىڭ ئاخىرىنى ئېيتە.

شەھىدە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن خۇددى كەينىمىزدىن بىرسى قوغلاۋاتقاندەك لالەنىڭ كەينىدىن يورغىلاپ چېپىشقا باشلىدۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرىقى بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش بىزنى بىزار قىلىۋەتكەن بولغاچقا، بۇنداق گۈزەل ئورمانلىقتا خۇددى قەپەستىن چىققان قۇشلاردەك يايرىغىنىمىزچە چاپماقتا ئىدۇق. بۇ چاغدا بىزنىڭ كاللىمىزدا پەقەت قانچە يىراققا قاچساق شۇنچە ياخشى، پەقەت ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالمىساقلا بولدى دېگەندىن باشقا ئوي، خىيال يوق ئىدى. شۇڭا، ئاشۇ ئورمانلىق ئىچىدە بىر سائەتتىن ئوشۇق يۈگۈردۇق. لالە يۈگۈرۈشتىن توختىغان چاغدىلا بىزمۇ يۈگۈرۈشتىن توختىدۇق. ھەممىمىز ھاسىراپ كەتكەنىدۇق، كىيىملىرىمىز تەردىن چىلىق - چىلىق





ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بىز بىردەم كۈلسەك، بىردەم يىغلاشتۇق. ئارىلىقتا يېرىم سائەتتەك دەم ئالغاندىن كېيىن نەگە بارىدىغانلىقىمىز، قانداق قىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە مەسلىھەتلەشتۇق.

— قارىغاندا بۇ ئورمانلىقنىڭ چېكى يوقتەك قىلىدۇ، شۇڭا بىز بۇ ئورمانلىق ئىچىدە ئېزىپ قالساق بولمايدۇ، بىز بىرەر تاشيولنى تېپىپ يول بويىدا ماشىنا كۈتەيلى، — ھەممىمىز لالەنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالغاندۇق. شۇڭا، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ماڭدۇق. ئورمانلىقنىڭ ئىچى ناھايىتى تىنچ بولسىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاللىقانداقتۇر جانىۋارلارنىڭ بىزدىن ئۈركۈپ پالاقشىغان ۋە ۋەھىمىلىك ئاۋازدا ئۇنلىگىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەنە قاياقلاردىندۇر زىققى كېسىلى بار بوۋايلارنىڭ يۆتەلگىنىگە، يىغلاڭغۇ بوۋاقلارنىڭ قىرقىراپ يىغلىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە ئاۋازلار كېلەتتى.

بىز خېلى ئۇزۇن يول ماڭغاندىن كېيىن تاشيول بويىغا چىقىپ قالدۇق. بىز تاشيولنى كۆرۈپ خۇددى يىراق سەپەردىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك خۇشال بولۇپ، سەكرەشكىنىمىزچە بىر - بىرىمىز بىلەن قۇچاقلاشتۇق. بىز يول بويىدا خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولساقمۇ بىرەر ماشىنا ئۆتمىدى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ئورمانلىق بولغاچقا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كۈن غەربكە ئولتۇرۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئورمانلىق قىزىل شەپەقكە پۈركۈنۈشكە باشلىدى. يەنە كۆپ ئۆتمەيلا قاراڭغۇ چۈشۈدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئورمانلىقتىكى بايىقى دىمىقلىق يوقاپ سالقىن شامال چىقىپ، ئادەمنىڭ دولىسىنى قورۇپ ئەندىكتۈرۈشكە باشلىدى. قىزلارنىڭ چىرايىدىن كەچ بولغۇچە بىرەر ماشىنا كېلىپ قالسىكەن دېگەن تەقەززالىق بىلىنىپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ بايىقى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشىمايدىغان خۇشاللىقى تۈگەپ، ئۇلارنىڭ سۆزى ۋە كۈلكىسى ئازلاپ كېتىۋاتاتتى.

خۇداغا شۈكرى ئاخىرى بىر پىكاپ كەلدى. لاله يول ياقىسىغا چىقىپ قول كۆتۈردى. بىراق، پىكاپ قانداق تېز كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز ئۆتۈپ كەتتى. قىزلارنىڭ پىكاپنى كۆرۈپ پەيدا بولغان خۇشاللىقى يەنە ئاشۇ پىكاپ بىلەن تەڭ غايىب بولدى. قىزلار يەنە پىكاپ كەلگەن تەرەپكە ئۈمىد بىلەن كۆز تىكتى. يەنە بىر نەچچە پىكاپ كەلگەن بولسىمۇ بىزنىڭ قول كۆتۈرۈشلىرىمىزگە پەرۋا قىلمىغاندەك سۈرئەتنىمۇ ئاستىلىتىپ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئورمانلىقتىكى قىزىللىق يوقاپ گۈگۈم پەردىسىگە چۈمكىلىشكە باشلىدى. بىزمۇ بىر - بىرىمىزگە قانداق قىلارمىز دېگەندەك يىغلامسىراپ، شۈمشەرەپ قاراشقا باشلىدۇق. ھەممىمىزگە يول باشلاپ ئىلھام بېرىۋاتقان لالەمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تىت - تىت بولغىنىچە جىمىپ قالغانىدى. ئەمدى قىزلار سومكا، چامادانلىرىنى ئاستىغا قويۇپ بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دېگەندەك ئۈنسىز ئولتۇردى. ئاشۇ ئادەمزات يوق ئورمانلىقتا تۈنەش بىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. شۇ چاغدا قىزىل رەڭلىك بىر مىنىبۇس كېلىپ قالدى، قىزلار بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇسى يوقتەك ھەممىسى تەڭلا چۇرقىرىشىپ قول كۆتۈردى. مىنىبۇس سۈرئىتىنى بارغانسېرى ئاستىلىتىپ توختىدى. خۇشال بولۇپ كەتكەن قىزلار شوپۇرنىڭ نەگە بارىسىلەر دېگەن گېپى بىلەنمۇ كارى بولماي مىنىبۇسقا ياماشتى.

مىنىبۇستا خۇش چىراي، سالاپەتلىك ئاتمىش ياشلاردىكى بىر موماي ئولتۇراتتى. ئۇ مىنىبۇسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. شوپۇر ئەللىك نەچچە ياشلاردىكى كېلىشكەن ئەر ئىدى. لاله موماي بىلەن قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يالغان گەپتىن بىرنى توقۇپ چىقتى.

— بىز ساياھەتكە كەلگەنلەر ئىدۇق، ئۆمەكتىن ئايرىلىپ





ئېزىپ قالدۇق، بىزنى شەھەرگىچە ئېلىۋالغان بولساڭلار، — لالەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ موماي چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، تېز چىقىڭلار، ۋۇي خەنزۇچىنى نېمانچە چىرايلىق سۆزلەيسىلەر، سىلەر قايسى دۆلەتنىڭ، — بىز مىنىبۇسقا چىقىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن لاله مومايىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— بىز چەت ئەللىك ئەمەس جۇڭگولۇق.

— شۇنداقمۇ، — موماي ئىشەنمىگەندەك قىزلارغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىدى. مىنىبۇسنى ھەيدەپ ئولگۇرگەن شوپۇرمۇ لالەنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئارقىسىغا قاراپ قويدى.

— قارىغاندا سىلەر شىنجاڭلىق ئوخشىمامسىلەر؟

لاله تېزلا جاۋاب بەردى.

— شۇنداق، بىز شىنجاڭلىق.

موماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى: — سىلەر ئۆزىمىزنىڭ قىزلىرى ئىكەنسىلەرغۇ، — كۆزۈمگە نېمانداق ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتىكىن دېسەم ئەسلىي سىلەر...

ئابلىكىم جۇجاڭنىڭ خورىكى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خورىكى ماتورى كاردىن چىققىلى تۇرغان ماشىنىنىڭ ئاۋازىدەك بىردەم كۈچەيسە، بىردەم پەسىيەتتى. تۇرۇپلا غايىب بولسا، تۇرۇپلا پارتىلىغاندەك سادا چىقىراتتى. تۇرۇپلا توختىماي ئېتىلىۋاتقان پىلىموتتەك تاتىلداپ كەتسە، تۇرۇپلا پاتقاققا پېتىپ قېلىپ چىقالمايۋاتقان تراكتورنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتەتتى. تۇرۇپلا بەلگە ئوقىنىڭ چىۋىلدىغىنىنى ئەسلەتسە، تۇرۇپلا سۇ بۇقىلىرىدەك بۇقۇلدايتتى، تۇرۇپلا بىر توپ ھەرىدەك گاژىلدايتتى.

شەھىدە ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتىپ بولالمىدى، چۈنكى

گۈلشەن بەرداشلىق بېرەلمەي تاڭ سۈزۈلۈشكە يېقىن ئۇخلاپ
قالغانىدى. شەھىدە گۈلشەننىڭ قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالغانلىقى-
نى بىلەلمىدى. بەلكىم، ئۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئۆزىگە ئۆزى
ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن.

گۈلشەن بىلەن شەھىدە تازا قاتتىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئابلى-
كىم جوجاڭ ئويغاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە يېتىپ قالغانلىقىنى
بىلەلمەي، چۆچۈپ ۋە ئۈندەرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يورۇق
چۈشۈپ بولغان ياتاقنىڭ ئىچىگە مەڭدىگىنىچە خېلى ئۇزۇن قا-
راپ، ئۆزىنىڭ گۈلشەنلەرنىڭ ياتىقىغا كىرگەنلىكىنى غۇۋا ئېسى-
گە ئالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىردەم مەڭدەپ تۇرۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن كارىۋات تەرەپكە قارىدى. ئۇ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان
شەھىدە بىلەن گۈلشەننى كۆرۈپ، نېمىدىندۇر قورققاندەك ياتاق-
تىن تېز چىقىپ كەتتى...

## 30

ئادىل لىيەنجاڭنىڭ قىزىنى نىياز كاللەكنىڭ ئوغلى ئېلىپ
قېچىپتۇ، دېگەن گەپ بىردەمدىلا لىيەندىكى ھەممە ئادەمنىڭ قۇ-
لىقىغا يەتتى. بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا، ئادەم كۆپ يىغىلىدىغان
يەرلەردە، كۆۋرۈك بېشىدىكى قەرت ئوينايدىغانلارنىڭ ئارىسىدا
مۇشۇ ھەقتە تۈرلۈك غەيۋەت - شىكايەت، مۇلاھىزە ۋە سۆھبەتلەر
بولىۋاتاتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ لىيەندىمۇ خېلى كۆپ ئۆزگىرىش-
لەر بولغانىدى. لىيەننىڭ ئورنى بارغانسېرى كېڭىيىپ، بۇرۇنقى
كۆكتاتلىقلار ۋە لىيەننى يۆگەپ تۇرىدىغان ئالمىلىق باغنىڭ ئورنى-
مۇ باشقىلارغا ئۆيلۈك جاي ھېسابىدا بۆلۈپ بېرىلگەنىدى. بۇرۇن-
قى ھۆكۈمەت بىرتۈتاش سېلىپ بەرگەن ئاددىي ئۆيلەر چېقىلىپ،





شەھەر پاسونىدىكى پېشايۋانلىق، ئەينەك كارىدورلۇق ئۆيلەر كۆ-
پەيگەنىدى. كونا ئۆيلەردىن نىياز كاللەك، ئالىم دۇمبا، كامىل
گىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىلا خۇددى ئۇرۇشتىن كېيىنكى خا-
رابىلىقتا ساق قالغان ئۆيلەردەك چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ لىيەن
چېگرا ئېغىزىغا يېقىن بولغاچقا، چېگرا ئېغىزىدىكى سودا -
سېتىقنىڭ قىزىپ كېتىشى بىلەن بۇ لىيەندىكى ئادەملەرنىڭ ھەم-
مىسى دېگۈدەك لىيەندىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ چېگرا ئېغىزىغا
چىقىدىغان بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ چېگرا ئېغىزىدا مىڭ كوي-
لاپ، بەزىدە ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى. شۇڭا،
لىيەندە ئېتىزلىقتا ئىشلەيدىغانلار ئازلاپ كەتتى. لىيەنجاڭلارنىڭ
ئىناۋىتىمۇ بۇرۇنقىدەك يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئادىل لىيەنجاڭنىڭ
ئەتراپىدا يۈرىدىغان چاپانچىلارمۇ ئازلاپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتات-
تى. ئەيسا كاسسىرمۇ خىزمىتىنى تاشلىۋەتمىگەن بىلەن پۇرسەت
چىقىرىپ چېگرا ئېغىزىغا بېرىۋالاتتى. ھازىر بۇ لىيەندە باي ۋە
بايۋەتچىلەر خېلى كۆپىيىپ قالغانىدى. چېگرا ئېغىزىدىن كېلى-
ۋاتقان ئاز - تولا تاپاۋەت بەزىلەرنى ئەسلىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويۇ-
ۋاتاتتى، بەزىلەرگە ئۆيدىكى ئاددىي لەغمەن تېتىمايدىغان بولۇپ
قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يەنە بەزىلەرگە ئۆيدىكى تاماق
تۇرماق، بىر پىيالە چايمۇ لاۋزا تېتىيدىغان بولۇپ قالغانىدى.
يېڭى پەيدا بولغان ئاشۇ بايۋەتچىلەرنىڭ ئىناۋىتىمۇ لىيەنجاڭنىڭ
ئىناۋىتىدىن قېلىشمايتتى. ھازىر بۇ لىيەندە تۇراخۇن دۇكانچى-
نىڭ دۇكىنىدىن باشقا يىگىرمە نەچچە دۇكان پەيدا بولۇپ قالغا-
نىدى. دېمەك، لىيەندىكىلەرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلى-
نىپ، ھاللىنىپ، باي بولۇپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ نىياز كاللەك،
ئالىم دۇمبا، كامىل گىرىلاردەكلەرنىڭ ئەھۋالى يەنە بۇرۇنقىدەك
كېتىۋاتاتتى. ئادىل لىيەنجاڭ كامىل گىرىغا تولا ياردەم قىلىپ،
ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەچكە كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى،

ئۇلار يېقىندىن بېرى هاراقنى ئىچكىنىنى ئازدەپ، نەشە چېكىدىغان بولىۋالغانىدى. نەشە چېكىش قانۇنسىز قىلمىش بولغاچقا ئۇلار بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا، قوناقلىقلاردا، نىياز كاللەكنىڭ جاڭزىدىكى ئايرىم ئۆيىدە چېكىشەتتى. نىياز كاللەك قارىسۇ بويىدىكى ئېتىزلىقىنىڭ بويىغا ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ، تولاراق شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ بۇ يەردە تۇرمىسا ئىككى مو يەردىكى قوغۇن - تاۋۇزلىقىغا باشقىلارنىڭ سوغۇق قولى تېگەرمىش، بۇ لېيەندە ئەزەلدىن ئازراق ھوقۇقى، پۇلى بارلار بىلەن نامرات ئىشچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پەرق بار ئىدى. ئۆزىنى باي ۋە ئالاھىدە ھېسابلايدىغانلار نىياز كاللەكتەك «ئىلگىرى باسماس» لارغا قىز بەرمەيتتى. ئادىل لېيەنجاڭدەك ھوقۇقىمۇ بار، پۇلىمۇ بار ئادەم بىلەن قۇدا بولۇش نىياز كاللەك تۇرماق ناسىر موزاي، يۇسۇپ پالكۆزدەك ئىناۋەتلىكلەرنىڭمۇ قولىدىن كەلمەيتتى. ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قىزىنى نىياز كاللەكنىڭ ئوغلىنىڭ ئېلىپ قاچقانلىقى خۇددى قاغىنىڭ ئاققۇ بىلەن توي قىلىمەن، دېگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. بۇ ۋەقە مۇشۇ لېيەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ناھايىتى چوڭ ۋەقە ئىدى. ئەرلەرنى ئەتىگەندە چېگرا ئېغىزىغا يولغا سېلىۋېتىپ، كۆۋرۈك بېشىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ يېنىغا يىغىلىپ ئولتۇرغان چىمەن ۋىت - ۋىت، خەلچەم قونچاقلار باشچىلىقىدىكى زۇۋاندار ئاياللار بىرنى ئون قىلىپ كۆپتۈرۈپ، كۆپچۈپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ئەجەپ ئوبدان بوپتۇ، نىياز كاللەكلەرمۇ ئادەم، ئادىل لېيەنجاڭلارمۇ قىزىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماي، نىياز كاللەكلەرنى ياراتمىغاندىن كېيىن مانا مۇشۇنداق بار...

— ئاڭلىساق ئادىل لېيەنجاڭ قىزىنى دۆنزىيىدىكى قاسىموپنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچىكەندۇققۇ.

— بىرىمەن دېسىلا ھېساب ئەمەس، خەق ئالسا بولىدۇ،





شەھەردىكى ئۇ باللار سەھرادىكى بۇ تولۇق تېزەكلەرنى ياراتمىتى.

— ئادىل لېيەنجاڭغۇ قاسىموپ دېسە جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ.

— قاسىموپ بولمىغان بولسا بىر لېيەنگە يىگىرمە يىل لېيەنجاڭ بولمايدۇ، ئۇ قارنى تويمايدىغان ئۆچۈ.

— خوتۇنىنىڭ يوغانچىلىقىنى، دېمەمدىغان تېخى گەپ قىلمىسا يېشىنى يوشۇرۇپ.

— نادىرەنى ئېلىپ قاچقان نىياز كاللەكنىڭ قايسى ئوغلى ئىكەن؟

— تۆتىنچىسى، خېلى قاملاشقان يىگىت بوپتىكەن، ئىسمى شۆھرەتقۇ دەيمەن.

— نىياز كاللەكلەرمۇ ئۆز يولىدا ئادىل لېيەنجاڭلارنىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزۈپتىكەن، نىياز كاللەكلەرگە قوشۇلۇپ كىرگەن ئەلچىلەرنىمۇ تىللاپ چىقىرىۋېتىپتىكەنمىش.

— زادى بەك ھەددىدىن ئاشقىلى تۇردى بۇ خەق. ھازىر ئاۋۇ ئادىل لېيەنجاڭنىڭ چوڭ ئوغلىنى لېيەندىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى قەيسەر بايۋەتچە دەيمىشقۇ...

— ھەئە، قوۋۇرغامنى ئېگىپ يېقىندا ئۇنىڭغا بايۋەتچە دەپ ئات قويۇش چېيى ئۆتكۈزۈلۈپتۇمىش.

— ۋاي، شۇ ئەمەسمۇ، ھازىر بىزنىڭ باللارمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاتىماي بايۋەتچىلا دەيمىش.

— خۇدايىم كۆرسەتتى بۇ خەقنىڭ يوغانچىلىقىغا.

لېيەندە مانا مۇشۇنداق گەپ بولىۋاتقاندا لېيەنگە بارمىغىنىغا بىر ھەپتە بولغان نىياز كاللەك جاڭزىسىدىكى ئۆيىدە خام نەشىنى تازا خۇمارى چىققۇدەك چېكىپ، خىيال سۈرۈۋاتاتتى.

نىياز كاللەك ئوغلى شۆھرەتكە ئادىل لېيەنجاڭنىڭ قىزى نادىرەنى سوراش ئۈچۈن ئەلچىلەر بىلەن بىللە ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇدەك، بۇ ئىشتىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئادىل

لىيەنجاڭ بىلەن گۈلنىسا ئەلچىلەر بىلەن بىللە كىرگەن نىياز كاللەكنى كۆرۈپ ھودۇققىنىدىن پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇدەك. چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇرۇپ مانچىستىر دوپپىسىغا شىبلىت ۋە كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىۋالغان نىياز كاللەك خۇددى ئادىل لىيەنجاڭلارنى ياراتمىغاندەك ئەلچىلەرنىڭ ئارىسىدا گىدىيىپ، قاپىقىنى سەل تۈرگىنىچە ئولتۇرغۇدەك، ئادىل لىيەنجاڭ ئېگىلىپ ھىجايغىنىچە نىياز كاللەكنىڭ قولىغا خۇشامەت بىلەن سۇ قۇيۇۋاتقۇدەك، نىياز كاللەك سەن خەقنىڭ قىزىنى كېلىن قىلىمەن دېگىنىمگە خۇشال بولۇش دېگەندەك ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن گۈلنىسانىڭ ھىجىيىپ تۇرۇپ قىلغان سالام، تەكەللۇپلىرىنى ئىلىك ئالمايۋاتقۇدەك، نىياز كاللەك بىلەن بىللە ئادىل لىيەنجاڭنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كىرگەن ناسىر موزاي بىلەن يۇسۇپ پالكۆزمۇ نىياز كاللەكنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ھەدەپ نىياز كاللەكلەرنى ماختاپ، ئادىل لىيەنجاڭلارنى چۈشۈرۈۋاتقۇدەك، بۇنداق چاغلاردا بەك سۆزمەن بولۇپ كېتىدىغان ناسىر موزاي نىياز كاللەككە خۇشامەت قىلىپ، ئادىل لىيەنجاڭلارنى پەس كۆرۈپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— لىيەنجاڭ، سىز لىيەنجاڭ بولغان بىلەن ھۆرمەت ۋە ئىناۋەتتە نىيازغا يېتەلمەيسىز، مىجەزىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، گەپ يۇزدە ياخشى، ئۇسسۇل تۇزدە دېگەن گەپ بار، گەپنى ئۇچۇقلا دەۋەرسەم كۆڭلۈڭلارغا كېلىپ قالمىسۇن، نىيازدەك بىر ئادەمنىڭ ئالدىڭلارغا ئەلچىلەر بىلەن بىللە ئۆزى قىز سوراپ كىرگەنلىكى سىلەرنىڭ بەختىڭلار، ھازىر نىياز بىلەن قۇدا بولسامتى دەۋاتقانلار ئاز ئەمەس، گەپنىڭ جىڭىنى ئېيتسام، ئەتىۋارلىق كەنجى قىزىمنى نىياز سورىغان بولسا قوش قوللاپ تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم. بىزگە ئۇنداق بەخت نېسىپ بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ھۆرمەتلىك نىيازنىڭ ئالدىڭلارغا مۇشۇنداق كىرگەنلىكى-





نى غەنىيمەت بىلىپ قىزىڭلارنى جان دەپ تارتۇق قىلساڭلار بولارمىكىن.

يۇسۇپ پالكۆزمۇ نىياز كاللەككە ياخشى كۆرۈنمەكچى بولغاندەك ناسىر موزاي بىلەن بەسلىشىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلاپتۇدەك.

— ھۆرمەتلىك نىيازنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولىمەن، دەپ قۇدا بولالمايۋاتقانلار ئاز ئەمەس، ئۆزىمۇ ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ...

— راست، ئۇنداق - مۇنداق قوڭالتاقلارنى كۆزگە ئىلىدىغان نىياز ئەمەس مەن. قىزىنى ئاشۇ قاسىموپقا بەرمەكچىمىكەن، قاسىموپ، ئەسلىي دادامنىڭ قولىدىكى سولتەك ئەسكەركەندۇق. دادام ئۆلۈپ تۈگەپ كەتكەچكە قاسىموپ بولۇپ قالغان نەرسە، ئاڭلىسام ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئوبدانلا ئالتە ۋېنتىسى كەم يېرىم ساراڭ نەرسە دەيدىغۇ...

ئەمەلىيەتتە ئادىل لىيەنجاڭ بولۇپمۇ ئايالى گۈلنىسا نىياز كاللەكتەك «چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان ئادەملەر» گە قىز بەرمەيتتى. شۇڭا، نىياز كاللەكنىڭ نەچچە قېتىم كىرگۈزگەن ئەلچىلىرى تاپا - تەنە، تىل - ئاھانەت ئاڭلاپ يېنىپ چىققانىدى.

نىياز كاللەك بەك خىيالىنىڭ تازا پەيزىنى سۈرەلمىگەنلىكىنى نەشە تۇتمايۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ يەنە بىرنى ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن ئاچكۆزلۈك بىلەن شوراشقا باشلىدى. ئۇ شورىغان ئىسنى ياندۇرۇپ چىقىرىۋېتىش گۇناھ بولىدىغاندەك ئىسنىڭ ھەممىسىنى بەدەن - بەدەنلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتەتتى. نىياز كاللەك ئۈچۈن بۇ خۇددى مۇشۇ جاھاندىكى بارچە راھەت - پاراغەتنى ئىس بىلەن قوشۇپ شۈمۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئادەتتە تۇرنىسامۇ نىياز كاللەك بىلەن مۇشۇ يەردە تۇراتتى. ئۇلار لىيەندىكى ئۆيىنى بىردىنبىر ئۆيلىگەن ئوغلىغا تۇتۇپ بەرگەنىدى. باشقا باللىرىمۇ ئاشۇ ھويلىدىكى چايخانىدا ياتاتتى. نىياز كاللەك بىر پىنەك

نەشىنى بىردەمدىلا شوراپ تۈگىتىپ يەنە خىيالنىڭ پەيزىنى سۈر-
مەكچى بولىۋاتقاندا ئىشىك تۇيۇقسىز جالاقلىدى. ئارقىدىن ئى-
شىكنى تەپكەن، مۇشتلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. نىياز كاللەك نېمە
بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئالدىرىماي قوپۇپ، سۈرۈلۈپ بېرىپ ئى-
شىكنى ئاچتى. ئۆيگە قەيسەر بىلەن ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى دۆپۈرۈ-
لۈشۈپ بېسىپ كىردى. قەيسەر قولىغا ساقچىلارنىڭ قاپقارا توك
كالتىكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئىنچىكە
بۇرۇت قويۇپ، داڭلىق ماركىلىق كىيىملەرنى كىيىۋالغاچقا
ئىسمى - جىسمىغا لايىق بايۋەچچىگە ئوخشاپ قالغانىدى. نەشە-
نىڭ كەيپى بىلەن نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقان نىياز
كاللەك قەيسەرنى كۆرۈپ خۇشامەت بىلەن ھىجايدى.

— ھە، بايۋەچچە، بىزنىڭ غېرىب جاڭزىمىزغا قەدەملىرى
يېتىپ قاپتۇغۇ، — نىياز كاللەكنىڭ بۇ گېپىنى تەنە دەپ چۈشەن-
گەن قەيسەر ئۇنى سەت سىلكىشلىدى:

— ئۆتەپ بارە ۋۇي قېرى كاللەك، ئاۋۇ شۆھرەت دېگەن
كاللىكىڭنى نەگە يوشۇردۇڭ؟!

— نېمە؟! شۆھرەت بۇ يەرگە كەلگەندەك قىلمىدىغۇ، —
نىياز كاللەك شۇنداق دېگەندىن كېيىن شۆھرەت خۇددى سۇپىنىڭ
ئۈستىدىكى كىگىزنىڭ ئاستىغا كىرىۋالالايدىغاندەك، كىگىزنىڭ
ئاستىنى قايرىپ قاراپ قويدى. بۇ ئىشتىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن
قەيسەر پايلاقچىلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. قەيسەرنىڭ كەينىدە
يۈرۈپ جان بېقىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ چاپانچىلار قەيسەر: «مەن
ئۇچۇن داداڭنى ئۇر»، دېسىمۇ دادىسىنى ئۇرىدىغان ھالەتكە يەت-
كەنىدى. شۇڭا، ئۇلار نىياز كاللەكنىڭ توسقىنى بىلەنمۇ كارى
بولماي ئۆي ۋە ھويلا ئارامىلارنى، قوغۇنلۇق ۋە قوناقلىقلارنى
ئاختۇرۇپ تىرپىرەن قىلىۋەتتى. نىياز كاللەكنىڭ بۇ يەردىكى
ئۆيىدىغۇ تۈزۈك بىر نەرسە يوق ئىدى. بىراق، قەيسەرنىڭ ئۇنىڭ





قوغۇن - تاۋۇزلۇقى ۋە قوناقلىقىنى ۋەيران قىلىۋەتكەنلىكى ئۇ-
نىڭ ئۇچۇن بەكمۇ ھار كەلدى. قەيسەرنىڭ قېدىرىپ ۋەيران
قىلىش پائالىيىتى ئون نەچچە مىنۇت داۋاملاشقاندىن كېيىن ئۇلار
بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولدى. بايا چەككەن نەشىنىڭ كەيپىنىڭ
قاياقلارغا غايىب بولغانلىقىنى نىياز كاللەكمۇ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ
ئىككى مو يەردىكى پىشىپ تەييار بولۇپ قالغان قوغۇن - تاۋۇز-
لۇقى دەسسەپ - چەيلىنىپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشقۇدەك دەرىجە-
دە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى. نىياز كاللەك ئوتتۇز يىلدىن بۇيان
تۈرلۈك زىيانلارغا كۆپ ئۇچرىغاچقا بۇنچىلىك زىيانلارغا ئانچە
ئۆكۈنۈپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ دېھقانچىلىقى ھەر يىلى دېگۈدەك
بورانىنىڭ، ئۈششۈكنىڭ، مۆلدۈر ۋە باشقا جۇدۇن - چاپقۇنلار-
نىڭ دەستىدىن كۆپ زىيانغا ئۇچرايتتى. ئۇنداق زىيانلار نىياز
كاللەكنىڭ ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ بىر تال مويىنى-
مۇ تەۋرىتەلمەيتتى. بىراق، ماۋۇ سويىملارنىڭ بۇگۇن بىكاردىن
بىكار قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن تولىمۇ ھار كەلدى،
شۇڭا ئۇ ئېتىز بويىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە ھۆكرەپ يىغلى-
ۋەتتى. نىياز كاللەك ئۆزىنىڭ قاچاندىن بېرى يىغلىمىغانلىقىنى
ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يىغلىمىغىنىغا ئاز دېگەندىمۇ
ئون بەش يىلدىن ئاشقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرەك - باغرى،
ئۆگە - ئۆگىلىرىگە سىڭىپ پىرىسلىنىپ كەتكەن يىغا توختىماي
ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھۆكرەپ ئېسەدەپ يىغلىغانسېرى ئاتا -
ئانىسى، قېرىنداشلىرى، نەچچە يىللاردىن تارتىپ تۈگىتىپ بولا-
لمىغان ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا
كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالىمەن دەپمۇ پەقەت تۇتۇۋا-
لالمىدى. ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن ئازاب - ھەسرەت-
لەر ئاشۇ يىغا بىلەن تەڭ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ خۇددى ئىچ -
ئىچىدىن يىرىڭداپ ئۇزۇنغىچە جاپا سالغان يارىنىڭ ئاخىرى ئېغىز

ئېلىپ يىرىڭ، قان، زەرداپلارنىڭ ئېقىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا ئوخشايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكرەپ يىغلاش ناھايىتى خۇشياقتى، تولىمۇ ھۇزۇرلۇق بىلىنىدى. ئۇ ھازا ئېچىپ، قوشاق قېتىپ يىغلىدى. ئۇنىڭ بۇنداق يىغلاشلىرىنى يەنە بىر جەھەتتىن بايا چەككەن نەشىنىڭ كەيپىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. نىياز كاللەك يىغلاۋاتقاندا تۇرنىسا كېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئۈنسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇ نىيازنىڭ يىغلىغانلىقىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا تولىمۇ ھەيران قالدى.

تۇرنىسا ئۆزى كۆپ يىغلايدىغان بولغاچقا، يىغلاش دېگەن ئاياللارنىڭلا ئىشى، ئەرلەر يىغلايمەن دەپمۇ يىغلىيالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ نىياز كاللەكنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، گەپ قىلماي خېلى ئۇزۇن تۇرغان بولسىمۇ نىياز كاللەكنىڭ قوشاق قېتىپ يىغلىشى توختىمىدى.

— ۋاي، ئوبدان قوغۇنلۇقۇم، ۋاي ئوماق خەمەكلىرىم، ۋاي باغرى يۇمشاق پىلەكلىرىم، چىدىمىدى يۈرەكلىرىم.

نىياز كاللەكنىڭ قاملاشمىغان، كۈلكىلىك قوشاقلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان تۇرنىسا باشتا پىخىلداپ، ئارقىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغان نىياز كاللەك يىغىسىنى توختىتىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، تۇرنىساغا ئالىيىپ بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۈنسىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۇرنىسامۇ لىيەندىن ئەكەلگەن نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى.

— نېمە بولدى، — خۇددى خوتۇن كىشىدەك ھازا ئاچقىلى تۇرۇپسىزغۇ؟

— نېمە بولاتتى؟ — ئاۋۇ ئادىل لىيەنجاڭنىڭ بالا شۇمى قەيسەر دېگەن گوي، بىر مۇنچە چاپارمەنلىرىنى ئەكېلىپ ئۆينى مانا مۇشۇنداق ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ، قوغۇنلۇق، قوناقلىق-





لارنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

— بايۋەچچە دەڭ، قەيسەرنى ھازىر لىيەندىكى ھەممە ئادەم بايۋەچچە دەيدىكەن.

— ھۇۋ ئاشۇنداق بايۋەتچىنىڭ ئاشۇ ...— نىياز كاللەك رەسمىيلا ئاغزىنى بۇزدى.

— ئەۋلىيا بولۇپ كەتسىمۇ خەقنىڭ ئېتىزلىقىنى بىكاردىن بىكار ۋەيران قىلىدىغان ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن.

— بىكاردىن بىكار قىلغان گەپ يوقكەن، — تۇرنىسا ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىلگەن نەرسىلەرنى رەتلىگەچ ھەسرەت بىلەن سۆزلىدى:

— كۆردىڭىزمۇ شۆھرەت دېگەن ئاۋۇ شۇمىڭىزنى، بىزگە تىنىپمۇ قويماي خەقنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقىنىنى، بايا لىيەندىكىلەردىن ئاڭلىدىم، ئۆزىمىزنىڭ لايىقىدىكى ئادەملەرنىڭ قىزلىرى كەمدەك، ئۇ شۇمنىڭ تېپىۋالغان قىزىنى كۆرمەمدىغان...

بايا چەككەن نەشە ۋە قەيسەرنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئېغىر كەلدىمۇ نىياز كاللەك سۇپىدا پۇتىنى سۇنۇپ تامغا يۆلەنگىنىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى...

ئادىل لىيەنجاڭنىڭ بۇ لىيەنگە يىگىرمە نەچچە يىل لىيەنجاڭ بولۇشىدا مۇئاۋىن دىۋىزىيە كوماندىرى قاسىموپنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئەسلى قاسىموپ بىلەن ئادىل لىيەنجاڭ ئەزەلدىن تونۇشمايتتى. ئۇلارنىڭ تونۇشۇپ قېلىشىغا تۆۋەندىكى بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى.

ئادىل باشتا لىيەننىڭ تەشۋىقات ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئادىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا قىسقا شېئىر، قوشاق، ماقالىلەرنى يېزىشقا ئامراق ئىدى. ئىشچى بولغاندىن كېيىن لىيەندىكى تۈرلۈك يېڭى ئىشلارنى خەۋەر، ماقالە قىلىپ يېزىپ، رادىئو، گېزىتلەردە ئېلان قىلىپ تۇرغاچ-

قا، لېيەن رەھبەرلىكى ئۇنى لېيەننىڭ ئاقارتىش تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۇۋچىلىققا ھەۋەس قىلاتتى. قىش كېلىپ قار يېغىش بىلەنلا قارىسۇ بويىدىكى ياۋا جىگدىلىكلەر ئارىسىدىن تۈرلۈك جان - جانىۋارلارنى ئېتىپ كېلىپ، لېيەن رەھبەرلىرىنى مېھمان قىلاتتى.

بىر قېتىم لېيەن ئادىلنى دۆڭزىيىدە ئېچىلىدىغان تەشۋىقات يىغىنىغا ئەۋەتتى. يىغىننى قاسىموپ ئاچقانىدى. ئۇ يىغىن زىياپىتىدە ئادىل قاسىموپ بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئادىلنىڭ بۇنداق زىياپەتلەرگە قاتنىشىشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا قورۇنۇپ، تارتىنىپ قولىغا چوكا ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى. قورۇمىلار كەينى - كەينىدىن كەلتۈرۈلۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىر لېگەن توخۇ قورۇمىسى كەلتۈرۈلدى. بۇنى كۆرگەن قاسىموپ ھاياجانلانغان ھالدا كۈتكۈچى قىزدىن سورىدى: — قىزىم، بۇ قىرغاۋۇلنىڭ گۆشى ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇلار قىرغاۋۇل تاپالماپتۇ، — كۈتكۈچى قىز قىسقىلا جاۋاب بېرىپ كېتىپ قالدى. قاسىموپ ئاغزىغا سالغان توخۇ گۆشىنى خۇشياقمىغاندەك چايناپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن غودۇڭشۇپ قويدى.

— يائاللا، بۇرۇن قىرغاۋۇل دېگەن پۇتىمىزغا پۇتلىشىپ يۈرەتتى. ھازىر ئەنقانىڭ تۇخۇمىدىنمۇ ئەتىۋار بولۇپ كەتتىغۇ ئۇ بىر نېمە، — ئادىل بۇ گەپتىن قاسىموپنىڭ قىرغاۋۇلغا ئامراقلىقىنى بىلىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتنى قاسىموپ بىلەن تونۇشۇۋېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ ئويلاپ چايناۋاتقان گۆشنى ئالدىراپ يۇتۇۋېتىپ، تارتىنىپ تۇرۇپ قاسىموپقا مۇنداق دېدى:

— قاسىموپكا، سىز قىرغاۋۇلنىڭ گۆشىگە ئامراق ئوخشىمامسىز؟





— قىرغاۋۇل گۆشى بەك نوچى بولىدۇ، بۇرۇن بەك كۆپ يەيتتۇق، ھازىر بارغانسېرى ئازلاپ كەتكىلى تۇردىغۇ، تاڭ.

— سىزگە كېرەك بولسا، مانا مەن تەييار قىلىپ بېرەي.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئادىل دائىم قاسىموپنىڭ ئۆيىگە قىرغاۋۇل، توشقان، غاز، ئۆردەك، تېخى يەنە بەزىدە بۇغا، جەرەن دېگەندەك نەرسىلەرنى ئەكېلىپ تۇرىدىغان بولدى. قىشنىڭ كۈنلىرى ئۆزى باققان تاي، موزايلىرىنى سوقۇم قىلىپ ئەكىرىپ بېرەتتى. ئەنە ئاشۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قاسىموپ ئادىلنى ئۆز ئىنىسىدەكلا كۆرۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە نېمە كېرەك بولسا شۇنى دەۋېرىدىغان بولدى. قېلىن قار ياغقان بىر قىشتا قاسىموپ ئادىلنى يېنىغا چاقىرتىپ خۇددى ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالىدىغان ئادەمدەك سورىدى:

— ئاق قۇشقاچ كېرەك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مېڭىسى بەك لازىمتى، تاپقىلى بولارمۇ؟

— چاشقاندىنمۇ تولا نەرسىغۇ ئۇ، قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئەكەپ بېرەلەيمەن.

— ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگىنى كۆپ بولغان بىلەن تۇتماق تەس گەپكەن ئەمەسمۇ.

— بولدى، ماڭا ئون كۈن ۋاقىت بېرىڭ، قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئەكېلىپ بېرىمەن.

— مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دەيمىزدە، قېنى ئەمىسە يولۇڭغا ماڭ، بېلىمگە ئاشۇ گۆي دورا بولۇپ قالدى. قانچىلىك تۇتالىساڭ شۇنچىلىك تۇتۇپ كېلە.

ئادىل قاسىموپنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئامبار ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن تۆڭلۈك ئېچىپ، ئىچىگە بۇغداي، قوناق، كېپەك دېگەنلەرنى بولۇشىغا چېچىۋەتتى. قېلىن قاردا دان تاپالماي ئاچ پوكان يۈرگەن ئاق قۇشقاچلار بۇنداق ئوبدان

يەرگە تازا كۆڭلى تۇردى. ئادىل بىر ھەپتىگىچە بۇغداي، قوناقلارنى كۇندە دېگۇدەك چېچىپ قۇشقاچلارغا دەخلى يەتكۇزمىدى. قۇشقاچلار كۇندىن - كۇنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. قارىغاندا قۇشقاچلار بۇ يەردىكى باياشاتچىلىقنى بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشۋاتقاندەك قىلاتتى. ئادىل قۇشقاچلارغا ئەنە ئاشۇنداق بىر ھەپتە ھەقسىز بايرام قىلىپ بەرگەندىن كېيىن بىر كۇنى ئامبارنىڭ تۇڭلۇكىنى ۋاقلا قىلىپ ئېتىۋەتتى. قۇشقاچلارمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى. ئۇ شۇ قېتىملا 530 قۇشقاچنى تۇتۇۋالغانىدى···

ئادىلنىڭ قاسىموپقا قىلىپ بەرگەن بۇنداق ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەنە شۇ ئىشلاردىن كېيىن ئادىل باشتا مۇئاۋىن لېيەنجاڭ، كېيىن لېيەنجاڭ بولۇپ قالغانىدى. مانا بۇ قاسىموپنىڭ ئاغزىنىڭ يېلىنىڭ قۇدرىتى ئىدى.

ئادىل لېيەنجاڭ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قاسىموپقا قانچە قىرغاۋۇل، توشقان، بۆدۇنە، ياۋا كەپتەر، كەكلىك، غاز، ئۆردەك، قۇشقاچ ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەنە ئاشۇ خىل مۇناسىۋەتلەر قاسىموپ بىلەن ئادىل لېيەنجاڭنى قېرىنداش ئاكا - ئۇكىلاردەك ئىناق قىلىۋەتكەنىدى. قاسىموپمۇ تۆەنگە خىزمەت بىلەن كەلسە ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى تۆەن رەھبەرلىكىگە بىلدۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا، تۆەن رەھبەرلىرىمۇ ئادىل لېيەنجاڭنى قاسىموپنىڭ يېقىنى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئىشتا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئارزۇلۇق بىر تال قىزى نادىرە چىرايلىق ۋە ئەدەپلىك قىز بولغانىدى. قاسىموپ ئادىل لېيەنجاڭنىڭ ئۆيىدىكى بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا ئۆيگە كىرىپلا چىقىپ كەتكەن نادىرەنى كۆرۈپ ناھايىتى چىرايلىق، ئەدەپلىك قىز بوپتۇ دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتكەنىدى. بۇ ماختاشلار-





دىن ئادىل لېيەنجاڭ بىلەن گۈلنىسا قاسىموپنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ، قاسىموپلارنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۇتكەنىدى. راست دېگەندەكلا كۆپ ئۆتمەي بىر نەچچە سۆلەتلىك پىكاپتا كەلگەن ئەلچىلەر قاسىموپنىڭ ئادىل لېيەنجاڭلار بىلەن قۇدا بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، ئالاھىدە ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئادىل لېيەنجاڭنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. بىراق، گۈلنىسا ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتى. خوتۇنىنىڭ كەيپىياتىنى سەزگەن ئادىل لېيەنجاڭ شۇ كۇنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— قاسىموپتەك ئادەملەرگە قۇدا بولۇش ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ، مەنچە بۇ نادىرەنىڭمۇ بەختى، شۇنداق تۇرۇقلۇق سەن تازا خۇشال ئەمەستەك قىلىسەنغۇ···

گۈلنىسا بىردەم ئۇن - تىنسىز تۇرغاندىن كېيىن بىرەر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك مۇنداق دېدى:

— قاسىموپكاملارغا قۇدا بولۇشنىڭ ئوبدان ئىش ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن، بىراق نادىرەنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقماي ماقۇللا دەۋەتتۇق. يىگىت بىلەن قىز بىر - بىرىنى كۆرۈشۈپ باقمىغان تۇرسا، پۇت - قولىنى باغلاپ ئاتقا ئارتىپ بېرىدىغان ھازىر كونا زامان بولمىسا، مۇبادا نادىرە باشقا بىرسى بىلەن يۈرۈۋاتقان بولسا قانداق قىلىمىز···

ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. شۇ ئىش بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نىياز كاللەكنىڭ ئەلچىلىرى كىرىپ ئادىل لېيەنجاڭنىڭ جان - پىنىنى چىقىرىۋەتتى. شۇ كۇنى ئازراق ھاراق ئىچىۋالغان ئادىل لېيەنجاڭ نىياز كاللەكنىڭ ئەلچىلىرىنى دۆشكەلەپ، تىللاپ چىقىرىۋەتتى. شۆھرەت بىلەن نادىرەنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى. نادىرە دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەچكە شۆھرەت بىلەن

يۈرۈۋاتقىنىنى يوشۇرۇپ، مەخپىي تۇتۇپ كەلگەنىدى. تىرناقچىلىك ھوقۇقىنىڭ كۈچى بىلەن خېلى - خېلى ئادەملەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن گۈلنىسانىڭ نىياز كاللەكلەر بىلەن قۇدا بولۇش ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيتتى. نىياز كاللەكنىڭ ئەلچىلىرى كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى گۈلنىسا قىزى نادىرە بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى. گۈلنىسامۇ نادىرەنى خېلى ئەقىللىق ۋە چىرايلىق، ئۇ ھەرقانچە بولسىمۇ نىياز كاللەكنىڭ ئوغلى بىلەن يۈرمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇ ئادەتتە ئانچە قاتتىق گەپ قىلمايدىغان نادىرەگە خېلىلا قاتتىق تەگدى.

— سەن بىلەن مۇشۇ ۋاقىتقىچە بۇنداق يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ باقماپتىكەنمەن، بۈگۈن گەپنى ئوچۇق قىلمىسام بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قالدى. مەن سەندىن ئوچۇقلا سوراۋېرەي، نىياز كاللەكنىڭ ئوغلى بىلەن يۈرۈۋاتقىنىڭ راستمۇ؟

نادىرە خېلى ئۇزۇنغىچە ئاپىسىنىڭ يۇقىرىقى سوئالىغا جاۋاب بەرمەي تىرنىقىنى تاتىلىغىنىچە يەرگە قاراپ تۇردى. ئاپىسى يۇقىرىقى سوئالنى تېخىمۇ جىددىي تەلەپپۇزدا قايتىلىغاندىن كېيىنلا، ئۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە يەرگە قاراپ پىچىرلىدى:

— بۇ گەپلەرنى مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز، ئادەمنى خىجىل قىلىپ، بوپتۇ ئاپا، مەن سىزگە دەپ بېرەي، شۆھرەت ئىككىمىزنىڭ يۈرۈۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقانىدى.

مۇشۇ گەپتىن كېيىن گۈلنىسا نادىرەنى ئۆيدىن چىقارمىدى. ئەگەر ئاشۇ كاللەكتىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغان بولساڭ سەندەك قىزىم يوق دەپ تىللاپ دۆشكەلىدى. شۆھرەتمۇ نادىرە بىلەن كۆرۈشەلمەي ھەسرەت ئىچىدە يۈردى.

نادىرە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۆزىنى قاسىموپنىڭ ئوغلى باراتقا بەرمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ باراتنى سىرتىدىن





تونۇيتتى. بارات نادىرەدىن ياشقا خېلى چوڭ بولغان بىلەن ئەركەتايناق بېقىلغاچقا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان قۇرۇق سۆلەت، يېرىم تەلۋە نەرسە بولۇپ قالغانىدى. ئوتتۇز ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ھازىرمۇ ئاتا - ئانىسىغا كىچىك بالىدەك ئەركىلەيتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ تۈزۈك ئوقۇماي چىقىۋالغانىدى. دادىسىنى پەش قىلىپ ھەممىلا يەردە يوغانچىلىق قىلغانىنى ئاز دەپ، ئورۇنسىز جېدەل - ماجىرالارغا ئارىلىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ بىر نەچچە قىز بىلەن يۈرۈپ باققان بولسىمۇ، قىزلار ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يۈرمەيلا ئايرىلىپ كەتكەنىدى. يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ شەھەردىكى ئوتتۇز نەچچە قىزغا تەلەپ قويسىمۇ، قىزلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئۇ ھەدېسىلا ھاراق ئىچىۋېلىپ كىرىپ مېنى ئۆيلەپ قويۇڭلار، ماڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىڭلار دەپ سەت ھۆركىرەپ يىغلايدىغان بولىۋالغانىدى. قاسىموپ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى بۇ كەنجىتايغا كىچىك چېغىدىن تارتىپلا بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر نەچچىسىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ باققان بولسىمۇ، داستىخانلىرى قانداق كەتكەن بولسا شۇنداق يېنىپ كەلدى. مانا مۇشۇ باش قېتىمچىلىق قاسىموپنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتقان چاغدا نادىرەنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئادىل لىيەنجاڭلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بولۇپ، توي ۋاقتىنىمۇ پۈتۈشۈپ بولغانىدى. شۇڭا، نادىرەنىڭ تۇيۇقسىز قېچىپ كەتكەنلىكى ئادىل لىيەنجاڭنى بەكمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيىغىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى مېغىزىنى چېقىپ كېلىۋاتقان ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ شۆھرەت بىلەن نادىرەنى ئىزدەتمەكتە ئىدى. قەيسەر بايۋەچچىمۇ

ئۆزىنىڭ بايۋەچچىلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك چاپانچىلىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپلەردە قاتراپ، قېدىرىپ يۈرەتتى.

ئاخىرى قەيسەر چاپانچىلىرى بىلەن بىللە نادىرەنى نەدىندۇر تېپىپ ياندۇرۇپ كەلدى. ئادىل لېيەنجاڭ نادىرەنىڭ ساق - سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدى. گۈلنىسامۇ قىزىغا ئىچى ئاغرىپ قالغاندەك ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدى. ئەمدى ئۇشۇق گەپ قىلغانلىقىمۇ پايدىسى يوق ئىدى. ئادىل لېيەنجاڭمۇ بۇ ئىش دەۋراڭ بولۇپ كەتسە قاسىموپلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ يېپىق قازاننى يېپىق پېتى بىر تەرەپ قىلماقچى بولدى. قاسىموپلارمۇ ئارىلىقتا بولغان ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالدى.

نادىرەنى قەيسەر بايۋەچچە قايتۇرۇپ كەلگەن بىلەن شۆھرەتنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. نىياز كاللەك بىلەن تۇرنىسامۇ ئوغلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى...

نىياز كاللەك بىلەن تۇرنىسا ئۈچ - كىچە كۈندۈز دېگۈدەك ئىشلەپ، قەيسەر بايۋەچچە بىلەن چاپانچىلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن قوغۇنلۇق بىلەن قوناقلىقنى ئازراق ئەيۋەشكە كەلتۈردى. مانا بۈگۈنمۇ نىياز كاللەك قوناقلىقتا ئىككى - ئۈچ سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن تۇرنىسانى لېيەنگە شۆھرەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەل دەپ ئەۋەتىۋېتىپ، سۇپىغا چىقىپ ئوڭدا ياتقىنىچە نەشە چېكىشكە باشلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە نەشە چېكىش نىياز كاللەك ئۈچۈن ئەڭ ھوزۇرلۇق ئىش بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ نەشىنىڭ كەيپى تۇتقاندا سۈرىدىغان خىياللار ئۇنى مەستخۇشلۇق ئىلكىدە قاناتلاندۇرۇپ پەرۋاز قىلدۇراتتى... مانا ھازىر ئۇ بىر پىنەك نەشىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ھوزۇرلۇق خىيال سۈردى...





نىياز كاللەك تۇيۇقسىزلا لېيەنگە لېيەنجاڭ بولۇپ قاپتۇمىش، نىيازنى يۇقىرىدىن ئەمەس لېيەندىكى ئاما ئۆزى سايلاپتۇدەك، لېيەندىكى ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ياغلىما گەپ، شېرىن سۆخەنلىرىنى تۆكۈۋېتىپ بارغۇدەك، نىياز كاللەك ئۇلارنىڭ خۇشامەتلىرىگە پەرۋا قىلمىغاندەك قولىنى كەينىگە قىلىپ، غادىيىپ كېتىۋاتقۇدەك، ناسىر موزاي بىلەن يۈسۈپ پالكۆزمۇ خۇددى ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋە سول قول ۋەزىرلىرىدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا خوش، خوش ئەتكىنىچە ھېجىيىۋاتقۇدەك، لېيەندىكى ئەڭ چىرايلىق قىزى بارلارنىڭ ھەممىسى نىياز كاللەكنىڭ ئوغۇللىرىغا قىز بېرىمىز دەپ ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپ كەتكۈدەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئۆچىرەت تالىشىپ مۇشتلىشىپ كېتىپتۇدەك، نىياز كاللەك ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئالدىرىماي چىقىپ قولىنى كەينىگە قىلغىنىچە ئۇلارغا ئاقىلانە تەلەپپۇز بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتقۇدەك:

— ھەي، ھەي بولدى سەتلەشمەڭلار، نېمانچە جىق ئادەم بۇ، مېنىڭ سەكسەن ئوغلۇم يوق، ئاران ئالتە ئوغلۇم بار، قايسى بىرسىڭنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن، قىزى بارلار ئوغلى بارلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزىدىغان قانداق ئىشكەن بۇ، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنىمۇ بۇزغىلى تۇردىڭلارغۇ، ھوقۇق دېگەنگە مۇشۇنچىۋالامۇ قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ — نىياز كاللەكنىڭ سالاپىتى ۋە ھەيۋىسىدىن قورقۇپ كەتكەن ئۆچىرەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى تارقاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى كەتمەي نىياز كاللەكنىڭ پۇتىغا ئېسىلغىنىچە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇدەك.

— نىياز لېيەنجاڭ، نىياز لېيەنجاڭ، قىزىمىزنى كېلىن قىلىۋېلىڭ. قىزىمىزنى بىز سىز ئۈچۈنلا بېقىپ چوڭ قىلغان، ئەگەر ئوغلىڭىزغا ئېلىپ بېرىشنى خالىمىسىڭىز، ئۆزىڭىز توقال قىلىۋالسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ نىياز كاللەك-

...نىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇدەك:

— نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟ مېنى نېمە كۆرۈپ قېلىشتىڭ؟ بۇ توقال ئالىدىغان كونا زامانمىكەن.

ئۇنىڭ پۇتىغا يامىشىپ، يالۋۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل لېيەنجاڭمۇ بارمىش، ئۇمۇ نىيازغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

— مېنى كەچۈرگىن نىياز، مېنى كەچۈرگىن، مەن ساڭا بىلمەي ئەسكىلىك قىپتىكەنمەندۇق، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالمايۋاتىمەن، بولدى، قىزىمنى ئوغلۇڭغا ئىككى قوللاپ بېرىمەن...

— نېمە؟! — نىياز كاللەك قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئادىل لېيەنجاڭنى سەت سىلكىشلەپتۇدەك:

— مېنى سېنىڭدەك بىر چۈپرەندە بىلەن قۇدا بولىدۇ دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ ئارپاڭنى خام ئورۇپسەن، ئادەمنىڭ غېدىقىنى كەلتۈرمەي كۆزۈمدىن يوقال!

— كۆزۈمدىن يوقال! — دېگەن گەپ نىياز كاللەكنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپ نىياز كاللەكنى ئىزدەپ كەلگەن ئالىم دۇمبا، كامىل گىرىلارنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە توغرا كەپ قاپتۇ. شۇڭا، كامىل گىرى ئاكام قىزىنى بەرمىگەچكە بۇ ئىشنى نىياز كاللەك مەندىن كۆرۈۋېتىپتۇ - دە، دەپ ئويلاپ نىياز كاللەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى تۇرتىدى.

— قوپە، كاللەك، نەگە يوقىلىمىز، ئاكام قىزىنى بەرمىسە ئۆچۈڭنى مەندىن ئالمىسەن، ئاكامدىن ماڭىمۇ قانچىلىك شاپائەت تەگدى دەيسەن، ئۇ گۆي خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ كېتىپ، مېنىمۇ ئۆز ئىنىسىدەك كۆرمەيۋاتسا....

نىياز كاللەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشتى. كامىل گىرى، ئالىم دۇمبالار بىلەن





20 — 22 ياشلاردىكى يەنە ئىككى يىگىتمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار كامىل گىرىنىڭ يېڭى ئۇلپەتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىدا بىر نەچچە بوتۇلكا ھاراق تۇراتتى. مېھمانلار نىياز كاللەكنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئاياغلىرىنى سېلىپ سۇپىغا چىقىشتى. نىياز كاللەك ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالمەن دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ كامىل گىرى رەت قىلدى:

— بولدى قىلە كاللەك، ئادەم يوق جاڭگالغا كېلىۋېلىپ، ئادەمنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ ساڭا، ئەجەپ بىر مېھماندوست چوكانلاردەك بولۇپ قاپسەنغۇ.

— ئەمدى سىلەرمۇ كۇندە كېلىپ ئولتۇرمايسىلەردە، ئاران بىر كەلگەن چېغىڭلاردا چىرايلىق ئالدىڭلارغا چىقمىسام بايىقىدەك تەنە گەپ قىلىسىلەر، بۈگۈن كۆرپىدە ئولتۇرمىساڭلار ھەرگىز ئۇنىمايمەن، — نىياز كاللەك ئالىم دۇمبا بىلەن كامىل گىرىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي، ئۇلارنىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— خوتۇن لېيەنگە كەتكەن، مەن ھازىرلا چاي قاينىتاي.

— بولدى، بولدى، ھازىرچە چېيىڭنى قويۇپ، ئاۋۇ تولۇق خەمەكلىرىڭدىن بىرەرنى پىچە، شۇنى زاكۇسكا قىلىپ ئىشنى باشلايمىز...

— ھەي، يەنە بوتۇلكا كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭلار تازا قاملاشماپتۇ جۇمۇ، مېنىڭ ھاراق ئىچمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ...

— ھەي كاللەك، غەم قىلمىغىنا، سېنىڭ نېسىۋەڭنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق. كامىل گىرى شۇنداق دېگەندىن كېيىن، مەيدە يانچۇقىدىن سۇلياۋغا ئورالغان قارامتۇل بىر كومىلاچ نەرسىنى نىيازغا ئاتتى.

خۇشاللىقىدىن ھىجىيىشقا ئۈلگۈرگەن نىياز كاللەك كومىلاچنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋېلىپ، سۇلياۋنى ئېچىپ

نەشىگە كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە بىردەم قاراپ پۇراپ باققاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ يانچۇقىغا سالدى، — پاھ، پاھ بۇ تاماكاڭلار ئالامەتكەن جۇمۇ، گۇپۇلدەپ پۇراۋاتامدۇ، كاساپەت.

نىياز كاللەك ئىككى قوغۇننى پىچىپ داستىخان راسلىدى. تالادىكى ئوچاقتا گىژىلداپ تۇرغان قارا چۆگۈندىكى قايناقسۇدا چاي دەملەپ چوڭ ـ كىچىك قاچىلارغا قۇيدى. ئاڭغىچە تۇرنىسامۇ كېلىپ بىر تەخسە خام سەي قىلىپ بېرىپ، تاماققا تۇتۇش قىلدى. نىياز كاللەكنىڭ بۇنداق ئولتۇرۇشلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن تۇرنىسا ئۈچۈن بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. تۇرنىسا نىياز بىلەن يېڭى توي قىلغان چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەنە ئاشۇنداق ياۋاش، كەمسۆز ئىدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى نىيازنى بىر قېتىممۇ تىللاپ ياكى سىلكىشلەپ باقمىغانىدى. ئالتە ئوغۇلنى چوڭ قىلىپ، چوڭ ئوغلىنى ئۆيلىگۈچە ئۇ نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى تارتتى. ۋۇجۇدىدىكى ئانىلىق شەربىتى تۆكۈلۈپ، قورۇلۇپ قاقتەك بولۇپ قالغىلى تۇردى. چاققان ۋە ئەپلىك مېڭىپ يۈرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ يەتمىش ياشلىق مومايدىن پەرقى قالمىغانىدى. ئوغلى شۆھرەتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلاۋاتقان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا چاندۇرماي كامىل گىردلارنىڭ خىزمەتدارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قارىسىدىن ئېقى كۆپىيىپ كەتكەن چاچلىرى چىلىك چىگىۋالغان رومىلىنىڭ يان جىيەكلىرىدىن پاخپاراپ چىقىپ تۇراتتى.

كامىل گىرى ھاراقنى، نىياز كاللەك نەشىنى ماختۇردى. بۇ سورۇندىكى بەش ئادەمدىن نىياز كاللەكتىن باشقىسى ھاراق بىلەن نەشىنى تەڭ ماختۇرۇۋېرەتتى. لېكىن، بۈگۈن نىياز كاللەكمۇ كامىل گىرى مۇنداقلا تەڭلەپ قويغان ھاراقنى خۇشەمۇ دېمەي گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ھېلىقى ئىككى يىگىتنىڭمۇ كۆزى بىردەم رومكىدا، بىردەم قولدىن قولغا ئۆتۈۋاتقان نەشىدە





ئىدى. ھاراق ۋە نەشىنىڭ كەيپى بىلەن سورۇن بىردەمدىلا جانلىنىپ، كامىل گىرى يەنە ھېلىقىدەك قۇرۇق پولىرىنى ئېتىشقا باشلىدى.

— مۇشۇ ئەتراپلاردا توشقان، پوشقان يوقمىكەن؟

نەشىدىن كېيىن ئىشتىھاسى ئېچىلىپ قالغان كامىل گىرى قولىغا ئېلىۋالغان تارشىدەك قاتتىق ناننى قاسىلدىتىپ چاينىغاچ نىياز كاللەكتىن سورىدى.

— يوق، — دېدى نىياز كاللەك قىسقىلا قىلىپ.

ھاراق ۋە نەشىنىڭ كۈچى بىلەن چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ كىچىك تىللىرى لىكىلداپ كېتىۋاتقان ئالىم دۇمبا ئىتتىكلا چاقچاق كەلتۈردى.

— ھەي، بىلمەمسىلەر، بۇ كاللەك بار يەردە توشقان تۇرماق چاشقانمۇ كۈن ئالالمايدۇ، — ئالىم دۇمبانىڭ مۇشۇ سۆزىدىن كېيىن ئالىم دۇمبا بىلەن نىياز كاللەك ئوتتۇرىسىدا بىر قەپەس چاقچاق بولۇپ ئۆتتى.

— سەن دۇمباغۇ چاشقان تۇرماق قوڭغۇزنىمۇ دۇمبالاپ يەيسەن.

— يەيدىغاننىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ، كالىنىڭ كەينىدىن كاللەك تېرىپ يېگىنىڭنى ئۇنتۇپ قاپسەندە.

— ئىنەكنىڭ كەينىدىكىنىڭ ھەممىسىنى كاللەك دەيدىغان ئوخشىمامسەن، ئىنەكنى دۇمبالايدىغانغا يەنە بىزدەك بۇقا بولمىسا بولماس...

— ئۆزۈڭنى بۇقا چاغلاۋاتامسەن، كاللەكلىرىڭنىڭ ئۆكۈزچىلىك كۈچى قالماپتۇ...

— قانداق، بىز يەردىكى داڭگاللىرىڭنى دۇمبالىتىۋالاي دېگەنمىدىڭ.

— دۇمبالاشنى نېمە بىلىسەن، ئالتە كاللەك تېزەكلەپ

بېرەرسەن.

— تېزەكنىمۇ دۇمبالاپ ماي چىقىرىپ يەيدىغان نەرسەسەن! ...

ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇ تەرىقىدىكى چاقچىقى خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ھەربىر جۈملە چاقچاقتىن كېيىن ئۇلار جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراپ كۈلەتتى. تۇرۇپلا ئۆزىنى كەينىگە ئاتسا، تۇرۇپلا تىزلىرىنى شاپىلاقلاپ، باشلىرىنى لىڭشىتاتتى. «يارايسەن!» ، «كارامەت!» دەپ دوست تارتىپ، ۋارقىرىشىپمۇ قوياتتى. ھېلىقى ئىككى ياش بالىنى ھاراق بىلەن نەشە تەڭ تۇتقاچقا چاقچاقنىمۇ قۇلاق سالماي، بىكاردىن بىكارغىلا خۇددى باغلاقتىن بوشنالمايۋاتقان تىكە - ئوغلاقلاردەك سىلكىنىپ مەرەيتتى. مانا ھازىر چاقچاق ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسى يەنىلا توختىماي ئىشقى بىلەن مەرىمەكتە ئىدى. شۇڭا، كامىل گىرى ئۇ ئىككىسىنى سىلكىشلەپ توختاتتى:

— ھەي، ھەي، بولدى قىلىشە، نەشىنى چەكمە دېسە چېكىدۇ، قاراڭلار بىكاردىن بىكار مەرەۋاتقىنىنى ماۋۇ نەرسىلەرنىڭ ...— ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ ئىككىسى ئۆزىنى تۇتۇپ خۇدىنى يىغدى ۋە كامىل گىرىنىڭ گېپىگە يارىشا مۇنداق دەپ قويدى:

— بىكاردىن بىكار مەرەۋاتقىنىمىز يوق، ماۋۇ ئىككى ئاكىمىزنىڭ چاقچىقى بەك كەپ كەتتى دەيمەن، سىلەرنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرىڭلارنى ئاڭلايمىز دېمىسەك، نېمە قىلىمىز بۇ يەردە كامىلكا، سىزمۇ قىزىق گەپلىرىڭىزدىن قىلىپ بېرىڭە...

كامىل گىرىنىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى، ئۇ ئۆزىنى چاقچاقچى دەپ ھېسابلاپ يۈرگەچكە نىياز كاللەك بىلەن ئالىم دۇمبانىڭ ئاندا - ساندا كېلىپ قالىدىغان چاقچاقلىرىغىمۇ سەل كۆرەلمىگەندەك پوزىتسىيە تۇتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پوللىرىنى ئېيتىشقا پۇرسەت تاپالماي ئولتۇراتتى، ئەمدى ئۇ گەپنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپ





پو ئېيتىشقا باشلىدى. يەنە بىر پىنەك نەشىنى ئوراپ تۇتاشتۇرغان نىياز كاللەكمۇ بىكاردىن بىكارغىلا خىرىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. بايا توختىماي چاقچاق قىلغان ئالىم دۇمبامۇ خۇددى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمدەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ھېلىقى ئىككى ياشمۇ ھازىرلا كامىل گىرىگە دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىردەم نىياز كاللەكنىڭ قولىدىكى نەشىگە، بىردەم كامىل گىرىنىڭ قولىدىكى رومكىغا قارىغىنىچە پىخىلداپ ۋە قاقىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. مانا ئەمدى ئالىم دۇمبا باياتىندىن بېرى ئويلاپ تاپالمايۋاتقان نەرسىنى تېپىۋالغاندەك داستىخاندىكى ئۇشتالمىغان ھەمەكنى پۈتۈن پېتى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېمەكتە ئىدى. كامىل گىرى پەيزىگە كېلىپ قالغاچقا ھېلىقىدەك پوللىرىنى يەنە باشلىدى:

— ھەي بالىلار، مەن بايا توشقاننىڭ گېپىنى قىلسام گەپنى چاشقان تەرەپكە بۇرىۋەتتىڭلار، مەن سىلەرگە ياش چاغلىرىمدىكى بىر قېتىملىق توشقان ئوۋلىغىنىمنى دەپ بېرەي.

— قېنى، قېنى، ئاڭلايلى، — دېدى ھېلىقى ئىككى ياش قىزىقسىنىپ.

— تازا قېلىن قار ياغقان بىر كۈنى قارىسۇ بويىنىڭ نېرىسىدىكى ئاشۇ ياۋا جىگدىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم. قولۇمدا ئالامەت نوچى قوشئاتاردىن بىرسى بار ئىدى. ھازىرقى ماۋۇ ئادىل بوران، رىشات شاتىراقلار ئىشلىتىپ يۈرگەن قوشئاتارلارنى قوشئاتار دېگىلى بولامدۇ، سىلەرگە ئۇنى مىلىك دەپ بەرگىنىم بىلەن ئىشەنمەيسىلەر، ئۆردەك، قىرغاۋۇل دېگەنلىرىڭگە شۇنداق توغرىلاپ كوم - كوملا قويساڭ، پوك - پوكلا چۈشەتتى، ئىشقىلىپ مەن ئاشۇ قوشئاتارنى ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئاز دېگەندە ئون مىڭ پاي ئوق ئاتقاندىمەن، بىر پايىنىمۇ زايە قىلمىغاندىم. ئاشۇ جىگدىلىكتىكى ياۋايى جانىۋارلار كامىل گىرىنىڭ ئېتىنى

ئاڭلاپ قالسا قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ بەدەر قاچاتتى. ماڭا گىرى
دېگەن لەقەمنى ئاشۇ جىگدىلىكتىكى بارلىق ھايۋانلارنى باشقۇرى-
دىغان يولۋاس دېگەن ئاداش قويۇپ قويغان. ئۇ ئىش قانداق
بولغان دېمەكچىمۇ سىلەر ئالدىرىماي تۇرۇڭلار، مەن سىلەرگە
ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن. بىر كۈنى ئاشۇ ياۋا جىگدىلىكنىڭ قاپ
بېلىنى كېسىپ، قوشئاتارىمنى مۈرەمگە سېلىپ كېتىۋاتسام تۇ-
يۇقسىزلا ئالدىمدىن توپاقتەك بىر يولۋاس چىقىپ ماڭىدىغان
يولۇمنى توسۇۋالدى. مەن يولۋاسنى كۆرۈپ ئانچە قورقۇپ كەت-
مىگەن بولساممۇ خىيالىمغا نېمە كەلدى بىلەمسىلەر، باشقا گەپ
كەلمىدى، ھېلىقى نېمىتى، ھە ـ ھە، ھېلىقى قوشاق:

"يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس"

راست گەپنى قىلسام شىرغا يول بەرمىگەن جانىۋار، ماڭا
يول بېرەرمۇ دېگەن گەپ خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىدى. چېكى-
ۋاتقان موخۇركامنى ھۇزۇر بىلەن شوراپ پەرۋايىم پەلەك كېتى-
ۋەردىم. ھە راست ھېلىقى قوشاقنىڭ كەينىگە تۆۋەندىكىنى قو-
شۇپ ناخشا ئوقۇپ مېڭىپتىمەن:

"كامىل ئاكاڭ سەن يولۋاسقا ھەرگىز قول بەرمەس"

بۇ گېپىمنى يولۋاس ئاڭلاپ قالغانمۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ
مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، پەيلىگە قارىسام ماڭا بىر نەرسە دېگۈسى
بار، شۇڭا ئىتتىك قوشئاتارىمنى توغرىلاپ ۋارقىرىدىم:

— ماڭا يېقىنلاشما، بولمىسا ئوق چىقىرىمەن، — بۇ گەپنى
ئاڭلاپ يولۋاس كۈلۈپ كەتتى ھەم ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— نېمە دەيدىغانسىز كامىلجان، بىز سىزنى تونۇمايدىغان
ئادەم بولمىساق، مەن سىزنىڭ كامىل پالۋان دېگەن نامىڭىزنى
كۆپ ئاڭلىغان، بىراق دىدارىڭىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان
بولساممۇ نېسىپ بولماي كېلىۋاتاتتى، مانا بۈگۈن نېسىپ بول-
دى. مەن سىزگە مۇنداق بىر گەپنى قىلماقچى، قارىسام سىز





كۈندە ئۇۋ ئوۋلايمەن دەپ بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىدىكەنسىز، سىز
ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرسىڭىز، سىزگە جان ـ جانىۋارلاردىن
قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك ئەۋەتىپ بېرەي، — بۇ گەپنى
ئاڭلاپ قوشئاتارىمنى يىغىشتۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ گېپى كۆڭ-
لۈمگە تازا ياقمىدى، شۇڭا مۇنداق دېدىم:

— بولدى، بولدى، قوشئاتارىم بىلەن ئاتمىغان ھەرقانداق
جانىۋارنىڭ گۆشىنى يېمەيمەن ... — شۇ چاغدا يولۋاس ماڭا قاراپ
يەنە بىر قېتىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، سىز ھەقىقەتەن گىرى-
كەنسىز جۇمۇ، دېگەندى ... — كامىل گىرىنىڭ بۇ پولىرى
سورۇندىكىلەرنى خېلى ئۇزۇنغىچە كۈلدۈردى...

ئارىلىقتا شۇنچە كۆپ ئىش بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي بارات
بىلەن نادىرەنىڭ تويى پۈتۈشكەن قەرەلىدە بولىۋەردى. توي كۈنى
ئادىل لىيەنجاڭ بىلەن گۈلنىسانىڭ خۇشاللىقىدىن پۇت ـ قولى
يەرگە تەگمەي قالغانىدى. ئادىل لىيەنجاڭنىڭ چاپارمەن، ئاتارمەن-
لىرىمۇ ئۇلارغا تەڭكەش قىلغاندەك شادلىق ئىچىدە تىپىرلىشىپ
يۈرەتتى. قىزلار بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە ئولتۇرغان نادىرەنىڭ
كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۇن سېلىپ
يىغلايتتى. بىراق، نادىرەنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان قىزلار
نادىرەنى ناز قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغا-
نىڭ ئورنىغا چاقچاق قىلاتتى.

— ۋاي، ۋۇي، ناز قىلمىغىنا خېنىم، سەھرادىكى نازلى-
رىڭ شەھەرگە ماس كەلمەي قالمىسۇن يەنە.

— ناز قىلغىنى ئەمەس، ھېلىقى كاللەككە چىدىيالماي قې-
لىۋاتقان گەپ.

— ۋاي، ۋۇي، سەھرانىڭ كاللىكىگە نېمانچە قىلىدىكىن
تاڭ...

ئادىل لىيەنجاڭ قىز چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ خۇددى ئوغۇل

ئۆيلەۋاتقاندەك پاتپاراقچىلىق ئىچىدە قىز كۆچۈرگىلى كېلىدىغانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كاتتا سورۇن تەييارلاۋاتاتتى... بىراق، ئۇلار قانچە كۈتسىمۇ قىز كۆچۈرىدىغانلار كەلمىدى. چۈنكى، شۇ كۈنى لىيەندىكى بەزى سېغىزخانلار قاسىموپلارغا نادىرەنىڭ نىياز كاللەكنىڭ ئوغلى شۆھرەت بىلەن قېچىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ قويغانىدى.

## 31

ئەزىز ئوقۇرمەن سىز مېنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز، مەن ھېلىقى بەزىدە ئادەمگە، بەزىدە بۆرىگە ئايلىنىدىغان يىگىت. مەن بۆرە سىياقىغا كىرگەندىن كېيىن چىن تۆمۈرنى ئالدىمغا سېلىپ قوغلىدىم. چىن تۆمۈر قولىدىكى قىلىچىنى تاشلاپ، «ئالتۇن تەڭگە قەسرى» نىڭ ئەمىرى بولۇش نىيىتىدىن يېنىپ، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ بەدەر تىكىۋەتتى. مەن دەرھال بۆرە سىياقىغا كىرىپ ئۇنى خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا مات قىلىپ قوغلىدىم. ئۇمۇ خۇددى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قالغاندەك ناھايىتى تېز قاچماقتا ئىدى. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا بۆرىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە يىرتقۇچلۇقىدىن كۆۋەجەۋاتقان قان، ئۇنى تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىشكە ئۈندىمەكتە ئىدى. ئۇ قاچماقتا، مەن قوغلىماقتىمەن. ئۇ شەھەر سىرتىدىكى ئادەمسىز چۆلدە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچماقتا. مەن ناھايىتى تېز چېپىۋاتقان بولسامۇ ئۇنىڭغا زادى يېتىشەلمەيۋاتاتتىم، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى قوغلاشنى توختاتمىدىم. بىز يەنە خېلى ئۇزۇن قوغلاشقاندىن كېيىن قارا شېغىللىق قاقاس جىلغىغا كېلىپ قالدۇق. چىن تۆمۈرنىڭ يۈگۈرۈشى بارغانسېرى ئاستىلىماقتا ئىدى. مەن ئۇنى تۇتۇپ ئاستىمغا بېسىشقا ئاز قالغاندا ئۇ ماغدۇر-





سىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى ئېتىپ جان ـ جەھلىم بىلەن تالاشقا باشلىدىم...

چىن تۆمۈر چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئۆزى بىلەلمىدى. ئايسىز ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ قەبرىستانلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى جىغانلىق، يۇلغۇنلۇق، چاكاندىلىق، تىكەنلىك، يانتاقلىق ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئەتراپ تىمتاسلىقتا چۆمگەن بولۇپ، پەقەت قەيەرلەردىندۇر ئادەملەرنىڭ پىچىرلىغان، گوڭۇلدىغىنىغا ئوخشايدىغان سىرلىق ئاۋاز تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، يەنە غايىب بولاتتى. چىن تۆمۈر ناھايىتى كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ ئۇۋغا چىقمىغانلىقىنى ۋە مەختۇمسۇلانىڭ ئۆيىدە يالغۇز قالغانلىقىنىلا ئەسلىيەلىدى. بىراق، ئۇ قاچان ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قانداق قىلىشنى ۋە قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغان چېغىدا ئۇنىڭ ئالدىدا بىر ئاق نۇر كۆرۈنۈپ، نۇر ئىچىدىن بىر بوۋاي پەيدا بولدى. بۇ بوۋاي مەختۇمسۇلاغا ئۇچرىغان نۇرلۇق ئاق بوۋاينىڭ دەل ئۆزى ئىدى، ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن گاڭگىراپ قالغان چىن تۆمۈرگە بوۋاي ئالدى بىلەن سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئوغلۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاتا.

— ئوغلۇم، سەن غەپلەت ئۇيقۇسىنى تېخى ئۇخلاپ بولالمىغان ئوخشىمامسەن، سەن غاپىللىقىڭ بۇ باياۋاندا ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلاپ كەتتىڭ، ئەنە ئاشۇ ئۇيقۇ سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى ئەرلىك ۋە باتۇرلۇقنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتتى. مانا بۈگۈن ئويغىنىپسەن، بىراق سەندىكى خامۇشلۇق، تېڭىرقاش ۋە بىچارىلىك تېخى تۈگەپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ. سەن مەشرىق ئۇپۇقىغا قارا،

قۇياش هامان چىقىدۇ. قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سەن زۇلمەتتىن قۇتۇلىسەن، تاڭ نۇرلىرى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىكى غاپىللىق تۇتەكلىرىنى تارقاتقاندا سەن يېڭى هاياتلىق، يېڭى جاسارەتكە ئىگە بولىسەن... ماۋۇ تۇمارنى ئالغىن، ئۇ ساڭا خەيرىلىك ئاتا قىلىدۇ، — ئاق بوۋاي چىن تۆمۈرنىڭ بوينىغا چاقناپ تۇرغان تۇمارنى ئاسقاندىن كېيىن غايىب بولدى...

چىن تۆمۈر هازىر يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئۆڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىرىغىنىچە مەشرىق ئۇپۇقىغا قاراپ ئۈنسىز ئولتۇردى. مەشرىق ئۇپۇقىنىڭ ئاقىرىشىغا ئەگىشىپ چىن تۆمۈرنىڭ ۋۇجۇدىدا غايىب بولغان هېس - تۇيغۇلار باشقىدىن تۆرىلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدە نامايان بولۇۋاتاتتى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئېيىق سىياقىدىكى دېۋىلەر ئېلىپ قاچقان ئانىسى، قارا ئېيىقلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان دادىسى، تىكەندەك يالغۇز قالغان سىڭلىسى، «كۆك ئۆستەڭ» مەھەللىسى، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئۇنتۇلماس ئىشلار، ئۆزىگە باتۇرلۇق ۋە ئەركەكلىكنى ئاتا قىلغان توغراقلىق ماكان كۆز ئالدىدىن ئۆتتى، قۇياش كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي تېڭىرقىدى. ئەتراپنى پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇراتتى. بۇ يەردە يانتاق، چاكاندا، يۇلغۇن قاتارلىق چۆل گىياهلىرىدىن باشقا هاياتلىقتىن دېرەك بېرىدىغان هېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ ئۆيدە ياكى باشقا يەردە قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ ئۈستىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ، ئەڭ ئېگىز قۇم بارخانىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر بوستانلىق ياكى ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىرەر مەھەللىنى كۆرەلمىدى. چىن تۆمۈر قاياققا مېڭى-





شنى بەلگىلىيەلمىگەچكە، قۇم بارخاننىڭ ئۈستىدە ئۈمىدسىزلەنگەندەك ئولتۇردى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئاق بوۋاي بەرگەن تۇماردىن سادا كەلدى:

— مەغرىپكە ماڭ! ئاۋۋال سەن ئۆزۈڭدىن يىراقلىشىپ كەتكەن مىسران قىلىچىڭنى تاپ! ئاشۇ مىسران قىلىچىڭ بولمىسا ئۆزۈڭنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلالمايسەن، سەن هازىردىن باشلاپلا مەغرىپكە قاراپ يول ئال.

چىن تۆمۈر تۇماردىن چىقىۋاتقان ئاتىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سادادىن باشتا هەيران قالدى. كېيىن بۇ بىر هېكمەت ۋە خىسلەتنىڭ نامايەندىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە غەربكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ خېلى ئۇزۇن يول ماڭغاندىن كېيىن يۇلغۇن، توغراق، چاكاندىلار بىلەن قاپلانغان قۇم بارخانلىرى تۈگەپ، هەيۋەتلىك بىر توغراقلىق ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. كىشىگە خىلمۇخىل قىياپەتلەرنى ئەسلىتىدىغان قەدىمىي توغراقلىقلار چىن تۆمۈرگە هايات، مۇهەببەت ۋە باتۇرلۇق هەققىدە قىسسە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئاشۇ توغراقلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلمەس بوۋايلاردەك قەددىنى تىك تۇتۇپ يىراقلارغا نەزەر سالسا، شاخ ۋە غوللىرى سۇنغان، ئۇپرىغان يەنە بەزى توغراقلار جەڭگاهتىكى يارىلانغان جەڭچىنىڭ جەسۇرلۇق ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندەك مەزمۇت تۇراتتى. يەنە بەزى يىقىلغان توغراقلارمۇ هامان بىر كۈنى ئورنۇمدىن دەست تۇرۇپ كېتىمەن دېگەندەك يان - بېقىنلىرىدىن كۆكلەپ يېڭى نوتا چىقىرىشقا باشلىغانىدى. توغراقتىكى ئەنە ئاشۇ روھ ئۇنىڭ روهىدا قايتا تۆرىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. چىن تۆمۈر چارچاپ هالىدىن كەتكەن بولسىمۇ ئەنە ئاشۇ روهنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى زىنهار توختاتمىدى. ئەتراپتىكى سانسىز توغراقلار ئۇنىڭغا مەدەت ۋە ئىلهام بېرىۋاتاتتى. هەر بىر

توغراق چىن تۆمۈرنىڭ قان قېرىندىشىدەك ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئىللىق، تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈندى. ئۇ نۇرغۇن قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپلا توغراقلارنى مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ، توغراقتىن كېلىۋاتقان ئۆلمەس ھىدنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا پۇرايتتى.

چىن تۆمۈر بايىقى مېھرى ئىسسىق توغراقلىقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يۇلغۇن، سوك - سوكلۇقلار ئارىسىدا توختىماي مېڭىۋەردى. بويىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ نۇرلىنىۋاتقان تۇمار ئۇنىڭغا مەدەت ۋە قۇدرەت بېرەتتى. قۇياش غەربكە قىيسايغان چاغدا چىن تۆمۈر يۇلغۇن، سوك - سوكلۇقلاردىن ئۆتۈپ گىياھسىز بىر تاغ جىراسى ئىچىگە كىردى. تاغ ئىچىگە كىرگەنسېرى ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇنداق ئاۋازلارنى چىن تۆمۈر بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغاچقا، بۇ ئاۋازلارنىڭ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بۇ ئاۋازلارنىڭ بەزىلىرى قەغىشلىك بوۋاقلارنىڭ قىرقىرىشىغا ۋە يەنە بەزىلىرى بېشەم ئاياللارنىڭ چىرقىرىشىغا، بەزىلىرى ھۇۋقۇش، قۇزغۇنلارنىڭ تاپ تالاشقان چاغدىكى قىقاسلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. چىن تۆمۈر بويىدىكى تۇمارنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئورۇندىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ زادى نەدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۆزىنى قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغىنىپ نۇرلۇق بىر ئۇپۇققا قاراپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ گىياھسىز جىرا ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆڭكۈرگە كىرىش - كىرمەسلىكنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرغاندا ئۇنىڭ بويىدىكى تۇماردىن يەنە سادا كەلدى: «مۇشۇ ئۆڭكۈرگە كىر»، «مۇشۇ ئۆڭكۈرگە كىر!» چىن تۆمۈر تۇماردىن چىققان سادانى ئاڭلىغاندىن كېيىن تۇمارنى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىگە كىردى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاپقا-





راڭغۇ بولۇپ، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن، چىن تۆمۈر ئۆڭكۈر ئىچىگە قاراپ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلىدى. شۇ چاغدا ئۆڭكۈر ئىچىدىن قىزغۇچ يورۇقلۇق كۆرۈلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆڭكۈر ئىچىدىن گۇڭگۇلدىغان، غوڭغۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتاتتى. چىن تۆمۈر مېڭىشتىن توختاپ ئاشۇ ئاۋازلارغا قۇلاق سالدى. باشتا قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى، كېيىن تۆۋەندىكى گەپلەر ئاڭلاندى:

— ھا، ھا، ھا، چىن تۆمۈرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇق، ئەركەكلىك دېگەنىنىڭ ھەممىسى ئۆلدى، ئۇ ھازىر ئانىسى بىلەن سىڭلىسى بىلەنمۇ كارى بولماي غەپلەت باياۋانىدا پاراغەت چۈشىنى كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ مىسران قىلىچنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئەجەپ ئوبدان قىلىپسىلەر، — چىن تۆمۈر ئۆزى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى.

توغرا، بۇ خىسلەتلىك تۇمار شۇڭا مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن ئىكەن - دە، بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە مېنىڭ گېپىمنى قىلىۋاتقانلار زادى كىمدۇ؟

چىن تۆمۈر ئۆڭكۈر ئىچىگە قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كۆز ئالدىدا تۆۋەندىكىدەك مەنزىرە نامايان بولدى.

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كەڭرى سەينادا گۈلخان يېنىپ تۇراتتى. گۈلخاننىڭ ئەتراپىدىكى تاش ئولتۇرغۇلاردا يەتتە - سەككىز ئېيىق دىۋە خۇشاللىقىدىن تىپىرلىشىپ يۈرەتتى. تاش ئولتۇرغۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسىدا ئولتۇرغان باشقا ئېيىق دىۋىلەردىن گەۋدىلىكرەك ئېيىق دىۋە قولىدىكى مىسران قىلىچقا ھەۋەس بىلەن قارىغىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ھا، ھا، ھا، چىن تۆمۈر بىر لاتا غىلاپقا ئايلىنىپ بولدى، ئەمدى ئۇنىڭغا بۇنداق نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، ئۇ ئاشۇ

غەپلەت ئۇيقۇسىدىن مەڭگۈ ئويغىنالماي، بىراقلا دوزاختا سەپەر قىلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ ئويغىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ خوتۇن كىشىدىن پەرقى يوق، بېشى بولغان بىلەن مېڭىسى يوق مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ھا، ھا، ھا!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلگەن چىن تۆمۈرنىڭ تومۇرىدا مۇزلاپ قالغىلى تۇرغان قانلىرى قايتىدىن قىزىپ ۋاراقشىپ قايىندى. ئۇ ھازىر قول سېلىشنىڭ پەيتى ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۆزىنى ناھايىتى تەستە تۇتۇپ، يەنە قانداق ئىش، قانداق گەپلەرنىڭ بولىدىغانلىقىغا قۇلاق سالدى، شۇ چاغدا ئۆڭكۈرنىڭ قارشى تەرىپىدىكى سۇس يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرغان تەرەپتىن ئىككى پايلاقچى دۈۋە يۈگۈرگىنىچە كىردى.

— داد، پادىشاھىم، يامان بولدى، يامان بولدى، — قولىدىكى مىسران قىلىچقا قارىغىنىچە خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمايۋاتقان بايىقى ئېيىق دۈۋە ئەسلىي ئېيىق دۈۋىلەرنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ، ئىككى پايلاقچىنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالماي ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلدى:

— بۇ مىسران قىلىچ بىلەن ئۇ چىن تۆمۈر دېگەن ناكەسنىڭ ئورۇقىنى قۇرۇتۇۋېتىمەن، چىن تۆمۈر دېگەن ئۇ ياۋۇز مەخلۇق رەھمەتلىك دادامنىڭ بېشىغا چىققان! ھەر قايسىڭ ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارىشما! — ئېيىق دۈۋىنىڭ ئېسىگە بىردىنلا دادىسى كېلىپ قالدى. چىن تۆمۈرنىڭ قولىدا ئۆلگەن ھېلىقى قارا ئېيىق مۇشۇ ئېيىق دۈۋىلەر پادىشاھىنىڭ دادىسى ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈرنىڭ بۇ يەردىكى ئېيىق دۈۋىلەرگە بولغان غەزىپى ھەسسىلەپ ئۆرلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەزىپىنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىغا قۇلاق سالدى.

— داد پادىشاھىم! — بايىقى ئىككى ئېيىق دۈۋە تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىرىدى. قولىدىكى مىسران قىلىچتىن تېخىچە كۆزىنى





ئۈزەلمەيۋاتقان شاھ ئۇلارنىڭ پەريادىغا قۇلاق سالغاندىن كېيىن مۇنداقلا سوراپ قويدى:

— ھە نېمە گەپ، نېمانچە ئەنسىزلىك قىلىشىسەن؟

— داد پادىشاھىم، غەربىي ئۆڭكۈردىكى شەپەرەڭگە سېھىرلىنىپ، نەزەربەند قىلىنغان چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسى يوقاپ كېتىپتۇ.

— يوقاپ كېتىپتۇ! نېمە گەپ بۇ؟! — ئۇ يەردىكى نان قېپىلار ئۇنىڭغا ئوبدان قارىماي نېمە قىپتۇ؟

— ئۇلار ھېلىقى كۆڭۈل ئېچىش ئۆڭكۈرىدە قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇرلىنىپ يۈرگەندەك قىلىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شاھ دۈۋىنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ:

— ھەي، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ - دە، چاتاق بوپتۇ. ئەگەر چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسى نەزەربەندتىن ئازاد بولسا، چىن تۆمۈرمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ، ئۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار. مەندىن بۇيرۇق، غەربىي ئۆڭكۈردىكىلەر تاڭ ئاتقۇچە چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسىنى نەدىن بولسا تۇتۇپ كەلسۇن، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تۇتقىلى كەتكەنلەر نېمانداق كەلمەيدۇ دەيمەن؟!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈرنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ، قانلىرى مەۋج ئۇرۇپ، يۈرىكىدە شىجائەت ئوتلىرى يالقۇنلىدى. ئۇ نەچچە قېتىم غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى بولغان بولسىمۇ، بويىندا ئىزگۈ نۇر تارقىتىپ تۇرغان تۇمارنىڭ: «ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ھەرگىز ئۇلارغا ئالدىراپ قول سالغۇچى بولما! سەۋر قىل، ھامان پەيتى كېلىدۇ، ئالدىراپ قول سالساڭ ئۆزۈڭ زىيان تارتىسەن» دېگەن جېكىلەشلىرى ئۇنىڭغا سەۋر ئاتا قىپتۇ. ھېلىقى ئىككى پايلاقچى

ئېيىق دىۋە پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئالغاندىن كېيىن قانداق تېز كىرگەن بولسا يەنە شۇنداق تېز چىقىپ كېتىپتۇ.

— قاراڭلار بۇ ناكەسلەرنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى مەن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تۇتۇپ ئەكېلەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرۈۋاتسام، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئۇنىڭ ئانىسىنى قويۇپ بەرگىنىنى… ئاڭلاشتىڭمۇ، ئانىمىز يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى پەرىشتىلەر نەزەربەند قىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىن تۆمۈرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلادىن ھۇزۇر ئېلىپ يۈرگەن ھېلىقى يىگىت يالماۋۇزنىمۇ تۇتۇپ كېتىپتۇ. يىگىت يالماۋۇزنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى موماي مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ يۈرگۈدەك، ھېلىقى بوغما ئايلاندۇرىۋەتكەن ئادەملىرىمىزمۇ تەقدىرىگە تەن بەرمەي مەختۇمسۇلاغا ياخشىلىق قىلىپ يۈرگۈدەك… بۈگۈن كېچە ئوبدان بىر ئۇخلىۋالايلى، ئەگەر چىن تۆمۈر ئويغىنىپ كېتىدىغان بولسا بىزگە ئەمدى ئۇيقۇ يوق. قالغان گەپ بولسا تاڭ ئاتقاندا قىلايلى….— ئېيىق دىۋىلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تاش ئولتۇرغۇلارغا، تام ۋە سۇپىلارغا يۆلەنگىنىچە ئۇخلىدى. پادىشاھمۇ مىسران قىلىچنى بېشىغا قويۇپ ياتتى. چىن تۆمۈر ھەيران قالدى. ئۇلار بېشىنى قويۇش بىلەنلا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ خورەك تارتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ باش قويۇپ خورەك تارتقۇچە بولغان ئارىلىقتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى. دىۋىلەرنىڭ خورەك ساداسىدىن ھەيران قېلىپ قانداق قىلىشنى قارار قىلالمايۋاتقان چىن تۆمۈر گاڭگىرىغىنىچە بويىنىدىكى تۇمارغا قاراپ قويدى. شۇ چاغدا تۇماردىن بوش سادا كەلدى:

— ئېيىق دىۋىلەرنىڭ كاللىسىدا ئۇخلاش ۋە ئويغاقلىقتىن باشقا خىيال ۋە تەپەككۇر مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا ئۇلاردا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇخلاشتىن بۇرۇن خىيال سۈرىدىغان، ئۇخ-





لىمىغاندىن كېيىن چۈش كۆرىدىغان ئىش بولمايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئۇخلىغانچە قانچە كۈن ئۇخلايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، سەن ئالدى بىلەن مىسران قىلىچىڭنى ئېلىۋېلىپ، بۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ، غەربىي ئۆڭكۈر تەرەپكە بارغىن، بۇلارغا ھازىرچە چېقىلما، ئۇخلاۋاتقان ئېيىق دىۋىلەرگە چېقىلىپلا قويساڭ بىرسى مىڭغا، مىڭى ئون مىڭغا ئايلىنىدۇ، بۇ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق، شۇڭا مىسران قىلىچىڭنى ئالغاندىن كېيىن بۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەت، — چىن تۆمۈر خاسىيەتلىك تۇمارنىڭ دېگىنى بويىچە شاھ دىۋىنىڭ بېشىغا قويۇۋالغان مىسران قىلىچىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بويىنىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان تۇمارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن غەربىي ئۆڭكۈرگە قاراپ ماڭدى. تالادا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاسماندا ئاي بولمىغان بىلەن يۇلتۇزلار چاراقلايتتى…

چىن تۆمۈر غەربىي ئۆڭكۈر تەرەپكە ماڭغانسېرى تاغلار تېخىمۇ قارىيىپ جىرا ئىچىدە يول مېڭىش تېخىمۇ تەسلەشتى. تۇرۇپلا تاغ ئىچىدىن پالاقشىغان، تاراقشىغان ۋەھىملىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. چىن تۆمۈر مىسران قىلىچنى ئۇزۇن يىل كۆرمىگەن ئاشىقىنى قايتا كۆرگەن ئادەمدەك باغرىغا چىڭ بېسىپ، ئەتراپتىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالغىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئەنە ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن خوتۇن - قىزلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. چىن تۆمۈر مېڭىشىنى توختىتىپ ئاۋازغا قۇلاق سالدى، ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. قارا تاغ جىراسى چاراقلىغان يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىلەن خىرە يورۇپ تۇراتتى. چىن تۆمۈر ئەمدى بايىقى ئاۋازلارغا قوشۇلۇپ گۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئەمدى ئۇ جىرا ئىچىدىكى يۇلغۇنلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە سەزگۈرلۈك بىلەن كۆز تىكتى. ئۇنىڭ مىسران قىلىچىغا

يېپىشىپ تۇرغان ۋۇجۇدىدا ئەرلىك ۋە باتۇرلۇق قايتا تۆرەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قانلىرى شىجائەتتىن قايناپ، كۆزلىرى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك چاقنىدى. خىرە يورۇقلۇقتا چىن تۆمۈر ئالدىدىن بىر توپ قىز - چوكانلارنىڭ بىر - بىرىنى يۆلىگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ھەمدە ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىدى:

— بولۇڭلار قىزلىرىم، بولۇڭلار، ئۇ يىرتقۇچ دىۋىلەرنىڭ قولىغا قايتا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، ئەمدى بىزنى ساق قويمايدۇ، بايا بىزگە خىسلەتلىك تۇمار ئېيتىپ بەردىغۇ، چوقۇم ئالدىمىزدىن چىن تۆمۈر ئۇچرايدۇ. ئەگەر چىن تۆمۈر بالامغا ئۇچراپ قالساقلا ئېيىق دىۋىلەرگە بوزەك بولمايمىز… ئەڭ ياخشىسى تاڭ ئاتقۇچە بۇ قارا جىلغىدىن چىقىپ كېتەيلى… بولمىسا شەپەرەڭگە ئايلىنىپ كېتىشىمىز مۇمكىن…

— توۋا، بۇ ئاۋاز نېمانچە تونۇش، نېمانچە يېقىملىق ئاۋازدۇر، — چىن تۆمۈر يۈلغۇنلۇق ئىچىدىن چىقىپ قىزلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ بولغانىدى. ئۇ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانىسى، سىڭلىسى ۋە باشقا قىزلارنى تونۇدى. ئۇنىڭ يۈرىكى پارتلاپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن سالماقتا ئىدى. قەلبىدىكى سېغىنىش، شادلىق ۋە ۋىسالدىن پەيدا بولغان ھاياجان دولقۇنلىرى شىددەت بىلەن شاۋقۇنلاپ ئۇنى ھوشسىزلاندۇرۇۋاتاتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسى بىلەن قىزلار ئالدىدا زەبەردەست بىر ئەركەكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى. چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسى بىلەن مەختۇمسۇلا ئالدىدىلا تۇرغان چىن تۆمۈرنى تونۇدى. باشقا قىزلار چىن تۆمۈرنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي، ۋەھىمە ئىلكىدە تېڭىرقاپ تۇراتتى. ئارىلىقتىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس





ئىدى. بىر چاغدا قارا تاغ جىلغىسى ئىچىنى:

— ئانا!

— بالام! !

— ئاكا! ! !

دېگەن ياڭراق سادا قاپلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ساداسى خۇددى تاڭلارنى چىللىغان سېھىرلىك ئاۋازدەك قارىيىپ تۇرغان مەشرىق ئۇپۇقىنى يېرىپ ئۆتتى. مەشرىقنىڭ قارا لىباسى يىرتىلىپ، ئانا سۈتىدەك ئاق كۆكسى نۇرلىنىشقا باشلىدى، ئانا - بالا ئۇچەيلەن نۇر بىلەن تەڭ پەيدا بولغان نۇر ھالقىسىدەك بىر - بىرىگە چىرمىشىپ، بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. قىزلار ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ تەسىرلىك مەنزىرىدىن ھاياجانلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئانا - بالىلار خېلى ئۇزۇنغىچە بىر - بىرىنى قۇچاقلىغىنىچە قويۇپ بەرمىدى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆتكۈزۈۋاتقان نادامەتلىك كەچۈرمىشلىرىنى قانداقمۇ سۆزلەپ تۈگىتەلىسۇن! يەنە ئانا ئاۋۋال ھوشىنى تاپتى. ئۇ باللىرىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن:

— بولۇڭلار، ئالدى بىلەن بۇ قارا جىلغىدىن چىقىپ كېتەيلى، — دەپ يول باشلاپ ماڭدى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن يۈگۈرگەندىن كېيىن يەنە ھېلىقى يايلاققا چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا تاڭ ئاتقان بولۇپ، قۇياش نۇرىغا پۈركەنگەن يايلاق تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. يېشىل چىملىقلاردىكى قىزىل، يېشىل، سۆسۈن، ئاق، سېرىق ۋە ھال رەڭدە ئېچىلغان سانسىزلىغان گۈللەردىن پاساھەت نۇرى چاقنايتتى، گۈللەرنىڭ ئۈستىدە گۈللەردىنمۇ رەڭدار كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. ھايات كويىنى ياڭرىتىۋاتقان بۇلاقلاردىن باشلانغان ئېرىقچىلاردا ھاياتلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى بولغان سۈزۈك

لەر شىلدىرلايتتى...

ئۇلار ئەنە ئاشۇ بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلگەندە يۈرەكلىرى ئويناقلاپ سوقۇپ ھاسىرىغىنىچە گەپ قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىقتىن باشقا ئىشەنگۈسىز كەچۈرمىشلىرى ھەققىدىكى تەشۋىش تېخى تۈگەپ كەتمىگەنىدى. مەختۇمسۇلا ۋە قىزلار چىن تۆمۈرنىڭ ئانىسىغا مەھكەم يېپىشىۋالغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ھەسرەتلىرى ھەققىدە مۇڭلۇق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدىغاندەكلا قىلاتتى. مەختۇمسۇلا قىزلارنى ئانىسىدىن ئاجرىتىپ، ئۇلارنى ئەركىن ئولتۇرۇشقا ئۈندىگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوزۇقلۇق خالتىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تالقان ۋە بۇلاق سۈيى بىلەن ئالاھىدە تاماق تەييارلىدى. ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا چىن تۆمۈرنىڭ باش كۆزلىرىنى سىلىسا، تۇرۇپ - تۇرۇپلا مەختۇمسۇلانى باغرىغا باساتتى. گەرچە ئۇ گەپ قىلمايۋاتقان بولسىمۇ توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ھەسرەتلىك قىسمىتىنى بايان قىلىۋاتاتتى. ئۇلار مەختۇمسۇلا تەييارلىغان ئالاھىدە تاماق بىلەن قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئانا مۇنداق دېدى:

— بالىلىرىم، بۈگۈن ھەممىمىز ئۈچۈن قۇتلۇق كۈن بولدى. ئاكاڭلار چىن تۆمۈر بىلەنمۇ دىدارلاشتۇق، ئاللا نېسىپ قىلسا ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ئازابىدىنمۇ قۇتۇلغان ئوخشايمىز، بىراق بىر ئىش مېنى ئەنسىرىتىۋاتىدۇ، ھازىر بىز نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيمىز، بىزنىڭ مەنزىلىمىز ئاشۇ گۈزەل يۇرتىمىز «كۆك ئۆستەڭ». بىزنىڭ تۇغراقلىق ئارىسىدىكى ئۆيىمىز زادى نەدە؟

ئانىسىنىڭ سۆزىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان چىن تۆمۈر مۇنداق دېدى:

— ئانا، مەندە خاسىيەتلىك بىر تۇمار بار، بۇ تۇمار بىزگە





بەلكىم ...— چىن تۆمۈر تۇيۇقسىز گەپتىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى تۇمار يوق تۇراتتى.

— نېمە، تۇمار؟! تۇمار مەندىمۇ بار، ۋۇي، تۇمار بويىنۇمدا يوق تۇرىدىغۇ، تۇمار نەگە كەتكەندۇ، — مەختۇمسۇلانىڭ بويىنىدىكى تۇمارمۇ يوق تۇراتتى.

— مېنىڭ بويىنۇمدىكى تۇمارمۇ يوق تۇرىدۇ، سىڭلىم، سىز ئۇ تۇمارنى نەدىن تاپقانتىڭىز؟ — چىن تۆمۈر ھەيران بولغاندەك سورىدى.

— ماڭا ئۇنى بىر ئاق نۇر بوۋاي بەرگەنىدى.

— ماڭىمۇ ئاشۇ بوۋاي بەرگەن.

ھەر ئىككى بالىسىنىڭ تۇمار ھەققىدە گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن بىر خىسلەتنى چۈشەنگەن ئانا مۇنداق دېدى:

— بولدى بالىلىرىم، ئەمدى ئۇ تۇمارنىڭ گېپىنى قىلماڭلار، مەنچە ئۇ تۇمار ئۆزىنىڭ سېھىر - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىز شۇنچە ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلغان يەردە ماكانىمىزنى تاپالمايمۇ قالماسمىز.

بۇ يەردە مەختۇمسۇلادىن باشقا يەنە يەتتە قىز بار ئىدى. قىزلار بىر - بىرىدىن چىرايلىق بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ چېھرىدە ئازابتىن كېيىنكى شادلىق جىلۋە قىلاتتى. ئۇلار ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتۇلغانىدى. ئەسلىي ئۇلار «كۆك ئۆستەڭ» مەھەللىسىدىكى نامرات پۇقرالارنىڭ قىزلىرى ئىدى. ئۇلار ئېيىق دىۋىلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېلىنىپ، ئېيىق دىۋىلەر ماكانىدىكى شاھ، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۈچۈن ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە مەجبۇرلانغانىدى. ئەگەر ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئۇلارنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ۋە ناز كەرەشمە تۆكۈلۈپ تۇرمىسا، پايلاقچى ئېيىق دىۋىلەر ئۇلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئازابلايتتى. ئۇلار ئاشۇ قارا ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كې-

يىن ئالدى بىلەن ئېيىق دىۋىلەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىدىن ئاندىن تۇغما ھالدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. گۈلخان يېقىلىپ كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە شاھ ئېيىق دىۋە ئۆزىنىڭ تاش ئولتۇرغۇسىدا ئولتۇرۇپ قىزلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. ئېيىق دىۋىلەر ئادەتتە تويى بولۇپ، يىگىت تەرەپكە كۆچۈرۈش ئالدىدا تۇرغان قىزلارنى بۇلاپ قاچاتتى. شۇڭا، بۇ قىزلار تويى بولىدىغان كۈنى بۇلاپ كېلىنگەنىدى. ئېيىق دىۋىلەر قىزلارنى بۇلاپ كەلگەندىن كېيىن شاھنىڭ خاس ئۆڭكۈرىدە يالىڭاچلانغان قىزلارنى شاھنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزەتتى. ئاندىن تۇغما بولۇپ، ئاشۇ بەتبەشىرە ئېيىق دىۋىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش بۇ قىزلار ئۈچۈن بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق ئېغىر مۇشەققەتلەردىنمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. قىزلار كىيىملىرىنى سالغىلى ئۇنىمىسا ئېيىق دىۋىلەر ئۇلارنى شەپەرەڭگە ئايلاندۇرۇۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالغاچقا، ئۇلار ئامالسىز كىيىملىرىنى سېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. گۈلخانىنىڭ جۇلاسىدىن كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان شاھ دىۋىنىڭ خاس ئۆڭكۈرىگە قىزلارنى ئاندىن تۇغما ھالدا ئەكىرگەندىن كېيىن، شاھ دىۋە يالىڭاچ قىزلاردىن ھاياسىزلارچە ھۇزۇر ئالاتتى. قىزلار ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرى قىسمىدىن چىقىۋاتقان بورانىنىڭ ھۇۋۇلىغىنى، شىۋىرغانىنىڭ ۋىژىلدىغىنىنى، يەنە ئاللىقانداقتۇر جانىۋارلارنىڭ گىژىلدىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇزىكا ساداسىغا تەڭكەش قىلىپ نەچچە سائەتلەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. شاھ دىۋىنىڭ قىزلارنىڭ ھېرىپ - چارچاپ كەتكەنلىكى بىلەن كارى بولمايتتى. ئۇ بىچارە قىزلارنىڭ زورلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئويناۋاتقان ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇر ئېلىپ قاقاقلايتتى. قىزلار ئۇسسۇلنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە توختىتالمايتتى. ئۆزلۈكىدىن ئۇسسۇل ئويناشتىن توختىسا ئۆزلىرىنىڭ شەپەرەڭگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلار شاھ دىۋە





«بولدى قىلىڭلار» دېمىگۈچە ئويناۋېرەتتى. شاھ دىۋە ئالدىراپ ئۇنداق دېمەيتتى. قىزلار ئۇسسۇل ئويناپ چارچاپ يىقىلغان بەزى قىزلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا شەپەرەڭگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئەنە ئاشۇنداق ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆرگەن قىزلار ئۈچۈن بۈگۈنكىدەك بۇنداق يورۇقلۇققا چىقىش ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىق ئىش ئىدى. ئۇلار ئېيىق دېۋىلەرنىڭ ئاسارىتىدە ئازاب تارتقان چاغلىرىدا بىز ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن، ھاياتلىقتىكى گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن دوزاخنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتساق كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ئۇلار بۈگۈنكىدەك نۇرلۇق قۇياش نۇرىنى كۆرۈشتىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇلار بۈگۈن خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ شادلىق ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى.

ئۇلار چىن تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن غەرب تەرەپتىكى توغراقلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار توغراقلىق ئىچىدە خېلى ئۇزۇن يول ماڭغان بولسىمۇ «كۆك ئۆستەڭ» مەھەللىسىنى تاپالمىدى. مەختۇمسۇلامۇ توغراقلىقلار ئارىسىدىن ئۆزى بۇرۇن كۆرگەن بىرەر ئىزنانىمۇ ئۇچراتمىدى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا خۇددى قەيەرلەردىدۇر كاپ - كاپ كۈچۈكى قاۋاپ قالىدىغاندەك قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ قوياتتى. ئۇ چۆل قۇشلىرىنىڭ ۋىچىرلاشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىيالمىدى. چىن تۆمۈرمۇ توغراقلىق ئىچىدە نەچچە يىلنى ئۆتكۈزگەن تۇرۇقلۇق تونۇشلۇق بىرەر ئىزنىمۇ ئۇچراتمىدى. بارغانسېرى چارچاپ ھالىدىن كېتىۋاتقان ئانىمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. قىزلارنىڭ چىرايىدا يەنىلا شادلىق جىلۋە قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆز نۇرلىرىدا بىر خىل ئۈمىدسىزلىك بىلەن تەشۋىش ئۇچقۇنلايتتى. چىن تۆمۈرمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي مېڭىشتىن توختاپ ئەتراپقا زەن سالاتتى. ئۇلار ئارام

ئېلىشۋالماقچى بولۇپ تۇرغان چاغدا ئون نەچچە ئادەمنىڭمو غولىچى
يەتمەيدىغان ناھايىتى چوڭ بىر توغراقا ئۇچرىدى. بۇ توغراق
ھەيۋەتلىك ئىدى، بىر قارىماققا ئۇ بۇلۇتقا تاقاشقان تاغ چوققىلىـ
ـرىغا ئوخشايتتى. توغراقنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بو-
لىدۇكى، ئۇ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان بوران ـ
چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىگە باش ئەگمەي، قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاـ
تاتتى. ئۇنىڭ كۆكۈچ، قارامتۇل قوۋزاقلىرى خۇددى يەردىن
بۆرتۈپ چىققان تاغ جىنىسلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ سۇنغان ۋە
سۇنمىغان شاخلىرى بۇ گىگانت توغراقنىڭ قاناتلىرىدەك ئۇنى
ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ھەيۋەتلىك ئانا قۇشقا
ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئۇلار ئانا توغراقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ
ئارام ئالدى، ئانا بىلەن مەختۇمسۇلا ۋە قىزلار ناھايىتى چارچاپ
كەتكەن بولغاچقا دەرەخكە يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى. چىن تۆ-
مۈر ئويغاق بولسىمۇ مىسران قىلىچىنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتقىـ
ـنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى...

... مەختۇمسۇلا چۆچۈپ ئويغاندى. ئىشىك ئالدىدىكى كاپ ـ
كاپ كۈچۈكنىڭ بوش قاۋاۋاتقىنىغا قارىغاندا تۈن قايتىۋاتاتتى،
ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. بۇغا سۈتى ئەكېلىدىغان يىگىت تاڭ
ئېتىشتىن بۇرۇن كېلەتتى. مەختۇمسۇلا ئاشۇ يىگىتنى ياخشى
كۆرۈپ قالغانىدى، ئۇ يىگىتنى پەقەت بىر قېتىم كۆرگەنىدى.
ھېلىقى بۇغا سۈتى ۋە باشقا نەرسىلەر كۈندە كەلتۈرۈلۈۋاتقان
بولسىمۇ، ئۇنىڭ قانداق چاغدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولـ
ـمايتتى. مەختۇمسۇلا نەچچە كېچىنى بىدار ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ
يىگىتنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر مەقسىتى يىـ
ـگىتنى كۆرۈش ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. خۇداغا
شۈكرى، توغراق شېخىدا بۇغا سۈتى كەلتۈرۈلىدىغان تولۇم ۋە
باشقا نەرسىلەر كۆرۈنمەيتتى، يىگىت تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ





يىگىتنى چوقۇم كۆرىمەن، دېگەن نىيەتتە توغراقنىڭ قارشى
تەرىپىدىكى قېرى توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يىگىتنى كۈتتى.
مەختۇمسۇلا بىدارلىق ئىلكىدە قىزارغان چىرايلىق كۆزلىرىنى
بىر نۇقتىغا تىككىنىچە يىگىتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. ئۇيۇق
ئاقىرىپ توغراقلىقتا تاڭ قاراڭغۇلۇقى سۇزۇلەي دېگەن چاغدا،
ئاق تۇلپارلىق يىگىت ئاق نۇر ئىچىدە جىلۋە قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا
پەيدا بولدى. يىگىتنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى چەبدەس ۋە چاققاـ
نىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ سۈت بار تولۇم بىلەن توقاچ بار
سېۋەتنى بۇرۇنقى يېرىگە قويۇپ، ئاتقا مىنمەكچى بولغاندا توغـ
ـراقنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرغان مەختۇمسۇلا يۈگۈرگىنىچە بېـ
ـرىپ يىگىتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، تۆۋەندىكى گەپلەرنى قىلىپ
سالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى:

— ئەي، قۇدرەتلىك بەرنا يىگىت، مېنى ئۆزىڭىز بىلەن
بىللە ئېلىپ كېتىڭ، مەن بۇ يالغۇز خانىدىكى چېكى يوق يىگانىـ
ـلىققا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، سىز مېنى بۇ تەنھالىق ئازابىدىن
قۇتۇلدۇرۇڭ، ئەگەر سىز بۈگۈن مېنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە
ئېلىپ كەتمىسىڭىز، مەن پۇتىڭىزنى ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرمەيـ
ـمەن، مېنى ئېلىپ كېتىڭ! مېنى ئېلىپ كېتىڭ!!!

— ياق، مەختۇمسۇلا، مەن سىزنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن،
بىز تېخى سېھىرىي دۇنيانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدۇق، بىز
ئېيىق دىۋىلەر تەرىپىدىن بۇغا سىياقىدا سېھىرلەنگەنمىز،
ئەگەر سىز...

مەختۇمسۇلا بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ
يىگىتكە قارىغانىدى، ئۇ يىگىتنى ئەمەس، چاپچىپ تۇرغان بىر
ئەركەك بۇغىنى كۆردى. يىگىت مىنىپ كەلگەن ئاق تۇلپارمۇ
بۇغىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھۇركۇپ چۆرگىلەپ يۈرەتـ
ـتى. مەختۇمسۇلا بۇغىنىڭ پۇتىنى تۇتۇۋالغانىدى. بۇغىمۇ مەخـ

تۇمسۇلاغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئۇركۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قارىدى. مەختۇمسۇلا بۇغىنىڭ ياش يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر بىر مەقسەتنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قويۇپ بەردى. ئىككى بۇغا تاڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە توغراقلىقلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەختۇمسۇلانىڭ ۋۇجۇدىنى يەنە تەنھالىق، تەشنالىق ۋە بىچارىلىك ئىگىلىدى…

… چىن تۆمۈر ھەيۋەتلىك بۇ ئانا توغراققا يۆلەنگىنىچە ئۇخلاۋاتقان ئانىسى، سىڭلىسى ۋە قىزلارغا قاراپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى…

مەن ئارىلىقلاردا نەلەردە يۈرگەندىمەن، مەن دۇچار بولغان ئاشۇ قىسمەتلەر مېنىڭ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ، خىيالىممۇ؟ ئۇ ئالتۇن تەڭگە قەسرىنىڭ ئەمىرلىكىنى تالىشىش، كۆك بۆرە، پەرىشتىلەر شەھىرىدە كۆرگەنلىرىنى گۇڭگا ئېسىگە ئالدى. ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇر خىيال سۈرەلمىدى. ئۇمۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئانا توغراققا يۆلەندى. ئۇ ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن جەم بولۇپ قالغانلىقىدىن تولىمۇ سۆيۈندى، ئۆزىنىڭ باللىق ۋە ئاكىلىق بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىن خىجىل بولغاندەك مىسران قىلىچىنى قىنىدىن يېرىم سۇغۇرۇپ، يەنە قىنىغا سالدى…

چىن تۆمۈر ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيران قالدى. ھېلىقى ئانا توغراققا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتقان ئانا، مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلار يوق تۇرغۇدەك، چىن تۆمۈر ئانا توغراقنىڭ ئەتراپىنى ۋە توغراقلىقلارنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇلارنى تاپالمايۋاتقۇدەك، شۇ چاغدا چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىدا بەستى تاغدەك يوغىناپ كەتكەن شاھ دىۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرغۇدەك.

— ھا، ھا، ھا، سەن ئۆزۈڭچە ئانام بىلەن سىڭلىمنى قۇتقۇزۇۋالدىم، دەپ بەك خۇش بولۇپ كەتكەن ئوخشىمامسەن،





ئۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! بىلىپ قوي، مەن ئاناڭنى شەپەرەڭگە، سىڭلىڭنى كېپىنەككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار قىلىمەن… ھېلىقى قىزلارنى يالماۋۇز مومىمىزغا تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن تارتۇق ئالىمەن، سەن مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن، مەن سەندىن قىساس ئالماي قويمايمەن، سەنمۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەنغۇ دېمەكچىمۇ سەن، سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن مېنىڭ ئاتامنى قانداقمۇ تەڭلەشتۈرگىلى بولسۇن! سېنىڭ ئۇ ئەرزىمەس ئاتاڭ مېنىڭ ئاتامنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ كەلمەيتتى… سەن چوقۇم بەدەل تۆلەيسەن، مەن چوقۇم سەندىن قىساس ئالىمەن.

— ھا، ھا، ھا …— ئېيىق دىۋىنىڭ ئاغزىدىن كۆكۈچ ئوت چىقىۋاتقۇدەك… ئېيىق دىۋىنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈر دەرغەزەپكە كېلىپ، مىسران قىلىچىنى يېنىدىن سۇغارغىنىچە شاھ دىۋىگە ئېتىلىپتۇ، بىراق شاھ دىۋە ھەيۋەتلىك تاغقا، چىن تۆمۈر گىرىلداپ يۈرگەن چىۋىنغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك… شاھ دىۋە تاغدەك بەستى بىلەن چىۋىنسىمان چىن تۆمۈرنى دەسسەپ مىجىۋەتمەكچى بولىۋاتقۇدەك… قانداق قىلارىنى بىلەلمىگەن چىن تۆمۈر ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان يەر تاپالماي ھېلىقى ئانا توغراقنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇدەك، شۇ چاغدا ھېلىقى ئانا توغراقتىن تۆۋەندىكىدەك سادا كەپتۇ:

— ئەي چىن تۆمۈر، بىلەمسەن، مەن سېنىڭ ئۇلۇغ موماڭ، ھەم ئۇلۇغ بوۋاڭ، سەن ھازىر ئۆزۈڭنىڭ نېمىلەرنى يىتتۈرگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ سەن يىتتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا مۇجەسسەملەشكەن، ئەگەر سەن ئۇنى خالىساڭ، مەن ئۇنى يەنە ساڭا تەقدىم قىلسام بولىدۇ، سەن ئۆزۈڭ يىتتۈرگەن نەرسىلەرنى قايتا تېپىۋالمىساڭ سەن قانداقمۇ چىن تۆمۈر بولالايسەن، قانداقمۇ باتۇرلۇق ۋە ئەركەكلىكتىن

سۆز ئاچالايسەن، سەن ئاناڭ ۋە سىڭىللىرىڭنى ئەمدى ئىزدىگۈچى بولما، ئۇلارنى قوينۇمغا ئالدىم. ئۇلار مېنىڭ روھىمغا روھ، جىسمىمغا كۈچ قوشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارمانلىرى ۋە غايە - ئىستەكلىرى ماڭا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ، ئۇلار بولغاچقىلا مەن يەنە يۈز يىللاپ، مىڭ يىللاپ كۆكىرىپ، ياشىرىپ تۇرىمەن ... مېنى تەبىئەتنىڭ توختاۋسىز بوران - چاپقۇنلىرى، سۇسىزلىق ۋە چاڭقاقلىق نابۇت قىلىۋېتەلمەيدۇ. مېنىڭ ئوق يىلتىزىم ئانا تۇپراقتىن مەڭگۈ ئوزۇق ئالىدۇ، شۇڭا مەن ئانا زېمىن باغرىدا يىقىلماي مەزمۇت تۇرالايمەن، يىقىلساممۇ تۇپراقنى قۇچاقلاپ يەنە نەچچە مىڭ يىل دەۋران سۈرەلەيمەن... مەن غايىب بولۇپ كەتكۈچە ۋۇجۇدۇمدىن بىخ سۈرۈپ چىققان ياش نوتىلار مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ، شىجائەت ناخشىسىنى مەڭگۈ ياڭرىتىدۇ ...—

ئانا توغراقنىڭ بۇ سۆزلىرى چىن تۆمۈرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان بولسىمۇ، ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغاندەك ۋارقىراپتۇ:

— سىزگە رەھمەت، بىراق ئانامنى ۋە سىڭىللىرىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، مەن تېخى ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بالىلىق ۋە ئاكىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ بولالمىدىم. مەن تېخى ئۇلار بىلەن بۈگۈنلا دىدارلاشقانىدىم. ئاپا! سىلەر نەدە، سىڭىلىم، مەختۇمسۇلا! — بۇ ئاۋازدىن ئانا، مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلار ئويغىنىپ كەتتى. لېكىن، چىن تۆمۈر يەنىلا ئويغانماي ۋارقىراۋاتاتتى.

— ئانا! مەختۇمسۇلا! — ئانا چىن تۆمۈرنى تۈرتۈپ ئاستا ئويغاتتى.

— قويۇقىن بالام، بىز سېنىڭ يېنىڭدا، قارىغاندا غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلىغان ئوخشايمىز، مېنىمۇ قارا بېسىپ كېتىپتۇ.

چىن تۆمۈر چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە مەڭدەپ





تۇرغاندىن كېيىن، ئالدىدا تۇرغان ئاپىسى بىلەن سىڭىلىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. لېكىن، ئارىلىقتىن ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئانا، چىن تۆمۈر، مەختۇمسۇلا ۋە باشقا قىزلار قاتارلىشىپ تۇرغان مەزمۇت توغراقلارغا ئايلىنىپ كەتتى...

## 32

گۈلشەن بىلەن شەھىدە مەلىكەنى ئالغىلى بېكەتكە چىقمىدى. ئۇلار ئاخشام تۈزۈك ئۇخلىمىغاچقا تاڭ ئاتقاندا قاتتىق ئۇخلاپ قالغانىدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ گۈلشەن تېخى چۈش كۆرۈۋاتاتتى... گۈلشەننىڭ بوۋاق چاغلىرىمىش، ئانىسى ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىۋېلىپ، قانماي سۆيۈۋاتقۇدەك، گۈلشەن ئوماق ۋە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئانىسىنىڭ يۈزىنى يۇمشاق چىمداۋاتقۇدەك، ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگە جاۋابەن ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقۇدەك... گۈلشەننىڭ بالىلىق چاغلىرى، ئۇ ئانىسىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇدەكمىش، شۇ چاغدا ئانىسى ئۇنى ئويغىتىپتۇ، بىراق گۈلشەن قەستەن ئۇخلاۋاتقان بولىۋېلىپ جىم يېتىۋاپتۇ، شۇ چاغدا ئانا گۈلشەنگە سوغۇق سۇ چېچىپتۇ. سوغۇق سۇدىن ئەندىكىپ ئويغانغان گۈلشەن بىلەن شەھىدە، لالە ۋە تولۇنئايلارنىڭ بېشىدا كۈلۈشۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— بىزنى بېكەتكە ئالغىلى بارىدىغان خېنىملار، ئەجەپ تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپتۇققۇ، ئىشىكنىمۇ ئەتمەي ياتقىنىڭلار قىزىقققۇ، تېز بولۇڭلار ئورنىڭلاردىن تۇرۇڭلار، چۈش بولغىلى تۇردى ...— لالەنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن گۈلشەن بىلەن شەھىدە كۈلۈشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ كەلگەن قىزلار بىلەن چاقچاق قىلىشقاچ يۈز - كۆزلىرىنى يۇي-

دى. ئۇلار ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن لالە گۈلشەننى تالاغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا «مەلىكە ھەدەمنىڭ ئۆيىگە بارغىن، ئۇنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بارئىكەن» دېدى. گۈلشەن مەلىكەنىڭ 4 ـ قەۋەتتىكى ئۆيىگە كىرىپ بولغۇچە ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كەلدى. مەلىكە ئادەتتە قىزلارنى ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسا ئايرىم چاقىرتمايتتى. بۇ قېتىم مەلىكەنىڭ گۈلشەننى ئالاھىدە چاقىرتقانلىقى زادى نېمە گەپتۇ، گۈلشەن مەلىكەنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى قاسىم مۇھەممەت ئاچتى. قاسىم مۇھەممەت گۈلشەن بىلەن قىسقىلا ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدە مەلىكە بىلەن رەتلىك كىيىنگەن بىر ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇ گۈلشەننىڭ ئانىسى روزىگۈل ئىدى. گۈلشەن باشتا ئانىسىنى تونۇيالمىدى. كېيىن ئۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزنى كۆرۈپ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى. باشتا ئۇ خۇددى سېھىرلەنگەن ئادەمدەك داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قېتىپ قالغان چىرايىدىن ھېچقانداق بىر ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. گۈلشەن بىر نەچچە سېكۇنتقىچە ئەنە ئاشۇنداق قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى بوتىلاقنىڭ بوزلىغىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان «ئانا» دېگەن سادا ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقتى. بۇزۇلغان نېرۋا سىستېمىلىرى ئەسلىگە كەلگەن ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلشەننىڭ ئالدىغا يۈگۈرگىنىچە «قىزىم! » دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئانا بىلەن بالا ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاشتى…

مەلىكە بۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى گۈلشەنگىمۇ ئۇقتۇرماي روزىگۈلنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتى. مەلىكە ئۇنى تۇغقانلىرىنىڭ ھويلىسىدىن تاپقاندا روزىگۈل يەنىلا ساراڭ ھالىتىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە كونىراپ مەينەتلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن كۆڭلەك بار ئىدى. بېشىغا ياز بولغىنىغا قارىماي قىشلىق يۇڭ





ياغلىق ئارتىۋالغانىدى. پايپاقسىز، ئوچۇق پاچاقلىرى كىر ۋە شالتاق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، يىرتىلىپ مەينەتلىشىپ كەتكەن ئەسكى قونچاقنى بالىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئانىدەك باغرىغا چىڭ بېسىۋالغانىدى. مەلىكە كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە گۈلشەندىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا روزىگۈلگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

روزىگۈل قۇچىقىدىكى قونچاقنى مېھىر بىلەن سۆيۈپ ئەركىلىتىۋاتاتتى.

— تاتلىق قىزىم گۈلشەن، تېزرەك چوڭ بولۇڭ، دادىڭىز خۇش بولىدۇ. سىزنىڭ دادىڭىز قارى، ياق، ياق، ئەيسا… ياق، ياق، سەن ئۇ ھەر ئىككىسىنىڭ قىزى ئەمەس، سەن داداڭ جۇماخۇننىڭ قىزى…، — روزىگۈل مەلىكەنى كۆرۈپ گەپتىن توختىدى. ھە، بۇ خوتۇن گۈلشەننى ئېلىۋالغىلى كەپتۇدە، بەرمەيمەن، بەرمەيمەن دېگىنىچە ھويلىدىن چىقىپ كەتتى…

مەلىكەنى بىر موماي كۈتۈۋالدى. موماي ساغلام ۋە تېمەن ئىدى. ئۇ مەلىكەنى ئۆيىگە باشلاپ، تۆرگە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، مەلىكەنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

بايىقى بىچارە بالا سىڭلىمنىڭ قىزى ئىدى، يۇرتتىن بىر چىقىپ كەتكەن باھانە بىلەن مانا مۇشۇنداق بولۇپ كەلدى. ئوقۇتمىغان موللا، داخانلىرىمىز قالمىدى. پەقەت ياخشى بولالمايۋاتىدۇ، بەزى كۈنلىرى ئوڭلىنىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بويلىرىنى سۇغا سېلىپ، چاچلىرىنى تاراپ، ساق ئادەمدەكلا بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئەنە ئاشۇنداق ئۆزىنى تاشلاپ، ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەپ، بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ يۈرىدۇ،

بىچارە بالىنىڭ جېنى بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ···— موماي مەلىكەنىڭ ئالدىغا داستىخان راسلاپ، گۈلە - قاق، نان ۋە چاي كەلتۈردى. مەلىكەمۇ ئەمدى ئۆزىنى تونۇشتۇردى، — مەنمۇ بىر ھېسابتا سىلەرگە كېلىن بولىمەن، — بۇ گەپنى ئاڭلىغان زېرەك موماي ھەيران بولغاندەك تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى سوئال بەلگىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇر جىلۋە قىلدى:

— نېمە دەيدىغانسىز بالام، سىز ئەلنىيازنىڭ···

— شۇنداق، مەن ئەلنىيازنىڭ ئايالى مەلىكە بولىمەن···

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان···— موماي مەلىكەنى تېخىمۇ قىزغىن كۈتۈۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە مەلىكە روزىگۈلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئۆزى پۇل چىقىرىپ روزىگۈلنى داۋالىتىشنى ئېيتتى. ئۇلارنى گۈلشەننىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار قىلدى. ئۇلار مەلىكەنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ماقۇل بولدى. مەلىكە شۇ كۈنىلا روزىگۈلنى يۆيۈپ تاراندۇرۇپ ۋىلايەتلىك نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ بەرگەندى. روزىگۈل ئالتە ئايلىق كۈتۈنۈش ۋە داۋالاش نەتىجىسىدە ساقىيىپ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەنىدى.

روزىگۈل بىلەن گۈلشەن قۇچاقلاشقىنىچە ئۇزۇنغىچە ھۆڭرەپ يىغلاشتى··· ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىدا پىغان، ھەسرەت بىلەن شادلىق، مۇھەببەت چىرمىشىپ كەتكەنىدى.

مەلىكە گۈلشەن بىلەن روزىگۈلگە ئايرىم ئۆي ئېلىپ بەردى. بەك ياسىداق بولمىسىمۇ ئازادە بېزەلگەن ئۆي روزىگۈلنى خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلشەن ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدى. لالە، شەھىدە، تولۇنئايلارمۇ دائىم مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ روزىگۈلنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى يەيدىغان، گۈلشەن بىلەن قونۇپ قالىدىغان





بولىۋېلىشتى.

گۈلشەن مەلىكەنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپتە دەرسنى تېخىمۇ ئەستايىدىل ئۆتىدىغان بولدى. كەچلىرى كومپيۇتېردا تورلۇق يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. توردىن دۇنيا كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئاختۇراتتى. تورلۇق كىيىم، مودېل مۇسابىقىلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇراتتى. روزىگۈل ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ گۈلشەنگە تويماي قارايتتى. چاي دەملەپ ئەكېلىپ بېرەتتى، گۈلشەن ئۇنى ئۇخلاۋېرىشكە زورلىسىمۇ ئۇ ھەرگىز ئۇخلىغىلى ئۇنىمايتتى···

بىر كۈنى مەلىكە قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشخانىسىگە يىغدى. قىزلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى، شۇ چاغدا قاسىم مۇھەممەت گېلىنى قىرىۋېتىپ، سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— قىزلار، سىلەرگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ چىقىپ قالدى، يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كىيىم - كېچەك مودا كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، مەن تۈنۈگۈن بېرىپ بۇ پائالىيەتنى تەشكىللەۋاتقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا تىزىملىتىپ كەلدىم، مانا، — ئۇ قولىدىكى قەغەزنى قىزلارغا تارقىتىپ بەردى، — بۇنىڭدا مۇسابىقىگە قاتنىشىشنىڭ شەرتلىرى بار ئىكەن. بىز ئۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىكەنمىز، ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭدىن كېيىنكى تەييارلىق بىز ئۈچۈن بۇ بىر پۇرسەت، ئەگەر مۇشۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقالىساق، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگىمۇ قاتنىشىدىكەنمىز···

شۇ كۈندىن باشلاپ مەلىكە باشچىلىقىدىكى ئالتە قىز بۇ مۇسابىقىگە قايسى خىل شەكىلدە قاتنىشىش ھەققىدە ھەر تەرەپلى-

مە ئويلاندى. بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بۇ ئالتە قىز بۇ مۇسابىقىگە قاتنىششىنىڭ ئەڭ مۇھىم كوزۇرى ئىدى. مۇسابىقىگە قاتنىششىنىڭ شەرتلىرى ئىچىدە «مودا ئۇچۇن كۆرسەتكەن كىيىملەرنى چوقۇم شۇ كوماندىدىكىلەر ئۆزى لايىھىلىگەن بولۇشى، كۆرسەتكەن مودا نومۇرلىرى يەككە ۋە كوللېكتىپ بويىچە ئورۇندالغان بولۇشى كېرەك» دېگەنلەر بار ئىدى. شۇڭا، مەلىكە ئالدى بىلەن گۈلشەن، لالە ۋە باشقا قىزلار بىلەن بىرلىكتە بۇ مۇسابىقىگە قانداق كىيىملەرنى قاتناشتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. قاسىم مۇھەممەتمۇ بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ پىلان ۋە لايىھىسىنى تۈزۈۋاتاتتى. ئۇلار قايتا ـ قايتا مەسلىھەتلىشىش نەتىجىسىدە تۆۋەندىكى لايىھەنى تۈزۈپ چىقتى.

— بىز بۇ مۇسابىقىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىمىز، بىراق مىللىي ئالاھىدىلىكنى قانداق نامايان قىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىز مىللىي ئالاھىدىلىكنى ھەقىقىي نامايان قىلىش ئۈچۈن، مىللىي ئالاھىدىلىكنى زامانىۋىلىق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى ھەقىقىي نامايان قىلالىساقلا مۇسابىقىدە غەلىبە قىلىشىمىز مۇمكىن. ئەنئەنە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ئۆلۈك، قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس، بىز ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭغا يېڭى تەركىب، يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلىشىمىز كېرەك. بىز مۇسابىقىگە قاتناشتۇرغان كىيىملەر سەھنىدىكى سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالسىمۇ بولمايدۇ، چوقۇم ئۇ كىيىملەردە بەدىئىيلىك بىلەن ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىق زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇشى كېرەك، — ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىش شوئارى قىلدى.

ئۇلار يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردىن ئويلاشتى. مەلىكە، گۈلشەن، لالە، قاسىم مۇھەممەت تۆتى ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى بو-





لۇپ تەشكىللىنىپ، مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ لايىھىسى ھەققىدە قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇپ، بۇرۇن ئىجاد قىلغان لايىھىلىرى ئاساسىدا يېڭى ـ يېڭى لايىھەلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان كىيىملەرنىڭ لايىھىسى بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى. مەلىكە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، قىزلارغا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن مودا كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى ئۆگەتتى. قىزلار بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇلار مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان كىيىملەرنىڭ لايىھىسى ھەققىدە كۆپ قېتىم پىكىرلەشتى، بولۇپمۇ گۈلشەن بىلەن لالەنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇلار يېرىم كېچىلەرگىچە ئۇسسۇل ۋە مودا كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى مەشىق قىلدى. بۇ قېتىمقى پۇرسەت ئۇلارغا يېڭى ئۈمىد بېغىشلىغانىدى. تۆككەن تەر، قىلغان ئەجىر يەردە قالمىدى. قىزلار كۆپ قېتىملىق تاللاش مۇسابىقىلىرىدە ئۆتۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئون كوماندىنىڭ بىرى بولۇپ تاللاندى، شۇنىڭدىن كېيىن قىزلارنىڭ كۆز ئالدى تېخىمۇ نۇرلاندى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىدە قىزلارنىڭ غەلىبە قىلىپ ئاپتونوم رايونغا ۋاكالىتەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولغانلىقى قىزلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ئۆزلىرىنىڭ شان ـ شەرىپىنى تەبرىكلەش زىياپىتىدە ھاراق ئىچمىگىلى ئۇزۇن بولغان قاسىم مۇھەممەت ئىككى ـ ئۈچ رومكا ئىچىۋېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى…

بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مودا كۆرسىتىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن قىزلار باشتا ئازراق ھودۇقتى. مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن قىزلار مەلىكە بىلەن قاسىم

مۇھەممەتنىڭ ھەمراھلىقىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدىغان كۇلۇبقا بېرىپ كۇلۇبنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى. كۇلۇب ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ئىدى. قىزلارنىڭ بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ نۇرلىنىپ كېتىۋاتقان چىرايىدا تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىق مەۋج ئۇراتتى... قىزلارنىڭ قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چاچلىرى، ئەتلەس كۆڭلەكلىرى، ئالاھىدە لايىھىلىنىپ، قەشقەر، خوتەندىكى دوپپا تىكىش ئۇستىلىرى تەرىپىدىن تەييارلانغان دوپپىلىرى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بۇ يەرگە مۇسابىقىگە قاتناشقىلى كەلگەنلەرنى ناھايىتى جەلپ قىلدى.

گۈلشەنلەرنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى ئۇلار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىمۇ غەلىبە قىلىپ ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ماھارەتلىرى بۇ مۇسابىقىنى كۆرگەن تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغىلا ئېرىشىپ قالماي، باھالىغۇچىلارنىڭمۇ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۇلار كۆرسەتكەن نومۇردا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىر - بىرىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، نەپىس ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن مودا كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. قىزلارنىڭ كېلىشكەن فىگۇرى ۋە ئايدەك نۇرلىنىپ تۇرغان چىرايى، تەبىئىي جىلۋىلىك قاش كۆزلەر، ئەركىن ۋە شوخ ھەرىكەتلەر، نازاكەتلىك مۇڭلۇق بېقىشلار، ھايالىق تەبەسسۇم ۋە باشقا سەنئەت ۋاستىلىرى، كىيىم - كېچەكلەردىكى خاسلىق ۋە ئىجادىيلىق ئۇلارنىڭ مۇسابىقىدە زەپەر قۇچۇشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان بولسا، مەلىكە مەخسۇس ئىجاد قىلدۇرغان شوخ ۋە جۇشقۇن ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قۇدرىتى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. ئۇلار تېخى يەنە ئالاھىدە ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

گۈلشەنلەر سەھنىدە مۇكاپات ئېلىۋاتقان چاغدا بىر خەنزۇ





خانىم بىر قۇچاق گۈلنى كۆتۈرگىنىچە سەھنىگە چىقتى. ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي يارىشىملىق كىيىنىۋالغان خانىم ھەممە قىزلارنىڭ بىر - بىرلەپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قۇچاقلاپ چىقتى. بۇ خانىم ئەسلىدە لالە، شەھىدەلەرنى ھېلىقى ئورمانلىقتا ئۇچرىتىپ قېلىپ بىر مەزگىل باشپاناھ بولغاندىن كېيىن ئۆزى بىلەن كەسپىي ئالاقىسى بار مەلىكىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋاڭ خانىم ئىدى. قىزلار ۋاڭ خانىمنى خۇددى ئۆز ئانىسىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ شادلىق ياشلىرىنى تۆكتى. ۋاڭ خانىمنى گۈلشەندىن باشقا قىزلارنىڭ ھەممىسى تونۇيتتى. ۋاڭ خانىم شۇ كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئالاھىدە زىياپەت بەردى.

ۋاڭ خانىم كۆپ يىللىق كىيىم - كېچەك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس بولۇپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئاشۇ شەھەردىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرى ئىدى. ئۇ بىر قېتىم شىنجاڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا مەلىكە بىلەن تونۇشۇپ كەسپىي دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، لالەلەرنى ھېلىقى ئورمانلىقتا ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن مەلىكىگە تېلېفون قىلىپ بۇ قىزلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىزلار مەلىكەنىڭ كەينىدىن مېڭىپ يېڭى ھايات يولىغا قەدەم قويغانىدى...

شان - شەرەپ قىزلارنى شادلاندۇردى. ئۇلار بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ شادلىق ھېسسىياتلىرىنى خېلى ئۇزۇنغىچە باسالمىدى. روزىگۈلمۇ گۈلشەننى باغرىغا باسقىنىچە ئۈنسىز ياش تۆكتى. نېمە ئۈچۈن ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭ ھايات قىسمەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى.

گۈلشەن بۈگۈن ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ بۇرۇنلا ئۇخلىدى...

گۈلشەن رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان، تۈرلۈك مېۋ-

لەر مەي باغلاپ پىشقان گۈلباغدا يۈگۈرمەكتە. ئۇ تۈرۈپلا كېيىد-
نەككە، تۈرۈپلا ھەسەل ھەرىسىگە ئايلىنىپ گۈل - چېچەكلەر-
نىڭ شىرنىسىدىن قېنىپ - قېنىپ لەززەتلەنمەكتە ئىدى. گۈل-
باغنى ئارىلاپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى گۈزەل بىر
ھايات ناخشىسىنى ياڭراتماقتا ئىدى.

قەدىمىي توغراقلىقتا ھايات قاينايتتى. بۇغا - مارال-
لار، تىكە - ئوغلاقلار، تۆگە بوتىلاقلار، ئارغىماق، تايچاقلار،
قىيغىتىپ يايرىشىپ يۈرەتتى. تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارمۇ بۇ
قەدىمىي توغراقلارنىڭ ئالتۇندەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان ياپراقلى-
رى ئارىسىدا توختىماي ناۋا قىلاتتى. مانا مۇشۇ گۈزەل توغراق-
لىقلار ئارىسىدا چىرايلىق ياسانغان، گۈلدەك ئېچىلغان مەختۇم-
سۇلا شوخ كېپىنەكلەردەك سەكرەپ تاقلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ
روھى قىياپىتى بايا سىز كۆرگەن گۈلشەننىڭ روھىي قىياپىتى
بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ ھەر ئىككىسىنىڭ قەيەرگە يۈگۈرۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

... گۈلشەن بايىقى گۈلباغدىن ئۆتۈپ چىمەنزارلىق ئوتلاقتا
خېلى ئۇزۇنغىچە يۈگۈرگەندىن كېيىن، چوققىسى ئاسمانغا تاقى-
شىپ تۇرغاچقا ئېگىزلىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى
بولمايدىغان تۆمۈردەك مەزمۇت قاپقارا بىر تاغقا ئۇچرىدى. بۇ
تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

... مەختۇمسۇلامۇ گۈزەل توغراقلىقلاردىن ئۆتۈپ قۇم بار-
خانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن بايا گۈلشەن ئۇچراشقان
قارا تاغقا ئۇچراشتى.

... گۈلشەن قارا تاغ ئالدىدا قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي
تۇرغان چېغىدا تۇيۇقسىز تاغ يېرىلىپ بارغانسېرى كېڭەيدى.

... مەختۇمسۇلانىڭ ئالدىدىكى تاغمۇ خۇددى شۇنداق يېرى-
لىپ كېڭەيدى.





يېرىلغان قارا تاغنىڭ بىر تەرىپىدە گۈلشەن يەنە بىر تەرىپى-
دە مەختۇمسۇلا تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ خۇددى
ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئاچا - سىڭىللار قايتا ئۇچراشقان-
دەك يۈگۈرۈپ كېلىپ بىر - بىرىنى قۇچاقلىدى. ئۇلار گەرچە
بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىغان بولسىمۇ بىر - بىرىنىڭ يۈرەك
سۆزلىرىنى تىڭشاۋاتاتتى. گۈلشەن چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇنىڭ
قۇچاقلىۋالغىنى ئۆزىنىڭ ئانىسى ئىدى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

مەسئۇل مۇھەررىر : ساۋۇت سالاھىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ياتلىق بولالمىغان قىزلار

(رومان)

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | شىنجاڭ ئالتۇن يارۇق مەتبەئەتچىلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2009 ـ يىل 3 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1168×850م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 14.25 |
| سانى | : | 3000 —5000 |
| باھاسى | : | 20.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-07719-9/I・1672 (维 244)

责任编辑：沙吾提
责任校对：胡达白的

图书在版编目(CIP)数据

蔚蓝的小河：维吾尔文/ 艾赫买提江·沙比尔著．—北京：民族出版社，2006.1（2009.3 重印）
ISBN 978-7-105-07719-9

Ⅰ．蔚…Ⅱ.艾…Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052438 号

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：新疆金光印务有限公司
版　　次：2006 年 6 月第 1 版　　2009 年 3 月第 2 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 32 开
印　　张：14.25
印　　数：3000—5000
定　　价：20.00 元

ISBN 978-7-105-07719-9/I·1672（维 244）